ئالىمجان ئىسمائىل



# يىگانە دۇنيا

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

خەتتات : ئابلىكىمجان زۇنۇن جەۋلانى
تۇرسۇنمۇھەممەت ئوسمان فوتوسى

# يىگانە دۇنيا

ISBN 978-7-5371-5835-0
9 787537 158350 >
باھاسى : 25.00 يۈەن

ئالىمجان ئىسمائىل

# بىگانە دۇنيا



( رومان )

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: نىجات مۇخلىس
مەسئۇل كوررېكتورى: دىلىيار تۇرسۇن
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: غالىب شاھ

# يېگانە دۇنيا

(رومان)

ئاپتورى: ئالىمجان ئىسمايىل

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 2 - كوچا، 1 - قورۇ، پ: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ جىڭبەن باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168×850مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 11.5
2008 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى
2008 - يىل 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN978－7 — 5371 — 5835 — 0
سانى: 1—5000
باھاسى: 25.00 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

**图书在版编目(CIP)数据**

孤独世界/阿里木江·斯马义著. —乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2008.5
ISBN978— 7—5371—5835—0

Ⅰ.孤… Ⅱ.阿… Ⅲ.长篇小说—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2008)第015688号

责任编辑：尼加提·穆合力斯
责任校对：迪力亚尔·吐尔逊
封面设计：阿里甫·夏

**孤独世界**（维吾尔文）
（长篇小说）
**阿里木江·斯马义 著**

新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路二巷1号 邮编：830049）
新疆新华书店发行 新疆金版印务有限公司印刷
850×1168毫米 32开本 11.5 印张
2008年5月第1版 2008年5月第1次印刷
印数：1—5000

ISBN978—7—5371—5835—0 定价:25.00元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

# 1

بۇلاقسايدا بۇ يىلقى ياز قۇرغاق كەلدى، ياز كىرگەندىن بۇيان بىرەر قېتىم يەرلەر چىلاشقۇدەك يامغۇر ياغمىدى. ھەممە يەر قىزىپ، تونۇردەك ياناتتى، دەل - دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماق-لىرىنى بىر قەۋەت چاڭ - توزان قاپلىغان بولۇپ، شاخلار مىدىرلاپ قويۇشقىمۇ ھۇرۇنلۇق قىلىۋاتقاندەك سالپىيىپ تۇراتتى، ئەتراپ قۇرۇپ - قاغجىراپ ئاپئاق پارقىراپ تۇرىدۇ، تىنىق ئاسماندا ئېسىلىپ تۇرغان قۇياش ئەتىدىن - كەچكىچە ئۆزىنىڭ كۆيدۈرگۈچى ھارارىتىنى يىراقتا كۆرۈنۈپ تۇرغان كۈمۈش تاغ-لارغا، چۆل - دالا، ئېدىرلارغا، مەھەللە ئۈستىگە ئايىماي چا-چاتتى، مەھەللىنىڭ ئەتراپىدىكى ئېگىزلىكلەر، تاغ ئېتى-كىدىكى بوزلۇق — ھەممە يەر سېرىق رەڭگە كىرىپ قۇرۇپ كەتكەندى. ھاۋا شۇنچىلىك تىنچىق ئىدىكى، خۇددى بىر تال سەرەڭگە ياقسىلا ئوت ئېلىپ كېتىدىغاندەك بولۇپ قالغانىدى. ئارىلاپ تاغ تەرەپتىن چىقىپ قالىدىغان شاماللار سالقىن بولۇپ، ئۇ ئۆزى بىلەن ئەتراپتىكى قۇرۇپ قاغجىرىغان ئوت - چۆپ-لەرنىڭ چۈچۈمەل، ئاچچىق پۇرىقىنى دىماغلارغا ئۇراتتى.

ئۆچكىلىك تېغىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى جىلغىنىڭ ئاغ-زىغا جايلاشقان بۇ يېگانە مەھەللىنىڭ شىمالىدا كەڭ كەتكەن بوزلۇق چۆل يېيىلىپ ياتاتتى. بۇلاقساي دەپ ئاتىلىدىغان بۇ كەنتنى پەقەت ئۆزۈندىن - ئۆزۈن يىلان باغرى ئوڭغۇل - دوڭغۇل ھارۋا يولى يېزىغا تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتى، ئاتمىش تۇتۇن-لۇك بۇ قەدىمىي مەھەللىنى جىلغىنىڭ ئىچىدىن ئېقىپ چىققان بىر ئۆستەڭ بۇلاق سۈيى كۆكەرتىپ تۇراتتى، بۇ مەھەللىنىڭ

قاچانلاردا، قانداق پەيدا بولۇپ قالغانلىق تارىخى توغرىسىدا ھەر-كىم ھەر خىل تەبىرلەر بېرەتتى. بەزى قېرىلارنىڭ دېيىشىچە، بۇلاقساي بىر زامانلاردا ناھايىتى چوڭ يۇرت بولغانمىش، جىلغى-نىڭ ئىچىدىكى بۇلاقلارمۇ جىق بولۇپ، ئۇلار قوشۇلۇپ چوڭ بىر دەريا سۇ ئاقىدىكەندۇق، مەھەللىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى ھازىرقى قـاغجىراپ ياتقان بوزلۇق ئەينى چاغدا ھوسۇلى ئوخشاي-دىغان تېرىلغۇ ئېتىزلىقلار ئىكەن، بىر يىللارغا كېلىپ قاتتىق قۇرغاقچىلىق بولۇپ، جىلغىنىڭ ئىچىدىكى بۇلاقلار قۇرۇپ كې-تىپ، ئېتىزلىقلار چۆللۈككە ئايلىنىپتۇ، ئادەملەرمۇ تېزىپ ئازلاپ كېتىپتۇ، كېيىن بۇلاقلارنىڭ كۆزى يەنە ئېچىلىپ سۇ پەيدا بولغاندىن كېيىن ئادەملەر يەنە پەيدا بولغانمىش… قايسى يىلى دۆڭدىكى مازارلىقتا گۆركارلار يەرلىك كولاۋېتىپ يەر ئاس-تىدىن ئاجايىپ چوڭ بىر كېسەكنى ئۇچرىتىپتۇ، كېسەكنىڭ يۈزىدە ئويۇپ يېزىلغان غەلىتە خەتلەر بارمىش… بۇ خەۋەر ناھى-يىگە يېتىپ، ئۇ يەردىن ئاشۇنداق قەدىمىي ئاسارئەتىقىلەرنى باشقۇرىدىغان ئورۇننىڭ ئادەملىرى چىقىپ كۆرۈپ، بۇنىڭ مىڭ يىللار بۇرۇنقى قەدىمكى ئادەملەر ئىشلەتكەن يېزىق ئىكەنلىكىنى دېيىشىپ، كېسەكنى ئەكېتىپتۇ، بۇ ئىش بۇلاقسايدا نۇرغۇن ھېكايىلەرنى پەيدا قىلدى. تۇغمەنچى مەسۇم تاران: «بۇلاقساي ئۆز زامانىسىدا خاننىڭ يازلىق ئوردىسى بولغان جاي ئىكەن» دېگەن پەتىۋانى تاپتى:

— بوۋامنىڭ دەپ بېرىشىچە، قەدىمكى زاماندا بۇ تۇڭگىرەك بىر خانلىق بولۇپ، خان ياز كۈنلىرى ھاۋاسى سالقىن دەپ بۇلاقسايدا تۇرىدىكەن، كېيىن بىر قېتىم بۇ يەردە قاتتىق ئۇرۇش بولۇپ، ئادەملەر قىرىلىپ كېتىپتۇ، — دەيتتى ئۇ ۋە ئۆز گېپىنىڭ ئىسپاتى ئورنىدا مەھەللىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى دۆڭدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان گۇمبەزنى مىسال قىلاتتى، — بوۋامنىڭ دېيىشىچە، بۇ گۇمبەز چوڭ بوۋىمىز ئىدىلبايىنىڭ قەب-

رىسىكەن، ئىدىلباي يۇرتتا ئادەم قالمىغاندىن كېيىن ياقا يۇرتلاردىن نۇرغۇن ئادەملەرنى كۆچۈرۈپ ئەكېلىپ مەھەللىنى باشقىدىن ئاۋات قىپتۇ. ئىدىلباي يۇرت سورىغان، تولىمۇ باي ئادەم ئىكەندۇق، ئۇ مال - دۇنياسىنىڭ سانىنىمۇ بىلمەيدىكەن، ئەگەر ئۇنىڭ يىلقىلىرى ئۆستەڭگە سۇ ئىچكىلى چۈشسە، ئۆس- تەڭنىڭ سۈيى توختاپ كېتەتتىكەن ...

نېمىلا بولمىسۇن، بۇلاقسايلىقلار ئۆزلىرىنىڭ نامراتلىقىغا باقماي ئۆز يۇرتىنىڭ تارىخى بىلەن، بۇ يەردە ياشاپ ئۆتكەن ئەجدادلىرى بىلەن باشقا يۇرتلۇقلارغا تەڭ قىلمايتتى. مەسۇم تارانىنىڭ دېگەنلىرىگە ئىشىنىپ قالدىمۇ، كىشىلەر بۇلاقساينى پايتەخت دەپمۇ قوياتتى ...

مەسۇم تارانىنىڭ ئۆيى مەھەللىنىڭ ئەڭ يۇقىرىسىدا تاغقا يېقىن بولۇپ، ئاتا - بوۋىلىرىدىن قالغان ئىككى ئېغىزلىق كونا ئۆيدە ياشاپ كېلىۋاتقىلى ئەللىك يىلدىن ئاشقانىدى. ئۇ مۇشۇ ئۆيدە بەش باللىق بولدى، ئۈچ بالىسىنى چوڭ قىلدى، سوقما تام بىلەن سېلىنغان، پېشايۋانسىز بۇ ئۆي كونىراپ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن مەسۇم تارانىنىڭ كۆڭلىدە ئۇ شۇنچىلىك مەزمۇت ئىدى ۋە نېمىسى بىلەندۇر كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنەتتى. ئوغلى تۇرغان نەچچە قاتار: «ئۆينى چېقىپ يېڭىلاپ سالايلى» دېسىمۇ مەسۇم تاران قەتئىي ئۇنىمىدى، ئۆيىنىڭ ئالدىدا قورۇق تام بىلەن چۆرۈلگەن خېلى چوڭلا قورۇ بولۇپ، ئۇنىڭدا قاچانلار- دا تىكىلگەن بىرنەچچە تۈپ قارىياغاچ بىلەن تېرەكلەر بار ئىدى، قالغان يەردە بولسا قوراي ئۆسۈپ كەتكەنىدى. مەسۇم تاران باشقا بۇلاقسايلىقلارغا ئوخشاش قورۇسىغا دەرۋازا قويمىغانىدى، دەرۋا- زىنىڭ ئورنىدا بولسا ئىككى چەتكە ياغاچتىن تۈۋرۈك ئورنىتىپ ئۇنىڭغا ئىككى تال چەنزىنى ئۆتكۈزۈپ قويغانىدى.

مەسۇم تاران ئەتىگەندە ئايالى شەرۋان تەييارلىغان قايماقسىز ئەتكەنچايىنى ئالدىرىماي ئولتۇرۇپ ئىچىپ بولۇپ، ئادىتى بويىچە

موخوركا يۆگەپ چەكتى، زەھەردەك ئاچچىق ئىس بىردەمدىلا ئۆينىڭ پاكار تورۇسىنى بويلاپ يېيىلىپ، بىر قەۋەت بۇلۇت ھاسىل قىلدى. پەگاھدا چاي ئىچىۋاتقان قىزلىرى پەرىدە بىلەن خۇرشىدە تاماكىنىڭ ئاچچىق ئىسىغا چىدىيالمىدىمۇ، چايلىرىنى تېز - تېز سۇمۇردى - دە، سومكىلىرىنى كۆتۈرۈپ مەكتەپكە ماڭدى. شەرۋان بولسا ئېرىنىڭ ئادىتىگە كۆنۈپ كەتكەچكە گەپ - سۆز قىلماستىن داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ ئۇن قاتتى:

— چاي تۇگەپتۇ، — دېدى ئۇ ئېرىنىڭ ئويچان تۇرقىغا ئەيمىنىپ قاراپ قويۇپ، — ئەتىگەن پەرى نەچچە ئۆيگە كىرىپ، ئاران دېگەندە ئايشىبۇۋىلەردىن بىر سىقىم سوراپ ئەكەلدى. ئۆزىدە يوق ئالەمدە يوق بولىدىكەن ...

ئايالىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ مەسۇم تارانىڭ قارامتۇل ئۆڭى تۇرۇلدى، ئۇ ئاچچىقى بىلەن ئايالىغا بۇرۇلدى:

— قايسى كۈنىلا يېرىم چاي ئەكېلىپ بەرگەنتىمغۇ؟ — دېدى ئۇ.

— ئۈچ ۋاخ چاي ئىچىۋاتساق يېرىم چېيىڭىز نېمىگە يېتىدۇ؟

ئايالىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ مەسۇم تاران بوشىشىپ قالدى - دە، پەگاھدىكى تامغا يۆلەكلىك تاغارغا قاراپ قويدى.

«يېڭى بۇغداي پىشقۇچە ئۆينىڭ خىراجىتىگە ئىشلىتىدىغىنىمىز مۇشۇ يېرىم تاغار زىغىر، بىنەمنىڭ بۇغدىيى پىشىشقا يەنە ئىككى ئاي بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يىلقى يازنىڭ ئەھۋالى مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا بىنەمنىڭ ھوسۇلىمۇ تايىنلىق چىقىدىغان ئوخشايدۇ، بۇ يىل كۈن ئۆتكۈزمەكمۇ تەس بولامدۇ نېمە؟» شۇلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ مەسۇم تارانىڭ بېشىنىڭ ئىچىمۇ - تېشىمۇ قاتتى.

شەرۋان ئېرىنىڭ غەمكىن تۇرقىغا قاراپ گەپنى يۆتكىدى:

— پەرىنىڭ ئوقۇشىنى قانداق قىلىمىز؟

— بولدىلا، — دېدى مەسۇم تاران قولىنى سىلكىپ، — يەتتە يىل ئوقۇدى، ئەمدى ئۇنى نېمىمىز بىلەن ئوقۇتىمىز؟ قىز بالا شۇنچىلىك ئوقۇسا يېتىدۇ.

شەرۋان ئېرىنىڭ شۇنداق دېيىشىنى كۆڭلىدە پەرەز قىلىپ بولغانىدى.

— بىچارە قىزىم، — دېدى ئۇ مۆڭلۈق ئۇھ تارتىپ، — يەتتە يىل ئەلاچى بولۇپ ئوقۇغانىدى، چوڭ مەكتەپلەردە ئوقۇپ كادىر بولغۇسى بار ئىدى، ئەمدى نەچچە كۈن يىغلايدىغان بولدى - دە؟...

ئايالىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ مەسۇم تاراننىڭ كۆڭلى غەش بولدى: «مېنىڭمۇ تازا ئوقۇتقۇم بار ئىدى، لېكىن ھال - كۈنىمىز مۇشۇ تۇرسا نېمە بىلەن ئوقۇتىمىز؟ ...» دېدى ئۇ ئىچىدە ۋە ئەلەم بىلەن خورسىنىپ قويدى.

مەسۇم تاران تاماكىسىنى چېكىپ بولۇپ ھويلىغا چىقتى، نەيزە بويى ئۆرلىگەن قۇياش ئوچۇقچىلىقتا تۇرغان بۇ ھويلىنى كۆيدۈرۈپ نۇر چاچماقتا ئىدى، قاغجىراپ تۇرغان قورۇ ئوتتەك قىزىپ كەتكەنىدى. «پاھ، ھېلىتىنلا بۇنداق قىزىيدۇ، تومۇز كىرسە نېمە بولۇپ كېتەر؟ بىنەم كۆيۈپ كېتىدىغان بولدى - دە؟...» مەسۇم تاران كۈنگە ئاچچىقى بىلەن قاراپ قويدى - دە، غورۇنى ئاتلاپ كوچىغا چىقتى.

مەھەللە ئىچى جىمجىت ئىدى. بولاقسايلىقلارنىڭ قوپال، رەتسىز سېلىنغان كۆملاچ ئۆيلىرى ئىسسىقتا گويا ئۇيقۇسىرىدغاندەك ئېزىلىپ تۇراتتى. پەقەت يول بويىدىكى قورۇپ قالغان قورايلارنىڭ ئارىسىدىن چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلدىغان ئاۋازىلا كېلەتتى. مەسۇم تاران قىدىرىپ كەتكەن توپىلىق يول بىلەن تۆۋەنگە — يارمۇھەممەدنىڭ دۇكىنى تەرەپكە يول ئالدى. بولاقسايلىقلارنىڭ ئادىتى شۇنداق ئىدى: ئۇلار ھەر كۈنى ئەتىگەنلىك چايلىرىنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ئىشى بولسۇن - بولمىسۇن،

مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاشۇ دۇكاننىڭ ئالدىغا بىر باراتتى، دۇكاننىڭ ئالدىدا ئىلگىرى كوممۇنا زامانىسىدا خېلى چوڭ باغ بولغان، ھازىر بولسا مېۋىلىك دەرەخلىرى قۇرۇپ بىرقانچە تۈپ قارىياغاچلا قالغان چىملىق بولۇپ، ھازىر بۇ يەر مەھەللىدىكى قارتىچىلارنىڭ يىغىلىپ قارتا ئوينايدىغان سورۇنى ئىدى. ئۇلار قارتا ئوينىغاچ مەھەللىدە يۈز بەرگەن يېڭىلىقلاردىن خەۋەر تېپىشاتتى.

مەسۇم تاران ھويلىسىنىڭ قورۇق تېمىنى ياقىلاپ ماڭدى. ئۇ قورۇق تاملىرىغا قاراپ ئەلەم بىلەن خۇرسىنىپ قويدى، ئادەم بېلىگە كېلىدىغان بۇ تاملارنىڭ بەزى يەرلىرى ئۆرۈلگەن، تاملارمۇ قار - يامغۇرلار يالاۋېرىپ ئۇۋۇلىپ پاكارلاپ كەتكەنىدى. ئۇ خىيالىدا بۇ تاملارنى بۇ يىل يېڭىلاپ سوقماقچى بولغانىدى، لېكىن ئۇنىڭ قولىغا قول بولىدىغان ئوغلى تۇرغان بىر يىل بولدى، پۇل تاپىمەن دەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنچە ئىز - دېرەكسىز يوقالدى، ئۇنىڭ تىرىك ياكى ئۆلۈكلۈكىدىن خەۋەر يوق. ئۆيدە بارى ئىككى قىز، مەسۇم تاران ئۇلار بىلەن نېمە قىلالايدۇ؟ مانا، قۇرغاقچىلىق مۇشۇنداق بولۇۋەرسە دېھقانچىلىقنىڭمۇ تېگى تايىنلىق بولۇپ قالدى، قىشتىن قانداق ئۆتۈش بىر گەپ...
مەسۇم تاراننىڭ خىيالىغا شۇ ئىشلار يەنە كېلىۋېلىپ ئىچى ئاچچىق بولدى... قۇياش زەھەردەك كۆيدۈرۈپ نۇر چاچماقتا، يەردىن گۈپۈلدەپ ئوت - يالقۇن ئۇراتتى، ئۇنىڭ پۇتىغا كىيىۋالغان سېرىق چۇخىيى ماڭغانسېرى قىزىپ پۇتىنى كۆيدۈرۈپ بارماقتا ئىدى. ئۇ دۇكاننىڭ ئالدىغا كەلگۈچە ئىسسىپ قارا تەرگە چۆمۈپ كەتتى.

مەسۇم تاران كەلگەندە ئۇ يەردە يەتتە - سەككىز ئادەم غۇژمەك بولۇشۇپ ئويۇنغا چۈشكەنىدى. قارتا ئويناۋاتقانلار بۇلاقسايدا نام - ئاتىقى بار چوڭلار ئىدى. ئۇلار تولا دەسسىلىپ چىملىرى قۇرۇپ تاقىر بولۇپ كەتكەن يەرگە قەغەز يەشكىنى

يېيىپ سىلىپ ئويناۋاتاتتى. قورۇق تامنىڭ شورىسىدىن ئاتلاپ كىرنۋاتقان مەسۇم تارانىنى كۆرگەن قارامتۇل، ئورۇق، سول كۆزى قىيسىقراق بىرەيلەن ئۇنى چاقىردى:

— كەل، كەل، مەسۇم، — دېدى ئۇ قولىنى شىلتىپ، — مۇنۇ تاز بىلەن بىر بولۇپ ئامەت قاچتى ... بۈگۈن يۈزىنى يۈيماي چىققان ئوخشايدۇ ...

ئۇنىڭ قارشىسىدا ئولتۇرغان دوغىلاق، كوسا چىراي پاي-نەكۋاش ئادەم ياراتمىغاندەك بېشىنى چايقىدى:

— ئوينىيالىساڭ مەندىن كۆرەمسەنۇي، — دېدى ئۇ دىمى-غىنى قېقىپ، — شەرەت قىلغاننى ئۇقمايدىغان دۆت نېمىكەن-سەن.

— نېمىنى شەرەت قىلغانتىڭ؟

— قاغا چۇش دېسەم تاپاننى چۇشۇپ يۇرۇيسەنغۇ؟

— تۇزۇكرەك شەرەت قىلمامسەن؟

— شەرەتنى كۆرسەڭ بولىدۇ - دە؟ — دېدى دوغىلاق ھەمراھىنىڭ «قارىغۇ» لەقىمىنى كەلتۈرۈپ.

— ئۇنداق ئادەم نېمە بېشىڭنى تاتىلايسەن؟ — دېدى ئۇ دوغىلاقنىڭ «تاز» لەقىمىگە توغرىلاپ.

بۇلاقسايلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە يارىشا لەقىمى بار، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئويۇنمۇ چاقچاق بىلەن داۋاملىشاتتى. ئۇلار شۇ چاقچاقلىرى بىلەن ئۆزۈن كۈننىڭ ئۆتكىنىنى بىلىشمەيتتى، پەقەت قورساقلىرى ئېچىپ كورۇلدىغاندىلا: «چاي ئېچىپ كېلەي-لى» دېيىشىپ قوپۇشاتتى.

بىرئازدىن كېيىن ئۇلارنىڭ يېنىغا پاكار، ۋىجىك كەلگەن، ئاغزىدا بىرنەچچە تال سارغىيىپ كەتكەن چىشى قالغان ئادەم پەيدا بولدى. ئۇ خۇددى دەرسكە كېچىكىپ قالغان ئوقۇغۇچىدەك خىجا-لەت بولغان قىياپەتتە ئويناۋاتقانلارغا قاراپ ھىجىيىپ قويدى.

— ھە، ئىلەك، بۈگۈن كەچ قاپسەنغۇ؟ — دەپ سورىدى

مەسۇم تاران ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ، — ئوماي بۆشۈكتىن بالدۇر يەشمەپتۇ ـ دە، ھە؟ ...

— ئىلەكچۇ بۆشۈككە ئۆگىنىپ قېلىپ تاڭنىڭ ئاتقىنىنىمۇ ئۇقماي ئۇخلاۋېرىدىغان بوپتۇ، — دېدى «تاز» لەقىمى بار شەمشى.

ئۇنىڭغا ئۇلاپلا «قارىغۇ» لەقىمى بار جەپە ئىلەككە چاقچاق قىلدى:

— سېنى ئاخشام بالىلىرىڭ بىلەن بۆشۈك تالىشىپ مۇشتلاشتى دەيدىغۇ؟

— ھەئە، قىل قالدىم كۆزۈمدىن ئايرىلىپ قالغىلى، — دېدى ئىلەكمۇ بوش كەلمەي.

ئىلەك مەھەللىدىكى بەش كېپىل دېھقاننىڭ بىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر نامى بار ھۇرۇنلار بولۇپ، ئۆزۈن يىللاردىن بۇيان ھۆكۈمەتنىڭ قۇتقۇزۇشىغا يۆلىنىپ كۈن كەچۈرۈۋاتقانلار ئىدى. مەھەللىدە ئۇنىڭ ئۇستىدە تۇرلۇك ـ تۇرلۇك لەتىپىلەر توقۇلۇپ تۇراتتى، ئىلەكنىڭ جۇغى كىچىك بولغىنىغا قارىماي ئايالى ئوماي بەستلىك، يوغان ئايال ئىدى. نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا شەمشى قارتا سورۇنىغا بىر گەپنى كۆتۈرۈپ كەلدى:

— ئاخشام كېچىدە ئىلەكنىڭ ئۆيىدە قىيا ـ چىيا بولۇپ كەتتى ... «بۇلار نېمە بولغاندۇ؟» دەپ چىقسام ئىلەك ئوماينى تىللىغىلى تۇرۇپتۇ ... كېيىن ئۇقسام كېچىسى ئوغلى قاسىم يىغلاپ كېتىپتىكەن، ئوماي ئۇيقۇچىلىقتا ئوغلىنى بۆشۈككە بۆلىدىم دەپ يېنىدا ياتقان ئىلەكنى كۆتۈرۈپ بۆشۈككە تىقىپتۇ، شۇ جىدەلكەن... ئىلەك «بۇنىڭدىن كېيىن سەن گۇينىڭ قېشىدا ياتمايمەن» دېدى...

يەنە بىر كۈنى جەپە ئىلەكنىڭ ئۇستىدە يېڭى بىر گەپنى تاپتى:

— ئەتىگەن ئىلەكنىڭ ئۆيىگە كىرسەم بىرنېمىنى كۆرسەت-

تى، قارىسام شۇمەك ئىكەن، نېمەڭ بۇ دېسەم، بۇ مەن بۆشۈكتە ئىشلەتكەن شۇمەك، ئىككى بالامۇ مۇشۇ شۇمەكتە چوڭ بولدى، دەپ ساندۇقتا سېلىپ قويىدى ...

شۇنىڭدىن كېيىن ئىلەككە شۇمەك دېگەن لەقەم قويۇلۇپ قالدى.

— ئىلەك، — دېدى جەپەبايىقى چاقچاقنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بىزنىڭ نەۋرىگە شۇمەك تاپالمايۋاتىمىز، ھېلىقى شۇمىكىڭنى بېرىپ تۇرامسەن؟

— ساڭا بەرسەم دۇربۇن قىلىۋالارسەن ...

قىيقاس كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— يارايسەن، ئىلەك، — دېدى شەمشى يانپىشىدىن غۇرۇپ، — بۇگۈن ئۆيدە پولۇ يەپ چىققىنىڭمۇ نېمە؟

— ئاخشام بىزنىڭ خوتۇن باش پىشۇرغانىدى، ئەتىگەن شۇنىڭ بىلەن ناشتا قىلدىم ...

— بۈگۈن ئىلەككە تەگكىلى بولمايدىكەن جۇمۇ، — دېدى شەمشى بېشىنى چايقاپ، — خورازدەكلا تېپىدىغان بوپتۇ، ھە، راست، خورىزىڭ بارمۇ؟

— ئەتىگەندە شۇنىڭ جېدىلى، — دېدى ئىلەك، — سەھەردە تازا تاتلىق ئۇخلاۋاتسام لاپاس «قاراس - قۇرۇس» قىلىپ قالدى، نېمەرۇي دەپ ھويلىغا چىقىپ قارىسام، بىزنىڭ قىزىل خوراز لاپاسنىڭ لىمىغا قونۇپ تۇرىدۇ، بىركەمدە نېمە بولدى دېمەمسىلەر، قىزىل خوراز تازا كېرىلىپ تۇرۇپ بىر قىچارغانىدى، بېلىمدەك كېلىدىغان لىم «قارس» قىلىپ قاق ئوتتۇرىسىدىن ئۈزۈلۈپ كەتسە بولىدۇ، ھېلىمۇ قىزىل خوراز ساق قالدى دەڭلا، شۇ لاپاسنى ئوڭشايمەن دەپ ھايال بولۇپ قالدىم ...

ئۇنىڭ بۇنداق پولىرىنى تولا ئاڭلاپ كەتكەن سورۇندىكىلەر تېلىقىپ كۈلۈشتى.

— ئالامەت خورىزىڭ بار - دە، ئىلەك، — دېدى مەسۇم

تاران ئۇنى يەنە گەپكە سالماقچى بولۇپ، — ئاڭلىساق، خورىزىڭ قايسى كۈنى رېھىم شاھنىڭ تراكتورىنى ئېرىقتىن چىقىرىپ بېرىپتۇ دەيدىغۇ؟

— راست، — دېدى ئىلەك جانلىنىپ، — بىر كۈنى ھويلىدا قىزىل خورازغا دان بېرىپ تۇراتتىم، رېھىم شاھ توۋلاپ-دۇ، نېمە بولغاندۇ دەپ چىقسام تراكتورى بىزنىڭ ئىشىكنىڭ ئالدىدىكى ئېرىققا پېتىپ قاپتۇ، «تارتلا» قىلىدۇ چىقالمايدۇ، چاقى جايىدىلا پىرقىرايدۇ، قولۇم - قوشنىلار يىغىلىپ ئىتتى-رىشتۇق، چىقىرالمىدۇق. «قانداق قىلارمىز؟» دەپ بېشىمىز قېتىپ تۇراتتى. بىركەمدە بىزنىڭ قىزىل خوراز قورۇدىن ئال-چاڭشىپ چىقىپ تراكتورنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ بازلىغىلى تۇر-دى، بۇ نېمە كارامەت كۆرسىتەر، دەپ تۇرۇشۇمغا ئۇ كەينىگە شوخشۇپ كېلىپ تراكتورنى بىرلا تېپتۇدى، رېھىم شاھنىڭ تراكتورى ئېرىقتىن توپتەك قاڭقىپ چىقىپ كەتتى، رېھىم شاھ-نىڭ پىششىقلىقىنى بىلىسلەرغۇ، دۇئانىغىمۇ تىيىن بەرمەيدۇ، ئەمما شۇ كۈنى يانچۇقىدىن ئەللىك سومنى ئېلىپ قىزىل خوراز-نىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى ...

— شۇ ئەللىك سومىڭ باردۇ؟ — مەسۇم تاران كۈلگىنىچە سورىدى.

— قانداق دەيسەن؟

— سېنىڭ خورىزىڭنىڭ داڭقى ئەمدى پۈتۈن ناھىيىگە پۇر كېتىدۇ دېگىنە، مەن ئۇنىڭغا خەقلەرنىڭ تىلى تېگىپ كې-تەمدىكىن، دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن.

— ئەمىسە قانداق قىلىمەن؟

— بىز ھەر نامىزىمىزدا ئۇنىڭ ئامانلىقىنى تىلەپ دۇئا قىلىپ تۇرىمىز، سەنمۇ بىزنى رازى قىلىشىېتسەن - دە؟

— نېمە قىلىپ بېرىمەن؟

— جىق نېمە دېمەيمىز، — دېدى مەسۇم تاران قولىدىكى

قارتىنى كۆرسىتىپ، — دۇكاندىن يېڭى بىر قارتا ئالساق بولىدى.

ئەلەك ئاتقان پوسنىنىڭ ئۆزىگە زىيان كەلتۈرگەنلىكىنى ئوي-لاپ ھىجايدى:

— قارتىنىغۇ ئالاتتىم، — دېدى بېشىنى قاشلاپ، — شۇنىسى باياتىن يانچۇقۇمغا تىيىن سالماي چىقىپتىمەن ...

— ئەلەكنىڭ ئاتقان پوسنىڭمۇ يېلى چىقتى، — دېدى مەسۇم تاران قولىنى سىلكىپ، — بۇنىڭ قۇرۇق گېپىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان بىزمۇ ئەخمەق ... بولدى، جەپە، شىلىغىنە قارتاڭنى، كونا بولسىمۇ شۇنى ئويناپ تۇرايلى ...

بۇلاقسايلىقلارنىڭ كۆنى مانا مۇشۇنداق ئۆتىدۇ، ئۇلار ئۇ-چۇن ئەڭ چوڭ ئەمەك ئاشۇ قارتا ... ئۇلار ئەتىگىنى ئۆيىدىن خوتۇنلىرى ئېتىپ بەرگەن ئەتكەنچايلىرىنى ئىچىپ چىقاتتى-دە، مۇشۇ يەرگە يىغىلىپ قارتا ئويناپ كۈننى كەچ قىلىشىدۇ، بۇ ئويۇن ئۇلارنى بۇ دۇنيادىكى ھەممە ئىشلاردىن — ئېتىز-ئېرىقنىڭ ئىشلىرى، ئۆيىنىڭ غېمى، بالا-چاقىلارنىڭ غوۋغالى-رىدىن ئازاد قىلىۋېتىدۇ، ئۇلار ئۇچۇن تۇرمۇشنىڭ قىزىقى، ھۇزۇرى مۇشۇ ئىدى ...

يولدا پەيدا بولغان موتسىكلىتنىڭ ئاۋازى ئۇلارنى ئويۇندىن توختاتتى، ناھىيە تەرەپتىن كەلگەن چوڭ يولدا چاڭ توزوتۇپ ئىككى موتسىكلىت كېلىۋاتاتتى.

— تېيىپقۇ كېلىۋاتقان، — دېدى ئەلەك سوقما تامدىن بويۇنداپ قاراپ، — يېزىغا بارغان ئوخشايدۇ-دە؟

— كەينىدە كېلىۋاتقان كىم ئۇ؟ — مەسۇم تاران سورىدى.

— ۋايتاڭەي ...

— كادىردەك قىلامدۇ نېمە؟

— پاقلان يېگۈسى كەلگەن بىرىدۇر، — دېدى شەمشى ۋە ئەلەككە قاراپ چاقچاق قىلدى، — ئەلەك، بېرىپ تېيىپتىن

سوراپ باققىنە، قۇتقۇزۇش بېرىدىغانغا كەلگەن كادىر بولۇپ قالمىسۇن يەنە ...

قارتىچىلار تەرەپتىن - تەرەپتىن ئىلەكنى ئوتتۇرىغا ئالدى:

— قۇتقۇزۇشنى ئەتىيازدا ئېلىپ بولدىغۇ، ئېشەك هارۋىلىق بولۇۋالدى.

— بۇدا موزايلىق كالا سورا ...

— ئاۋۇ خورىزىڭنىڭ گېپىنى قىلما جۇمۇ! ... باي ئىكەن-سەن دەپ هېچنېمە بەرمەيدۇ.

— قارتا ئېلىپ بەرلا دېگىنە...

كەنت مۇدىرى تېيىپ قارتىچىلارنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە توختاپ سالام قىلدى - دە، ئۆتۈپ يارمۇهەممەدنىڭ دۇكىنىغا بېرىپ موتسىكلىتتىن چۈشتى ۋە كەينىدىكى هەمراهىنى باشلاپ دۇكاننىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. شۇنى كۆتۈپ تۇرغاندەك ئىلەك ئورنىدىن تۇردى:

— تاماكا ئەكېلەيچۇ، — دەپ دۇكانغا قاراپ ماڭدى.

— هېلى پۇل سالماي چىقىپتىمەن دەۋاتاتتىڭغۇ؟ — شەمشى ئۇنىڭ كەينىدىن توۋلىدى، لېكىن ئىلەك ئاڭلىمىغانغا سېلىپ كېتىۋەردى. ئارىدىن يېرىم سائەت ئۆتكەندە ئىلەك قارتىچىلارنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى.

— تېيىپ كىمنى باشلاپ كەپتۇ بىلەمسىلەر؟ — دېدى ئۇ ئالدىراپ.

— قۇتقۇزۇش بېرىدىغان كادىرمىكەن؟

— كىم ئىكەن، دېمەمسەنۇي! ...

قارتىچىلار ئويۇننى توختىتىپ ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراشتى.

— يېزىغا يېڭىدىن باشلىق بولۇپ كەلگەن ئىسراپىل دېگەن يىگىتكەن، — دېدى ئىلەك جىددىي تۇردە.

— ئۇ نېمىدەپ كەپتۇ؟

— بۇلاقسايدا تۇرۇپ ئىشلىگىلى كەپتۇمىش ...

— ئېتىنى كىم دېدىڭ؟ — مەسۇم تاران سورىدى.
— ئىسرائىل دېگەندەك قىلدى ...
— دۇكاندا نېمىش قىلىۋاتىدۇ؟
— ئۇسسۇزلۇق ئىچىۋاتىدۇ ...
— ئەمدىزە، بۇ غوجامنى باقىدىكەنمىز - دە، — دېدى شەمشى ئۇھ تارتىپ قويۇپ، — بۇ يىلقى قۇرغاقچىلىقمۇ يېتىپ ئاشاتتى.
— بېشىڭنى قاتۇرما، ئاداش، — دېدى مەسۇم تاران چاقچاق قىلىپ، — بۇنداق باشلىقلارنى ئاز كۆردۇڭمۇ، بېشىمىز ئامان بولسا بۇنىمۇ يولغا سالىمىز ...
شۇ ئارىدا دۇكاننىڭ نېرىسىدىكى مەسچىتتىن ئابدۇل مەزىننىڭ سوزۇپ ئېيتقان ئەزان ئاۋازى كەلدى. قارتىچىلار قارتىنى يىغىشتۇرۇپ ئورنىدىن تۇرۇشتى - دە، ئىشتانلىرىنىڭ كەينىدىكى توپىنى قېقىشىپ، مەسچىت تەرەپكە مېڭىشتى.

## 2

ئىسرائىل تېيىپنىڭ ئايالى ئەتكەن گۆشسىز سۇيۇقئاشنى ئىچىپ بولۇپ بىردىنلا بوشىشىپ كەتتى، بۇگۇنكى مېڭىش ئۇنى ئوبدانلا هاردۇرغانىدى، ئۇ «دەم ئالاي» دەپ ياتىقىغا چىقتى. بۇ ئۆي ئەسلىدە تېيىپنىڭ ئىشخانىسى بولۇپ، يۇقىرىدىن كەنتكە كادىرلار كېلىپ قالسا يېتىپ - قوپىدىغان مېهمانخانا بولۇپمۇ خىزمەت قىلاتتى. تېيىپ ئىسرائىلنى مۇشۇ ئۆيگە ئورۇنلاشتۇردى.
— تامىقىڭ بىزنىڭ ئۆيدە بولىدۇ، — دېدى تېيىپ ئۇنىڭغا.
— كەنتنىڭ بىرەر ئېغىز ئىشخانىسى يوقمۇ؟
— ئىشخانا نېمىش قىلسۇن، — دېدى تېيىپ كۈلۈپ، —

ئىلگىرى ئىككى ئېغىز ئىشخانا بار ئىدى، كېيىن مەكتەپنىڭ ئۆيلىرى ئۆرۈلۈپ كېتىپ، ئىشخانىنى مەكتەپكە بەردۇق، مې-نىڭ ئىشخانام مۇشۇ ئۆي.

دەرۋەقە، ئۆيدە كارىۋاتتىن بۆلەك بىر كونا ئۇستەل بولۇپ، ئۇ يەردە يۇقىرىدىن ئەۋەتكەن ھۆججەتلەر، گېزىتلەر چېچىلىپ ياتاتتى.

— تېلېفونمۇ يوق ئىكەن، — ئىسرايىل ئۇياق - بۇياققا قاراپ سورىدى.

— يېزىدىن بۇ يىل تارتىپ بېرىمىز دېگەنتى، تېخى خەۋەر يوققۇ، ئەمدى سەن بىر ئامالىنى قىلىسەن - دە؟...

ئىسرايىل ئاچچىق كۈلۈپ قويدى...

ئىسرايىل كارىۋاتقا كېلىپ سوزۇلۇپ ياتتى، بۈگۈنكى بىر كۈنلۈك مېڭىش ئۇنى ئوبدانلا چارچاتقانىدى. ئۇ بۈگۈن ئەتىگەن-دىلا چىقىپ تېپىپ بىلەن مەھەللىنى بىر باشتىن ئايلاندى، دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىنى كۆردى، تېرىلغۇ يەرلەرنى، باغلارنى ئا-رىلاپ چىقتى، ئۇ بۇلاقسايىنى بۇنچىۋالا ۋەيرانە، نامرات دەپ پەرەز قىلمىغانىدى، مەھەللىنى ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن مۇشۇ مە-ھەللىنى كۆتۈرە ئالغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ، «دادامنىڭ دېگە-نى توغرا ئىكەندۇق، نېمىدەپ ئالدىراپ كەتكەندىمەن» دېدى ئىچىدە. ئۇ: «بۇلاقسايدا نۇقتىدا تۇرۇپ ئىشلەيدىغان بولدۇم» دېگەندە دادىسى بېشىنى چايقىدى.

— بۇلاقسايىنى تاللىماسلىق بوپتىكەن، — دېگەنىدى ئۇ، — ئۇ يەرگە مېنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇم، يامان گېپىنى قىلسام توغرا بولمايدۇ، ئەمما بەك نامرات، ئادەملىرىمۇ قاشاڭ، شۇڭا ھۆكۈمەتمۇ زېرىكىپ تاشلىۋەتكەن، ئەللىك يىلدىن بۇيان نۇرغۇن كادىرلار بېرىپ ئىشلىدى، مەنمۇ خىزمەت گۇرۇپپىسى بولۇپ نەچچە قاتار بارغان، ئۇ مەھەللىنى تۆۋەنگە كۆچۈرمىگىچە ئوڭشىد-غىلى بولمايدۇ... ئۇنىڭدىن باشقا بىر كەتتى تاللىساڭ بوپتىكەن...

«مەن راستىنلا ئالدىراپ كەتتىممۇ قانداق؟ ... بۇ يەردە توكمۇ يوق ئىكەن، دېھقانچىلىقتىن ئالىدىغان ھوسۇلمۇ ئۆزلىرىنىڭ قورسىقىدىن ئاشمايدىكەن، دېھقانلار ھازىرغىچە قەدىمكى سوقما تام ئۆيلەردە ئولتۇرۇپتۇ. مۇشۇ ئەھۋالدا ئۇلارنى قانداق قىلىپ ھاللىق قىلغىلى بولار؟ ... يۇقىرىنىڭ مەھەللىنى كۆچۈرۈش دېگەن قارارى توغرا ئىكەن ...» ئۇنىڭ ئېسىگە ئىككى ھەپتە ئىلگىرى يېزىلىق پارتكومنىڭ يىغىنى كەلدى. بۇ يىغىندا نۇقتىلىق قىلىپ خەتەرلىك ئۆيلەردە ئولتۇرۇۋاتقان دېھقانلارغا ئاپەتكە چىدامىلىق ئۆيلەرنى سېلىپ كۆچۈرۈش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنغانىدى ۋە بۇ خىزمەتنى بۇلاقسايدا كەنتىدە سىناق قىلىپ ئىشلەش، ئۇنىڭغا يېزا مەسئۇللىرىدىن بىرى نۇقتىدا تۇرۇپ رەھبەرلىك قىلىشنى قارار قىلىشتى. پارتكوم شۇجىسى: «بۇلاقسايغا كىم بارىدۇ؟» دېگەندە ھەممەيلەننىڭ كۆزى يېزىغا يېڭىدىن باشلىق بولۇپ كەلگەن ئىسراپىلغا تىكىلدى. ئۇلارنىڭ بۇ قارىشىدىن «قېنى، سېنىڭ كارامىتىڭنى بىر كۆرۈپ باقمايلىمۇ؟» دېگەن مەنە چىقىپ تۇراتتى، ئىسراپىل بۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن سىناق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئويلانمايلا: «بۇلاقسايغا مەن باراي!» دەپ ئىپادە بىلدۈردى. ئۇ چاغدا ئىسراپىل بۇلاقساينى بۇنچىۋالا نامرات دەپ ئويلىمىغانىدى. يىغىندىن كېيىن پارتكوم شۇجىسى ئۇنىڭغا بۇلاقساينىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى:

— بۇلاقسايدىكى دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرى بەك ناچار، خەتەرلىك، شۇڭا ناھىيىمۇ نەچچە يىل بۇرۇنلا بۇ كەنتنى تۆۋەنگە كۆچۈرۈشنى قارار قىلغانىدى، بىز بۇ ئىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن بۇلاقسايغا نەچچە خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ باقتۇق. لېكىن ئاز ساندىكى ياشلار كۆچكەندىن باشقا، چوڭلار كۆچۈشكە ئۇنىمايۋاتىدۇ.

— ئۇلار نېمىشقا كۆچۈشكە ئۇنىمايدۇ؟

— بۇنىڭ سەۋەبلىرى جىق، بارغاندا بىلىسىز، — دېدى شۇجى، — بۇلاقسايدىكى تۈپ مەسىلە دېھقانچىلىقنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى يوق، تېرىلغۇ يەر ئاز، دېھقانلارنىڭ كىرىمى ئاسا-سەن بىنەمگە تايىنىدۇ، بازاردىن يىراق بولغاچقا دېھقانلارنىڭ باشقا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش ئىمكانىيىتى يوق، شۇڭا ئۇلار نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كېتەلمەيۋاتىدۇ. راستىنى ئېيتسام، بۇ-لاقساي يېزا ئۇچۇنمۇ بىر يۈك بولۇپ قالدى، ھازىر دۆلەت دېھقانلارنىڭ ئۆي قۇرۇلۇشىغا ئالاھىدە ياردەم قىلىۋاتىدۇ، بۇ ناھايىتى ياخشى پۇرسەت، شۇڭا سىز بۇلاقسايدا مۇشۇ مەسىلىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ ئىشلەرسىز...

«شۇجىنىڭ دېگەنلىرىمۇ راست ئىكەن، بۇلاقساي ھازىرقى دېھقانچىلىقى بىلەن كۆتۈرۈلۈشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇلار شەھەر-گە يېقىنراق يەرگە كۆچسە قوشۇمچە تىجارەت بىلەن شۇغۇللى-نىشقا ئىمكانىيەت تۇغۇلىدۇ، شۇڭا ئامال بار كۆچۈرۈش كېرەك...»

— ئۇخلاپ قالدىڭمۇ؟

ئىشىكنى تاراقشىتىپ ئېچىپ كىرگەن تېيىپنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ خىياللىرىنى بۆلۈۋەتتى.

— كەل، كەل، — دېدى ئىسراپىل ئۆرە بولۇپ.

— زېرىكىپ قالدىڭ - ھە؟ — تېيىپ ئورۇندۇقنى تارتىپ ئولتۇرۇپ دېدى، — بىزنىڭ بۇ مەھەللىدە كۆنىمىز مۇشۇنداق، توك بولمىغاچقا تېلېۋىزور يوق، ئاخشىمى بالدۇرلا ئۇخلايدىغان گەپ ... شۇڭا دېھقاننىڭ بالىلىرى جىق...

— نېمىدەپ جىق؟

— دېھقاننىڭ كېچىدە باشقا ئىشى بولمىغاندىن كېيىن بالى-غىلا ئىشلەيدۇ - دە!

ئىسراپىل چۈشىنىپ كۈلۈپ كەتتى.

— توكنى يۇقىرىغا دەپ باقمىدىڭلارمۇ؟ — دېدى ئىسراپىل

بىر دەمدىن كېيىن.

— دېمەمدۇق، ھەر يىلى دەيمىز، لېكىن بولاقسايغا توك تارتىش ئۈچۈن تۆت يۈز مىڭدەك پۇل كېتىدىكەن، بىزدە نەدە ئۇنچىلىك ئىقتىساد بولسۇن؟ تۆت مىڭ سوممۇ يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقىرىنىڭ پىلانىنى سەنمۇ بىلىسەن، بىزنى تۆۋەنگە كۆچۈرۈش، شۇڭا توكنى ھەرگىز تارتىپ بەرمەيدۇ...

ئىسرائىل كەنت باشلىقىنىڭ ئويىنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ سورىدى:

— دېمىسىمۇ، بولاقساينىڭ تارتىشقۇدەك يېرى يوق ئىكەن. ھۆكۈمەت ئۆي سېلىشقا ياردەم قىلىمىز دەۋاتسا نېمىشقا كۆچمەي-سىلەر؟

— ھۆكۈمەت ياردەم قىلىمىز دېگەنبىلەن كۆپرەك ئىقتىساد-نى يەنىلا دېھقان ئۆزى چىقىرىدىغان گەپ، بولاقسايلىقلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆردۇڭ، ئۇلارنىڭ يانچۇقىدا ئۇنچىلىك پۇل يوق، بۇمۇ بىر تەرىپى. ئەڭ مۇھىمى، ئۇلار ئاتا - بوۋىسى ياشاپ ئۆتكەن ماكانىنى تاشلاپ كەتكۈسى كەلمەيدۇ...

— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن ھازىر زامان ئۆزگىرىپ كەتتى، بۇلارمۇ ياخشىراق كۈنگە ئېرىشىش كېرەككۇ، بولاقساينىڭ ۋاي دېگۈدەك نېمىسى بار؟

— سېنىڭ دېگىنىڭمۇ توغرا، بولاقساينىڭ شارائىتى راست-تىنلا ناچار... پەقەت بۇ يەرنىڭ ھاۋاسىلا ياخشى.

— ھاۋا بىلەن قورساق تويمايدۇ - دە؟

— ئەمما بولاقسايلىقلار بۇ يەرنى جاھاندىكى ھېچ يەرگە تەڭ قىلمايدۇ، مەن ساڭا بىر ئىشنى دەپ بېرەي: مەھەللىنىڭ بېشىدا ئۆيى بار مەسۇم تاران دېگەن بىر ئادەم بار. ئۇنىڭدىن سورىساڭ، «بولاقساينى مېنىڭ بوۋىلىرىم بەرپا قىلغان» دەيدۇ، قايسىبىر يىلى ئۇ ئاغرىپ قېلىپ ناھىيىنىڭ دوختۇرخانىسىدا بىرنەچچە ۋاق يېتىپ قالغانىدى، شۇ ئادەم قانداق قىپتۇ دېمەمسەن، دوخ-

تۇرخاننىڭ قايناق سۇيىنى تەمى يوقكەن دەپ بالىلىرىغا بۇلاقسايىنىڭ سۇيىنى ئالدۇرۇپ ئىچىپتۇ.

— راست گەپمۇ، چاقچاقمۇ؟

— راست شۇنداق بولغان ...

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىسراپىل ئويلىنىپ قالدى.

— بۇ گەپچە، ئۇلارنى كۆچۈرۈشمۇ تەس دېگىنە؟ — دېدى ئىسراپىل ئۇھ تارتىپ قويۇپ، — ياشلارغۇ ماقۇل دەيدىغاندۇ، ئاۋۋال شۇلارنى ھەرىكەتلەندۇرۇپ باقساق قانداق؟

— ياشلارنىڭ ئىچىدىكى ھال ـ كۇنى ياخشىراقلىرى بالدۇرلا كۆچۈپ كەتتى، بۇ يەردە قالغانلىرىنىڭ ئىقتىسادى يوق، بىر قىسىملار ئوقەت قىلىپ پۇل تاپىمىز دەپ شەھەرلەرگە كېتىپ قالدى.

— ياشلاردىنمۇ ئۇمىد يوق دېگىنە؟

— ئىشقىلىپ تەس ...

كەنت باشلىقىنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ ئىسراپىلنىڭ روھى چۈشۈپ كەتتى ۋە ئۆزىنىڭ يېزىغا كەلگىنىگىمۇ پۇشايمان قىلدى: «ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا باشلىق بول دېگەندە ماقۇل دېگەن بولساممۇ بوپتىكەن، قانداقلا بولمىسۇن ھۆكۈمەتنىڭ ئىدارىسى، خىزمىتى تەرتىپلىك، بۇنداق ئاۋارىچىلىكى يوق ئىدى، ئەلى توغرا دەپتىكەن ...»

— يېزىدا مەن ئىشلەپ كۆرگەن، — دېگەنىدى دوستى ئەلى ئۇنىڭغا مەسلىھەت بېرىپ، — ئۇ يەرنىڭ خىزمىتىنى بىر جاڭگال دېسەڭ بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە يېڭىتام يېزىسى ۋاي دېگۇدەك باي يېزا ئەمەس، ئۇلارنى ھاللىق قىلغۇچە ئۆزۈڭ توگەپ كېتىدىسەن ...

ئايالى خالىدە تېخىمۇ قوشۇلمىغانىدى:

— ھەربىيلىكتە تارتقان جاپايىڭىز يەتمىگەنمىدى، — دېگەنىدى ئۇ نارازى بولۇپ، — ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىر ئوبدان

ئەمەسمۇ؟ ئاشقازىنىڭىز چاتاق تۇرسا، سەھەرادا ئاغرىپ قالسىڭىز قانداق قىلىسىز؟ ...

«مەن راستتىنلا خاتا قىلدىممۇ نېمە؟ ... ئەگەر بۇلاقسايدا بىرەر نەتىجە قازىنالمىسام يېزىدىن ئاستا كەتسەم بولىدۇ...»

ئىسرايىل ئاشۇنداق ئۈمىدسىز خىياللارنى سۈرۈپ يېرىم كېچىگىچە ئۇخلىيالمىدى، ئۇ سەھەرگە يېقىن ئۇخلاپ قالدى، ئەتىگىنى تېيىپ ئىشىكنى چەككەندىلا چۆچۈپ ئويغاندى.

— ھەربىي دېگەنمۇ مۇشۇ كەمگىچە ئۇخلامدۇ؟ — تېيىپ سۆزلىگەچ ئۆيگە كىردى، — قورساق ئاچمىدىمۇ؟ يۈرە، چاي ئىچىمىز.

ئىسرايىل ئىشىك ئالدىدىكى ئېرىق سۈيىدە يۈزىنى يۇيدى. تاغدىن ئېقىپ چىققان بۇلاق سۈيى شۇنچىلىك سۈزۈك، سالقىن ئىدى. ئىسرايىلنىڭ ئېسىگە ئاخشام تېيىپ ئېيتقان ھېكايە كېلىپ سۇدىن ئوچۇملاپ ئىچتى. لېكىن، ئۇ ئۆزگىچە بىر تەمنى ھېس قىلالمىدى. «تېيىپنىڭ توقۇۋالغان گېپى ئوخشايدۇ» دېدى ئىچىدە.

— بۈگۈنمۇ كۈن تازا ئىسسىيدىغاندەك قىلىدۇ، — دېدى تېيىپ چاي ئىچىۋېتىپ تالاغا قاراپ قويۇپ، — بىرەر قېتىم يامغۇر ياغقان بولسا بولاتتى، بولمىسا، بىنەمدىكى بۇغدايلار كۆيۈپ كېتىدىغان بولدى.

— ھاۋا رايىنى نېمە دېدى؟

— ئۇنى نەدىن ئۇقىمىز دەيسەن؟ يامغۇر ياغىدىغان شەپە يوق ... بۇلاقساي بۇنچىلىك ئىسسىۋاتىدۇ، شەھەردە ئوت كەتتى دېگىنە ... ھازىر شەھەرلىكلەرمۇ قالتىس بولۇپ كېتىپتۇ، مۇشۇنداق ئىسسىقلاردا ئۆينى تاشلاپ تاغقا چىقىپ كېتىدىغان بوپتۇ، دادام رەھمەتلىك دەيدىغان: ئىلگىرى ناھىيىدىكى بايلارمۇ كۈن مۇشۇنداق ئىسسىپ كەتكەن چاغلاردا بۇلاقسايغا ھارۋىلاردا چىقىپ ھەپتە - ئون كۈن تۇرۇپ كېتەتتىكەن ...

ئىسراپىل باشتا ئۆز خىيالى بىلەن تېيىپنىڭ گېپىگە ئىشەنمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئاخىرقى گېپىنى ئاڭلاپ ئىتتىك بېشىنى كۆتۈردى:

— بولاقسايغا چىقاتتىكەن دېدىڭمۇ؟ — ئۇ قايتىلاپ سوردى.

— ھەئە، تۆپىدىكى جىلغىنىڭ ئىچىدە ئۆي تىكىپ ئولتۇراتتىكەن، بۇ يەردە دەم ئالغاندىن سىرت، تاغنىڭ مېۋىلىرىدىن مۇراببالارنى قايناتتىپ، ئالمىلاردىن قاق سېلىپ ئەكېتەتتىكەن.

— مۇراببالارنى دەمسەن؟ جىلغىنىڭ ئىچىدە مۇراببا قايناتقۇدەك قانداق مېۋە بار؟

— بىزنىڭ بۇ جىلغىنىڭ ئىچىدە مېۋە جىق جۇمۇ! قارىقات، تاڭقوراي، ياۋا ئالما دەمسەن، ھەممىسى بار. مەھەللىدىكىلەر ھازىرمۇ مېۋە پىشقان چاغدا كىرىپ تېرىپ چىقىپ مۇراببا قايناتتىدۇ، شۇنداققۇ ـ ھە، زوره؟

تېيىپنىڭ پاكار، يۇمىلاق ئايالى «ھەئە» دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى.

— شەرۋاندەم ھەر يىلى نەچچە چېلەك قايناتتىدۇ، — دېدى ئۇ، — بۇ يىل خۇدايىم بۇيرۇسا مەنمۇ قايناتتىۋالاي دەيمەن.

— مۇراببا ساتىدىغانلارمۇ بارمۇ؟

تېيىپ بىلەن ئايالى بىر ـ بىرىگە قاراپ كۈلۈشتى.

— نەگە ئاپىرىپ ساتىدۇ دەيسەن؟ — دېدى تېيىپ، — قولۇم ـ قوشنىلارغا بېرىپ تۈگىتىدۇ، بولاقسايدا مۇراببا ساتقاننى ئاڭلىمىدۇق.

ئىسراپىلنىڭ كاللىسىغا شۇ ھامان بىر ئوي كېلىپ كۆڭلى يايراپ كەتتى.

— بۈگۈن جىلغىنى كۆرۈپ كېلەيلى، — دېدى ئۇ تېيىپقا.

— بۈگۈن يىغىن ئاچىمىز دېگەنتىڭغۇ؟

— يىغىن بۈگۈنچە تۇرۇپ تۇرسۇن، قوپە؟

تېيىپ ئۇنىڭغا ھەيران بولغاندەك قاراپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى.

ئۇلار بولاقسايلىقلارنىڭ خۇددى جاڭگالدىكى قۇم بارخانلىرىدەك رەتسىز سېلىنغان ئۆيلىرىنى ئارىلاپ مېڭىپ، جىلغىنىڭ ئاغزىغا كەلدى. جىلغىنىڭ ئىچىدىن ئېقىپ چىققان بىر ئۆستەڭ سۇ دۆڭدىكى يالغۇز بىر ئۆينىڭ ئالدىدىن بۇرۇلۇپ مەھەللىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەنىدى.

— ماۋۇ نېمە ئۆي؟ — دەپ سورىدى ئىسراپىل.

— ئۇ ئاخشام ساڭا گېپىنى قىلغان مەسۇم تارانىنىڭ تۇگمىنى، — دېدى تېيىپ، — ئىلگىرى بۇ يەردە قاتارسىغا بەش تۇگمەن بار ئىكەندۇق. كوممۇنا ۋاقتىدا بىر ـ ئىككىسى قاپتۇ. قالغان ئىككىسىنى ھېلىقى ئىنقىلاب بولغاندا كونىلىق دەپ چېقىۋېتىپتۇ، پەقەت مەسۇم تارانىنىڭ مۇشۇ تۇگمىنىلا چېقىلماي ساق قاپتۇ...

— ھازىر ماڭدۇرمىغانمۇ نېمە؟

— نەچچە يىللار بولدى توختاپ قالدى.

— نېمىشقا؟

— ھازىر خەقلەر ئۇگۇتنى تۆۋەنكى مەھەللىدىكى ئۇن زاۋۇتىغا ئاپىرىدىغان بولدى، ئۇن زاۋۇتىمۇ ئۇننى مەھەللىگە ئەكېلىپ تېگىشىپ بېرىپ كېتىدۇ... توك بولغان بولسا ئۆزىمىز زاۋۇت قۇراتتۇق.

«توك بولمىسا ھېچ نەرسە قىلغىلى بولمايدۇ، لېكىن ئۇنى قانداق ھەل قىلىش كېرەك؟ ...» ئىسراپىل ھەسرەت بىلەن ئىچىگە تىنىپ قويدى.

ئۇلار جىلغىنىڭ ئىچىگە كىردى. ئىسراپىل بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. بۇ يەر خېلى كەڭرى تۈزلەڭلىك بولۇپ، جىلغىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئۆستەڭ سۇ گاھىدا يېيىلىپ، گاھىدا ئېرىقچىلارغا بۆلۈنۈپ ئېقىپ تۇراتتى، ئۆس-

تەڭنىڭ بويلىرىنى تاغ تېرىكى، ياۋا ئالما، قارىياغاچلار قاپلاپ تۇراتتى، ئەتراپ ياپيېشىل چىملىق بولۇپ، بۇ يەردە سېرىق سەبدەر، لەيلىقازاق گۈللىرى غۇچچىدە ئېچىلىپ كەتكەنىدى. جىلغىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قاپتال قارىقات، تاڭقوراي قاتارلىق ياۋا تاغ ئۆسۈملۈكلىرى بىلەن تولغانىدى. جىلغىنىڭ ئىچى شۇنـ چىلىك سالقىن ئىدىكى، گويا بۇ يەرگە تومۇز ئاپتىپى چۈشمىگەنـ دەك ئىدى.

— ئاۋۇ قاپتالنى كۆردۈڭمۇ؟ — دېدى تېيىپ قولى بىلەن كۆرسىتىپ، — كەتكەن قارىقاتلىق، ئارىسىدا تاڭقوراي، زىرىقـ لارمۇ بار، ماۋۇ تەرەپ ياۋا ئالمىلىق، ھازىر تېخى بالدۇر، سەككىزىنچى ئايلاردا كەلسەڭ بۇ يەر «گۈپ ـ گۈپ» ئالما پۇراپ تۇرىدۇ.

— ئالمىلارنى خەقلەر يىغامدۇ؟

— بەزىلەر چىقىپ قاق سېلىپ ئەكېتىدۇ، قالغىنىنى مال يەيدۇ.

— ساتمايدۇ؟

— بۇلارنى كىم سېتىپ يۈرىدۇ دەيسەن.

«ئەگەر مۇشۇ مېۋىلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەپ بازارغا سالسا قانچىلىك كىرىم بولاتتى ـ ھە، تەييار خام ئەشيا ... لېكىن ئۇنى پىششىقلاش ئۈچۈن زاۋۇت بولۇش كېرەك، ئىقتىساد كېرەك، بۇ يەردە ئەقەللىيسى توكمۇ بولمىسا ... ئەگەر بۇ يەرنى ساياھەت قىلىدىغان يەر قىلساقچۇ، تەبىئىي شارائىتى بەك ياخشى ئىكەن، شۇڭا بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى تۆۋەنگە كۆچۈشكە ئۇنىماپتىكەن ـ دە؟ ... توغرا، بۇلاقسايغا ئەڭ باب كېلىدىغان قوشۇمچە كەسىپ ساياھەتچىلىك بىلەن كونسېرۋا ئىشلەش بولىدىكەن ... بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھەممىدىن ئاۋۋال توكنى ھەل قىلىش كېرەك ...

— مېنىڭ كاللامغا مۇنداق بىر ئوي كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ئىسراپىل تېيىپقا ۋە باياتىن ئويلىغانلىرىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردى.

— ئۇنداقتا خەقلەرنى تۇۋۈەنكى مەھەللىگە كۆچۈرمەي-مىزمۇ؟ — دېدى تېيىپ ھەيران بولۇپ.
— سەنمۇ دېدىڭغۇ خەقلەر ئۇنمايدۇ دەپ، بۇ مەسىلىنى يېزىدا قايتا مۇزاكىرە قىلىپ باقساق بولىدىغان ئوخشايدۇ، يۇقىرىنىڭ مەقسىتىمۇ بۇلاقسايلىقلارنى نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ـ دە.... ئەگەر بىز ساياھەتچىلىكنى يولغا قويۇپلىۋالساق بۇلاقساي تېزلا كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ.
— ئېيتقىنىڭ كەلسۇن، — دېدى تېيىپ كۆڭلى جايىغا چۈشكەندەك بولۇپ، چۈنكى ئۇ خەقلەرنى كۆچۈرۈش دېگەندىن بىزار بولغانىدى، — لېكىن بىزدە بىر تىيىن بولمىسا قانداق قىلىمىز، ساياھەتچىلەرنى قۇرۇق تاغقا باشلايمىزمۇ؟
— شۇنىڭ ئامالىنى قىلىش كېرەك، دېمىسەڭمۇ بۇ يەرگە ساياھەت ئەسلىھەلىرىنى قۇرۇش ئۈچۈن ئاز پۇل كەتمەيدۇ، بايلاردىن خەرىدار چاقىرساق بولامدىكىن.
— بۇلاقسايدىكى باي دېگىنىمىز رەھىم شاھ، بىر تراكتورى بار، لېكىن ئۇنىڭدىن تىيىن چىقىرالمايسەن.
— مەن مەھەللىدىكى بايلارنى دەۋاتقىنىم يوق ... ناھىيە، شەھەردىكى بايلارنى چاقىرساق دەيمەن.
— ئۇلار بۇ جاڭگالغا پۇل تاشلارمۇ؟
— يولىنى قىلىدىغان گەپ ـ دە....
— بۇ يولنى سەن قىلمىساڭ مەن ئۇقمايمەن جۇمۇ!
— ھازىرقى مەسىلە بۇلاقسايلىقلارنى خەتەرلىك ئۆيلەردىن كۆچۈرۈش مەسىلىسى، بۇ سىياسىي ۋەزىپە، ئۇنى ئورۇندىمىساق بولمايدۇ، مەن دەيمەن: يېڭى مەھەللىنى دۆڭگە قۇرساق قانداق؟ بەربىر يېڭى ئۆي سالىدىغان بولغاندىن كېيىن سايىنىڭ ئىچىدىن كۆچۈش كېرەك. بۇنىڭغىمۇ ماقۇل دەيدىغاندۇ؟
— ماقۇل دەپ قالار، — دېدى تېيىپ.
— بوش گەپ قىلىسەنغۇ؟ ... ئەك ئاۋۋال سەن باشلاپ

كۆچىسەن جۇمۇ!

— يۇقىرىدىكىلەر بۇ پىلانىڭغا قوشۇلارمۇ؟

— بۇلاقسايىنىڭ ئەھۋالىنى دەپ باقمەن ـ دە... ھازىر مېنىڭ بېشىمنى قاتۇرۇۋاتقان ئىش توك مەسىلىسى. توك بولمىسا ساياھەتنى يولغا قويىمىز دېگىنىمىز قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ، لېكىن بۇ مەسىلىنى يېزىمۇ ھەل قىلالمايدۇ دېگىنە، پەقەت ناھىيىگە يىغلاش كېرەك.

— بىز تولا يىغلاپ يېشىمىز قۇرۇپ كەتتى دېگىنە، ئەمدىكى يىغىنى سەن يىغلاپ باقىسەن ـ دە.

— يىغلىغانغا ئېرىيدىغان ئادەم بولسىلا مەيلىتىغۇ...

ئىسرايىل بىلەن تېيىپ جىلغىدىن چۈش قايرىلغاندا قايتتى، ئىسرايىل بۇگۈن يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان يۈكتىن قۇتۇلغاندەك ئۆزىنى يېنىك ھېس قىلىپ كۆڭلى خاتىرجەم بولدى.

— چۈشتىن كېيىن دۆڭنى كۆرۈپ باقامدۇق؟— دېدى ئۇ قايتىۋېتىپ.

— مەيلى، ئاۋۋال قورساقنى ئەستەرلىۋالايلى...

قورۇدىكى جىمجىتلىقنى كۆرۈپ ئىسرايىل سورىدى:

— چايخانىڭدىن بوران ئۇچۇپ تۇرىدۇ، قورساقنىمۇ ئەستەرلەپ بولغان ئوخشايمىز جۇمۇ! يەنە چاي ئىچەرمىزمۇ؟

تېيىپنىڭ چىرايى تۇرۇلۇپ ئۆيگە قاراپ توۋلىدى:

— زورە! قېنى سەن؟

ئۆيدىن توپتەك پىلدىرلاپ زورە چىقتى.

— كەلدىڭلارمۇ، ئەجەب كېچىكىپ كەتتىڭلارغۇ؟ — دېدى ۋە چايخانا تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

— تاماق قىلمىدىڭما؟

— قورۇما قورۇپ قويدۇم، ئاشنى سالساملا بولىدۇ.

— لەڭمەن ئىكەن، يۇرە،— دېدى تېيىپ كۈلۈپ قويۇپ.

## 3

يارمۇھەممەدنىڭ دۇكىنى مەھەللىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا بو-لۇپ، ئۇ ئىككى ئېغىز ئۆيىنىڭ بىر ئېغىزىنى ئاندا - مۇندا ياساپ ئىشىكنى كوچىغا قارىتىپلا دۇكان قىلىۋالغانىدى. ئۇ دۇكاننىڭ ئالدىغا باراڭ قىلىپ ئاستىغا تاختايدىن مىخلاپلا ئۇزۇن ئورۇندۇق قىلىپ قويىدى. شۇڭا ئۇنىڭ دۇكىنىنىڭ ئالدىدا ئادەم ئۈزۈلمەيتتى، تولىراق مەھەللىدىكى ياشلار ئىشى بولسۇن - بولمىسۇن شۇ يەرگە يىغىلىشىپ ئاۋات قىلىپ تۇراتتى، يارمۇ-ھەممەد ھەر قېتىم بازارغا مالغا كىرگەندە يېڭى - يېڭى ناخشا پلاستىنكىلىرىنى ئاچىقاتتى، بۇلاقسايلىقلار ئۈچۈن بۇ تېپىلماس ئەمەك بولۇپ، ئۇلار پۇل تۆلىمەيدىغان بۇ ناخشا - مۇزىكىلارنى قانغۇچە ئاڭلاپ كېتىشەتتى.

چۈش بولغاندا دۇكاننىڭ خېرىدارلىرى سىلىكىپ ئايىغى بېسىلدى. بۇ چاغدا بۇلاقسايلىقلار چۈشلۈك چايلىرىنى ئىچىپ بولۇپ، ئۆيلىرىنى قاراڭغۇلاپ ئۇيقۇغا تېگەتتى - دە، تالا - تۈزدە ئادەم قالمايتتى، پەقەت مەھەللىدىكى ئۇششاق باللار قىپ-يالىڭاچ بولۇشۇپ باغنىڭ كەينىدىكى كۆلچەكتە قىيا - چىيا قىلىشىپ سۇغا چۈشۈشەتتى، يارمۇھەممەد قولى ئارا بولغان پەيتتىن پايدىلىنىپ تۈنۈگۈن بازاردىن ئەكەلگەن ماللىرىنى تى-زىملاپ بولۇپ جاۋەنلەرگە تىزدى. ماللار كۆپەيگەنسېرى دۇكان ئۇنىڭغا بارغانچە تارلىق قىلىپ قېلىۋاتاتتى، ئۇ ئەسلىدە بۇ يىل دۇكاننى چوڭايتىپ سالماقچى بولۇپ، بۇ خىيالىنى كەنت باش-لىقى تېيىپقا ئېيتقانىدى، تېيىپ ئۇنىڭ رايىنى قايتۇرۇپ قوي-دى:

— يۇقىرىنىڭ پىلانىدا مەھەللىنى كۆچۈرمەكچى بولۇۋاتى-دۇ، ئازراق تەخىر قىلىپ تۇرساڭ بولامدىكىن، — دېدى ئۇ.

— نەگە كۆچۈرمەكچى؟

— يېڭىتامغا، لېكىن بىز كۆچمەيمىز دەۋاتىمىز، ئىسرائىل يىغىنغا كەتتى، شۇ كەلسە ئېنىق بولىدۇ.

تېيىپنىڭ شۇ گەپنى دېگىنىگىمۇ بىر ھەپتە بولاي دېدى. ئىسرائىل تېخىچە كەلمەيۋاتاتتى، دۇكانغا تېيىپ كىرىپ كەلدى، ئۇ تاماكىدىن بىر قاپنى ئېلىپ بىر تالنى تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتى، سىرتتا موتسىكلىتنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى ۋە ھايال ئۆتمەي ئۇستۇن-شى توپىغا مىلەنگەن ئىسرائىل يېتىپ كەلدى.

— قانداق بولدى؟ — دېدى تېيىپ كۆرۈشۈپ بولۇپلا.

— ئۇسسۇزلۇقۇڭ بارمۇ؟ — دېدى ئىسرائىل قۇرۇپ كەت-كەن كالپۇكىنى يالاپ قويۇپ.

يارمۇھەممەد ئۇنىڭغا بىر قۇتا ئۇسسۇزلۇق ئېلىپ بەرگەن-دى، ئىسرائىل بىر كۆتۈرۈشتىلا يېرىمىنى ئىچىپ بولدى. تې-يىپ ئۇنىڭغا تەقەززالىق بىلەن قاراپ تۇراتتى، ئاخىر ئۇ چىدى-مىدى:

— ھوي، گەپ قىلساڭچۇ؟ قانداق بولدى؟ ...

— يېڭىتامغا كۆچمەيدىغان بولدۇق، مەھەللىنى دۆڭگە كۆ-چۈرۈشكە قوشۇلدى، بۇ يىل ئوتتۇز ئائىلىنى كۆچۈرىدىغان بول-دۇق.

— ۋەزىپە بەكمۇ ئېغىر بولۇپ كەتكەنمۇ، قانداق؟ — دېدى تېيىپ.

— شۇڭا بۇ ئىشنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىمىسەك بولمايدۇ، باشلامچىلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈش كېرەك، بىرىنچى بولۇپ سەن كۆچىسەن، — دېدى ئىسرائىل تېيىپقا قاراپ.

— ماۋۇ يەردە ھەممىدىن بۇرۇن كۆچمەن دەۋاتقانلار بار، — دېدى تېيىپ يارمۇھەممەدنى كۆرسىتىپ ۋە ئۇنىڭ پىلانى-نى ئېيتىپ بەردى.

— ئۇنداق بولسا ياخشى، ئىككىڭلار باشلاپ بېرىسلەر، — ئۇ يارمۇھەممەدكە قاراپ سورىدى، — دۇكان بىلەن ئۆينى بىر سالارسەن؟

— شۇنداق قىلىمەن ـ دە، شۇنىسى يالغۇز قانداق سالار-مەن، دەپ بىشىم قىتىۋاتىدۇ.

— ئۇنىڭدىن غەم قىلما، ئۆيلەرنى يېزىنىڭ قۇرۇلۇش ئەت-رىتى بىرتۇتاش سالىدۇ. ئۆيىنىڭ ئۆلچىمى بار، ھەركىم ئۆز ئالدىغا قالايمىقان سېلىشقا بولمايدۇ...

— شۇنداق بولغان بولسا ياخشى بولاتتى، — دېدى يارمۇ-ھەممەد خۇشال بولۇپ.

— بۇ يىل ئۆي سېلىشقا ئالدىراپ قالدىڭ، — دېدى تېيىپ ئۇنىڭغا قاراپ، — شۇنىڭغا قارىغاندا بۇ يىل توي قىلامسەن نېمە؟ كىمگە كۆيئوغۇل بولاي دېدىڭ؟

— نەدىكى گەپنى قىلىسەن، تېيىپكا، — دېدى يارمۇھەممەد خىجىل بولۇپ، — مەن ھازىر دۇكان سېلىشنىڭ غېمىدە.

— توي قىلىدىغان ۋاقتىڭمۇ بولۇپ قالدى، بۇ يىل نەچچىگە كىردىڭ؟

— يىگىرمە ئىككىگە...

— ۋاقتى بوپتۇ، بىز سېنىڭدەك چاغدا بىر بالىغا دادا بولغان... ھازىر ھال ـ كۈنۈڭمۇ ياخشى، بولمىسا كۆزۈڭ چۈش-كەن بىرىنى ئېلىپ قاچامسەن! ... ساڭا ھازىر ھەرقاندىقى ماقۇل دەيدۇ...

يارمۇھەممەد شۇ گەپلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۆزىچە كۈلۈپ قويدى، دېمىسىمۇ ئۇ بۇ يىل ئۆيلىنىش خىيالىنى قىلىپ قالغانىدى، يېشىمۇ كېلىپ قالدى، ئاتا ـ ئانىسىدىن يېتىم قېلىپ جاپانىمۇ يەتكۈدەك تارتتى. ئەسلىدە ئۇنىڭ ئوقۇپ كادىر بولۇش ئارزۇسى بار ئىدى، لېكىن دادىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ تۇيۇقسىزلا كەينى ـ كەينىدىن قازا قىلىشى ئۇنىڭ ھەممە ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى بىتچىت قىلدى. بىر مەزگىل نېمە قىلىش-نى بىلمەي گاڭگىراپ يۈردى، تەقدىر تىرىكچىلىكنىڭ غېمىنى ئۇنىڭ قاتمىغان يەلكىسىگە يۈكلەپ قويدى، ئۇ ئامالسىز ئوقۇش-

تىن توختىدى. خەقلەرنىڭ ئىشلىرىنى قىلدى، ئاخىر تەۋەككۇل قىلىپ ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئوقەت قىلدى، تەلىيى ئوڭ كېلىپ ئاز ـ تولا پۇل تاپتى ـ دە، ئۆزىنىڭ مەھەللىسىگە يېنىپ كەلدى. چوڭ شەھەرنى كۆرۈپ ئاز ـ تولا سودا قىلىپ كۆزى پىشقان يارمۇھەممەد مەھەللىدە بىرەرمۇ دۇكان يوقلۇقىنى پەملەپ، ئۈرۈمچىدە تېپىپ كەلگەن پۇلىغا تۈرمۈش بۇيۇملىرى ئېلىپ ئۆيىنى دۇكان قىلىپ ئاچتى. مانا بىر يىل بولدى، دۇكاننىڭ تاپاۋىتى بىلەن مەھەللىدىكى ھاللىقلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى، ئەمدى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئۆيلىنىۋېلىش ئوتى چۈشتى.

ئۇ يېقىندىن بۇيان دۇكانغا سودا قىلغىلى كەلگەن مەھەللىدىكى قىزلارغا زەن سالىدىغان بولدى. بۇلاقسايدا بويىغا يەتكەن قىزلار ئاز ئەمەس ئىدى. لېكىن، نېمىشقىدۇر يارمۇھەممەدنىڭ كۆڭلىگە يارىغۇدەكلەر ئۇچرىمايۋاتاتتى، بىرىنىڭ چىراي ـ تۇرقىنى ياراتمايتتى، يەنە بىرىنىڭ قىلىقلىرى دىتىغا سىغمايتتى، يېقىندىن بۇيان ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا مەسۇم تاراننىڭ چوڭ قىزى پەرىدە پات ـ پات كېلىۋالىدىغان، كېچىلىرى ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى قاچۇرۇپ يۈرىكىنى ئويىنىتىدىغان بولۇۋالدى، يارمۇھەممەد ئۇنىڭ دۇكانغا پات ـ پات كېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى، لېكىن پەرىدە دۇكانغا كەمدىن ـ كەم كېلەتتى، كەلگەندىمۇ خېرىدارلار كۆپ چاغلاردا كېلەتتىيۇ، ئالىدىغىنىنى ئېلىپلا تېزلا چىقىپ كېتەتتى! مەسۇم تاران بولسا يارمۇھەممەدنى يامان كۆرەتتى، كۆرگەنلا يەردە ئۇنى تىللاپ بېرەتتى.

— سودىگەر دېگەننىڭ كۆڭلى قارا بولىدۇ، — دەيتتى ئۇ ئۆيدىمۇ ئۇنىڭ گېپى چىقسىلا تېرىكىپ، — تۇرغاننى يولدىن چىقارغان شۇ خۇنپەر ... ئۆز ۋاقتىدا تۇرغانغا ئۇنىڭ بىلەن ئارىلاشما دېسەم گېپىمنى تىڭشىماي قويدى، مانا نېمە بولدى، بۇ يېتىم ئوغلاق چوقۇم تۇرغاننى زىيانغا تۇتۇپ بېرىپ ئۆزى قېچىپ كەلگەن گەپ ... ئەگەر تۇرغانغا بىرەر ئىش بولسا بۇنىڭ-

دىن ھېسابىنى ئالماي قويمايمەن، مەن دەپ قوياي، ئۇنىڭ دۇكىنىغا دەسسىگۈچى بولماڭلار!...

شۇڭا پەردەمۇ ئۇنىڭ دۇكىنىغا بېرىشتىن ئەنسىرەيتتى...

يارمۇھەممەد ئەكەلگەن ماللىرىنى جاۋەنلەرگە تىزىپ بولۇپ قولى بىكار بولدى، ئۇ يالغۇز ئولتۇرۇشتىن ئىچى پۇشۇپ، ئۇنئالغۇنى ئېچىپ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان پلاستىنكىنى قويدى. ئۇنئالغۇدىن بىر ئايالنىڭ ئاجايىپ يېقىملىق ناخشىسى ياڭرىدى:

كەلمىدى يار، كەلمىدى،
نە بولدى يارىم كەلمىدى.
ئاتىنىڭ ئاياغى سۇندى،
باھانە بولدى كەلمىدى.

يارمۇھەممەد خۇرسىنىپ قويدى. ناخشا ئۇنىڭ كۆڭۈل سىرىنى ئېيتىۋاتقاندەك بولۇپ مۇڭلاندى.

ئاتىنىڭ ئاياغى سۇنسا،
ئات ئېلىپ مىنمەسمىدى.
يارىنىڭ كۆڭلىدە بولسا،
بىر كېلىپ كەتمەسمىدى...

بىرىنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلانغاندەك بولدى، يارمۇھەممەد بېشىنى كۆتۈرۈپ چەكچەيگىنىچە تۇرۇپ قالدى. ئۇ گويا چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەيۋاتاتتى. ئىشىكتىن كۈلۈمسىرەپ پەردە كىرىۋاتاتتى. يارمۇھەممەدنىڭ كۆزىگە دۇكانغا نۇرلۇق قۇياش كىرىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ ھاياجانلىنىپ كەتتى.

— پەردە!... — يارمۇھەممەد ھودۇقىنىچە ئۇنئالغۇنى ئۆچۈردى، — كېلىڭ، كېلىڭ!...

ناخشىنىڭ تەسىرىدىنمۇ پەرىدەمۇ ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ قىزاردى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ يارمۇھەممەدنىڭ يۈرىكى سىلىپ كەتتى. پەرىدە ئوتتۇرا بوي، يۇمىلاق يۈز بولۇپ، ئۇنىڭ قوي كۆزلىرى ھەمىشە كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى، ئۇ كۈلگەن چاغدا ئىككى مەڭزىدە كىشىنى كۆيدۈرىدىغان چىرايلىق زىنىخ پەيدا بولاتتى. ئۇنىڭ جەينىكىگىچە يالىڭاچ بىلىكى ئاپتاپتا كۆيگەن بولسىمۇ، شۇنچىلىك سىلىق ۋە پارقىراق ئىدى. ئۇنىڭ مىجەزى ئېغىر، كەم سۆز ئىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن بىر خىل مۇلايىملىق ۋە سەۋرچانلىق چىقىپ تۇراتتى.

— پەرىدە، بۈگۈن قانداق بولۇپ كېلىپ قالدىڭىز؟ — يارمۇھەممەد ئالدىراپ سورىدى، — خېلى بولدى، كۆرۈنمەي كەت-تىڭىز؟

— مەكتەپتە ئىمتىھان بىلەن بولۇپ كەتتىم، — دېدى پەرىدە ئەتراپقا قاراپ قويۇپ، — ئۆيدە چاي تۆكەپتىكەن ...

خېلىدىن بۇيان كۆرمىگەچكىمۇ يارمۇھەممەدنىڭ كۆزىگە پە-رىدە تېخىمۇ تولۇپ، چىرايلىق بولۇپ كەتكەندەك كۆرۈندى، ئۇ قىزنىڭ ئىتتىك كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ سوئاللارنى سورا-ۋەردى:

— ئۆيدىكىلەر تىنچلىقتۇ؟

— تىنچلىق ...

— تۇرغاندىن بىرەر خەۋەر بارمۇ؟

— يوق...

يارمۇھەممەد ئورۇنسىز سوئال سوراپ قويغانلىقىنى بىلىپ دەرھال گەپنى يۆتكىدى:

— ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرەمسىز؟

— ئۆيدىكىلەر ئۇنىمايۋاتىدۇ، ئۆزۈممۇ ئويلاپ باقسام ئالىي مەكتەپنىڭ چىقىمىنى تۆلىيەلمىگۈدەكمىز...

— ئۇنداقتا، نېمە ئىش قىلاي دەۋاتىسىز؟

— نېمە ئىش قىلاتتۇق، دېھقان بولىمىز شۇ...

يارمۇھەممەد پەرىدەنىڭ بۇلاقسايدىن كەتمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، ئىچىدە خۇشال بولدىيۇ، لېكىن قىزنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن تەسەللى بېرىپ قويدى:

— دېھقان بالىلىرىنىڭ تەقدىرى شۇنداق بولىدىغان گەپ. كەن، قانداق قىلىمىز؟ مەنمۇ ئۆز ۋاقتىدا ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇسام دەپ ئارزۇ قىلغانىدىم، ئاخىر يەنە بۇلاقسايدىن چىقالمىدىم. شۇڭا، قارىغاندا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يەرنىڭ توپىسى ئېغىر بولىدىغان ئوخشايدۇ...

— سىزنىڭ كۆڭلىڭىز ياخشىغۇ، — پەرىدە دۇكانغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ دېدى، — ئېتىسىزنىڭ جاپاسىنى تارتمايۋاتىسىز، ھازىر بۇلاقسايدىكى بايلاردىن بولۇپ قالدىڭىز.

— بۇ ئىشنىڭ جاپاسىنى ئاز دەمسىز؟ مالغىمۇ ئۆزۈم ماڭغان، دۇكانغىمۇ ئۆزۈم قارىمىسام بولمايدۇ، يالغۇزچىلىقتا تەس ئىكەن...

— ھەمراھدىن بىرنى تېپىۋالسىڭىز بولمامدۇ؟ — پەرىدە ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا شۇنداق دېدىيۇ، لېكىن ئۆز گېپىدىن ئۆزى ئوڭايسىزلىنىپ قىزىرىپ كەتتى.

يارمۇھەممەدنىڭ تىلىغا «سىزنى ھەمراھ قىلاي» دېگەن سۆز كەلگەنىدى، لېكىن «پەرىدە باشقىچە ئويلاپ قالارمىكىن» دەپ ئەنسىرەپ دېمەستىن گەپنى ئايلاندۇردى:

— پەرىدە! — دېدى ئۇ يېقىن كېلىپ، — سىز دەپ بېقىڭە، سىزچە مەن ئۆزۈمگە كىمنى ھەمراھ قىلسام بولار؟

— ۋايىەي، بۇلاقسايدا قىزلار جىققۇ؟ — دېدى پەرىدە كۈلۈپ، — ياكى شەھەردىن تېپىۋالدىڭىزمۇ ـ يە؟

— شەھەردىن تاپىدىغان نىيىتىم بولسا بۇلاقسايغا يېنىپ كەلمەيتتىم دەڭا، ئۇنىڭ ئۈستىگە شەھەرنىڭ قىزلىرى ماڭا ئوخشاش سەھرالىق ئاق پايپاقلارنى يارىتامدۇ؟ بىزنىڭ يېشاند-

مىزگە مۇشۇ يۇرت يېزىلغان ئوخشايدۇ.

پەرىدەنىڭ يۈرىكى ئوقچۇپ كەتتى، ئۇ يارمۇھەممەدنىڭ چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدىن نېمىنىدۇر ھېس قىلغاندەك بولدىيۇ، لېكىن جەزم قىلالمىدى، «يارىنىڭ راستىنلا يۇرگەن قىزى يوقمىدۇ؟ ئەجەب گەپلەرنى قىلىدىغۇ؟ مېنى يۈرىكىم ئالدىمايۋاتقاندۇ - ھە؟...» دۇكانغا جالالنىڭ كىرىپ كېلىشى پەرىدەنىڭ شېرىن خىياللىرىنى ئۈزۈۋەتتى، جالال بۇلاقسايدا بىرىنچى باي دەپ نام ئالغان رېھىم شاھنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ پەرىدە بىلەن يارمۇھەممەدنىڭ قىزغىن پاراڭلىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئەرۋاھى ئۇچتى، ئۇ يارمۇھەممەدكە قاراپ ئالىيىپ قويدى - دە، پەرىدەگە يېقىن كېلىپ سورىدى:

— پەرىدە، نېمە لازىم ئىدى؟

جالالنى كۆرۈپ پەرىدەنىڭ چىرايى شۇ ھامان تۇرۇلدى، ئۇ جالالغا قارىماستىنلا يارمۇھەممەدكە:

— چاينى ئېلىپ بېرىڭە، مەن كېتەي، — دېدى ۋە يانچۇقىدىنى ئاختۇرۇپ پۇلنى ئالغۇچە جالال يارمۇھەممەدنىڭ ئالدىغا ئون سومنى تاشلىدى.

بۇنى كۆرۈپ پەرىدەنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

— جالال، نېمە قىلىۋاتىسىز؟ — دېدى ئۆكتۆپ تۇرۇپ.

— ئوخشاشقۇ، چاينى ئېلىپ كېتىۋېرىڭ، — دېدى جالال كۈلۈپ قويۇپ، — يەنە باشقا نەرسە كېرەكمىدى، دەڭ؟...

— جالال! — دېدى پەرىدە تىترەپ تۇرۇپ، — بىزنى ئۇنچىۋالا پەس كۆرۈپ كەتمەڭ، بىز تېخى خەقلەرنىڭ قولىغا قاراپ قالغۇدەك كۈنگە قالمىدۇق جۇمۇ!

— مەن پەس كۆرمىدىم، — دېدى ئۇ قاش - كۆزىنى كېرىپ، — يارىغا قەرزدار بولۇپ يۈرمەڭ دەيمەنغۇ، سودىگەر دېگەن خەققە ئون تىيىن قەرزدار بولۇپ قالسىڭىز ئەتىسىلا ئۈسۈم تەلەپ قىلىدىغان نېمىلەر...

جالالنىڭ گېپى يارمۇھەممەدنىڭ نېرۋىسىغا تەگكەن بولسى-مۇ، ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ گەپ قىلمىدى، چۈنكى ئۇ جالالنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلىدۇ، ئۇنىڭ «قان» دېگەن لەقىمىگە لايىق خۇيى بار بولۇپ، مەھەللىدە ئىككى كۈندە بىر جېدەل تېرىپ سوقۇشمىسا يېگەن تامىقى تېنىگە سىڭمەيتتى. يېقىندىن بۇيان ئۇ پەردەنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىپ، ئاخىر ئاتا - ئانىسىغا دەپ ئۇنىڭ ئۆيىگە ئەلچى كىرگۈزدى. مەسۇم تاران رېھىم شاھ بىلەن خۇشى بولمىسىمۇ، لېكىن تۇغقاندارچىلىقنىڭ يۈزىنى قىلىپ: «پەردە تېخى ئوقۇشتا، ئاۋۋال ئوقۇشىنى تۈگەتسۇن...» دېگەن جاۋابنى بەرگەنىدى. جالال بولسا بۇ جاۋابنى ماقۇل بولدى دەپ چۈشەندى - دە، شۇنىڭدىن باشلاپ پەردەنىڭ كەينىدىن مارايدىغان بولۇۋالدى. بايا ئۇ پەردەنىڭ دۇكانغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ كەينىدىن ئىز بېسىپ كەلگەنىدى.

پەردە يارمۇھەممەدنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ بىلەن تاكاللىشىشنى ئەپ كۆرمىدىمۇ، چاينىمۇ ئالماستىن دۇكاندىن چىقىپ كەتتى. جالال ئۇنىڭ كەينىدىن چىقىپ چاقىرغانىدى، لېكىن پەردە قايرىلىپ قاراپمۇ قويمىدى، پەردەنىڭ قوپال مۇئامىلىسى، يارمۇھەممەدنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ئوسال قىلىشى جالالنىڭ جان - جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ دۇكانغا يېنىپ كىرىپ، پۈتۈن ئەلەمىنى يارمۇھەممەدتىن ئالدى:

— پۇلنى نېمىشقا ئىتتىك ئالمايسەن؟— دېدى ئۇ يارمۇھەممەدكە ھۆرپىيىپ.

— سېنىڭ پۇلۇڭنى نېمىدەپ ئالاتتىم؟

— سېنىڭ نېمە چاتىقىڭ، يا پەردەگە بىكارغا بەرمەكچىمىدىڭ؟

— جالال! — دېدى يارمۇھەممەد ئۆزىنى زورغا بېسىپ، — تەتۈرلۈك قىلماي مە، پۇلۇڭنى ئېلىپ ئۆيۈڭگە كەت!

— نېمە؟ مېنى قوغلاۋاتامسەن؟

— دۇكاننى تاقايمەن.
— مېنى كۆرۈپ تاقىغىلى كېلىۋاتامدۇ؟ — جالال پوكەيگە كېلىپ يېنىچە يانپاشلىدى، — پۇۋدىن ئاله، ئىچىپ ئاندىن ماڭىمەن.
— پۇۋا قالمىدى، — دېدى يارمۇھەممەد ئۇنى كەتكۇزۇۋەتمەكچى بولۇپ.
— يالغان! ئاله پۇۋنى!
— جالال، نېمە قىلماقچىسەن؟
— خامىرىڭنىڭ بېزىنى ئالىمەن، — جالال پوكەيگە مۇشتۇمى بىلەن بىرنى قويۇپ ھۆركىرىدى، — سەن پەرىدەگە نېمانچە يېقىنچىلىق قىلىسەن؟
— يېقىنچىلىق قىلىپ نېمە دەپتىمەن؟
— مەن تالادا ھەممىنى ئاڭلاپ تۇردۇم، مەن ساڭا ئېيتىپ قوياي، يارى. سەن ھوشۇڭنى بىلىپ يۈر! پەرىدەنىڭ بېشى باغلاقلىق ... ئۇ مېنىڭ، ئاڭلىدىڭمۇ؟ ... ئەگەردە ئۇنىڭغا يەنە گەپ قىلىپ بېشىنى ئايلاندۇرىدىغان بولساڭ مېنىڭدىن ياخشىلىق كۆرمەيسەن! ...
جالال شۇنداق دېگىنىچە يارمۇھەممەدكە قاراپ مۇشتۇمىنى تەڭلەپ قويدى، ئاندىن ئۇ پوكەيدىكى پۇلنى يۇلۇپ ئېلىپ، يانچۇقىغا سالدى ـ دە، دۇكاننىڭ ئىشىكنى جالاقشىتىپ تېپىپ ئېچىپ كوچىغا چىقىپ كەتتى.
مىنۇت ئىچىدە يۈز بەرگەن بۇ ئىش يارمۇھەممەدنى گاڭگىرىتىپ قويدى.
جالالنىڭ ئۆكتەملىكى ئۇنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلغان بولسىمۇ، لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن خۇشالمۇ قىلدى. بۇگۈن كۆزى بىلەن كۆردىكى، پەرىدەنىڭ جالالغا مەيلى يوق ئىكەن، پەرىدە چوقۇم ئۇنىڭغا تەگمەيدۇ، يارمۇھەممەد ئۇنىڭ باشقا بىرەر يىگىت بىلەن يۈرگىنىنىمۇ ئاڭلىمىدى: «ئەمدى پۇرسەتنى چىڭ تۇتسام

بولغۇدەك، لېكىن ... مەسۇمكام نېمە دە؟ ئۇ تۇرغاننىڭ يىتۇپ
كەتكەنلىكىنى مېنىڭدىنلا كۆرۈۋاتىدۇ، بولمىسا، مەن تۇرغانغا
شۇنچە يالۋۇردۇم، ئىچكىرىگە بارما دەپ توستۇم، لېكىن ئۇ
مېنىڭ نەسىھىتىمگە كۆنمەي مېنى ئازغاشتۇرۇپ قېچىپ كەتتى،
ئۇ ھازىر نەلەردە يۇرۇيدىغاندۇ؟ ... پەرىدە ماقۇل دېگەندىمۇ
مەسۇمكام ئۇنىماي تۇرۇۋالارمىكىن، قېنى، ئاۋۋال پەرىدەنىڭ
كۆڭلىنى بىلىپ باقاي ...»

يارمۇھەممەد ھەم شېرىن، ھەم ئازابلىق خىياللارغا چۆكۈپ
ئۇزاق ئولتۇردى، پەرىدە بىلەن كۆرۈشۈش ئۇنىڭ كۆڭلىگە يېڭى
بىر ئۈمىد، شۇنداقلا ئازابلىق بىر ۋەسۋەسىنى سېلىپ قويدى،
ئۇ گاڭگىراپلا قالدى، ئۇ جالالنىڭ يەنە ئايلىنىپ كېلىپ جېدەل
تېرىشىدىن ئەنسىرەپ دۇكاننى ئىچىدىن تاقىدى ...

بۇ چاغدا پەرىدەمۇ تىنچسىز ئىدى، دادىسى بىلەن ئاپىسى
چۈشلۈك چېيىنى ئىچىپ بولۇپ ئۇخلىغىلى ياتتى، پەرىدەنىڭ
بولسا كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. ئۇ نەچچە كۈندىن ئوقۇۋاتقان
رومانىنى كۆتۈرۈپ باغقا چىقتىيۇ، لېكىن كىتابنىڭ خەتلىرى
مېڭىسىگە زادىلا چۈشمىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا باياتىن دۇكاندا
بولغان ئىشلار كېلىۋالاتتى، ئۇ يارمۇھەممەد بىلەن قىلىشقان
پاراڭلارنى بىرمۇبىر ئەسلەپ چىقتى. يىگىتنىڭ ھاياجان بىلەن
چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئۆزىگە بولغان يېقىنلىقىنى ھېس
قىلدى. يارمۇھەممەدكە ئوخشاش، پەرىدەمۇ ھەر قېتىم يارىنى
كۆرسە قەلبىگە ئازابلىق ۋە شېرىن بىر تۇيغۇ قۇيۇلاتتى ـ دە،
قىزنى بىرنەچچە كۈن ئازاب ئىچىدە ئۆرتەيتتى. ئۇلار ھەر قېتىم
قىسقىلا كۆرۈشۈپ قالاتتى، تەقدىر ھازىرغىچە ئۇلارغا يۈرەك
سۆزلىرىنى قانغۇدەك دېيىشىدىغان پۇرسەتنى زادىلا بەرمەي كېلىد-
ۋاتاتتى، بۇگۈنمۇ شۇنداق بولدى، جالال ھەممىنى بۇزدى. پەرد-
دە زارىقىپ كۈتكەن سۆزنى ئاڭلىيالمىدى. «يارى نېمە دەپ
ئويلاپ قالدىكىنە؟ مېنى تايىنى يوق قىزكەن، بىردەم جالالغا

ماقۇل دەپ، ئەمدى ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپتۇ دەۋاتقانمىدۇ؟ ... بۇ مەرەز نەدىن پەيدا بولدى، مېنى كەينىمدىن ماراپ يۈرگەن ئوخ- شايدۇ، ئاپامغا دەپ ئۇنىڭ بىلەن گەپنى ئۈزۈۋەتمىسەم بولمىغۇ- دەك، بايا مەن كەتكەندىن كېيىن جالال ئاغزىغا كەلگەننى دەپ يارىنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋەتتىمىكىن! ... ئەتە - ئۆگۈنگىچە يارى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ قويسام بولغۇدەك ... توۋا! كىچىك چاغلىرىمىزدىلا يارى كۆزۈمگە بۆلەكچە ئىسسىق كۆرۈنەتتى ...»

پەرىدە ئويغا پاتقىنىچە تىك چۈشكەن قۇياش نۇرىدا ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرغان يىراقتىكى رەڭگارەڭ ئېتىزلىقلار، تاغلارغا كۆز تاشلىدى. سېغىنىش، خۇرسىنىش، ھەسرەت گىرەلىشىپ كەتكەن غۇۋا بىر تۇيغۇ ئۇنىڭ يۈرەك باغرىنى تىنماي تىلغاپ تۇراتتى، ئۇ ھېچقاچان بۇنداق ئارامسىزلىق ۋەسۋەسە بىلەن يۈرە- كىنىڭ ئاستىن - ئۈستۈن بولغانلىقىنى بېشىدىن كەچۈرمىگەنىد- ى. كىشىنى بىھوش قىلىۋېتىدىغان بۇ خىل شادلىقنى، قەلبى- نىڭ چوڭقۇر يېرىدىكى ھاياجاننى تۇنجى قېتىم ھېس قىلىپ نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالدى. پەرىدە شۇ تاپتا ئۆزىگىمۇ مەلۇم بولمىغان قانداقتۇر سىرلىق بىر كۈچنىڭ ئىختىيارىدا ئىدى، بۇ سىرلىق كۈچ ئۇنى ھەر مۇقامغا سېلىپ ئويناتاتتى ...

## 4

مەسۇم تارانىنىڭ ئىچى تىت - تىت بولاتتى، ئۇ ئىچكەركى ئۆيدىكى پەنجىرە ئالدىدا شۈمشىيىپ ئولتۇرۇپ، قاغجىراپ تۇر- غان قورۇسىغا كۆڭۈلسىز قارىغىنىچە ئاچچىق تاماكىنى ئۈزمەي چېكەتتى، كۆكتە بۇلۇتتىن ئەسەرمۇ يوق. كۆپكۆك ئاسمان قىز- غۇچ سېرىق يالقۇن چىقىرىپ كۆزنى قاماشتۇراتتى، ھاۋا قۇياش نۇرىدا تىترەپ چاقنايتتى. ئىسسىقنىڭ دەستىدە تالا - تۈزدە

ئادەملەرمۇ كۆرۈنمەيدۇ، مەھەللىدىكى ئىتلارمۇ ھاۋشىشتىن توختاپ، تاملارنىڭ سايىسىغا كىرىپ قىپقىزىل تىلىنى چىقىرىپ يېتىشاتتى، بۇ چاغدا چىۋىنلەر جانلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ھەممە ئۆيلەردە ئۇلارنىڭ گىڭشىلداشلىرى ئاڭلىناتتى. «بۇ ئىسسىق يەنە بىر ـ ئىككى ھەپتە بولىدىغان بولسا بۇلاقسايلىقلارنىڭ زىرا- ئەتلىرىلا ئەمەس، ئۆي بىساتلىرىمۇ كۆيۈپ كۇل بولۇپ كېتىدى- غۇ، — دەيتتى مەسۇم تاران ئىچىدە، — قايسى كۈنى شۇنچە پۇل تاشلاپ يامغۇر تىلەپ قىلغان زاراخەتمىنىڭمۇ ھېچبىر پايدى- سى بولمىدى، يامغۇرنىڭ شەپىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ. ئابدۇل كاناي- نىڭ نەزىرگە سويغان كالىنىڭ يېرىم سان گۆشىنى كېچىدە ئۆيگە ئەكىرىپ كەتكىنىگە ياراتقان ئىگەمنىڭ غەزىپى تۇتۇپ نەزىرنى قوبۇل قىلمىدىمىكىن؟ تۇنۇگۈن ئاسىم لەقۋا يارىنىڭ دۇكىنى- نىڭ ئالدىدا: ‹ ئابدۇل مەزىن يوغان بىر پارچە گۆشنى كۆتۈرۈپ ناسىر ئىمامنىڭ ئۆيىگە ئەكىرىپ كەتتى، مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم › دەۋاتاتتى، ئاسىمنىڭ كۆرگىنى راست ئوخشايدۇ... ئىنساپسىز نائەھلىيلەر، ئاۋۇ ئابدۇل كاناي دېگەن نېمە كوممۇنا ۋاقتىدا ئامبارچى بولۇپ خەقنىڭ رىزقىنى ئاز يېمىگەن نېمىتى، ماۋۇ كۈنگە كەلگەندە توۋا قىلىپ ئىمانغا كەلدى دېسەك، يەنە ئۆگەنگەن كونا خۇيى قالمىغان ئوخشايدۇ، ھارامغا ئۆگەنگەن بەتبەختلەر، سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭنىڭ كاساپىتىدىن بۇلاقسايغا ئاپەت يېغىپ كېتىۋاتىدۇ...»

بىرىنىڭ ھويلىدا توۋلىغان ئاۋازى مەسۇم تاراننىڭ كۆڭۈل- سىز خىياللىرىنى چېچىۋەتتى. مەسۇم تاران ھويلىغا قاراپ، كەنت باشلىقى تېيىپنى تونۇپ جايىدىن مىدىرلىمىدى. «ئەتىگەندە بۇ نېمىدەپ كەلگەندۇ؟ — دېدى ئۇ خۇشياقمىغاندەك تەرىنى تۈرۈپ، — ھەرقاچان، سۇ پۇلىنى تاپشۇر دەپ كەلدى. مۇشۇ تاپتا ئىچىدىغان چايغا تىيىن يوق، ساڭا نەدىكى پۇل؟... دەپتىرىڭگە يېزىپ قويۇپ تۇرارسەن...»

مەسۇم تاراننىڭ خىيالى ئاخىرلاشماي تۇرۇپ كەنت باشلىقى ئۆيگە ئېگىز بويلۇق ئىسراپىلنى باشلاپ كىرىپ كەلدى، ئىسرا- پىل ئىچكەركى ئۆيگە كىرىۋېتىپ بېشىنى ئىشىككە ئۇرۇۋالدىيۇ، چاندۇرماستىن ئاغرىقنى ئىچىگە يۇتتى، ئۇنىڭ كەينىدىن كىر- گەن تېيىپ كۈلگىنىچە:

— يەنە ئۇرۇۋالدىڭمۇ، — دېدى بېشىنى چايقاپ، — بۇلاقسايدا بىرەر يىل تۇرساڭ خېلى پاكارلاپ قالىدىغان ئوخشاي- سەن...

ئىسراپىل گەپ قىلماستىن كۈلۈپلا قويدى.

— مەسۇمكا، بارمۇسەنۇي؟ — تېيىپ پەنجىرە ئالدىدا ئول- تۇرغان ئۆي ئىگىسىگە قاراپ گەپ قىلدى، — پاھ، ئىسسىقتا ئېرىپ كەتمەي دەپ ئۆيگە تىقىلىۋاپسەندە ـ ھە؟ — دېدى مەسۇم تاراننىڭ «توڭ» لەقىمىنى كەلتۈرۈپ چاقچاق قىلدى.

مەسۇم تارانمۇ دەرھال چاقچاق ياندۇردى:

— ئۆزۈڭنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ ئاڭلىسام، سېنى كۆكيۇيۇن- دىن قېچىپ گەمىدە يېتىپ يۈرۈيدۇ دەيدىغۇ؟ ... — دېدى تېيىپنىڭ «كالا» لەقىمىگە توغرىلاپ.

— ئۆيۈڭ گەمىدىنمۇ بەتتەر ئىكەن، مۇز چىقىدىغۇ؟ قىش كەلسە يايراپ كېتىسەندە ـ ھە، مەسۇمكا؟

— مەندىن بەكرەك سەن خۇش بولارسەن، بىكار يېتىپ يەيسەن ـ دە؟ ...

بۇلاقسايلىقلارنىڭ ئادىتى شۇنداق، ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن كۆرۈشكەندە سالام ـ سەھەتنىڭ ئورنىدا بىر پەدە چاقچاق قىلىشىۋالمىسا كۆڭلى تىنمايدۇ، ئۇلار ئۈچۈن چاقچاق ئاش ـ ناندىنمۇ قەدىرلىك ... ئىسراپىل ئۇلارغا قاراپ ھەيران بولدى: «ئۇلار شۇنچىلىك نامرات، غۇربەت تۇرمۇشتا ياشايدۇ، لېكىن ئو- يۇن ـ چاقچاقتىن ئايرىلمايدۇ، بۇلاقسايلىقلار ئاجايىپ ئادەملەر ئىكەنغۇ! ...»

سالام ـ سەھەتتىن كېيىن تېيىپ ئىسراپىلنى تونۇشتۇردى:
— بۇ ياقنى تونۇمايسەنغۇ دەيمەن، — دېدى ئۇ ئىسراپىلنى كۆرسىتىپ، — بۇ بىزنىڭ يېزىغا يېڭىدىن شياڭجاڭ بولۇپ كەلگەن، ئىسمى ئىسراپىل بولىدۇ، ئۇ بۇ يىل بىزنىڭ بۇلاقسايدا نۇقتىدا تۇرۇپ ئىشلەشكە كەلدى. بۈگۈن ئەزالار بىلەن تونۇشاي دەپ ئۆيلەرنى ئارىلاۋاتىمىز، ئىسراپىل باياتىن ئىسسىپ كەتتىم دېگەنتى، ئۇنداق بولسا يۇرە، ماۋۇ يەردە مۇزدەك بىر ئۆي بار دەپ سېنىڭكىگە باشلاپ كەلدىم.
— ياخشى قىپسەن، — دېدى مەسۇم تاران دەرھال، — بۇ گەپچە، بۈگۈن نۇرغۇن ئۆيلەرگە ئۇسۇپ بېقىپسەن ـ دە؟...
مەسۇم تاران ياش چاغلىرىدا مەھەللىدىكى مەشرەپ، ئولتۇ-رۇشلارنى سورايدىغان چاقچاقچىلارنىڭ بىرى ئىدى. ياش چوڭاي-غانسېرى، ئۇنىڭ مىجەزى ئېغىرلىشىپ ئولتۇرۇشلارغا بارماس بولدى، لېكىن ھازىرمۇ چاقچاقتا خېلى ـ خېلىسىغا بوزەك بولمايتتى... مەسۇم تاران ئىسراپىلغا زەن سالدى. ئۇنىڭغا بۇ يىگىت تونۇشتەكلا، بىر يەردە كۆرگەندەك تۇيۇلدىيۇ، لېكىن نەدە كۆرگەنلىكىنى خېلى ئويلاپمۇ ئەسلىيەلمىدى.
— شياڭجاڭ دېدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى مەسۇم تاران ئىسـ-ـراپىلغا قـاراپ قـويۇپ، — ياخشى بوپتۇ، قېنى، تۆپىگە ئۆ-تۈڭلار... ھاي، شەرۋان! — ئۇ دالان ئۆيدە بىرنەرسە قىلىۋاتقان ئايالىنى چاقىردى، — مېھمانغا كۆرپە سېلىپ قويغىنا، قېنى، يۇقىرى، يۇقىرى...
— بولدى، بولدى، — دېدى ئىسراپىل سۇپىغا چىقىپ كونىراپ يىرتىلىپ كەتكەن كىگىزگە قاراپ قويۇپ ئولتۇردى.
ئاڭغىچە شەرۋان كونا بىر كۆرپىنى كۆتۈرۈپ كىرگەنىدى، ئىسراپىل ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتى.
— كۆرپە سالمايلى، ئىسسىپ كېتىدىكەن.
— ماقۇل دە، — دېدى تېيىپ ئۇنىڭغا قاراپ، — بۇ ئۆيدە

ھېلىلا توڭلايسەن.

— تېپىپىنىڭ يېنىغا قويۇپ قويغىن، — دېدى مەسۇم تاران ئايالىغا، — ھېلى توڭلىسا دۇمبىسىگە ياپىمىز ...

شەرۋان كۇلۇپ كۆرپىنى سېلىپ قويدى ـ دە، چاي تەييارلىغىلى دالانغا چىقىپ كەتتى ...

— ئىسراپىل شياڭجاڭنى كۆرگەندەك قىلامسەن؟ — دەپ سورىدى تېيىپ بىر ئازدىن كېيىن.

مەسۇم تاران مېھمانغا يەنە بىر قاراپ قويۇپ بېشىنى چايقىدى:

— چىرايىغۇ تونۇشتەك قىلىدۇ ...

— ئىسراپىل شياڭجاڭ بىزنىڭ بۇلاقسايلىقكەن.

— بۇلاقسايلىق دەمسەن؟ — مەسۇم تاران ھەيران بولغاندەك ئىسراپىلغا قاراپ قويدى، — كىمنىڭ بالىسى بولدى؟

— ھاشىر كامىنى بىلىسەنغۇ؟ مەسچىتنىڭ كەينىدە ئۆيى بار...

— ھاشىر بوراننى دەمسەن؟ ... نېمىشقا بىلمەيمەن، بىز كىچىكىمىزدە بىللە ئوينايتتۇق...

— شۇ ھاشىر كامىنىڭ ئوغلى بولىدۇ.

— شۇنداقمۇ؟ ... — مەسۇم تاران ئىسراپىلغا قىزىقىش بىلەن قاراپ قويدى، — مۇنداق دېگىنە، بوي ـ تۇرقى ئوخشاپ تۇرىدۇ... ئۇنداقتا ئۆزىمىزنىڭ تارانچى بالىسى ئىكەنسەنغۇ؟ ... — مەسۇم تارانغا جان كىرگەندەك تېتىكلەشتى، — ھە، ئاپاڭ تىنچلىقمۇ؟

— تىنچلىق ... — دېدى ئىسراپىل كۇلۇپ قويۇپ.

— داداڭچۇ؟

— داداممۇ ياخشى، سىزگە سالام ئېيتتى...

— سالامەت بولسۇن، — دېدى مەسۇم تاران ئېچىلىپ، بىردىن ئۇنىڭ كۆڭلى يايراپ قالدى، — بىز دېگەن سېنىڭ داداڭ

بىلەن كىچىكىمىزدە قىلىن دوست ئىدۇق ··· ئۇ ئوقۇپ قويغاچقا كادىر بولۇپ كەتتى، ھە، داداڭ نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ، يەنە شۇ بۇرۇنقى ئىدارىسىدە ئىشلەۋاتامدۇ؟

— ھەئە··· شۇ ئىدارىدە ··· دادام بىرەر يىل بولدى ئاغرىقـچان بولۇپ قالدى، تولىراق دوختۇرخانىدا ···

— نېمە كېسەل بولدى؟

— رېماتىزم···

— شامال تەگكۈزۈۋاپتۇ ـ دە؟ — مەسۇم تاران ئۇنىڭ «بوران» دېگەن لەقىمىگە توغرىلاپ چاقچاق قىلدى.

تېيىپ دەرھال گەپ قىستۇردى:

— سىنىڭ بىلەن بىللە يۇرۇپ كىچىكىدە تەگكەن سوغۇق دېگىنە ···

— ئۇمۇ ناتايىن، — دېدى مەسۇم تاران تېيىپقا قاراپ، — ھەرقاچان، يەللىك بىرنېمىنىڭ گۆشىنى جىق يەپ قويىدىمىكىن؟ ···

تېيىپ دەرھال جاۋاب قايتۇرالماي جىم بولدى، ئىسراپىل ئۇلارنىڭ چاقچاقلىرىنى ئاڭلاپ كۈلدى: «مەسۇم تاران دېگەن بۇ ئادەم بوش كىشى ئەمەسكەن جۇمۇ!» دەپ ئويلىدى.

— داداڭ بۇلاقسايغىمۇ چىقماس بولۇپ كەتتى.

— دادامۇ دائىم بۇ يەرنىڭ گېپىنى قىلىدۇ، پېنسىيىگە چىقسام بۇلاقسايغا كېتىمەن، دەپ يۇرىدۇ.

— بۇلاقسايغا يېتەمدۇ؟ ··· شەھەرگە كىرىپ قالسام يېنىپ چىققۇچە كۆزۈم تۆت بولۇپ كېتىدۇ ··· ھە، ئۆزۈڭ ھەرقاچان ئۇرۇمچىلەردە ئوقۇپ كەلگەن بولغىيتتىڭ؟

— ھەئە، ئۇرۇمچىدە ئوقۇدۇم.

— نېمىنى ئۆگىنىپ كەلدىڭ؟

— ئىگىلىك باشقۇرۇش كەسپىدە ئوقۇغانتىم، كەلگەندىن كېيىن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە بەش يىل ئىشلەپ، بۇ يىل يېزىغا چىقتىم ···

— مۇنداق دېگىن، ھە، — مەسۇم تاران ئۇنىڭغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى، — ياخشى كەپسەن، بىزنىڭ ھالىمىز مۇشۇ، ئاتا - بوۋىلىرىمىز ماكان تۇتقان يۇرتنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇۋاتىمىز... خۇداغا شۈكۈر، ئاچ - يالىڭاچ قالمىدۇق، بايمۇ بولۇپ كەتمىدۇق.

— توڭلاپمۇ قالمىدۇق دېگىنە، — تېيىپ چاقچاق قىلدى.

— كالىدەك سۆرىلىپ كېتىۋاتىمىز، — دېدى مەسۇم تاران دەرھال...

ئىسراپىل ئۇنىڭ دەل كەلتۈرگەن چاقچىقىغا قايىل بولۇپ كۈلۈۋەتتى.

— بۇ يىل نېمە بولدى، ياز بەك قۇرغاق كەلدى، — دېدى مەسۇم تاران خۇرسىنىپ قويۇپ، — بۇ يىل دېھقانچىلىقنىڭ ھوسۇلىمۇ چاغلىق بولىدىغاندەك...

— بىنەم تېرىغانمىتىڭىز؟ — دەپ سورىدى ئىسراپىل.

— تېرىدىغان، بىۇ تىۇرقىدا ئىۇرۇقنى يىغىۋالغىلى بولامدىكىنتاك...

شۇ ئارىدا تالادىن پەرىدە كىرىپ مېھمانلارغا سالام قىلدى. تېيىپ ئۇنى كۆرۈپ سورىدى:

— ئالىي مەكتەپلەرگە ئىمتىھان بېرىدىغانسىز؟...

پەرىدە ئىتتىك دادىسىغا قاراپ قويۇپ بېشىنى چايقىدى.

— نېمىشقا؟

— ئۇنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتقۇدەك ھالىمىز نەدە دەيسەن؟ — دېدى مەسۇم تاران ئۇھ تارتىپ قويۇپ، — ئاڭلىساق، ھازىر يىلىغا بەش - ئالتە مىڭ سوم تۆلەيدۇ دەيدۇ، بىزدە ئۇنچىلىك پۇل نېمە قىلىدۇ... ئاپىسىمۇ ئاغرىقچان، ئۆيدىن پەرىدە خەۋەر ئالمىسا بولمايدۇ...

— خۇرشىدەچۇ؟

— ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ...

ئىسراپىل تېيىپتىن سورىدى:
— بۇلاقسايدىن ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان باللار بارمۇ؟
— ئىلگىرى ئوقۇش پۇلى ئالمايدىغان چاغلاردا ئوقۇغانلار بار ئىدى. ھازىر يوق، رېھىم شاھنىڭ زىبانى ئۆتتى دەۋاتاتتى، كېيىن بارمىدىغۇ؟
— رېھىمكام ئەۋەتمىدى، — دېدى پەرىدە.
— نېمە دەپ؟
— ئوقۇش پۇلى ئۆرە ئىكەن، دەپ ئۇنىماپتۇ.
— رېھىم شاھ بۇلاقسايدىكى باي دېگەن ئادەم، — دېدى تېيىپ ئىسراپىلغا چۈشەندۈرۈپ، — شۇ چىدىمىغان يەردە باشقىلارغا تەس، بۇ يەردە، قارا، تولىسى ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگىتىپلا ئۆيگە يېنىپ كېلىدۇ...
ئىسراپىل چۈشەنگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.
— تاشتۆپە يېزىسى ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەن باللارنىڭ ئوقۇش پۇلىنى كۆتۈرىدىغان بوپتۇ، — دېدى پەرىدە.
— ئۇ دېگەن ناھىيە بويىچە باي يېزىدە، — دېدى تېيىپ، — ئۇلار بىلەن بىز قانداق تەڭ بولالايمىز؟...
— ئەمدى ئىسراپىلمۇ كەپتۇ، — دېدى مەسۇم تاران كۈلۈپ، — بىزنى تاشتۆپىدىن ئاشۇرۇۋېتەرسىلەر...
مەسۇم تاراننىڭ گېپىدىكى ئاچچىق كىنايىنى سېزىپ ئىسراپىل ئوڭايسىزلىنىپ قالدى، ئۆيدىكىلەر «ئەمدى قېنى نېمە دەيسەن؟» دېگەندەك ئۇنىڭغا قاراشتى.
— مەن بۇ يەرگە چىقىشتىن ئاۋۋال دادام ماڭا بۇلاقساي توغرۇلۇق جىق پاراڭلارنى قىلىپ بەرگەنىدى، — دېدى ئۇ ئالدىرىماي، — دادامنىڭ دېيىشىچە، بۇلاقساي بۇرۇن خېلى باي يەر ئىكەندۇق، كوپىراتسىيە يىللىرىدا ناھىيە بويىچە بايراقدار بولغانىكەن، شۇنداقمۇ، مەسۇمكا؟
— راست دەيسەن، ئىنقىلابتىمۇ داجەيچە كەنت بولغاندۇق...

— ئەمما، ھازىر ناھىيە بويىچە ئەڭ نامرات كەنت بولۇپ قاپتۇ، نەچچە كۈندىن بۇيان تېيىپ بىلەن مەھەللىنى ئايلىنىپ كۆرۈپ ھەيران قالدىم، بۇلاقسايىنى بۇنچىۋالا نامرات، قالاق دەپ ئويلىماپتىكەنمەن، ئاددىيسى، ئۆلكە ئازاد بولغىلى ئەللىك يىلـ دىن ئاشتى، بۇلاقسايغا تېخىچە توك كەلمەي، دېھقانلار قارا چىراغدا ياشاۋېتىپتۇ، ھازىر باشقا يېزىلاردا دېھقانلار خىش ئۆيـ لەردە ئولتۇرىدىغان بولۇپ كەتتى. بۇ يەردىچۇ، ھازىرغىچە دەقـ يانۇس زامانىدىكى سوقما تاملىق ئۆيلەردە ياشاۋېتىپتۇ، ئەگەر يەر تەۋرەش ياكى يامغۇر يېغىش ئاپىتى بولۇپ قالسا بۇ ئۆيلەرنىڭ بىرىمۇ ساق قالمىغۇدەك ...

— خۇدايىم ساقلا ... — مەسۇم تاران ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى.

— دېمىسەڭمۇ ئۆتكەن يىل كەلكۈن خېلى قورقاتتى، — دېدى تېيىپ ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، — بىرنەچچە ئۆينى بېسىپ كەتكىلى قىل قالدى.

— مەن چوڭ بولۇپ ئۇنداق كەلكۈن كەلگىنىنى كۆرمىـ گەن، — دېدى مەسۇم تاران.

پەرىدە داستىخان كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. داستىخاندا ئىكـ كىلا نان بار ئىدى. پەرىدە پىيالىلەرگە چاي قۇيۇپ، مېھمانلارـ نىڭ ئالدىغا قويدى. مەسۇم تاران ناندىن بىرنى ئېلىپ خېلى ھەپىلىشىپمۇ ئوشتالمىدى.

— بۇ ناننى توڭلاتقۇغا سېلىپ قويۇپتىكەندە، ھە، — دېدى تېيىپ ئۇنىڭ بىلەن چېقىشىپ.

— دېمىسەڭمۇ مۇڭگۇزدەك قېتىپ كېتىپتۇ - ھە؟ — دېدى مەسۇم تاران. ئۇ خېلى تەستە ناننى ئوشتۇپ، ئىسراپىلنىڭ ئالدىغا سۇرۇپ قويدى.

ئۇلار چاي ئىچكەچ پاراڭغا چۈشۈشتى.

— بۇلاقساي نېمىدەپ مۇشۇنداق نامرات بولۇپ كەتـ

تى؟… — ئىسراپىل سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مەن نەچچە كۈندىن بۇيان شۇ توغرۇلۇق جىق ئويلاندىم، مۇھىم سەۋەب، بىز بازار ئىگىلىكىگە يۈزلەنمەستىن بۇرۇنقىدەك دېھقانچىلىققىلا تايىنىپ كۈن ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇق … ھازىر خاس دېھقانچىلىق بىلەن كۆتۈرۈلمەك تەس … باياتىن تاشتۆپە يېزىسىنىڭ گېپى بولدى، مەن ئۇ يېزىدىمۇ ئىشلىگەن، ئۇ يەرنىڭ دېھقانلىرى چارۋا بورداپ كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. يەنە بىرى، ئۇلار بازارغا يېقىن، سودا قىلىشقا ئەپلىك. بىزنىڭچۇ؟ بىز بازارغا يىراق، قاتناش قۇلايسىز … شۇڭا يۇقىرىدىنمۇ بولاقسايىنى تۆۋەنگە كۆچۈرمەكچى بوپتىكەن…

— سەنمۇ بىزنى كۆچ دېمەيدىغانسەن؟ — مەسۇم تاران سورىدى.

— مەنمۇ بولاقسايىنىڭ ئەھۋالىنى يۇقىرىغا دېدىم، ئۇلار تۆۋەنگە چۈشۈرمەسلىككە قوشۇلدى، لېكىن ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلدى.

— قانداق ئۆزگەرتىدىكەنمىز؟

— يەر تەۋرەشكە چىدامىلىق ئۆيلەرگە ئۆزگەرتىمىز … بىز تېيىپ ئىككىمىز تۆپىدىكى سايىنىڭ ئىچىنى كۆردۇق، بولاقسايدا پۇل بولىدىغان نەرسىلەر جىق ئىكەن، بۇ يەرنى سەيلىگاھ قىلساق بولىدىكەن، دېگەن يەرگە كەلدۇق …

— بۇ يەرگە سەيلە قىلغىلى كىممۇ كېلەر؟ — مەسۇم بېشىنى چايقىدى.

— ئەگەر بىز شارائىتنى ھازىرلىساق كېلىدۇ … شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كونا ئۆيلەرنى يوق قىلىش كېرەك.

— بىز نەگە بارىمىز؟ …

— يېڭى مەھەللىنى دۆڭگە قۇرىدىغان بولدۇق، — دېدى تېيىپ قولى بىلەن غەرب تەرەپنى كۆرسىتىپ.

مەسۇم تاران كۈلگىنىچە بېشىنى چايقىدى.

— بۇ يىل يېزىنىڭمۇ بۇلاقسايىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش غەيرىتى بار، — دېدى ئىسراپىل، — سىز ئۆز ۋاقتىدا دۇيجاڭمۇ بولۇپتىكەنسىز، باشقىلارغا باشلامچى بولۇپ بېرەرسىز.

— نەپ تېگىدىغان ئىش بولسا ياق دەمدۇق، — دېدى مەسۇم تاران خۇشياقمىغاندەك بولۇپ، — ئەمما، بۇلاقسايلىقلارنىڭ يېڭى ئۆي سالغۇدەك هالى بار دەمسەن، مۇشۇ تاپتا قىشنى قانداق چىقىرىمىز، دېگەن غەمدە تۇرۇۋاتىمىز دېگىنە...

— ئۆي سالىدىغانلارغا هۆكۈمەت بىر قىسمىنى ياردەم قىلىدۇ.

— هۆكۈمەت سېلىپ بەرسە، تاڭ ...

— مەسۇمكا، — تېيىپ تېرىكىپ گەپ قىستۇردى، — يوقمۇ دەپ كەتمە، سەن دېگەن ئىدىلبايىنىڭ ئەۋلاد، ئاز - تولا يۇقۇندىسى بولسىمۇ باردۇ؟ سەن باشقىلارغا باشلامچى بولۇپ بەرسەڭ بولىدۇ ...

— سەن ئۆزۈڭ چىقمامسەن؟

— بۇدا چىقىمەن، ئۆيلۈك يەرنى ئېلىپ قويدۇم، قانداق؟ ماڭا قوشنا بولامسەن؟

— ساڭا قوشنا بولسام ئۆيىنىڭ تېمىنى خىشتىن ئەمەس، چويۇندىن ياسىسام بولار، بولمىسا، ئۇسۇپ ئۆرۈپ بولارسەن؟ ...

— بوپتۇ، باشقا يەردىن بېرەيلى.

— راست گەپنى قىلسام، مېنىڭ هازىر ئۆي - زېمىن قىلغۇدەك هالىم يوق. ماڭا مۇشۇ ئۆيمۇ بولۇپ تۇرىدۇ.

ئىسراپىل بىلەن تېيىپ ئۇنىڭغا خېلى گەپ قىلىپ باققان بولسىمۇ، مەسۇم تاران باشقا ئىپادە بىلدۈرمەي جىم ئولتۇرۇۋالدى، ئاخىر ئۇلار زېرىكىپ قايتىپ ماڭدى.

پەردە كىرىپ داستىخاننى يىغىشتۇرغاچ دادىسىدىن سورىدى:

— يېڭى شياڭجاڭ بۇلاقسايلىقمىكەن؟
— ھەئـە، ھـاشىر بـۇرانىنىڭ ئوغلى ئىكەن ئەمەسمۇ؟ توۋا ...
— بۇلاقسايىنى ئۆزگەرتمىگۇچە كەتمەيمەن دەيدىغۇ، خېلى ئىش قىلامدۇ نېمە؟
— بۇمۇ ھاشىرنىڭ بالىسى دېگىنە؟ — مەسۇم تاران ياراڭ-مىغاندەك بېشىنى چايقىدى، — ھاشىرمۇ بۇلاقسايغا ھەر قېتىم خىزمەت گۇرۇپپىسى بولۇپ كەلسە، «ئۇنداق قىلىۋېتىمەن، بۇن-داق قىلىۋېتىمەن» دەپ پو دېگەننى گۈلدۈرلىتىپ ئېتىپ، نەچچە ئايدىن كېيىن غىپلا قىلىپ تىكىۋېتەتتى، بۇنىمۇ كۆرىمىز تې-خى، ئەللىك يىلدىن بۇيان بۇنداق چىرايلىق گەپلەرنى جىق ئاڭلاپ كەتتۇققۇ؟...
— تېيىپكاملار يېڭى مەھەللىگە ئۆي سالغۇدەكمۇ؟
— كىم دەيدۇ؟
— باياتىن ئۆزى دەۋاتامدۇ...
— شۇلار چىقسۇن شۇ دۆڭگە، — دېدى مەسۇم تاران دىمىغىنى قېقىپ قويۇپ، — قېنى قانچىسى چىقاركىن، كۆرد-مىز، ئەمما مەن ئاتا ـ بوۋىمىزنىڭ چىرىغى يانغان زېمىننى تاشلاپ ھېچ يەرگە بارمايمەن!...
پەرىدە دادىسىنىڭ مىجەزىنى بىلگەچكە گەپ ـ سۆز قىلدى.

## 5

ئىلەكنىڭ ئۆيى مەھەللىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى تۈزدە بولۇپ، ئوچۇقچىلىقتا تۇرغان ئىككى ئېغىز كونا ئۆي خۇددى قوغۇنلۇقتىكى ساتمىدەك چوقچىيىپ تۇراتتى. ئۆينىڭ ئالدىدىكى قاچانلاردىدۇ سوقۇلغان قورۇق تام ئۇلتۇرۇشۇپ، ئۇ يەردە ـ بۇ يەردە ئېتىزلىقنىڭ قىرىدەك كىچىك ـ كىچىك دۆڭ قالغاند-

دى، ھويلىنى قوراي بىلەن تىكەن بېسىپ كەتكەندى. ئۇنىڭ قۇرۇسىنىڭ دەرۋازىسىمۇ يوق، پەقەت تارغىنە يالغۇز ئاياغ يول ئۇنىڭ ئۆيىنى كوچىغا تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتى.

ئىلەكنىڭ دادىسى ئەينى چاغدا بۇ يۇرتتا داڭقى بار مەرۇپ باخشىنىڭ داپچىسى بولۇپ، بىر ئۆمۈر داپ چېلىپ ئۆتكەندى. ئۇ نەدە پېرە ئوينالسا شۇ يەردە ھازىر بولاتتى ۋە ئۆزى بىلەن كىچىك ئىلەكنى ئېلىۋالاتتى. دادا - بالا ئىككىسىنىڭ كۈنى پېرە سورۇنلىرىدا، مازارلاردا دۇم يېتىپ، دۈم قوپۇپ ئۆتكەندى. دادىسى ئۇنىڭغا ئۆز كەسپى بولغان داپچىلىقنى ئۆگەتكەندى. لېكىن، تۇغۇلۇشىدىن ئاجىز، ۋىجىك چوڭ بولغان ئىلەك داپ چېلىشنى پەقەتلا ئۆگىنەلمىدى، دېھقانچىلىقنى بولسا تېخىمۇ بىلەمەي چوڭ بولدى، ئۇنىڭ كۈنلىرى قولۇم - قوشنىلارنىڭ ئىش - كۈشلىرىنى قىلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ بەرگەن ئاش - تامىقى بىلەن قورسىقىنى تويغۇزۇپ ئۆتتى. ئۇنىڭ تەلىيىگە كوممۇنا قۇرۇلۇپ، ئۇنى بەش كېيىللارنىڭ قاتارىغا كىرگۈزۈپ قويدى. ئۇ ئەترەتتىن بەرگەن قوتقۇزۇش بىلەن ئاچ قالماي كۈن كۆردى. شۇنداق ياشاپ يىگىرمە بەش ياشقا كىرگەندە، مەھەللىدىكىلەر «ساۋاب بولىدۇ» دەپ ئۇنىڭغا ئوماي ئاتلىق ھېچنېمىسى يوق تۇل ئايالنى ئېلىپ بەردى. بوي - بەستى ئىلەكتەك ئىككى پارچە كېلىدىغان بۇ ئايال ئىلەككە قاتارىغا ئۈچ ئوغۇل تۇغۇپ بەردى، «تېپىشمىغۇچە ئېلىشماس» دېگەندەك ئومايىنىڭ بوي - بەستى بولغىنى بىلەن تولىمۇ ھورۇن، بولۇمسىز ئايال چىقتى. ئۇ پوق - سۈيدۈككە مىلەپ يۇرۇپ ئىككى ئوغلىنى — ئاسىم بىلەن قاسىمنى چوڭ قىلدى. كەنجى ئوغلى ياسىن ئۈچ ياشقا كىرگەندە قىزىل چېقىپ ئۆلۈپ كەتتى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بالا يۈزى كۆرمىدى. ئاسىم بىلەن قاسىم ئانىسىنى دوراپ بەستلىك يىگىتلەردىن بولۇپ چوڭ بولدىيۇ، ئەمما مىجەزىمۇ ئاپىسىنى كىيىپ چۈشۈپ سېپى ئۆزىدىن ھورۇنلاردىن بولدى.

كومموٗنا زامانىسىدا ئەترەتنىڭ قوٗتقوٗزوٗشى بىلەن بەخىرامان كوٗن ئۆتكوٗزوٗۋاتقان ئىلەكنىڭ ئائىلىسى كومموٗنا تارقىتىلىپ، يەرلەر دېھقانلارغا بۆلوٗپ ھۆددىگە بېرىلگەندىن كېيىن تەس كوٗنگە قالدى. ئوٗلارغا بېرىلگەن يەرلەر ئاق ـ ئاق قېلىۋەردى. ئاخىر يەنە كەنت ئوٗلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆزدە توٗتوٗپ، ئىلەكنىڭ ئائىلە-سىنى ھۆكوٗمەتتىن قوٗتقوٗزوٗش ئالىدىغان نامراتلار تىزىملىكىگە كىرگوٗزوٗپ قويدى. ئوٗلار ئەمدى كوٗننى ھۆددىگە بەرگەن يەرنىڭ يىللىقىنى سېتىپ، قالغىنىغا ھۆكوٗمەت بەرگەن قوٗتقوٗزوٗشقا تايى-نىپ ئۆتكوٗزوٗپ كېلىۋاتاتتى. بوٗ يىل يېزىدىن قوٗتقوٗزوٗش ھېسا-بىغا بىر ئېشەك بىلەن هارۋىنى ئېلىپ بەردى:

— ئىككى ئوغلوٗڭ كارغا كەپتوٗ، — دېدى يېزىنىڭ خەلق ئىشلار كادىرى ئوٗنىڭغا ئۆگىتىپ، — موٗشوٗ هارۋا بىلەن ئوتوٗن توشوٗپ بازارغا ئەكىرىپ ساتساڭموٗ پوٗل ... بىرەر ئوقەت قىلىڭلار، بوٗ يىل بوٗنىڭدىن بۆلەك بىرنېمە بېرەلمەيمىز ...

ئىلەك ئىككى ئوغلىنى چاقىرىپ كادىرنىڭ گېپىنى دېگەند-دى، لېكىن ئوٗلار يېقىنموٗ كەلمىدى.

— ۋاي ـ ۋوٗي، — دېدى ئاسىم تەرىنى توٗروٗپ، — نەدىن ئوتوٗن ئىزدەپ يوٗرىمەن، قاسىم توشوٗسوٗن! ...

قاسىم بولسا ئاكىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئەرۋاھى ئوٗچتى:

— مەن موٗشوٗ سۆلىتىم بىلەن ئوتوٗنچىلىق قىلىمەنموٗ؟ — دېدى ئوٗ قولىنى سىلكىپ، — بولدىلا، دادا، بوٗ ئىشنى قىلغاند-دىن ئېشەك هارۋىنى سېتىپ داپ ئالايلى، ئاخشام بوۋام رەھمەت-لىك چوٗشوٗمگە كىرىپ قاپتوٗ دېگىنە، ئوٗ ماڭا: «داداڭ ئاتا كەسپىنى قىلالمىدى، سەن بولساڭموٗ داپچى بول، داپ چالساڭ ساۋاب ئالىسەن» دېدى.

ئىلەك ئوٗلارغا گەپ يېگوٗزەلمىدى، «ئەستاغپوٗروٗللا، — دەيتتى ئىلەك تېرىكىپ، — بوٗ گوٗيلار كىمنى دوراپ قالدى؟ ... دادام رەھمەتلىك بىر ئۆموٗر داپ چېلىپ نېمە ساۋاب ئالدى،

ئاخىر مازاردا ئۆلۈپ قالدى. ئۇ دۇنيادا راھەت كۆرۈۋاتامدىكىن-تاڭ؟ ... نېمە بولسا بولمامدۇ؟» ئىلەك قولىنى سىلكىدى-دە، قارتا ئوينىغىلى كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئېشەك بىلەن ھارۋا ئۇنىڭ قورۇسىدا بىكارغىلا ئاپتاپ سۇنۇپ تۇرىدىغان بولدى ...

بۈگۈن ئىلەكنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ھەر كۈنكى ئادىتى بويىچە كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندىمۇ ئۇيقۇدىن قوپمىغانىدى. بىر ئازدىن كېيىن تەرىتى قىستىغان ئىلەك قوپۇپ ھاجەتكە چىقتى، ئۇ قايتىپ كىرىپ خورەكنى بولۇشىغا تارتىپ ئۇخلاۋاتقان ئايالى ئومايىنى تۈرتۈپ ئويغاتتى:

— ھوي، تۇرە!

تاتلىق ئۇيقۇدا ئېزىلىپ ياتقان ئوماي كۆزىنى يېرىم ئېچىپ سورىدى:

— نېمە بولدى؟

— تۇرە، چاي قاينات! ...

— ئەتىگەندە ئادەمنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزۇپ نېمە بوپتۇ؟

— ھوي، تالاغا چىقىپ قاراپ باققىنە، كۈن چۈش بولاي دېدى.

ئوماي كىچىككىنە پەنجىرىدىن چۈشۈۋاتقان كۈننىڭ شولىسىغا قاراپ قويۇپ ئىنجىقلاپ قوپۇپ ئۆرە بولدى، تولا ئۇخلىغانلىقتىن ئۇنىڭ قاپاقلىرى ئىششىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۇيقۇسىنى ئاچالماي ئەسنىگىنىچە بىردەم ئولتۇردى. دالان ئۆيدە ئاسىم بىلەن قاسىمنىڭ تارتىشىۋاتقان خورىكى ئۆينى بىر ئالغانىدى. ئوماي يەنە بىرنەچچىنى ئەسنىۋېتىپ، كىردىن قارىداپ سىر بولۇپ كەتكەن يوتقانىنى قايرىپ ئورنىدىن تۇردى. ئوماي چاي قايناتقۇچە ئىلەك ئاسىم بىلەن قاسىمنى ۋارقىراپ يۇرۇپ ئاران تۇرغۇزدى.

— ئېشەك ئاچ قالدى، — دېدى ئىلەك ئايالى تەييارلىغان

سۈتنىڭ تايىنى يوق كۆك چاينى ئىچىپ تۇرۇپ، — بىرىڭلار ئىشەكنى جىلغىدىكى ئوتى بار يەرگە ئاپىرىپ باغلاپ كېلىڭلار!

— ئۆزۈڭ ئاپىرىپ باغلاپ كەلسەڭ بولىدۇ، — ئاسىم خۇشياقمىغاندەك تەرىنى تۇردى.

— مېنىڭ ئىشىم بار، زاۋۇتقا بېرىپ ماي تېگىشىپ كېلىدىمەن.

— ئەمىسە قاسىم ئاپارسۇن!

— ئىشەك مېنى تېپىدۇ، — دېدى قاسىم ئۇنىماي، — تۈنۈگۈن مەن ئاپارغان، كۈندىلا مەن باقىمەنمۇ؟

— دادا، — دېدى ئاسىم تۇرۇپ كېتىپ، — ئاشۇ ئىشەكنى بىكارغىلا بېقىپ نېمە قىلىمىز؟ ئۇنىڭدىن سېتىۋېتەيلى.

— شۇنداق قىلايلى، — دېدى قاسىم خۇش بولۇپ، — شۇنىڭ پۇلىغا داپ ئالايلى، بازاردا ئالامەت داپلار بار ئىكەن...

— داپنى نېمە قىلىمىز؟ — دېدى ئاسىم ئىنىسىنىڭ گېپىنى ياراتماي، — شۇ پۇلغا توي قىلايلى.

— نېمە توي؟ — قاسىم قىزىقىپ سورىدى.

— پەرىدە بىلەن توي قىلمايمەنمۇ؟

ئىلەك ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ھەيران بولدى.

— بۈگۈن چۈشۈڭ بۇزۇلۇپ قالدىمۇ نېمە؟ — دېدى ئۇ ھاڭ - تاڭ بولۇپ، — نەدىكى پەرىدە ئۇ؟

— مەسۇمكاملارنىڭ قىزى پەرىدەچۇ؟ — ئاسىم ھىجايغىنىچە دېدى، — تۈنۈگۈن يولدا ئۇچراپ قالغانىدى، ماڭا جىق گەپ قىلدى.

— نېمە دېدى؟

— نېمە دەيتتى، «ئاسىم سەنمۇ چوڭ يىگىت بولدۇڭ، توي قىلمامسەن؟» دەيدۇ، «مەن سېنى ئالاي دەيمەن» دېدىم.

— شۇنداق دېدىڭ؟ — ئىلەكنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ

كەتتى، — ئۇ نېمە دېدى؟ تازا تىللىغاندۇ؟
— ياقەي، ئۇ كۈلۈپ كېتىپ، «مېنى ئالغۇدەك پۇلۇڭ بارمۇ؟» دېدى، پۇل بەرسەڭ پەرىدەنى ئالىمەن.
— جالال ساڭا بېرەمدۇ ئۇنى، — قاسىم ياراتمىغاندەك بېشىنى چايقىدى، — ساڭا چاقچاق قىلىپ دەپ قويغان گەپ، جالاللارنىڭ پۇلى جىق تۇرسا.
— پەرىدە جالالغا تەگمەيدىكەن.
— نېمىشقا؟
— جالال كېلىپ گەپ قىلغانىدى، تىللاپ كېتىپ قالدى.
— راستمۇ؟
— راست، ئاندىن جالال يارىنىڭ دۇكىنىدىن هاراق ئېلىپ تازا ئىچتى ...
ئاسىم شۇنداق دەپ بولۇپ ئالدىدىكى چايغا تەرىنى تۇرۇپ قاراپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى.
— چېيىڭنى ئىچمەي نەگە بارىسەن؟ — ئوماي ئۇنىڭ كەينىدىن توۋلىدى.
— بۇ چېيىڭنى كىم ئىچىدۇ؟ — دېدى ئۇ قولىنى سىلكىپ، — بۈگۈن شاۋۇدۇنكاملار نەزىر قىلىدۇ، شۇ يەرگە بېرىپ پولۇ يەيمەن.
— هەي، ئېشەكنى ئوتقا باغلىۋېتىپ بار، — ئىلەك توۋلىدى.
— ئۆزۈڭ ئاپارغىنە، — دېدى ئاسىم كېتىۋېتىپ.
ئاسىمنىڭ كۆنى شۇنداق ئۆتەتتى، مەھەللىدە كىم توي، چاي، نەزىر - چىراغ قىلىدۇ، ئاسىم ھەممىدىن ئاۋۋال خەۋەر تاپاتتى ۋە چاقىرسۇن - چاقىرمىسۇن، جامائەتتىن بۇرۇن قازان بېشىغا ئۆتۈپ، شۇ يەردە قورساقنى تويدۇرۇپ كۆڭنى كەچ قىلاتتى. توي، نەزىر بولمىغان كۈنلىرى بولسا كىمنىڭ ئۆيىدە تونۇركرەك تاماق ئېتىلىۋاتقانلىقىنى بىلىۋالاتتى - دە، شۇنىڭ

ئۆيگە ئۇسۇپ كىرىپ قورسىقىنى تويدۇرۇپ چىقاتتى، مەھەللى-
دىكىلەرمۇ ئۇنىڭ بۇ قىلىقىغا كۆنۈك بولۇپ، ئۇ كىرىپ قالسا
نېرى تۇر دېمەي بىر قاچە تاماق بېرىپ چىقىراتتى.

بىر كۈنى ئابدۇل مەزىن مەسچىتتە جامائەتكە ئاسىم توغرۇ-
لۇق يېڭى بىر ھېكايىنى ئېيتىپ بەردى.

— ئاسىم نېمە تاماققا ئۆچ ئىكەن بىلەمسىلەر؟ — دەپ
سورىدى ئابدۇل مەزىن، — لەڭمەنگە ئۆچ ئىكەن ... تۈنۈگۈن
ئاسىم نامازدىگەر بىلەن بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپ كەلدى، كىرىپلا
تاماق يەيمەن دەيدۇ، بىز تاماقنى يەپ بولغان، ھېلىمۇ ئۆيدىكى-
لەر مەكتەپكە كەتكەن قىزغا دەپ ئىككى پىلتىنى ئېلىپ قويۇپتى-
كەن، «قانداق قىلىمەن؟» دەيدۇ، «بولدى، ئاسىمغا سېلىپ
بەر! قىزىڭ بۇگۈنچە چاي ئىچىپ تۇرار» دېدىم، ئايىم بىردەمدە
تامىقىنى پىشۇرۇپ ئاسىمنىڭ ئالدىغا قويۇپ بەرگەنىدى، قارىسام
ئۇ ھەدەپ تاماقنى مالتىلايدۇ، سىلكىيدۇ، مەن ئۇنىڭغا قاراپ
كۈلىمەن، بىر كەمدە ھېرىپ چوكىنى تاشلىدى. «ھە، يېمەيسەن-
غۇ، ھەدەڭنىڭ ئەتكەن لەڭمىنى ئوخشىماپتۇمۇ» دېسەم، نېمە
دەيدۇ دېمەمسىلە، «مۇشۇ لەڭمەن دېگەن بىلەن بىر خۇشۇم يوق»
دېدى ئۇ خاپا بولۇپ: «يا بۇنىڭ باش ئۇچىنى تاپقىلى بولمىغان،
ئايىم ھەدەممۇ بۇنى ئېتىنىڭ ئۇچىيدەك ئۇزۇن قىلغۇچە
قىسقا - قىسقا سوزسا بولىدۇ» دەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا
لەڭمەننى قىسقا قىلىپ ئۈزدۈرۈپ ئەكىرىپ بەرگەنىدىم، ئاندىن
يېدى ...

شۇنىڭدىن كېيىن مەھەللىدىكى ياشلار ئىچى پۇشۇپ قالسىلا
ئاسىمنى «يۈرە، سېنى مېھمان قىلىمىز» دەپ ئاشخانىغا ئەكى-
رىپ ئەتەيگە لەڭمەن بۇيرۇيتتى، ئۇ لەڭمەننى بىر تالدىن سۆرەپ
تارتىپ مىڭ قىيامەتتە يەپ بولسا، «ئاش سۈيى ئىچمىسەڭ پۇلى-
نى تۆلىمەيمىز» دەپ قىزىق ئاش سۈيىنى چوڭ چىنىدە ئەكەلدۇ-
رۇپ، «ئىچە!» دەپ بېشىدا تۇرۇۋالاتتى. ئاسىم ئادەتتە پەقەتلا

ئاش سۈيى ئىچمەيتتى، ئۇ ئاش سۈيىنىڭ يېرىمىنى ئىچكۈچە قارا تەرگە چۈمۈپ، ئاخىر باللارغا يالۋۇراتتى، ئۇنىڭ بىردىنبىر ياخشى كۆرىدىغان تامىقى پولۇ ئىدى...

ئاسىم شۇنداق بولۇشىغا قارىماي مەھەللىدە پەقەت پەرىدەنىلا ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ھەر كۈنى بىر ـ ئىككى قېتىم مەسۇم تاراننىڭ ئۆيىنى ئايلىنىپ، پەرىدەنىڭ چىقىشىنى كۈتەتتى. ئۇ پەرىدەنى كۆرمىگەن كۈنى كېچىسى بىركەمگىچە كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيتتى...

ئاسىم چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئىلەك قاسىمغا يالۋۇردى:

— ماۋۇ دەلتە ئېلىشىپ قالاي دەپتۇ، — دېدى ئۇ ئاچچىقى بىلەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قويۇپ، — مەسۇم ئاڭلاپ قالـدىغان بولسا پاچىقىنى چاقىدۇ بۇنىڭ... قاسىم، سەن ئېشەكنى ئاپىرىپ ئوتقا باغلاپ قويغىن جۇمۇ!...

— ۋاي ـ ۋۇي، ئۆزۈڭ ئاپارغىنە!

— مېنىڭ ئىشىم بار، سەن بىكار بولغاندىن كېيىن نېمە قىلىسەن؟

— سەن نەگە بارىسەن؟

— بايام دېدىمغۇ، ماي تېگىشىپ كېلىمەن.

— يالغان، بېرىپ قارتا ئوينايسەن.

— ئاپاڭ ھېيتلىق ساڭا سالماقچى، — ئىلەك ئوماينى بېشى بىلەن ئىما قىلدى، — ئېشەنمىسەڭ سورا!

— ماينى چۈشكە قالماي ئەكېلىپ بېرىڭ جۇمۇ، — دېدى ئوماي ئېرىگە، — بولمىسا ئۇلگۈرەلمەيمەن...

ئىلەك قاسىمغا ئېشەكنى يەنە بىر قېتىم تاپىلاپ قويۇپ، پەگاھدىكى يېرىم خالتا زىغىرنى كۆتۈرۈپ ماڭدى. ئۇ ئۆيدىن چىقىپ ياندىكى لاپاسنىڭ ئاستىدا باغلاقلىق تۇرغان كۆك ئېشەك-كە كۆزى چۈشتى. ئېشەك ئورۇقلۇقتىن ئارانلا تۇراتتى. ئىلەك-نىڭ كۆزىگە ئۇنىڭ پۇتلىرى تىترەۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

«ھەي، مۇشۇ جانىۋارغىمۇ ئۇۋال، ھۆكۈمەتمۇ ئەخمەق، ئۇنى ماڭا بەرگۈچە چاي ـ تۇز ئېلىپ ئىچ، دەپ قولۇمغا نەق پۇلنىلا بەرسە بولمامدىغاندۇ؟ مۇشۇنداق تۇرۇپ بىر كۈنى ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالمىسا بولاتتىغۇ؟ ...» دەپ ئويلىدى ئىلەك ئېشەكنىڭ بىچارە تۇرقىغا قاراپ تۇرغۇسى كەلمەي يارمۇھەممەدنىڭ دۇكىنىغا بارىدىغان چىغىر يولغا چۈشۈپ ماڭدى. ئۇ: «تۆۋەنكى مەھەللىگە بارىدىغان بىرەر ھارۋا ئۇچراپ قالار» دېگەن خىيال بىلەن دۇكاننىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ بىردەم تۇرۇپ باقتى، لېكىن بىرەر ھارۋىمۇ ئۇچرىمىدى. ئاخىر زېرىكىپ قورۇق تامنىڭ يېنىغا كېلىپ باغقا بويۇندىدى، قارتا سورۇنى قىزىپ كەتكەنىدى، بىر توپ ئادەم غۇژمەك بولۇشۇپ، ئويۇن ـ چاقچاق بىلەن قارتا ئويناۋاتاتتى. شۇ ئارىدا شەمشى ئۇنى كۆرۈپ قېلىپ توۋلىدى:

— ئىلەك، نېمە ئوغرىدەك ماراپ تۇرىسەن، كەلمەمسەن؟

ئىلەك «ياق» دېگەندەك قولىنى سىلكىدى.

— زاۋۇتقا كېتىۋاتىمەن، ئالدىرايمەن، — دېدى ئۇ.

— قىزىل خورىزىڭغا دان ئەكەلگىلى ماڭدىڭمۇ؟ بۈگۈن خورىزنىڭ تىنچلىقتۇ؟ ئۆيۈڭنى ئۆرۈۋەتمىگەندۇ؟

— ئۆيىنىغۇ ئۆرۈۋەتمىدى، لېكىن تولا قىچقىرىپ بېشىمنى ئاغرىتىۋېتىپ باردۇ، — دېدى ئۇ شەمشىنىڭ بېشىنى كۆرسىتىپ، — بۇدا بازاردا سېتىۋېتەيمىكىن دەيمەن.

— ئۇنى سېتىۋەتسەڭ رېھىم شاھنىڭ تراكتورى ياتىدۇ ـ دە؟

ئىلەك خۇشخۇي كۈلۈپ قويدى.

— ئىلەك! — دەپ چاقىردى مەسۇم تاران قايرىلىپ، — كېلە، بىر ـ ئىككى قول ئويناپ تۇرغىنا، مەن ئۆيگە بىر بېرىپ كېلەي.

— بىزنىڭ خوتۇن بۈگۈن ساڭزا سالىمەن دېگەن، مايغا ماڭدىم.

— ۋاي، تېخى بالدۇرغۇ، كېلە، كېلە!...

قارتا خۇمارى تۇتۇپ تۇرغان ئېلەككە شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە ئىدى، ئۇ ھەممىنى ئۇنتۇپ قارتىچىلارنىڭ يېنىغا كېلىپ مەسۇم تارانىنىڭ ئورنىغا ئولتۇردى.

قارتا ئويۇنىنىڭ پەيزىنى بۇلاقسايلىقلاردەك سۇرەلەيدىغان ئادەملەر باشقا يەرلەردە يوق بولسا كېرەك. ئۇلار بىرەر ۋاخ ئاش - تاماق يېمىسە مەيلى دەيتتى، لېكىن كۈندە بىر قېتىم قارتا ئوينىمىسا بىرنېمىسى كەم بولغاندەك ئىچى پۇشاتتى. ئۇلار ئۇچۇن قارتا بىردىنبىر كۆڭۈل خۇشلۇقى ئىدى. ئۇلار يازنىڭ تىنچىق، ئىسسىق كۈنلىرىنى، قىشنىڭ ئۇزۇن تاڭلىرىنى مۇشۇ ئەمەك بىلەن زېرىكمەي ئۆتكۈزەتتى، ئۇلار ئاشۇ قەغەزلەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ، تۇرمۇشنىڭ غەم - ئەندىشىلىرىنى، ئەمگەك-نىڭ جاپا - مۇشەققىتىنى، بالا - چاقىنىڭ غەم - ئەندىشىلىرى-نى ھەممىنى ئۇنتۇيتتى، شۇڭا بۇلاقسايدا قارتا ئوينىمايدىغان ئادەممۇ ئاز ئىدى.

بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى، ئېلەك ئىچىدە ئىككى قوللا ئويند-ۋېتىپ ماڭاي دەپ ئويلىغانىدى، قارتىنى قولغا ئالغاندىن كېيىن ئۇ ھەممىنى ئۇنتۇپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە يارمۇھەممەدنىڭ سېخىيلىقى تۇتۇپ دۇكاندىن يېپيېڭى بىر قارتىنى ئېلىپ چىقىپ «ئويناڭلار» دەپ بەرگەنىدى، ئويۇن باشقىدىن قىزىپ كەتتى، يېڭى قارتىنىڭ پەيزىمۇ باشقىچە بولىدىكەن، قارتا دېگەن قولۇڭدا ئويناپ تۇرغان... ئېلەكنىڭ تەلىيى كېلىپ رەقىبلىرىنى ئىككى قېتىم كورت قىلىۋەتتى، غەلىبىدىن بېشى ئاسمانغا تاقاشقاندەك خۇشال بولغان ئېلەك ئويۇنغا قىزىقىپ زاۋۇتنىمۇ ئۇنتۇدى.

پەقەت كۈن دەرەخلەرنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، باغنىڭ ئىچىگە گۇگۇم چۈشكەندىلا ئۇنىڭ ئېسىگە ماي كېلىپ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى: «ئاپلا، ئەمدى خوتۇنغا نېمە دەيمەن؟ — دېدى ئۇ، — ئەتىكى ھېيت ئەجەب ئېسىمدىن چىقىپ كېتىپتۇ دېسە، ھەممىنى

قىلغان شەمشى دېگەن تاز··· ئەستاغپۇرۇللا ··· بۈگۈن زاۋۇتنى ماڭدۇرماپتۇ دېمەيمەنمۇ؟ ···» ئۇنىڭ خىيالىغا شۇ ئامال كېلىپ سەل ئارام تاپتى ۋە زىغىرنى قولتۇقلاپ ئۆيگە ياندى، ئەمما ئومماي ئۇنىڭ كۆرسەتكەن سەۋەبىنى يوققا چىقاردى:

— نەدە مـاڭدۇرمايدۇ؟ — دېدى ئـومماي ئۇنىڭغا ھۈرپىيىپ، — مەسۇم تارانىنىڭ ماي تېگىشىپ كەلگىنىنى كۆزۈم بىلەن كۆردۈمغۇ؟

— مەسۇم نەدىن ئەكەلدىكىنتاڭ، راستىنىلا تاقاق ···

— ھەي، ئۇنداق يالغاننى دېگۈچە قارتا ئويناپ كۈننى كەچ قىلدىم دەڭا··· ئەمدى ساڭزىنى نېمە بىلەن سالىمەن؟

— مەسۇملاردىن ماي ئۆتنە ئېلىپ تۇرمامسەن؟

— ھېلىمۇ ئۆتنە سوراۋېرىپ دېۋانە بولۇپ كەتتۇق، ئۆزىڭىز كىرىڭ، مەن ئەمدى كىرمەيمەن! ···

ئومماي شۇنداق دېدى ـ دە، ئىشىكنى ئۆرۈۋەتكۈدەك يېپىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى، ئىلەك بۈگۈن ئايالىنىڭ پەيلىدىن چۆچۈپ قالدى، ئۇ ئىشىك ئالدىدا تۇرغىنىچە ئۆزىنى قارتا ئويناشقا چاقىرغان شەمشىنى مىڭنى تىللىدى: «پېسەندە تاز، شەيتان تاز، شۇ ئېزىقتۇرمىغان بولسا مۇشۇ خاپىچىلىقمۇ يوق ئىدى، نەدىن باغنىڭ ئـالدى بىلەن مـاڭدىم؟··· ئـەمدى نەدىنمۇ ماي تاپارمەن؟ ··· بۈگۈن ماينىڭ ئېپىنى قىلمىسام ماۋۇ خوتۇن مېنى بوغۇپ قويىدىغان ئوخشايدۇ···»

ئىلەك شۇ خىياللار بىلەن تىت ـ تىت بولۇپ تۇراتتى، كوچا تەرەپتىن قاسىم ئالدىراپ كىرىپ كەلدى.

— دادا! — دېدى ئـۇ ھـودۇقـۇپ، — ئېشەك قوپماي ياتىدۇ···

ئىلەك دەماللىققا ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭقىرالمىدى:

— نېمە، نېمە دەيسەنۈي؟

— ئېشەك ··· بىزنىڭ ئېشەكچۇ···

— ئېشەك قېنى؟
— ئەتىگەن ئاچقىپ باغلاپ قويغان...
— نەگە باغلىغانتىڭ؟
— ماۋۇ ئارقىدىكى دۆڭگە...

ئىلەكنىڭ كۆڭلى بىر شۇملۇقنى تۇيۇپ قاسىم كۆرسەتكەن يەرگە يۈگۈرگەندەك كەلدى، كۆك ئېشەك بىر تال گىياھمۇ يوق تاقىر يەردە سۇنۇلىنىپ ياتاتتى، ئۇنىڭ قورسىقى ئېچىگە چاپلىشىپ كەتكەنىدى. ئىلەك يېقىن كېلىپ، ئېشەكنىڭ چۇلۇۋۇرىنى تارتىپ باقتى، ئېشەك مىدىر قىلىپ قويمىدى، بۇنى كۆرۈپ ئۇنىڭ مېڭىسىدىن تۇتۇن چىقىپ كەتتى: «ئۆلۈپتۇ، هارام ئۆلۈپتۇ، ئەمدى تەشكىلگە نېمە دەپ جاۋاب بېرىمەن؟...»

ئىلەك بۇرۇلۇپ قاسىمغا ۋارقىرىدى:

— مەن ئېشەكنى ئوتقا باغلا دېمىدىممۇ، هەي نان قېپى. ئۇ يەردە نېمىنى يەيدۇ، توپىنىمۇ؟

— ئوت نەدە بار؟

— جىلغىنىڭ ئىچىگە ئاپار دېدىمغۇ ئەتىگەن.

— ۋاي ـ ۋۇي، بۇ ئېشىكىڭ ماڭمىسا كۆتۈرۈپ ئاپىرىمەنمۇ، — دېدى قاسىم تەرىنى تۇرۇپ، — هۆكۈمەتمۇ بىزگە تازا هۇرۇن، كېسەل ئېشەكنى بېرىپتۇ، بولدىلا، بۇنىڭدىنمۇ قۇتۇلدۇق ... راست، دادا، ئېشەكنىڭ تېرىسىدە داپ كەرسە ئالامەت پەيزى داپ بولىدۇ دەيدۇ...

ئىلەك بوغۇلغىنىچە ۋارقىرىدى:

— يوقال كۆزۈمدىن!...

## 6

«يارى ‹ماگىزىن› سايغا يېڭى ئۆي سېلىۋېتىپتۇ!» ئەتىگەندە ئىلەك ئەكەلگەن بۇ خەۋەر قارتا ئۇيىنغىلى يىغىلغانلارنى قىزىقتۇرۇۋەتتى.

— تۈنۈگۈن شىۋاق ئورۇپ كېلەي، دەپ دۆڭگە چىق-
قانىدىم، — دېدى ئىلەك ئالدىراپ سۆزلەپ، — قارىسام، ئۇ
يەرگە خەقلەر توپلىشىپ قاپتۇ، «نېمە قىلىشىۋاتقان
ئادەملەردۇ؟» دەپ بارسام يارىنىڭ ئۆيىنى سېلىۋاتقان تامچىلار
ئىكەن، پىششىق خىشتىن سالغىلى تۇرۇپتۇ.

— خىش بىلەن دەمسەن؟

— هەئە...

— نەچچە ئېغىز ساپتۇ؟

— تۆت ئېغىز، ئالدىنى پېشايۋان قىلىدىكەن، بىر ئېغىزد-
نى ماگىزىن قىلغۇدەك، ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىغا تېيىپ ئۆي
سالىدىغان بوپتۇ. ئۇلىنى كولاپ قويۇپتۇ.

— سەنمۇ ئۆيلۈك يەر كۆرۈپ كەلگەنسەن؟ — دېدى مەسۇم
تاران ياراتمىغاندەك مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، — تېيىپقا قوشنا
بولۇپ ئولتۇرساڭ پايدا كۆرىسەن...

— دېمىسەڭمۇ تۈنۈگۈن ئىسراپىل بىلەن تېيىپمۇ چىقىپتىد-
كەن، تېيىپ ماڭا: «قوشنا بولۇپ ئولتۇرامسەن؟» دېدى.

— ماقۇل دېگەنسەن؟

— ئويلىشىپ باقاي دېدىم... — ئىلەك مۇھىم بىر ئىشنى
ئېسىگە ئالغاندەك بولۇپ كۆزلىرىنى ئويناتتى، — يۇقىرىدىن
هۆججەت كەپتۇ، يېڭى مەھەللىگە ئۆي سالىمىز دېگەنلەرگە هۆ-
كۈمەت خىش بىلەن سېمونتنى بىكارغا بېرىدىكەن...

بۇ خەۋەر ئولتۇرغانلارنى قىزىقتۇردى.

— نېمە دەيسەنۇي، راستمۇ؟

— ساڭا ئوخشاشلارغا بىكارغا بېرەر...

— ئىسراپىل شياڭجاڭ ئۆز ئاغزى بىلەن دېدى، — ئىلەك
ئىشەنچ بىلەن بېشىنى سىلكىپ قويدى، — ئۇ يەنە «ناهىيە بىلەن
سۆزلىشىۋاتىمەن، بۇ يىل بۇلاقسايغا توكنى ئەكېلىدىغاننىڭ ئاما-
لىنى قىلىمەن» دەيدۇ.

«پاھ، مۇنۇ ئىسرائىل دېگەنمۇ دادىسى ھاشىردەك پو دېگەننى زەي سالماي ئاتامدۇ نېمە؟ ... — مەسۇم تاران ئىلەكنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ ياراتمىغاندەك دىمىغىنى قېقىپ قويدى، ئۇ ئەللىك يىلدىن بۇيان نى ـ نى كادىرلار كېلىپ مەيدىسىگە ئۇرۇپ ۋەدە قىلىپمۇ ئەكېلەلمىگەن توكنى بۇ تۇنۇگۇن كېلىپ قانداق ئەكېلىدىكىنە، قۇرۇق گەپ، ئۇ شۇنداق دەپ تەشۋىق قىلسام بۇ سەھرالىقلار خۇش بولۇپ كېتىپ يېڭى مەھەللىگە كۆچىدۇ، دەپ قىلىۋاتقان ھىيلىسى، ئەخمەق خەق يوق، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز چىراغ ياققان مەھەللىنى تاشلاپ نېمە بار ئۇ سايدا؟ ... يارى دېگەن ھارىمىنىڭ كەينىگە كىرگەن ئادەم ساراڭ... بۇلاقسايدا ھېچكىم سودا قىلمىغان چاغدا ئاشۇ شۇ ئىشنى تېرىدى، بىر ئوبدان تىنچ يۇرگەن تۇرغاننى ئېزىقتۇرۇپ ئۇرۇمچىگە ئېلىپ كەتتى، ئۇ چوقۇم تۇرغاننى زىيانغا تىقىپ قويۇپ قېچىپ كەلگەن نېمە... زادى جىم يۇرمەيدىغان نېمە...

— يوق يېگەن ئادەم يارىنىڭ كەينىگە كىرىدۇ، — دېدى مەسۇم تاران ئاچچىقى بىلەن، — ئەخمەق بولماڭلار!

— راست دەيسەن، مەسۇم، — شەمشى ئۇنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلىدى، — بىز نەدىكى پۇلغا ئۆي سالىمىز؟

— بىز ياردەك ھارامدىن پۇل تاپقىنىمىز يوق...

— ھوي، ئاستىراق، — دېدى ئىلەك يول تەرەپنى شەرەت قىلىپ، — يارى ئۆزى كېلىۋاتىدۇ.

— كەلسە كەلمەمدۇ، — دېدى مەسۇم تاران پەرۋا قىلماي، — نېمانچىلا تىترەپ كەتتىڭ؟

— يارى بۇنىڭغا پات ـ پات چاينى پۇل ئالماي بېرىپ تۇرىدىكەن، — شەمشى مەسۇم تارانغا قاراپ كۇلۇپ قويۇپ دېدى، — بارە، ئالدىغا بېرىپ سالام قىل! ...

يولدا ۋېلىسىپىت مىنىپ كېلىۋاتقان يارمۇھەممەد قارتا ئويناۋاتقانلارنىڭ يېنىغا كەلگەندە ۋېلىسىپىتتىن چۇشۇپ سالام قىل-

دى، ئولتۇرغانلار ئىتتىك مەسۇم تارانغا قارىدى.

— سىنى يېڭى ئۆي سېلىۋاتىدۇ دەيدىغۇ؟ — دېدى مەسۇم تاران ئۇنىڭ سالىمىغا جاۋابمۇ قىلماستىن، — مۇبارەك بولسۇن!

— ئىسرائىلكاملار «مەھەللىنى كۆچۇرىمىز» دېدى، شۇڭا سالغاچ تۇراي دېدىم، — دېدى يارمۇھەممەد مەسۇم تاراننىڭ كىنايىسىنى چۈشەنمەي، — سىلەرمۇ ئۆي سالىدىغانسىلەر؟

— مەھەللىگە پاتماي قېلىۋاتىسەن - ھە؟ ... ئۇنداق ئاۋارە بولغۇچە باشقا مەھەللىگە كۆچۈپلا كەتسەڭ بولمامدۇ؟

مەسۇم تاراننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ يارمۇھەممەد تېڭىرقاپ قالدى.

— نېمە دېگىنىڭ بۇ، مەسۇمكا؟ — دېدى ئۇ ھەيران بولۇپ.

— بۇلاقسايلىقلار ساڭا زادى نېمە يامانلىق قىلدى؟ — مەسۇم تاران بىردىن توڭ تەگدى، — ھال - كۇنۇڭ تايىنلىق نېمە ئىدىڭ، بۇلاقسايلىقلار تۆت تەڭگىنىڭ ئىگىسى قىلىپ قويدى، ئەمدى كېلىپ ئاش بەرگەنگە مۇشت بېرىپ بۇلاقساينى ۋەيران قىلاي دېدىڭمۇ؟...

— مەن يامان ئىش قىلمىدىمغۇ، مەسۇمكا. نېمانداق گەپ قىلىسەن؟

— مۇشۇ قىلىۋاتقىنىڭ ياخشى ئىشمۇ؟ بىر تىنچ مەھەللىنى بۇزۇۋاتىسەن، ئۆز ۋاقتىدا سودا قىلىمىز، پۇل تاپىمىز دەپ بالىلارنى يولدىن چىقاردىڭ، تۇرغاننى ئېزىقتۇرغان سەنغۇ، يالغانمۇ؟

— مەسۇمكا، — دېدى يارمۇھەممەد تىترەپ تۇرۇپ، — قاراپ تۇرۇپ ئادەمگە قارا چاپلىما، تۇرغاننى مەن يولدىن چىقارمىدىم، ئىشەنسەڭ ئۇ مېنىڭ گېپىمگە كىرمەي ئىچكىرىگە كېتىپ قالدى، ئۇنى مېنىڭدىن كۆرسەڭ ماڭا ئۇۋال قىلىسەن.

— سېنىڭ بىلەن كەتكەن تۇرسا، سېنىڭدىن كۆرمەي كىمـ

دىن كۆرىمەن؟

— تۇرغانمۇ بىر كۈنى يېنىپ كېلەر، مەسۇمكا. شۇ چاغدا بىلىپ قالارسەن.

— كۆرىمىز، تۇرغان ساق ـ سالامەت كەلسە تەلىيىڭ، — دېدى مەسۇم تاران ئۇنىڭغا قولىنى جوڭۇپ، — ئەگەر بىرەر پالاكەتكە ئۇچراپ قالىدىغان بولسا مېنىڭدىن كۆرىدىغىنىڭ بار...

ئەتىگەندىلا ئاڭلىغان بۇ ئاھانەت يارمۇھەممەدنىڭ كەيپىنى بۇزىۋەتتى. باشقا بىرى بولسىمۇ بىرنۆرى ئىدى. ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان قىزنىڭ دادىسى بولغان ئادەمدىن بۇنداق تىل ـ ئاھانەت ئاڭلارمەن، دەپ ئۇ پەقەت ئويلىمىغانىدى. «يېڭى مەھەللىگە ئۆي سالغىنىمغا مەھەللىدىكىلەر قارشى ئوخشىمامدۇ؟ لېكىن ئىسرايىل شياڭجاڭ يۇقىرىنىڭ بەلگىلىمىسى بار، بۇ يىل سايىنىڭ ئىچىدىكى ھەممەيلەننى كۆچۈرىمىز دەۋاتقان تۇرسا... تېيىپكامۇ ئۆي سېلىۋاتىدىغۇ؟... بۇنى مەسۇمكام نېمىدەپ مەندىن كۆرىدۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا ئارىنامغا كۆچۈپ كەتسەممۇ بولغانىكەن، شۇ پەرىدەگە تارتىشىپ قالدىمغۇ؟... ئۇ ئادەم تۇرغاننىڭ يىتۇپ كېتىشىنى مەندىنلا كۆرىدۇ، لېكىن مانا كۈن تۇرۇپتۇ، مەن ئۇنىڭغا قولۇمدىن كېلىدىغان ياخشىلىقنى قىلدىم، ‹كېتەيلى› دەپ يالۋۇردۇم، لېكىن ئۇ مېنىڭ گېپىمگە كىرمەي قويدى ئەمەسمۇ؟...»

يارمۇھەممەدنىڭ كۆڭلى غەش بولدى، ئۇ ۋېلىسىپىتنى قورۇغا ئەكىرىپ قويدى ـ دە، بىردەم ھويلىدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى. مەسۇم تاراننىڭ باياتىن دېگەن گەپلىرىنى ئويلىغانسېرى كۆڭلى ئەسكى بولدى، ئۇ بۈگۈن دۇكاننىمۇ ئاچقۇسى كەلمىدى، ئۇنىڭغا مەھەللىدىكىلەر كىرىپ تىللايدىغاندەكلا تۇيۇلۇپ، قوپۇپ سىرتقا ماڭدى. ئۇ شۇ تاپتا ئادەم يوق، خالىي بىر يەرگە بېرىشنى، ھېچكىمگە كۆرۈنمەسلىكنى خالاپ قالدى. يار-

مۇھەممەد مەھەللىنىڭ چېتى بىلەن مېڭىپ تاغ باغرىدىكى زارات-
گاھلىققا چىقىپ قالدى، بۇ يەر ئىلگىرى كەتكەن شىۋاقلىق
بولۇپ، يازدا قوي - ئۆچكىلەرنىڭ يايلىقى ئىدى. يىللارنىڭ
ئۆتۈشى بىلەن زاراتگاھلىق كېڭىيىپ، بۇ يەرلەرنىمۇ مېيىتلار
ئىگىلەپ كەتتى. بۇ يىل ياز قۇرغاق كەلگەچكە شىۋاقلار بوي
تارتماستىنلا سارغىيىپ قۇرۇپ كەتكەندى. يارمۇھەممەد قەبرى-
لەرنى ئارىلاپ مېڭىپ، تۆپىسىگە بىر تۇتام شىۋاق قاداپ قويۇلغان
ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن بىر قەبرىنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئۇنىڭغا
ياندىش يەنە بىر قەبرە بار ئىدى. يارمۇھەممەد يۈكۈنۈپ ئول-
تۇردى - دە، دۇئا قىلدى. «دادا، ئاپا! ... مېنى نېمىشقىمۇ
يالغۇز تاشلاپ كەتكەنسىلەر؟ ... مەن يېتىملىكنىڭ ئازابىنى يەت-
كۈچە تارتتىم، قېقىندى - سوقۇندى بولۇپ چوڭ بولدۇم،
تىرىشىپ - تىرمىشىپ پۇل تاپتىم، دادا، سەن دائىم مېنى مۇشۇ
شىۋاقلىققا باشلاپ چىقىپ شىۋاق ئوراتتىڭ، ئۇلاردىن سۈپۈرگە
باغلايتتىڭ، سېنىڭ باغلىغان سۈپۈرگەڭنى مەھەللىدىكىلەر بەك
يارىتاتتى، سەن ماڭا سۈپۈرگە باغلاشنى ئۆگەتكەندىڭ ھەم بۇ
ئاتا كەسپىنى تاشلىماسلىقنى ۋەسىيەت قىلغانىدىڭ، لېكىن مەن
سېنىڭ ۋەسىيىتىڭنى بەجا كەلتۈرەلمىدىم. ھازىر زامان ئوخشى-
ماي قالدى، ئادەملەر يېڭىچە تۇرمۇش كەچۈرىدىغان بولدى،
بۇلاقسايدىمۇ چوڭ ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ، لېكىن بەزىلەر بۇنىڭ-
غا قارشىلىق قىلىۋاتىدۇ، مېنى ئەيىبلەۋاتىدۇ، بۇ نېمىشقا
زادى؟ ...»

يارمۇھەممەد ئۆزى بىلەن ئۆزى مۇڭدىشىپ قەبرە ئالدىدا
ئۇزاق ئولتۇردى، قۇياش ئوتتەك قىزدۇرماقتا ئىدى. شىۋاقلىق-
تىن چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلدىغان، قۇرۇغان شىۋاقلارنىڭ چىر-
سىلدىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى. ھاۋادا رەڭگارەڭ يىڭناغۇچلار
ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى. يارمۇھەممەد تۆۋەنگە قارىدى. بۇ يەردىن
مەھەللە خۇددى شاھمات ئورۇقىدەك ئېنىق كۆرۈنەتتى، سايىنىڭ

تېشىدەك چىچىلىپ ياتقان بولاقسايلىقلارنىڭ رەتسىز سىلىنغان ئۆيلىرى يەرگە پېتىپ كەتكەندەك كۆرۈمسىز تۇيۇلدى. ئۇنىڭ ئېسىگە يەنىلا مەسۇم تارانىنىڭ بايا دېگەن گەپلىرى كېلىپ، يۈرىكى ئەلەم بىلەن سىقىلدى. «بۇرۇن مەسۇمكام مېنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرەتتى، دادام بىلەن ئاپام قازا قىلىپ كەتكەندە مېنى ئۆيىگە ئەكىرىپ: ‹روھىڭنى چۈشۈرمە، بالام، داداڭ بولمىسا مەن بار، شەرۋان بولسا ئاپاڭنىڭ ئورنىدا، نېمە لازىم بولسا كىرگىن!›، دەپ بېشىمنى سىلىغانىدى. تۇرغاننىڭ ئىشى بىلەنلا مېنى يامان كۆرۈپ قالدى، تۇرغان يېنىپ كەلگەن بولسىمۇ ھەممە ئىش ئايدىڭ بولاتتى...» يارمۇھەممەد كۆز ئالدىدىن تۇرغان بىلەن بولغان ئىشلار كىنو لېنتىسىدەك تىزىلىپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

ئۇ تۇرغان بىلەن كىچىكىدىنلا بىللە ئويناپ چوڭ بولغان يېقىن دوستلار ئىدى. ئۇلار ئوتتۇرا مەكتەپتىمۇ بىر سىنىپتا ئوقۇدى. يارمۇھەممەد ئوقۇشتا ئەلاچى بولغاچقا ئىمتىھانلاردا تولىراق تۇرغانغا ياردەم قىلاتتى، ئۇلار دەم ئالغان كۈنلىرى پات ـ پاتلا بۇ يەرگە كېلىپ يارمۇھەممەدنىڭ دادىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ قەبرىسىنىڭ ئالدىدا دۇئا قىلىشاتتى، كەلگۈسى ھاياتلىرى ھەققىدە پىلان تۈزۈشەتتى. مەكتەپنى تۈگىتىدىغان يىلى بىر كۈنى ئۇلار ئىككىسى مۇشۇ يەردە ئۇزاق مۇڭداشتى:

— سەن قايسى مەكتەپنى تاللىدىڭ؟ — دەپ سورىدى تۇرغان ئۇنىڭدىن.

— پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا ئوقۇيمىكىن دەيمەن، ئوقۇتقۇچى بولغۇم بار، سەنچۇ؟

— مېنىڭ دوختۇر بولغۇم بار...

لېكىن، بۇ ئىككى دوستنىڭ ئارزۇسى قۇرۇق خىيال بولۇپ قالدى. يارمۇھەممەد ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىۋاتقان كۈنلەردە دادىسى تۇيۇقسىز قازا قىلدى، ئارقىدىنلا بىر ئاي ئۆتمەي ئاپىسى

ئۆلۈپ، يورۇق دۇنيادا تىكەندەك يالغۇز قالدى، تۇرغان ئىمتىھان بەرگەندى، لېكىن ئۇنىڭ ئالغان نومۇرى ئۆلچەمگە يېقىنمۇ كەلمىدى. ئىككى دوست ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئۇلارنىڭ هايات يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ دېهقان بولۇشتى. يارمۇھەممەد بولسا بۇ تەقدىرگە تەن بەرگۈسى كەلمەيتتى. ئۇ بۇلاقساي دىن چىقىپ، سىرتلارنى كۆرۈپ بېقىشنى، تەقدىرگە تەۋەككۇل قىلىپ بېقىشنى ئويلايتتى.

بىر كۈنى يارمۇھەممەد ناهىيىگە كىرىپ چىقىپ كەچتە تۇرغاننى چاقىردى:

— ئۈرۈمچىگە بارىدىغان بىر ئوقەت چىقىپ قالدى، — دېدى ئۇ ئالدىراپ، — قانداق، بارامسەن؟

ئۆمرىدە ناهىيە بازىرىدىن نېرىغا چىقىپ باقمىغان تۇرغان بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەل ئىككى تايىن بولدى.

— نېمە ئوقەت؟

— ناهىيىدە دادامنىڭ بىر تۇغقىنى بولىدىغان، — دېدى يارمۇھەممەد، — ئەتىگەن بازاردا يولۇقۇپ قىلىپ نېمە قىلىۋاتىدسەن دەيدۇ، بىكار يۈرىمەن دېسەم، مەن بىلەن بىللە ئوقەت قىلامسەن دەيدۇ، «نېمە ئوقەت؟» دېسەم، مەن هازىر قېزىچىلىق قىلىۋاتىمەن، هازىر ئۈرۈمچىدە قېزىنىڭ بازىرى ياخشى بولۇۋاتىدۇ، ئەمما ئۆزۈم يالغۇز يېتىشەلمەيۋاتىمەن، بولسا ماڭا ئوبدان ئىككى ئادەم كېرەك ئىدى، دەيدۇ. مەن ئۇنىڭغا بىرىگە مەن باراي، يەنە بىرىگە بىر ئاغىنەم بار، دەپباقاي دېدىم، قانداق؟ ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئوقەت قىلىپ كېلەمدۇق؟

بۇ تاسادىپىي خەۋەر تۇرغاننى قىزىقتۇردى.

— ئۇنداق دېگەنبىلەن بىزدە بىر تىيىن دەسمايە بولمىسا نېمە بىلەن ئوقەت قىلىمىز؟

— دەسمايىنى بىز سالمايمىز، — دەپ چۈشەندۈردى يارمۇھەممەد، — ئۇ ئادەم قېزىلارنى ئۆزى تەييارلايدۇ، ماشىنىنىڭ

كىراسىنىمۇ ئۆزى كۆتۈرىدۇ، بىز پەقەت ئۇرۇمچىدە قىزىلارنى سىتىپلا بېرىمىزكەن، بىزگە كۇنلۇك پۇل بېرىدۇ.

— قانچە بەرگۇدەك؟

— ئۇ ياتاق، تامىقىڭلار مەندىن، ئۇنىڭدىن باشقا كۇنىگە يىگىرمە سومدىن ھەق بېرىمەن دەيدۇ...

بۇنچىلىك پۇلنى ئاڭلاپ باقمىغان تۇرغان بۇ ئوقەتكە قىزىقىپ قالدى. يارمۇھەممەد بولسا ئۇنى تېخىمۇ قىزىقتۇردى:

— ئەگەر بۇ سودىنىڭ ئېپىنى ئېلىپ قالساق، كېيىنچە ئۆزىمىز قىلارمىز...

ئۇلار ئۇرۇمچىگە بارىدىغان بولۇپ كېلىشتى، ئەمما تۇرغان ئۆيگە كېلىپ بۇ ئۆينى دادىسىغا دېگەنىدى، مەسۇم تاران قارشى چىقتى:

— بىز ئاتا - بوۋىمىزدىن تارتىپ دېھقان بولۇپ ئۆتكەن خەق، سودا دېگەننى ئەزەلدىنلا قاشقارلىقلار قىلىدۇ...

تۇرغان دادىسىغا ئۇزاقتىن - ئۇزاق چۈشەندۈرسىمۇ مەسۇم تاران ئۆز گېپىدە تۇرۇۋالدى. ئەتىسى تۇرغان دادىسى بىلەن بولغان پاراڭنى دەپ بېرىپ:

— دادامنىڭ رايىغا باقسام، مېنى بۇلاقسايدىن ھېچ يەرگە چىقارماي دېھقان قىلغۇسى بار ئوخشايدۇ، مەن دېھقان بولماي-مەن، سىنىڭ بىلەن ماڭىمەن، — دېدى.

— مەسۇمكام ئۇنىمىسىمۇ ماڭامسەن؟

— گەپ قىلماي كېتەيلى.

— كېيىن مەندىن كۆرەرمىكىن، ئاداش. ئەڭ ياخشىسى ئۆيدىكىلەر رازى بولسۇن...

— دادامنىڭ مىجەزىنى بىلىسەنغۇ، ياق دېدىمۇ بولدى، ئەۋلىيا كېلىپ دېسىمۇ ئۇنمايدۇ ... ماڭىدىغىنىمىزنى پەرىدەگە دەپ قويدۇم.

— پەرىدە نېمە دەيدۇ؟

— بوپتۇ، پۇل تېپىڭلار، بولمىسا زىبانىڭ تويلۇقىنى دادام ئۇن يىلدىمۇ تەييار قىلالمايدۇ، — دەيدۇ.

يارمۇھەممەدنىڭ ئېسىگە تۇرغانلارنىڭ رىھىم شاھنىڭ قىزى زىباغا ئەلچى كىرگۈزگەنلىكى، رىھىم شاھنىڭ بولسا تويلۇقنى ئۆلگۈدەك ئېغىر سالغانلىقى كېلىپ تۇرغانغا ئىچى ئاغرىپ قالدى.

بۇلاقسايدا ئىككىنچى قېتىم قار يېغىپ، مەھەللە قىشلىق ئۇيقۇغا باش قويغان بىر كۈنى تۇرغان بىلەن يارمۇھەممەد قىزىل باسقان ماشىنىدا يىراق سەپەرگە — ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتى. يارمۇھەممەدنىڭ تۇغقىنى ئۇلاردىن ئىككى كۈن ئاۋۋال بىر تۈركۈم قىزىللارنى ئېلىپ كەتكەنىدى. ئىككى دوست يولدا بىر قونۇپ ئەتىسى ئەتىگەندە ئۈرۈمچىگە كىرىپ كەلدى. بۇ ھەيۋەتلىك شەھەر تۇرغاننى ھەيران قالدۇردى، كوچىلاردا تىقىلىپ مېڭىۋاتقان ماشىنىلار، بىر - بىرىدىن ئالدىراش كېتىۋاتقان ئادەملەر، ئاسمان - پەلەك ئىمارەتلەرگە قاراپ ئۆزىنى باشقا بىر دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ جىددىيلەشتى، يارمۇھەممەدنىڭ تۇغقىنى بۇ ئىككىسىنى باشلاپ شەھەردىكى ئەڭ قايناق بازارنى ئايلاندۇرۇپ تونۇشتۇردى.

— سىلەر قىزىلنى مۇشۇ بازاردا ساتىسىلەر، — دېدى ئەتراپنى كۆرسىتىپ، — كۆردۈڭلارمۇ، بۇ يەردە ئوقەتچىلەر جىق، ئاغزىڭلار يۇمشاق بولسۇن، ئەگەر جايىدا ساتالىساڭلار مۇكاپات بېرىمەن.

ئۇ بۇ ئىككى سەھرالىققا يېرىم كۈن قىزىلنى قانداق جىڭلاشنى، باھانى تەپسىلىي ئۆگەتتى، ئەتىسى ئۇلار چاينى ئىچىپ بولۇپلا قول ھارۋىسىغا لىققىدە قىزىل بېسىپ تونۇگۈن خوجايىن كۆرسەتكەن جايغا ئەكېلىپ توختاتتى، ئۆمرىدە سودا قىلىپ باقمىغان سەھرالىقلار كوچىدىن ئۆتۈۋاتقانلارغا تەلمۈرۈپ بىرەر سائەت ۋاقىتنى ئۆتكۈزدى. ئادەملەر ئۇنىڭ يېنىدىن توختىماي

ئۆتۈپ كېتىشەتتى. تۇرغان گويا نومۇسلۇق بىر ئىشنى قىلىۋاتـ.
قاندەك هارۋىدىن نېرىراق تۇرۇپ ئۆتكەن ـ كەتكەنلەرگە زەن
سالاتتى، يارمۇھەممەد خىجالەت بولغاندەك تۇرغانغا قاراپ قوياتـ.
تى، بىركەمدە يارمۇھەممەد تۇيۇقسىزلا ئەتراپتىكى ئادەملەرگە
قاراپ توۋلىدى:

— غۇلجىنىڭ قىزىسى، ئاكىلار! كۆرۈپ بېقىڭلار، ئۆزـ.
مىز قولدا قىلغان، ئەرزان سېتىۋەتتۇق!...

شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك بىردەمدىلا ئىككى ـ ئۈچ ئادەم
هارۋىنىڭ يېنىغا ئولاشتى:

— كىلوسى قانچە؟

— يىگىرمە ئىككى سوم، — دېدى يارمۇھەممەد قىزىنى
كۆرسىتىپ، — مانا قاراڭ، ئاكا، تاينىڭ قىزىسى...

— كالىنىڭ ئەمەستۇر ـ هە؟

— نېمە دەۋاتىسىز، ئاكا، قىزىغا ساختىلىق قىلمايمىز،
ئاپىرىپ يەپ كۆرۈڭ، ئەگەر كالىنىڭ بولسا ياندۇرۇپ ئەكېـ.
لىڭ!

خېرىدار بىردەم تۇرۇپ كېتىپ بۇيرىدى:

— بوپتۇ، بەش كىلو تارتقىن، — دېدى، — ماۋۇنى
ئاپىرىپ كۆرۈپ باقىمەن، ئەگەر ياخشى بولسا ئەتە جىقراق ئالـ.
مەن.

— بولىدۇ، ئاكا، بولىدۇ...

ئۇلارنىڭ سودىسى شۇنداق باشلاندى، بىرنەچچە كۈن سودا
قىلغاندىن كېيىن شۇنى ھېس قىلىشتىكى، بۇ شەھەردە قىزىنىڭ
بازىرى ئىتتىك ئىكەن، ئۇلار ئون كۈن دېگەندە ئەكەلگەن قىزىـ.
لىرىنى سېتىپ بولدى، قىزىلارنىڭ بۇنداق تېز سېتىلغانلىقىدىن
رازى بولغان خوجايىن كېلىشكەن ھەققىدىن سىرت، ئۇلارنىڭ
ھەربىرىگە ئىككى يۈز سومدىن مۇكاپات بەردى.

— مەن سىلەرنى سودا قىلالمامدىكىن دېگەنىدىم، — دېدى

ئۇ خۇش بولۇپ، — پەمىگىلار باركەن، داۋاملىق ئىشلەۋېرىگىلار، قىزىنى ئۇدۇللۇق يەتكۈزۈپ بېرىمەن…

تۇرغان تاراقلاپ تۇرغان پۇلنى قويۇن يانچۇقىغا سېلىپ تۇرۇپ، خۇشاللىقتىن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى: «ئون كۈندە بەش يۈز سوم تاپتۇق - ھە، چوڭ شەھەردە پۇل تاپماق ئاسان دېگىنى راستكەن، بۇلاقسايدا نەچچە ئاي ئىشلىسەك-مۇ بۇنچىلىك پۇل كۆرمەيتتۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېچقانچە جاپامۇ تارتىپ كەتمىدۇق، شەھەر دېگەندە نېمىلا ئىش قىلسىمۇ بولغۇدەك جۇمۇ!»

— قانداق، تۇرغان؟ بۇ سودا بولامدىكەن؟ — يارمۇھەممەد ئۇنى باشلاپ ئاشخانىغا تاماق يېگىلى كىرگەندە سورىدى.

— بولىدىكەن، ئاداش، — دېدى ئۇ، — ئون كۈندە شۇنچە-لىك پۇل تاپتۇق، روزىكاممۇ ئوبدان پايدا كۆردىغۇ دەيمەن؟

— پايدا كۆرمىسە بىزگە مۇكاپات بېرىپ كەتمەيتتى دېگىنە، ئاڭلىسام بۇ قىزىلار ئۇنىڭغا ئون بەش سومدىن توختىغانمىش.

— ئون بەش سوم؟ — تۇرغان ھەيران قالدى، — ئۇنداقتا كىلو بېشىدىن يەتتە سومدىن پايدا ئالغان بولدى-دە؟

— شۇنداق بولىدۇ - دە، — يارمۇھەممەد كۈلۈپ قويدى، — مەن ئۇرۇمچىگە كەلگەندىن بۇيان بىر نەرسىنى چۈ-شەندىم، ئاداش، ئەگەر ئېپىنى بىلىۋالسا سودىدا ئاسان پۇل تاپقىلى بولىدىكەن… ئىلگىرى روزىكاممۇ سەن بىلەن مەندەك كۆك نامرات دېھقان ئىدى، ئىككى - ئۈچ يىل بولدى. سودىغا كىرىشىپ «لەپپىدە» كۆتۈرۈلۈپ كەتتى… كۆرۈۋاتىسەن، ئۆزى ماشىنا ئالدى، كاتتا قىلىپ ئۆي سالدى، شۇنىڭغا قاراپ قىلىدى-غان ئوقەت سودا ئىكەن، دەپ قالدىم.

— توغرا دەيسەن، — دېدى تۇرغان ئۇنى ماقۇللاپ، — بۇلاقسايدىن چىقىپ كېتىپ توغرا قىپتۇق، ئاداش، ئۇرۇمچىدە بىرەر قىش ئوقەت قىلساق خوتۇن ئالغۇدەك پۇلنىمۇ تېپىپ

قويغۇدەكمىز جۇمۇ!
— بىرەر ئاي بولمايلا زىبانى سېغىنىپ قالدىڭمۇ نېمە؟
— سېغىنمايچۇ؟ ... دادىسىنىڭ دېگەن گېپى جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتكەنتى جۇمۇ!
— رېھىم شاھ نېمە دېگەنتى؟
— «تۇرغاننىڭ قىزىمنى ئالغۇدەك پۇلى بارمىكەن؟ مەسۇم ھالىغا بېقىپ گەپ قىلسۇن» دەپتۇ ئەمەسمۇ، شۇ دېگىنىگە زىبانى ئەپقېچىپ كېتەي دېگەن، ئاڭغىچە ماۋۇ ئوقەت چىقىپ قالدى ـ دە ... خۇدايىم بۇيرۇسا، قىشچە پۇلنى تېپىپ بارسام رېھىم شاھنىڭ يوغان سۆزلىگىنىنى كۆرىمەن...
قېزا سودىسى ياخشى بولۇپ بەردى، ئەتىيازغىچە ئۇلار ھەر بىرى بەش مىڭ سومدىن پۇل تېپىشتى.
— قېزىنىڭ سودىسى ئەمدى تۈگىدى، — دېدى يارمۇھەممەد خوجايىن بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىپ، — ئەمدى بۇلاقسايىنى تېپىشالىمىزمۇ؟
— ھازىر كېتىپ نېمە قىلىمىز؟ — تۇرغان بېشىنى چايقىدى، — مەن، قارا، ئۆي سالمىسام بولمايدۇ، بەش مىڭ سوم نېمىگە يېتىدۇ دەيسەن، مەن دەيمەن مۇشۇ پۇلىمىزنى بىر ـ ئىككى يۇمىلىتىۋالايمىزمۇ؟...
بۇ بىرنەچچە ئايدىن بۇيان تۇرغاننىڭمۇ كۆزى ئېچىلىپ، تونۇش ـ بىلىشلىرى كۆپەيگەنىدى. يارمۇھەممەد ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ سورىدى:
— ئەمدى نېمە ئوقەت قىلىشنى ئويلىشىۋاتىسەن؟
— ئىچكىرىگە كىرىپ باقساقمىكىن دەيمەن.
— ئىچكىرىگە؟ — يارمۇھەممەد ھەيران بولدى، — ئۇ يەردە نېمە قىلىمىز؟
— ئىچكىرىدە ئۇنئالغۇ بەك ئەرزان ئىكەن، تونۇگۇن ئىمام قاپاقلار ئۇچراپ دەۋاتىدۇ، بىرگە بىر پايدا قىلىدىكەن، ئۇلار

يەنە ماڭغۇدەك، بىكار بولساڭ بىز بىلەن بىرىپ كەل دەۋاتىدۇ، بىرىپ كەلمەيمىزمۇ؟

يارمۇھەممەد بىردەم گەپ قىلماي ئولتۇردى:

— تۇرغان، — دېدى ئۇ ئاخىر، — ئىمام قاپاقلارنى سەن بىلەن مەن دورىيالمايمىز، ئۇلار ئىچكىرىدە زادى نېمە سودا قىلىدۇ، بىلىپ بولمايدۇ، ئۇلار توغرۇلۇق كوچىدا ھەر خىل گەپلەر بار، قارا، ئەڭ ياخشىسى ئۇ ياققا ھازىرچە بارماي تۇراي-لى، مەن بازارنى كۆرۈپ قويدۇم، روزىكامنىڭ ناھىيىدە دۇكى-نى بار، بىز مۇشۇ يەردىن مال يەتكۈزۈپ بەرسەكمۇ پايدىسى ئوبدانلا بولىدىكەن، تىنچراق شۇ ئوقەتنى قىلساق بولامدىكىن، ئاداش...

— روزىكامنىڭ سىقىپ بەرگىنىگە قاراپ قاچان پۇل تاپى-مىز، قويغىنا، ماۋۇ سودىدا ئېپى كېلىپ قالسا بىر قېتىمدىلا ئون - ئون بەش مىڭ قولغا كىرىدىكەن...

— ئۇنداق ئاسان كېلىدىغان پۇل يوق، ئاداش...

— ئىشەنمەمسەن؟

— ئىشەنمەيمەن...

— ئەمىسە سەن كۆرۈپ تۇر، ئەمما كېيىن پۇشايمان قىلمى-ساڭ بولىدۇ...

يارمۇھەممەد قانچە يالۋۇرسىمۇ تۇرغان ئۆزىنىڭ دېگىنىدە تۇرۇۋېلىۋالدى، نەچچە كۈن ئۆتۈپ ئۇ ئىمام قاپاقلار بىلەن ئىچ-كىرىگە كىرىپ كەتتى ۋە شۇ كەتكەنچە مانا تاھازىرغىچە ئۇنىڭ ئىز - دېرىكى بولمىدى، يارمۇھەممەد ئۇنى سودىگەر باللاردىن جىق سۈرۈشتۈرۈپ باقتى، لېكىن ئۇنى كۆرگەنلەر چىقمىدى. يارمۇھەممەد بولسا ئۇرۇمچىدە بىر ياز تۇرۇپ يىگىرمە مىڭغا يېقىن پۇل تېپىپ بولاقسايغا قايتىپ كەلدى ۋە شۇ پۇلنى دەسمايە قىلىپ چوڭلا دۇكان ئېچىۋالدى...، ئۇنىڭ بىرلا ئارزۇ-سى پەرىدەگە كۆڭلىنى ئىزھار قىلىپ كۆزگىچە توينى قىلىۋې-

لىش ئىدى. لېكىن، بۈگۈن ئايان بولدىكى، مەسۇم تارانىنىڭ پەرىدەنى ئۆنىڭغا بېرىدىغان تۈرى يوق: «هەي، تۇرغان! — دېدى ئۇ هەسرەت بىلەن ئۇھ تارتىپ، — ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ، ماڭىمۇ قىلدىڭ، مېنىڭ گېپىمگە كىرگەن بولساڭ بۇ كەمگىچە زىبا بىلەن توينىمۇ قىلىپ بولاتتىڭ. زىبا تۇنۇگۈنلا مەندىن سېنىڭ خەۋىرىڭنى سورىدى. بىچارە قىز ئورۇقلاپ كېتىپتۇ، سەن زادى نەلەردە يۈرۈۋاتقانسەن؟ مەن داداڭنىڭ پەرىدەنى بەختسىز قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيمەن...»

يارمۇھەممەد قەبرىستانلىقتا ئۇزاق ئولتۇردى. ئۇنى بىر-بىرىدىن ئەنسىز خىياللار قايمۇقتۇرۇپ قويدى...

## 7

پەرىدەنىڭ مۇئامىلىسى جالالنى ئەندىشىگە سېلىپ قويدى، بولۇپمۇ قايسى كۈنى دۇكاندا يارمۇھەممەدنىڭ ئالدىدا ئۇنى سىلكىپ چىقىپ كېتىشى ئۇنىڭغا تولىمۇ ئەلەم قىلدى، بۇلاقسايدا هازىرغىچە هېچكىم ئۇنىڭغا بۇنداق قوپاللىق قىلىپ باقمىغان... «ئۇ نېمىسىگە شۇنچىلىك يوغانچىلىق قىلىدۇ، ناهايىتى مېنىڭدىن بىرقانچە يىلنى ئارتۇق ئوقۇغانلىقى ئۇچۇنمۇ؟ ... ئوقۇغان بولسا نېمە بوپتۇ، هازىر ئالىي مەكتەپلەرنى ئوقۇپ كەلگەنلەرمۇ دېهقان بولۇپ يۈرمەمدۇ، هازىر كىم نوچى؟ كىمنىڭ يېنى توم بولسا، پۇلى بولسا شۇ نوچى ... جالال دېگەن كىمنىڭ بالىسى، بۇلاقسايدا هەممە ئادەم بىلىدىغان باي — رېهىم شاهنىڭ بىر تال ئوغلى، ئۇنىڭ قولى نەگە سوزسا يېتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا مەسۇم تارانلار نېمىتى؟ شۇ هالىغا تېخى ئوغلىغا زىبانى سوراپ ئەلچى كىرگۈزدى، پەرىدەنىڭ كۆڭلىدە شۇ غوم بارمىكىن-يا؟ ... هازىرغۇ بۇلاقسايدا نۇرغۇن ئادەملەر مېنى كۈيئوغۇل قىلسام دەپ يۈرىتىپ يۈرىدۇ، شۇنچە قىزلار تۇرۇپ نەدىن بۇ پەرىدەگە

كۆڭلۈم چۈشۈپ قالدىكىنتاك؟ چىرايىنى دېسەم، «ۋاي» دەپ كەتكۈچىلىكىمۇ يوق، لېكىن نېمىسىدۇر ئادەمنى كۆيدۈرىدۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا مەھەللىدىكى قىزلار كۆزۈمگە جىن كۆرۈنىدىغان بولدى ... ئۇ نېمىشقا ماڭا قوپاللىق قىلىدۇ؟ ئاۋۇ يارى دېگەن هارىمى ئۇنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋاتقاندەك قىلامدۇ نېمە؟ تۇنۇ-گۇن يولدا ئىككىسى يەنە پاراڭلىشىپ تۇرىدۇ، دەيدۇ. يېقىندىن بۇيان ئۇلار تولا كۆرۈشىدىغان بولۇشۇپ قالدى ... خەپ، يارى، مەن ساڭا ئۆزۈمنى ئۇبدان بىر تونۇتۇپ قويمىسام هوشۇڭنى يىغمايدىغان ئوخشايسەن، سەن كىم؟ تۇنۇگۇنلا خەقلەرنىڭ ئىشىد-كىدە يۈندى يالاپ يۈرگەن نېمىتىڭ، سەن يېتىم ئوغلاقنى كىم بىلمەيدۇ، ئەمدى ماۋۇ كۈنگە كېلىپ ئاشۇ بىر دۇكان بىلەن دۈمبەڭ سەل ئاپتاپ كۆرۈپ قېلىشۋېدى، مېنىڭ نېسىۋەمگە قول سوزماقچى بولۇۋاتامسەن؟ خام خىيال قىلما، جالالنى بوزەك قىلىدىغان ئادەم بۇلاقسايدا تۇغۇلمىدى، ۋاقتى كەلگەندە جالال سېنى يوغان سۆزلىتىۋاتقان ئاشۇ دۇكىنىڭغا ئوت قويۇۋېتىپ هۆددىسىدىن چىقالايدۇ، شۇ قېرىشقىنىڭغا پەرىدەنى ئالغىنىم ئالغانغۇ! ...»

جالال قولىنى كۆيدۈرگەن تاماكىنىڭ قالدۇقىنى ئاچچىقى بىلەن يەرگە پىرقىرىتىپ تاشلىدى ـ دە، يانچۇقىدىن يېڭى بىر تالنى ئېلىپ تۇتاشتۇردى. ئۇنىڭ كاللىسىنى بىر ـ بىرىدىن ئاچچىق، ئەلەملىك خىياللار چىرمىۋالغانىدى. شۇڭا ئۇ ئەتىگەن-دىن بۇيان پۈتۈن دەردىنى تاماكىدىن ئېلىپ ئۆيدىن چىقماي ياتاتتى.

هويلىدا دادىسىنىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— جالال! ... هاي، قېنى سەن؟ ...

جالال دادىسىنىڭ ئۈنىنى تونۇپ خۇشياقماي قوپۇپ هويلىغا چىقتى.

— نېمە بولدى؟ — دېدى ئۇ.

رېھىم شاھ ۋېلسىپىتىنى ئۆيىنىڭ تېمىغا يۆلەپ قويۇپ يېڭى بىلەن يۈز- كۆزىدىن قويۇلۇۋاتقان تەرىنى ئېيتتى، ئۇ ئالدىراپ كەلگەچكە ھاسىراپ كەتكەنىدى. يوغان بەستىگە كىچىك كېلىپ قالغان كۆڭلىكىدىن گۆشلۈك قورسىقى چىقىپ قالغانىدى.

— تراكتورنى ياساپ بولدۇڭمۇ؟ — دېدى ئۇ جالالدىن.

— نېمە بولدى؟

— تۆۋەنكى مەھەللىنىڭ ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىغا تاش توشۇيدى-غان سودا چىقىپ قالدى، پۇلى ئوبدان ئىكەن، ھازىر سۆزلىشىپ كەلدىم.

«بۇ دادام پۇلنىڭلا كويىدا، — جالال ئاچچىقى بىلەن تەرىنى تۈردى، — مېنىڭ توي ئىشىم خىيالىغا كىرىپمۇ چىقمايدۇ، گەپ قىلمىسام بۇ يىل يازنىمۇ ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان ئوخشايدۇ جۇ-مۇ، توختا!...»

— تراكتورنى ئوڭشىغىلى بولمىغۇدەك، — دېدى ئۇ بېشى-نى چايقاپ.

— نېمىشقا، نېمە بولدى؟

— رادىئاتور قايناپ بولمايۋاتىدۇ.

— تېخى ئۆتكەندىلا ياساتقانىدۇققۇ؟ — رېھىم شاھنىڭ گۆشلۈك قاپىقى سېلىندى، — نېماداق تولا بۇزۇلىدۇ؟...

— تۇزۇك ياسىماپتۇ، يەنە قايناپ بولمايۋاتىدۇ.

— ماۋۇ پېشكەللىكنى، — رېھىم شاھ تىتىلداپ كەت-تى، — تازا ئوقەت قىلىدىغان چاغدا كارغا كەلمىگىنىنى كۆر-مەمدىغان، قانداق قىلدۇق ئەمدى، مەن توختامنى تۈزۈپ كەلگەن-تىم ئەمەسمۇ؟

— ماڭا نېمە ئامال بار؟...

رېھىم شاھ ئەتىگەندىلا جالالغا: «تراكتورنى بىر تەكشۈرۈپ تەييار قىلىپ قويغىن!» دەپ تاپىلاپ كەتكەنىدى، پەرىدەنىڭ ئاچچىقىنى ئىچىگە سىڭدۈرەلمەي تۇرغان جالال ئەلىمنى تراك-

تۇردىن ئېلىپ رادىئاتورغا مىخ ئۇرۇپ تېشىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ ھازىر ھېچقانداق ئىشقا قولى بارمايتتى، رېھىم شاھ بولسا ئوغلى-نىڭ گېپىنى ئاڭلاپ يېلى چىققان توپتەك بوشىشىپ كەتتى، ئۇ باياتىن يولدا كەلگۈچە كۆڭلىدە ھېساب قىلىپ، بۇ سودىدىن بەش مىڭ سوم نەق پايدىنى چىقىرىپ قويغانىدى. «بۇ پۇل قاراپ تۇرۇپ قولدىن چىقىپ كېتەرمۇ؟» ئۇ شۇلارنى ئويلاپ يۈرىكى-نىڭ بىر يېرى ھەرە چاققاندەك ئېچىشىپ كەتتى.

بۇلاقسايدا رېھىم شاھنى كىچىكتىن چوڭ ھەممىسى ياخشى بىلەتتى، تۆتىنچى سىنىپقىچە ئوقۇغان بۇ ئادەم كوممۇنا يىللىرى ئەترەتنىڭ بوغالتىرى بولۇپ ئىشلىگەنىدى. ئۇزۇن يىل ھېساب بىلەن ھەپىلىشىپ ئۆتكەن بۇ ئادەم كوممۇنا تارقىلىپ يەككە ئىگىلىككە يول قويۇلغاندا بوغالتىرلىقنى تاشلاپ ھەممە يىغقان پۇلىغا قوي ـ كالا ئېلىپ چارۋا بوردىدى. ئۇنىڭ ئامىتى كېلىپ شۇ يىلى جانلىق مالنىڭ باھاسى تازىمۇ ئۆرلەپ، چارۋىلىرىنى ئوبدان پۇل قىلدى، ياندۇرقى يىلى ئۇ بۇلاقسايدا تۇنجى بولۇپ تراكتور سېتىۋېلىپ، دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى ھەيدەپ بېرىپ كىرىم قىلدى، ئۆمرى ھېساب بىلەن ھەپىلىشىپ ئۆتكەچكە ئۇ شۇنچىلىك ئىنچىكە ھېساب قىلاتتىكى، ھەتتا ئېتىزنىڭ بېشىدى-كى تراكتور ئايلانغان قۇرۇق يەرنىمۇ «ماي كەتتى ئەمەسمۇ!» دەپ ئاغدۇرۇلغان يەرگە كىرگۈزۈپ، دېھقانلاردىن نەچچە سومنى ئوشۇق ھېسابلاپ ئالاتتى. بۇلاقسايلىقلار كەينىدىن ئۇنى قار ـ يامغۇر تىللاپ تۇرسىمۇ، تېرىلغۇ ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئالدىغا كەلمەي ئامالى يوق ئىدى. بىرقانچە يىلدىن بۇيان ئۇ ئوبدانلا كۆتۈرۈ-لۈپ، ئىلگىرىكى كونا ئۆيىگە يانداپ ئىككى ئېغىز ئۆي سالدى، مەھەللىدىكى يەرلىرىنى تېرىيالمىغان نامرات دېھقانلارنىڭ يەرلى-رىنى يىللىق سېتىۋېلىپ، ئالدى ـ كەينى بولۇپ بىرەر يۈزمو-دىن ئوشۇق يەرگە ئاشلىق تېرىيتتى، دېھقانچىلىقتىن بۆلەك تاغدا سانىنى ئۆيدىكىلەرمۇ بىلمەيدىغان چارۋىلىرى بار ئىدى.

رېھىم شاھ شۇنچىلىك باي بولغىنىغا قارىماي پۇل خەجلەشكە تولىمۇ قاتتىق ئىدى. بۇلاقسايلىقلار ئۇنىڭ ھېيت ـ ئايەملەردىمۇ ئۇستىگە بىرەر قۇر يېڭى كىيىم ئېلىپ كىيگىنىنى بىلمەيتتى، ياز كۈنلىرى ئۇ ئۇستىگە ئاپتاپتا ئۆڭۈپ، كىرىشىپ كەتكەن كۆڭلەك بىلەن نەچچە يېرىگە ياماق چۈشكەن ئىشتاننى ئۇستىدىن چۈشۈرمەي يازنى چىقىراتتى، پۇتىغا بولسا شور ئۆرلەپ كەتكەن سېرىق چۇخەي كىيەتتى. بۇ چۇخەي شۇنچىلىك كونىراپ، سېـ-ـسىپ كەتكەنكى، توي ـ تۆكۈنلەردە ھەممە ئادەم ئۇنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇشتىن قاچاتتى، بۇلاقسايدا ئۇنىڭ ۋېلىسىپىتى ھەممىگە تونۇشلۇق ئىدى. سىرلىرى چۈشۈپ قۇرۇق تۆمۈر بولۇپ قالغان بۇ ۋېلىسىپىت ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىۋاتقىلى ئون يىللاردىن ئاشقا-نىدى. بۇلاقسايلىقلار خېلى يىراقتىنلا خۇددى مايسىرىغان ھارۋ-دەك غىچىرلاپ مېڭىشىدىن رېھىم شاھنىڭ ۋېلىسىپىتىنى تونۇ-ۋالاتتى. تولا مىنىپ ئاخىر ۋېلىسىپىتنىڭ ئېگىرى ئۇپراپ چۈ-شۈپ قالدى، رېھىم شاھ بولسا ئۇنىڭغا يېڭى ئېگەر ئېلىپ ئالماشتۇرۇشقا قورسىقى ئاغرىپ تۆمۈر پۇرژىنىنىڭ تۆپىسىدە ئولتۇرۇپ مىنىپ يۈرگىنىگىمۇ بىر يىلدىن ئاشتى. شۇنداق مىنگەچكىمۇ، ئۇنىڭ ئىشتىنىنىڭ كەينىگە قات ـ قات ياماق چۈشۈپ كەتتى.

رېھىم شاھ كىيمەي، يېمەي يىغقىنى بىلەن ئۇنىڭ دۇنياسى-نىڭ ئەدىپىنى ئوغلى جالال بېرەتتى، كىچىكىدىن ئەركە ئۆسكەن جالال باشلانغۇچنى چالا ـ بۇلا ئوقۇدى. ئۇ مەكتەپتە كۈندە دېگۈدەك بىرەر ساۋاقدىشى بىلەن سوقۇشاتتى، سىنىپنىڭ پارتا، ئەينەكلىرىنى چاقاتتى، مۇئەللىملەر ئۇنىڭغا تەربىيە قىلىپمۇ زېرىكتى، ئىمتىھانلاردىن بولسا نۆللا ئالاتتى، ئاخىر ئۇ مەكتەپكە ئۆزلۈكىدىن كەلمەس بولدى، مۇئەللىملەرمۇ بۇ ئاپەتتىن قۇتۇل-غىنىغا خۇش بولۇشۇپ ئۇنىمۇ مەكتەپكە چاقىرمىدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بىر مەزگىل كەپتەر باقتى، خوراز سوقۇشتۇرۇپ

يۇردى، قانداقلا بىر ئويۇن چىقسا بىرىنچى بولۇپ جالال شۇنى قىلىپ باقاتتى. دادىسى تراكتور سېتىۋېلىپ پۇل تاپقاندىن كېيىن، ئۇ مەھەللىدە تۇنجى بولۇپ موتسىكلىت سېتىۋېلىپ مىندى. ئۇ ئەتىگەندىن كەچكىچە مەھەللىنىڭ توپىلىق يولىدا موتسىكلىتنى قۇيۇندەك چاپتۇرۇپ ئوينايتتى، ئاخىر ئۇ مەھەللىدىكى ئەلەيدىن دېگەن يىگىتنى موتسىكلىتتا ئۇرۇۋېتىپ پۇتىنى سۇندۇرۇۋەتتى، ئەلەيدىن بالىنىستا ئىككى ئايدىن ئوشۇق يېتىپ سەللىمازا بولۇپ ساقايدى، رېھىم شاھ ئۇنىڭ داۋالىنىشى ئۇچۇن ئون مىڭنى تۆلەپ ئاران قۇتۇلدى... شۇنىڭدىن كېيىنمۇ جالال نەچچە قېتىم جېدەل تېرىپ تۇرمىگە كىردى، ھەر قېتىم رېھىم شاھ چىرقىراپ تۇرۇپ جەرىمانە تۆلەپ ساقچىدىن ئېلىپ چىقاتتى. رېھىم شاھ ئۇنى ئۇرۇپ - تىللاپمۇ، چىرايلىق نەسىھەت قىلىپمۇ تۈزىيەلمىدى، ئاخىر ئۇ جالالنى ئۆيلەپ، ئۆيىنى ئايرىۋېتىپ قۇتۇلماقچى بولدى، شۇ خىيال بىلەن ئۇ مەھەللىدىكى تۇغقانلارنىڭ قىزلىرىنى سايە قىلىپ باققانىدى، لېكىن جالال ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ ياراتمىدى. ئۇ: «پەرىدەدىن بۆلەك ھېچكىمنى ئالمايمەن! » دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. شۇڭا رېھىم شاھ ئەتىيازدا مەھەللىدىكى چوڭلاردىن ئۇچەيلەننى مەسۇم تارانىنىڭ ئۆيىگە ئەلچىلىككە كىرگۈزگەنىدى، مەسۇم تاران ئۇنىڭ يۈزىنى قىلىدىمۇ، «قىزىمىز تېخى ئوقۇۋاتىدۇ» دەپ ياندۇرۇۋەتكەنىدى...

رېھىم شاھ بىرھازاغىچە تراكتورنى، رېمونتچىنى تىللاپ بولغاندىن كېيىن ئۆيگە كىرىپ ئايالىغا دوق قىلدى:

— جالالغا نېمە بولدى، پىرى تۇتۇپ قاپتۇغۇ؟

ئورۇق، قاپقارا ئايال ئېرىگە كايىدى:

— نېمە بولغانلىقىنى مەن نەدىن بىلەي ... خوتۇن ئالغۇسى كەلدىمىكىنتاك ...

رېھىم شاھنىڭ كۆز ئالدىغا توينىڭ چىقىمى كېلىپ چىرايى تۇرۇلدى.

— كىمنى ئالىمەن دەيدۇ؟
— مەسۇم تاراننىڭ پەرىدەنى ئالغۇدەك.
— ئۇنىڭغا ئەلچى كىرگۈزۈپ بولدۇقۇ، ئۇنىڭغا يەنە يالۋۇ-
رامدۇق؟
— «قىزى بارنىڭ نازى بار» دەيدۇ، بۇدا يەنە بىر ئەلچى كىرگۈزۈپ باقساق بولمامدۇ؟ پەرىدە بەك ئوڭلۇق قىز بولغانتى...
رېھىم شاھ بىردەم قاانداق قىلاي دېگەندەك ئولتۇرۇپ كەتتى: «بۇدا يەنە ئالدىغا بارسا ئۇنىڭ ئېشىپ تويلۇقنى ئېغىر سېلىۋېتەرمۇ؟... قېرىشمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ... قانداق قىلىش كېرەك؟... تۇغقانلارنىڭ ئەرزانلا قىزلىرى بار ئىدى - دە. هازىرقى باللار ئۆتۈپ كەتكەن ئەخمەق - دە، خوتۇن دېگەن تامىقىڭنى ئېتىپ، باللىرىڭنى بېقىپ بەرسىلا بولدى ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭغا چىرايىغا، يەنە بىرنېمىسىگە ئاش قويۇپ ئىچكىلى بولام-تى؟... خەپ، بۇگۇن ماۋۇ تاشنى توشۇۋېتىدىغان ئىش ئىدى، قاراپ تۇرۇپ بەش مىڭ كوي قولدىن چىقىپ كېتىدىغان بولدى...»
— قانداق قىلىسىز؟ — نۇربۇۋى تاقەتسىزلىنىپ سورىدى.
رېھىم شاھ بىردەم پۇشۇلداپ ئولتۇرۇپ كېتىپ بېشىنى كۆتۈردى:
— بوپتۇ، ئەلچىلەرنى يەنە بىر كىرگۈزۈپ باقايلى.
— كىملەرنى كىرگۈزىسىز؟
— شەمشى بىلەن جەپەنى...
— قويۇڭە ئۇ تازنى، — نۇربۇۋى ياراتمىغاندەك قاش - قاپىقىنى سۈزدى، — بولسا ناسىر ئىمام بىلەن ئابدۇلكامنى ئوتتۇرىغا سېلىڭ، ئەلچى دېگەننىڭ يۈز - ئابرۇيى بولسا بولى-دۇ.
«ناسىر ئىمامىڭ بىر قەدەمنى بىكارغا ماڭمايدۇ، ئۇن سوم-

نى ئالدىغا قويمىساڭ چىرايىڭغا قاراپمۇ قويمايدۇ، ئابدۇل مەزىن دېگەن ئۇنىڭدىن ئۆتەر تەمەخور، بۈگۈن قاراپ تۇرۇپ بىرمۇنچە پۇلنىڭ بېشىغا سۇ قۇيىدىغان بولدۇم ـ دە، خەپ...»

— مەن ناسىر ئىماملارنىڭ قېشىغا بېرىپ باقاي، — دېدى رېھىم شاھ ئورنىدىن قوپۇپ ماڭغانىدى، نۇربۇۋى ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ئەلچىلەرگە تاماق قىلىپ تۇرسام بولار، قورۇق چاي قويمىمەنمۇ؟

— نېمە تاماق قىلىسەن؟ — رېھىم شاھ خۇشياقماستىن سورىدى.

— پولۇ قىلساق بولار، ناسىر ئىمام كىچىك ئادەم ئەمەس... ئۆيدە بىر توغرامۇ گۆش قالمىدى جۇمۇ!...

رېھىم شاھ بىردەم پۇشۇلداپ تۇرۇپ كەتتى ـ دە، كەينى يانچۇقىدىن پۇرلىشىپ كەتكەن پۇللارنى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئون سوملۇق بىر قەغەزنى ئېلىپ نۇربۇۋىگە سۇندى.

— بۇنىڭغا بىر كىلو گۆش كەلمەس؟ — دېدى نۇربۇۋى.

— بولدى، يېتىدۇ، — دېدى رېھىم شاھ خوتۇنىغا ئالىيىپ، — مايىنى جىق قۇيۇۋەتمە جۇمۇ!...— ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، ۋېلىسىپىتىنى يېتىلەپ كوچىغا ماڭدى. نۇربۇۋى بولسا رېھىم شاھ بەرگەن پۇلغا قاراپ قويۇپ غۇدۇرىدى:

— پۇللىرىڭنى گۆرۈڭگە ئەكېتەرسەن، ئىلاھىم...

ئارىدىن بىر ئاش پىشىم ئۆتۈپ ناسىر ئىمام باشلىق ئەلچىلەر رېھىم شاھنىڭ ئۆيىگە يېنىپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ سالپايغان تۇرقىدىنلا رېھىم شاھ مەسۇم تارانىنىڭ جاۋابىنى ئۇقۇپ بولغاندەك بولدى.

ناسىر ئىمام ئۆيگە كىرىپلا قايناپلا كەتتى:

— مەسۇم دېگەن بۇ توڭغا نېمە هال دەيمەن؟... ئۇ قىزىنى خۇددى هاكىمغا بېرىدىغاندەك قىلىپ كەتتا... بىر پىيالە چايمۇ

قوياي دېمىدى.

— شۇنداقلىقىدىنمۇ بىر چاپىنى ئىككى بولماي كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ئابدۇل مەزىن ئۇنى قوۋۋەتلەپ، — رېھىم شاھدەك ئادەمگە قۇدا بولسا دوپپىسىنى ئاسمانغا ئاتامدۇ؟

— شۇنداق دېگىنىگە بىر كۈنى بىر كەلگۈندى بىلەن قاچسا ئاندىن تويىدۇ...

— راست... ئۇ چاغدا پۇشايماننى ئالىمەن دېسىمۇ قاچا تاپالمايدۇ.

— رېھىم شاھ! — دېدى ناسىر ئىمام، — مەھەللىدە باشقا قىز يوقتەك نېمە ئۇ توڭغا چاپلىشىپلا قالدىڭ؟ ئوغلۇڭغا دېگىن، باشقا يەردىن تاپسۇن!

— مەنمۇ شۇنى دېسەم، — دېدى رېھىم شاھ تىترىكىپ، — بۇ جوھۇتنىڭ كۆزىگە توڭنىڭ قىزى ھۆر - پەرى كۆرۈنەمدىكىن، شۇنى ئالىمەن دەپ كىرىشىپلا قىلىۋاتامدۇ؟

— بۇ كۈننىڭ بالىلىرى ئەخمەقتە...

ناسىر ئىمام باشلىق ئەلچىلەر پولۇنى يەپ قايتىشتى، ئۇلار ئىشىكتىن چىقىشىغا رېھىم شاھ قايناپ كەتتى.

— مەن تاماق ئەتمە دېسەم ئۇنىماي كەتتىڭ، مانا بىكارغىلا بىرمۇنچە پۇلنىڭ كۆزىگە ياغاچ تىقتۇق، ئوبدان بولدىمۇ؟

نۇربۇۋى ھەممە ئىشقا ئۆزى ئەيىبلىكتەك گەپ - سۆز قىلمىدى.

— جالالغا دېگىن! — دېدى رېھىم شاھ ئاچچىقى بىلەن، — ئەمدى مەسۇمنىڭ ئۇ قىزىغا چاپلىشىۋالماي، باشقا قىز تاپسۇن! ئۇنداق قۇرۇق ياندىغان ئەلچىلەرگە چىچىۋېرىدىغان پۇل يوق...

كەچتە ئاپىسىدىن مەسۇم تاراننىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغان جالال ئاچچىقى كېلىپ بوغۇلۇپ كەتتى. «قىزى رازى ئەمەسمىش، بۇ خەق نېمىسىگە يوغانلىق قىلىشىدۇ؟ — جالال ئاغزىنى بۇزۇپ

تىللىدى، — ياق، ئۇلارنى قايدۇرۇۋاتقان ئادەم بار، بۇ يارى دېگەن خۇمسىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشى، ئۇ گويى مېنى زادىلا كۆرەل-مەيدۇ، پەردەمۇ ئۇنىڭ نېمىسىگە ئاشىق بولىدىغاندۇ؟ پۇلىغى-مۇ؟ ئۇنچىلىك پۇل مەندىمۇ بارغۇ؟··· مەن ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇپ توي قىلالىتتىم···» جالال ئويلىغانسېرى كۆزىگە قان تولدى، تو-مۇرلىرى كۆپۈشتى، جالالنىڭ خۇيى شۇنداق ئىدى. ئۇنىڭ ئاچ-چىقى كەلگەندە كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئاپىسىنىڭ «تامىقىڭنى يەۋال!» دېگىنىگىمۇ قارىماستىن ئۇدۇل يارمۇھەم-مەدنىڭ دۇكىنىغا باردى. بۇ چاغدا يارمۇھەممەد دۇكاننى تاقاپ تۇراتتى، جالال كەلگىنىچە ئۇنىڭ ئالدىنى توستى:

— نەگە ئالدىراپ ماڭدىڭ؟ — دېدى ئۇ يارمۇھەممەدكە دېۋەيلەپ.

— مېنىڭ نەگە بېرىشىم بىلەن سېنىڭ نېمە كارىڭ؟ — يارمۇھەممەدمۇ توك تەگدى، — سېنى بىرى ساقچى قىلىپ قويدىمۇ؟

— مېنىڭ كارىم بارغۇ··· ئۆتكەندە مەن ساڭا نېمە دېدىم؟

— نېمە دېگەنتىڭ؟

— پەردىن ئۆزۈڭنى تارت دېدىمغۇ، سەن نېمىدەپ ئۇنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرىسەن؟

— بۇنى سەن پەردەنىڭ ئۆزىدىن سورا!

— ياق، سېنىڭدىن سورايمەن، — جالال چاپىنىنى سېلىپ پىرقىرىتىپ تاشلىدى، — ھەممىنى قىلىۋاتقان سەن!

— جالال! — دېدى يارمۇھەممەد ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، — بۇنداق يولسىزلىق قىلىپ كەتمە، مەن پەردەگە ھېچ نەرسە دېمىدىم.

— سەن گەپ قىلمىساڭ نېمىدەپ توي قىلىشتىن يېنىۋال-دۇ.

— بۇنى مەن نەدىن بىلىمەن؟

— ھەممىنى قايمۇقتۇرۇۋاتقان سەن گۇي.
— جالال، ئاغزىڭنى بۇزما!
— بۇزسام قانداق قىلىسەن؟... — جالال شۇنداق دېدى-دە، تۇيۇقسىز تۇرغان يارمۇھەممەدنىڭ ئېڭىكىگە بىرنى سالدى. يارمۇھەممەد سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ يەرگە يىقىلىپ چۈشتى. ئۇ ئەمدى قوپاي دەپ تۇرۇشىغا جالال ئېتىلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ بىقىنلىرىغا تەپكىلى تۇردى. ئۇنىڭ كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈن-مەيتتى، ھايت - ھۇيت دېگۈچە جالال يارمۇھەممەدنىڭ يۈز - كۆزىنى قىپقىزىل قانغا بوياپ قوپالماس قىلىۋەتتى. شۇ ئارىدا دۇكانغا سودا قىلغىلى كەلگەنلەر ئۇلارنى ئاجرىتىپ قويدى.
— مۇشۇ تاياق ئېسىڭدە بولسۇن جۇمۇ! — دېدى جالال كېتىۋېتىپ.
ئىلەك كېلىپ يارمۇھەممەدنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ يۆلىدى.
— بۇ قانغا نېمىدەپ تېگىشكەن بولغىيتتىڭ؟ — دەپ سورىدى ئۇ، — نېمىدەپ ئۇرۇشۇپ قالدىڭلار؟
— ھېچ گەپ يوق، ئىلەككا، — دېدى يارمۇھەممەد يېڭى بىلەن يۈزىدىكى قانلارنى ئېرتىپ تۇرۇپ، — چاقچاق قىلىشقان-تۇق...
— ئۇنىڭغا چاقچاق قىلغان سەنمۇ ئەخمەقتە، ئۇنىڭ مىجەز-نى بىلمەمتىڭ؟
يارمۇھەممەد ئادەملەرنىڭ يىغىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ چىشىنى چىشلەپ ئورنىدىن تۇردى، ئۇنىڭ قورسىقىنىڭ بىر يەرلىرى كۆيۈشۈپ ئاغرىيتتى، ئۇ كىيىمىنىڭ تۈپىسىنى قاقتى - دە، ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئىلەك بولسا ئەتراپتىكىلەر-دىن سورىدى:
— ئۇلار نېمىدەپ سوقۇشتى ئۇقتۇڭلارمۇ؟
ھېچكىم ئېنىق بىر جاۋابنى دەپ بېرەلمىدى، ھەركىم ئۆزى-چە مۇلاھىزە قىلىشاتتى...

ئىسرائىل تاڭ بىلەن تەڭ ئويغانغان بولسىمۇ قوپقۇسى كەل-
مەي يېتىۋەردى. ئۇنى كۆڭۈلسىز خىياللار بىئارام قىلماقتا
ئىدى. قانداقتۇر بىر بۇرۇقتۇرمىلىق، تىتىلداش ئىچىگە كىرد-
ۋېلىپ يۈرىكى سىقىلغاندەك بولاتتى. مانا ئۇ بولاقسايغا كەلگىلى-
مۇ ئىككى ئاي بولاي دەپ قالدى، ئەمما پىلان قىلغان ئىشلار
كۆڭۈلدىكىدەك يۈرۈشمىدى، ئۇ ئەسلىدە يازىچە بولاقسايلىقلارنى
يېڭى مەھەللىگە كۆچۈرۈپ چىقىمەنغۇ، دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن
مانا يازنىڭ يېرىمى ئۆتۈپ بولاي دېدى، يېڭى مەھەللىگە ئۆي
سېلىۋاتقانلار ئون ئۆيلۈككىمۇ يەتمىدى. چوڭلارنىڭ تولىسى
ئاتا - بوۋىلىرى ماكان تۇتقان ساينى تاشلاپ كېتىشنى خالىمىدى.
«مەن بولاقسايلىقلارغا هازىرغىچە تىلغا ئالغۇدەك چوڭراق بىر
ئىش قىلىپ بېرەلمىدىم. خەقلەر مېنى نېمە دەۋاتىدىكىن؟ ‹بۇ-
نىمۇ كۆرۈپ قويدۇق، يېڭى كەلگەندە گەپنى خېلى چوڭ قىلىۋا-
تاتتى، قېنى ئۇ ئاتقان پولىرى؟ كۆزگە قالماي بومۇ قويرۇقىنى
تىكىۋېتىدۇ...› دەۋاتقاندۇ...» ئىسرائىل شۇلارنى ئويلاپ بىئارام
بولدى... دېرىزىدىن يېڭى كۆتۈرۈلگەن قۇياشنىڭ ئۆتكۈر نۇرى
شۇڭغۇپ كىرىپ، تامدا ئويناشقا باشلىدى، ئۇ خۇددى يىڭناغۇچ-
تەك گاھ بوشلۇقتا تىترەيتتى، گاھ شوخ قىزلاردەك ئوقچۇپ
تورۇسقا چىقىۋالاتتى، تۇرۇپلا هاۋادا ئاققان يۇلتۇزدەك ئىز قال-
دۇرۇپ، قاياققىدۇر يوقاپ كېتىپ، هايال ئۆتمەي پەيدا بولاتتى.
قۇياش نۇرىنىڭ شوخ ئويۇنىمۇ ئىسرائىلنىڭ ۋۇجۇدىنى قاپساپ
تۇرغان غەم - ئەندىشىلەرنى كۆتۈرۈۋېتەلمىدى.
ئىسرائىل ئۆتكەندە تېيىپ بىلەن مەسلىھەت قىلىشقاندىن
كېيىن ئەھۋالنى يېزا پارتكومىغا دوكلات قىلدى. پارتكوم شۇجد-
سى ئۇنىڭ پىلانىغا قوشۇلدى، توك تارتىش توغرۇلۇق ئۇ ئىككى
تايىن گەپنى قىلدى:

— ئەسلىدە بۇلاقسايىنى تۆۋەنگە كۆچۈرىدىغان بولغاچقا تولۇق مەسىلىسىنى ئويلاشمىغان، — دېدى ئۇ، — بۇنىڭغا ئاز ئىقتىساد كەتمەيدۇ، ناھىيىگە دوكلات يېزىپ باقساق نېمە دەيدىكىن؟…

ئىسرايىل يېزىنىڭ دوكلاتىنى ئېلىپ بىر ھەپتە ناھىيىدىكى مۇناسىۋەتلىك دېگەن ھەممە ئىدارىلەرگە كىرىپ چىقتى، ئەمما ئۇلاردىن كۆڭۈل تولغۇدەك جاۋاب ئالالمىدى. ئاخىر ئۇ ئوبلاستقا يىغىنغا كەتكەن ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسىنى ساقلاپ تۇردى، ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇ شۇجى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭغا بۇلاق-سايىنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي دوكلات قىلدى.

— مەن ئامال قىلىپ باراي، — دېدى ناھىيىگە يېڭى كەلگەن شۇجى ئىسرايىلنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، — ۋاقىتنى ھازىرچە ئېنىق دەپ بېرەلمەيمەن، ئالدىمىزدا ئورۇنلاشتۇرىدىغان بىرمۇنچە مۇھىم ئىشلار بار، سىز دوكلاتىڭىزنى ماڭا قويۇپ كېتىڭ!…

شۇجىنىڭ گەپلىرى ئىسرايىلغا ئۈمىد بېغىشلىدى، مانا شۇنىڭغىمۇ بىر ھەپتىدىن ئاشتى، شۇجىنىڭ كېلىدىغانلىقىدىن ھېچبىر خەۋەر يوق: «بىزنى ئۇنتۇپ قالدىمىكىن؟ دېمىسىمۇ، ناھىيىدە بۇلاقسايغا ئوخشاش نامرات، دەردى تولا ئورۇنلار ئاز-مۇ؟ قايسى بىرىگە يېتىشىدۇ؟… ناھىيىگە يەنە بىر بېرىپ باقسام بولامدىكىن، باشقىنىمۇ قويۇپ توكنى ھەل قىلىپ بەرگەن بولسا چوڭ ئىش بولاتتى…» ئىسرايىل يېڭى شۇجى توغرۇلۇق ناھىيىدە جىق گەپلەرنى ئاڭلىغانىدى. ئۇنىڭ قوشنا ناھىيىدە ئىشلەيدىغان ئالىي مەكتەپتىكى ساۋاقدىشى بىر قېتىم: «ۋاڭ شۇجى بىزنىڭ ناھىيىدە ئىككى يىل شۇجى بولۇپ تۇرۇپ، بازار ئىچىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىۋەتتى، ئۇ دېگىنىنى قىلىدىغان ئادەم» دەپ بەرگەنىدى. شۇڭا، ئىسرايىلمۇ ئۇنىڭغا ئۈمىد باغلىغانىدى، لېكىن…

ئىشىك غىچىرلاپ ئېچىلىپ، بىرىنىڭ يۆتەلگەن ئۈنى ئاڭلا-

ندى. ئىسرائىل تېيىپنى ئاۋازىدىن تونۇپ قوپۇپ ئۆرە بولدى.

— تېخى قوپمىدىڭمۇ، پەيزىڭ بار، — دېدى تېيىپ ھەيران بولۇپ، — تالاغا قاراپ باقە، كۈن چۈش بولاي دېدى... يانفونۇڭنى ئېتىۋالپسەنغۇ؟

— پۇلى تۈگەپتۇ، — دېدى ئىسرائىل ئەسنەپ تۇرۇپ، — بۈگۈن ناھىيىگە بارغاچ پۇل قاچىلاپ كېلەرمەن...

— بۈگۈن ناھىيىگىمۇ بارالمايدىغان بولدۇڭ.

— نېمە بولدى؟

— باياتىن يېزىدىن خەۋەر بېرىپتۇ، بۈگۈن ناھىيىدىن ۋاڭ شۇجى باشلىق رەھبەرلەر بۇلاقسايغا بارىدۇ، تەييارلىق قىلىڭلار دەيدۇ.

— ۋاڭ شۇجى كەلگۈدەك دەمسەن؟ — ئىسرائىل چاچراپ قوپۇپ سورىدى.

— ھەئە... ھەرقاچان، يېزىدىنمۇ بىرقانچىسى ئەگىشىپ كېلىدۇ دېگىنە، ئۇلارنىڭ چۈشلۈك تامىقىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرساق بولار؟

تېيىپنىڭ كېيىنكى گېپى ئىسرائىلنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. بۇ خەۋەر ئۇنى قەۋەتلا خۇش قىلىۋەتتى. «ئۇ ئادەم ماڭا بەرگەن ۋەدىسىنى ئۇنتۇپ قالماپتۇ. ئۇ ھەممىدىن بۇلاقسايىنىڭ توك مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بەرگەن بولسىمۇ چوڭ ئىش بولاتتى، يەنە قانداق مەسىلىلەر بار؟... سەيلىگاھقا قانداق دەيدىكىن؟»... ئىسرائىلنىڭ ۋۇجۇدىغا جان كىرگەندەك تېتىكلەشتى، ئۇ ئۆزىگە سوئال بىلەن قاراپ تۇرغان كەنت باشلىقىدىن ياندۇرۇپ سورىدى:

— ۋاڭ شۇجىنىڭ كېلىدىغىنى راست ـ ھە، ئېنىق دېدىمۇ؟

— لى شۇجى تېلېفوندا ئېنىق دېدى، — دېدى تېيىپ، — ئۇ ئادەم بۇلاقسايغا كېلىپ باقمىغان، ئۇبدانراق

كۇتسەك بولاتتى.

— مەسىلەن، قانداق كۈتمەكچىسەن؟

— بىرەر قويىنىڭ ئىپپىنى قىلساقمىكىن دەيمەن.

— ماڭا قارا، — دېدى ئىسرائىل كۈلۈپ تۇرۇپ، — سەن ماۋۇ كەنتنىڭ خوجايىنى، كەلگەن مېھماننى قانداق كۈتۈش سېنىڭ ئىشىڭ، مېنىڭدىن نېمە سورايسەن؟

— ئەمدى، مەسلىھەت قىلايلى دەيمەنغۇ.

— قۇدرىتىڭ يەتسە كالا سوي!

ئۆزىنىڭ لەقىمىنى كەلتۈرۈپ قىلغان چاقچىقىنى ئاڭلاپ تېيىپ كۈلۈۋەتتى - دە:

— بولسىغۇ، بۇنداق ئارزۇلۇق مېھمانغا تۆگە سويساقمۇ ئەرزىيتتى، — دېدى ئۇمۇ دەرھال.

ئۇلارنىڭ چاقچىقىنى ماشىنىنىڭ سىگنال ئاۋازى ئۈزۈۋەتتى.

— ۋاڭ شۇجىلار كېلىپ قالدىمۇ نېمە؟ — تېيىپ سىرتقا چىقىپ ئىسرائىلنى چاقىردى، — شۇلار ئوخشايدۇ، ئالە شەرىڭنى، ئۈچ پىكاپ كېلىۋاتىدىغۇ، بىر قوي يەتمەمدۇ نېمە؟...

ئىسرائىل ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماستىن كېلىۋاتقان ماشىنىلارنىڭ ئالدىغا ئالدىراپ ماڭدى. ماشىنىلار قويۇق چاڭنى توزۇتۇپ كېلىپ، ئىسرائىلنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ ھەممىدىن ئاۋۋال ۋاڭ شۇجى ماشىنىدىن چۈشتى:

— شياڭجاڭ، قانداقراق تۇرۇۋاتىسىز؟ — دېدى ئۇ قول بېرىپ كۆرۈشۈپ، — سىزگە ۋەدە بېرىپ قويۇپ يالغانچى بولۇپ قالدىم، بۈگۈن ئاران دېگەندە ۋاقىت چىقاردىم.

— رەھمەت، ۋاڭ شۇجى... — دېدى ئىسرائىل خۇشاللىقىنى يوشۇرالماي ۋە ئۇنىڭغا يېنىدىكى تېيىپنى تونۇشتۇردى.

— مەنمۇ يالغۇز چىقمىدىم، — دېدى ۋاڭ شۇجى ئارقىدىكى ماشىنىلاردىن چۈشكەنلەرنى چاقىرىپ ۋە ئۇلارنى بىر - بىردىن

تونۇشتۇردى. ئۇ ئۆزى بىلەن مالىيە ئىدارىسى، خەلق ئىشلار ئىدارىسى، ساياھەت ئىدارىسى، توك باشقۇرۇش ئورنىنىڭ مەس-ئۇللىرىنى ئېلىپ چىققانىدى، ئۇلارنى كۆرۈپ ئىسراپىلنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولدى.

— ۋاڭ شۇجى، — دېدى ئىسراپىل، — يولىمىز ناھايىتى ناچار، كەلگۈچە ھېرىپ قالغانسىلەر، بىردەم دەم ئېلىۋالامسى-لەركىن؟

— ياق، ياق، — دېدى ۋاڭ شۇجى بېشىنى چايقاپ، — بىز بۈگۈن بۇ يەرگە دەم ئالغىلى چىقمىدۇق، ئاۋۋال دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىنى كۆرەيلى، يېڭى مەھەللەڭلەر قاياقتا؟

— ماۋۇ دۆڭنىڭ ئۇستىدە.

— كۆچۈپ چىققانلار بارمۇ؟

— ئۆي سېلىۋاتىدۇ.

— ئۇنداق بولسا باشلاڭ، كۆرۈپ باقايلى!

تېيىپ ئىسراپىلغا ياندىشىپ كېلىپ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— سەن ۋاڭ شۇجىلارنى باشلاپ ئايلاندۇرۇپ تۇرساڭ، مەن قويغا بېرىپ كېلەيمىكىن؟

— سەن نېمە قوي بىلەنلا قالدىڭ؟ — ئىسراپىل ئۇنىڭغا ئالايدى، — ئاۋۋال ماۋۇ خىزمەتنىڭ گېپىنى قىلايلى.

ئۇلار ۋاڭ شۇجى باشلىق ناھىيە رەھبەرلىرىنى ئاۋۋال بولاق-سايىنىڭ كونا مەھەللىسىنى ئارىلىتىپ كۆرسەتتى، ھەربىر ئائى-لىنىڭ ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيى، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەپسىلىي چۈشەندۈردى. چۈشكە يېقىن ئىسراپىل ئۇلارنى مەسۇم تارانىڭ ئۆيىگە باشلاپ كەلدى. مەسۇم تاران بۇنچە كۆپ ئادەمنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ قالدى. ئىسراپىل ۋاڭ شۇجىغا ئۇنىڭ ئەھۋالىنى تو-نۇشتۇردى:

— بۇ ئادەمنىڭ ئەۋلادى بولاقسايىغا ئەڭ كونا ئادەملەر، — دېدى.

— يېڭى مەھەللىگە كۆچۈشكە پوزىتسىيىسى قانداق؟

ئىسرائىل بېشىنى چايقىغىنىچە كۈلۈپ قويدى. ۋاڭ شۈجىمۇ ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشىنىپ مەسۇم تاراندىن سورىدى:

— بۇ ئۆيگە قانچە يىل بولغاندۇ؟

— مەن ئېسىمنى بىلسەم مۇشۇ ئۆي بار ئىدى. مەن ھازىر ئەللىكتىن ئاشتىم، مەندىن چوڭراقمۇ دەيمەن...

— ئۇنداقتا بۇ ئۆيدە ھەققىڭىزمۇ قالماپتۇ — دېدى ۋاڭ شۈجى كۈلۈپ، — شۇنىسى ئۆيلەر بەك كونىراپ كېتىپتۇ. يېڭى مەھەللىگە كۆچەرسىز؟

— بىزگە مۇشۇ ئۆيمۇ بولۇۋېرىدۇ، شۈجى. يېڭى ئۆي سالغۇدەك ھالىمىز نەدە تۇرۇپتۇ...

ۋاڭ شۈجى ئۇنىڭغا ئاپەتكە چىدامىلىق يېڭى ئۆيلەرگە ھۆكۈمەتنىڭ بېرىدىغان ياردىمىنى تەپسىلىي چۈشەندۈردى.

— بۇ ئۆيلەرنى بولۇۋېرىدۇ دېگىنىڭىز بىلەن، — دېدى ۋاڭ شۈجى، — ناۋادا يەر تەۋرەش ياكى كەلكۈن ئاپىتى بولۇپ قالسا خەتەرلىك، ئەڭ ياخشىسى كۆچكىنىڭىز ياخشى.

مەسۇم تاران ياراتمىغاندەك مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى:

— شۇنچە زامانلاردىن بۇيان چىداپ كېلىۋاتقان ئۆيلەر ھېلىمۇ چاتاق يوق چىدايدۇ... ئىشەنمىسەڭلار كېلەر يىلى كېلىپ كۆرۈڭ! — دېدى ئۇ.

ۋاڭ شۈجى خېلى خىزمەت ئىشلەپمۇ مەسۇم تاراننى قايىل قىلالمىدى.

— بوپتۇ، كېلەر يىلى كۆرۈشەيلى، — دېدى ئۇ مەسۇم تاران بىلەن خوشلىشىپ، — بۇلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ، — ۋاڭ شۈجى تالاغا چىققاندىن كېيىن ئىسرائىلغا دېدى، — ئاتا - بوۋىلىرى ماكان تۇتقان يەرنى تاشلاپ كېتىش ئاسان ئەمەس. ھازىرچە كۆچۈشنى خالىمىغانلارنى بەك زورلاپمۇ

كەتمەڭلار، ئاستا ـ ئاستا قايىل قىلىش كېرەك... ئەمدى يېڭى مەھەللىنى كۆرۈپ باقامدۇق؟

دۆڭنىڭ ئۈستىدىكى تۈزلەڭلىككە پىششىق خىشتىن بىرقانچە ئۆيلەر سېلىنىۋاتاتتى. ئۇلار كوچىنىڭ بېشىدىكى يارمۇھەممەدنىڭ ئۆيىنى كۆرۈپ چىقتى، ۋاڭ شۇجى يارمۇھەممەدتىن ئۆيگە كەتكەن چىقىمنى تەپسىلىي سوراۋاتتى. ماگىزىن ئۈچۈن سالغان ئۆيىنى ماختىدى.

— بۇنى ياخشى پىلانلاپسىز، ماگىزىنىڭىز تۆتكوچىنىڭ مەركىزىگە توغرا كەپتۇ، يىراقنى ئويلاپسىز، نېمە قىيىنچىلىقىڭىز بار؟

يارمۇھەممەد ئىسراپىل بىلەن كەنت باشلىقىغا قاراپ قويۇپ دېدى:

— بۇلاقسايلىقلار قىيىنچىلىققا كۆنۈپ كەتكەن، ئۇنىڭدىن ئانچە قورقۇپ كەتمەيدۇ... ئەمما بىزنىڭ بىرلا تەلىپىمىز بار...

— نېمە تەلەپ؟

— بىزنىڭ بۇ مەھەللە ئازاد بولۇپ ھازىرغىچە قارا چىراغدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمەيۋاتىدۇ. بۇلاقسايىنىڭ نامرات بولۇپ كېتىدۋاتقانلىقىنىڭ بىر سەۋەبىمۇ توكنىڭ يوقلۇقى، مۇشۇ قىيىنچىلىقىمىزغا ناھىيە ياردەم قىلسا...

ۋاڭ شۇجى ئىسراپىل بىلەن تېيىپقا قاراپ سورىدى:

— سىلەرنىڭ تەلىپىڭلارمۇ شۇغۇ دەيمەن ـ ھە؟

— شۇنداق، — دېدى ئىسراپىل يارمۇھەممەدنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، — ئەگەر توك بولسا بۇلاقسايدا نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغىلى بولىدىكەن.

— قانداق ئىشلارنى؟

— ماۋۇ جىلغىنىڭ ئىچىدە ئالما، قارىقات، تاڭقوراي قاتارلىق ياۋا مېۋىلەر بار، ئۇ يەردە بۇلاق سۈيىمۇ مول، تەبىئىي ساياھەت ئورنى، ئەگەر ئۇنى ياساپ ساياھەت كەسپىنى يولغا

قويساق بۇ كەنتنىڭ قىياپىتىنى تامامەن ئۆزگەرتكىلى بولاتتى.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى ۋاڭ شۇجى قىزىقىپ، — بۇ يېڭى گەپكەن، يۇرۇڭلار، كۆرۈپ باقايلى!

جىلغىنىڭ ئىچىنى ئايلىنىپ چىقىپ ۋاڭ شۇجى بۆلەكچە خۇشال بولۇپ كەتتى.

— بۇ يەر تەييارلا ساياھەت ئورنى ئىكەنغۇ؟ — دېدى ئۇ ۋە يېزىنىڭ شۇجىسىغا مۇراجىئەت قىلدى، — نېمىشقا نەچچە يىللاردىن بۇيان بۇنى ئاچمىدىڭلار؟

— يېزىنىڭ پىلانىدا بۇلاقساينى كۆچۈرۈش بولغاچقا ئۇنى ئويلاشمىغان، — دېدى لى شۇجى چۈشەندۈرۈپ.

— ھازىر تۆۋەنگە كۆچمەيدىغان بولدىغۇ؟

— ھەئە...

— ئەمدى ساياھەت ئورنى قىلساڭلار بولغۇدەك...

— لېكىن توك يوق - دە....

— توغرا، توك بولمىسا ھېچ نەرسە قىلغىلى بولمايدۇ، — ۋاڭ شۇجى يېنىدىكى توك ئىدارىسىنىڭ باشلىقىغا قايرىلدى، — جاڭ جۈيجاڭ، ھەممە گەپ ئەمدى سىزدە قالدى، بۇلاقسايلىقلارغا ئەمدى نېمە دەيسىز؟

— بۇ مەسىلىنى، ۋاڭ شۇجى، — دېدى ئۇ تەڭقىس بولغاندەك، — قايتىپ بېرىپ مۇزاكىرىلىشىپ باقساق... ئەسلىدە....

— مۇزاكىرە دېگەننى قويۇڭ، — ۋاڭ شۇجى ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى، — بۇلار نەچچە يىل بويتۇ دوكلات يېزىۋاتقىلى، ھازىرغىچە مۇزاكىرەڭلار پۈتمەپتۇ، ئەمدى بۇ ئىشنى ئارقىغا سۈرۈۋېرىشكە بولمايدۇ، مېنىڭچە، بۇ مەسىلىنى بۈگۈنلا ھەل قىلىۋېتەيلى، سىزچە بۇلاقسايغا توك تارتىش ئۈچۈن قانچىلىك ئىقتىساد كېتىدۇ؟

— تۆت يۈز مىڭ ئەتراپىدا پۇل كېتەرمىكىن...

— ئەمىسە سىز ئەتىلا ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە دوكلات يې-

زىڭ، بولامدۇ؟

— ماقۇل...

— يولداشلار! — دېدى ۋاڭ شۇجى سەل تۇرۇۋېلىپ، — بۈگۈن ھەممىمىز بۇلاقسايدىكى دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى كۆردۇق، مەن ناھىيىمىز تەۋەسىدە ھازىرغىچە توكنى، تېلېۋىزورنى كۆرمەي ياشاۋاتقانلارنى، ئاشۇنداق خەتەرلىك ئۆيلەردە ئولتۇرۇۋاتقانلارنى كۆرۈپ بىز تېخى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىمەپتۇق دەپ قالدىم. بىز ھەر كۈنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىمىز دەپ سۆزلەيمىز، مانا بىز خىزمەت قىلىدىغان خەلق... ئۇلار بىزدىن ياردەم تەلەپ قىلىۋاتىدۇ... ھازىر پارتىيە سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇلۇش چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى، يېزىلاردىكى خەتەرلىك ئۆيلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن دۆلەت مالىيىسىدىن نۇرغۇن ئىقتىساد ئاجرىتىۋاتىدۇ، بۇلاقساي ئۆي قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىدىغان نۇقتىلىق ئورۇن، شۇنداقمۇ، ئىسراپىل شياڭجاڭ؟

— شۇنداق...

— ھازىرغىچە بىرمۇنچە خىزمەتلەر ئىشلىنىپتۇ، باشلىنىشى ياخشى، بۇ ئىشنى چوقۇم چىڭ تۇتۇپ ئىشلەش، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. توك مەسىلىسىگە بولدى مەن ۋەدە قىلىمەن، بۇ يىل چوقۇم ھەل قىلىپ بېرىمىز، ئىسراپىل شياڭجاڭ دېگەندەك قىيىنچىلىق ھەقىقەتەن ئېغىر ئىكەن، بەزىلەر ھەقىقەتەن ئۆينىڭ چىقىمىنى كۆتۈرەلمەيدۇ. شۇڭا ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ ئىش قىلىشىمىز كېرەك. قىيىنچىلىقى ھەقىقەتەن ئېغىرلارغا دۆلەت كۆپرەك قىسمىنى كۆتۈرسە بولىدۇ. ھەرگىز تەڭ تەقسىمات قىلمايلى، بىز ناھىيىدىكى ئىدارە، جەمئىيەتلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئىئانە توپلىساقمۇ نۇرغۇن ئائىلىلەرنىڭ ئۆي مەسىلىسى ھەل بولىدۇ، بۇنىڭغا خەلق ئىشلار ئىدارىسى سىلەر مەسئۇل بولۇڭلار بولامدۇ؟...

— بولىدۇ، — دېدى كۆزەينەكلىك ئورۇق ئادەم.
— باياتىن كەنتنىڭ مەسئۇللىرى بۇلاقسايدا ساياھەت كەس-پىنى يولغا قويىدىغانلىقىنى گېپىنى قىلدى، مېنىڭچە، بۇلاقسايدا بۇ شارائىت راستىنلا بار ئىكەن، بۇمۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش-نىڭ ياخشى يولى، سىلەر بۇنى قانداق يولغا قويماقچىسىلەر؟
— كەنتنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدا، — دېدى ئىسراپىل، — سەيلىگاھنى قۇرغۇدەك كۈچى يوق، بىزنىڭ خىيالىمىز بۇنىڭغا جەمئىيەتتىن خېرىدار چاقىرىپ، شۇلارنى دەسمايە سالغۇزۇپ ئاچساق دەيمىز. ئۆتكەندە بەزىلەر بۇ يەرنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ كېلىپ كۆردى، لېكىن توكنىڭ يوقلۇقىنى ئۇقۇپ كېتىپ قالدى.
— توك ئەمدى چوقۇم ھەل بولىدۇ…
— ئەگەر سەيلىگاھنى يولغا قويساق كەنت كىرىمگە ئېرىش-كەندىن تاشقىرى بۇقسايدىكى زور بىر تۈركۈم ئادەملەرنىڭ خىز-مەت مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى بولاتتى. بۇلاقسايدا يەر ئاز، ئىشىنچا ئەمگەك كۈچى جىق…
— ياخشى، ياخشى ئويلاپسىلەر، — دېدى ۋاڭ شۇجى مەم-نۇن بولۇپ، — لېكىن بۇ يەرنى سەيلىگاھ قىلساڭلار بىرنەرسە كەمدەك قىلىدۇ.
ھەممەيلەن سوئال نەزىرىدە ئۇنىڭغا قاراشتى.
— يول بەك ناچار ئىكەن.
— يولنى بىزمۇ ئويلاشتۇق، — دېدى ئىسراپىل، — ھازىرچە يولنى قارىماي قىلىشقا قۇربىمىز يەتمەيدۇ…
— بۇنىمۇ ناھىيە ھەل قىلىپ بېرىدىغۇ دەۋاتقانسىلەر؟
— ياق، يۇقىرىغا ھەممە ئېغىرچىلىقىمىزنى سېلىۋەرسەكمۇ بولمايدۇ، بىز ئۇنى ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ھەل قىلماقچىمىز.
— قانداق قىلىپ؟
— ھازىر دېھقانلارنىڭ قولى بىكار، شېغىل يولنىڭ بويىدا

بار، بىز دېھقانلارنى ھەرىكەتلەندۇرۇپ تاشيول ياساپ تۇرايلى دېيىشتۇق.

— ياخشى، ياخشى، — دېدى ۋاڭ شۇجى، — ھازىرچە تاشيول ياساپ تۇرۇڭلار، كېيىنچە سەيلىگاھ روناق تېپىپ كەتسە قارىماي قىلغىلىمۇ بولىدۇ، بۇ ئىشلاردا ناھىيىنىڭمۇ پىلانى بار، — ۋاڭ شۇجى سائىتىگە قاراپ قويۇپ دېدى، — بۈگۈن بۇلاقساي كەنتىنى كۆرۈپ چىقتۇق. ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ۋەزىپىسىمۇ ئېنىق بولدى، بۇ ئىشلارنى ناھىيىدە يەنە قايتا مۇزاكىرىلىشىپ ئولتۇرمايمىز، لېكىن مەن شۇنى دەپ قوياي، كىمدە كىم خىزمەتنى ھەر خىل باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن كەينىگە سۇرسە پارتىيە تەشكىلى ئالدىدا جاۋاب بېرىدۇ...

قايتار چاغدا ۋاڭ شۇجى ئىسراپىلنى چەتكە تارتتى:

— توكنىڭ ئىشىنى مەن ئۆزۈم مەسئۇل بولۇپ ئەمەلىيلەشتۈرىمەن، — دېدى ئۇ، — سىز يېڭى مەھەللە قۇرۇلۇشى بىلەن سەيلىگاھنى ئاساس نۇقتا قىلىپ ئىشلەڭ، مەن باياتىن سىلەرنىڭ لى شۇجى بىلەن مەسلىھەتلەشتىم، سىز بىر مەزگىل بۇلاقسايدا تۇرۇپ ئىشلىسىڭىز...

— مېنىڭمۇ نىيىتىم بۇلاقساينىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتكىچە تۇرسام دەيمەن.

— ياخشى، خاتىرجەم ئىشلەڭ، بىرەر قىيىنچىلىق بولسا مېنىڭ يېنىمغا بېرىڭ!... سەيلىگاھنى ئاچقان چاغدا ماڭا خەۋەر قىلىڭ!

— چوقۇم خەۋەر قىلىمەن...

ۋاڭ شۇجى باشلىق ناھىيە رەھبەرلىرى تېپىپنىڭ «تاماق يەپ كېتىڭلار!» دەپ تۇتقىنىغا ئۇنىماستىن خوشلىشىپ ماڭدى. ئىسراپىل ماشىنىلارنىڭ كەينىدىن خېلىغىچە كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇردى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ۋۇجۇدى خۇشاللىق، ھاياجان ۋە قانداقتۇر تەخىرسىز بىر تۇيغۇ بىلەن داۋالغۇيتتى...

— ۋاڭ شۇجىنىڭ تۇرمايدىغىنىنى بىلسەم، — دېدى تېيىپ سالپىيىپ، — قوينى سويدۇرماي تۇراركەنمەن، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

— قانداق قىلاتتىڭ، قازانغا سالىسەن! بۇگۈن خۇشاللىق كۈن، ئۆيدە هارىقىڭ باردۇ؟

— هاراققۇ بار، ئىچەمسەن؟

— بۇگۈن ئىچمەي قاچان ئىچىمىز؟

— چاتاق يوق... ۋاڭ شۇجى دېگىنىنى قىلار ـ هە؟...

— چوقۇم قىلىدۇ...

— هە، راست، — دېدى تېيىپ، — ۋاڭ شۇجى سېنى چەتكە تارتىپ نېمىلەرنى دېدى، مېنى كۆرسەتكەندەك قىلدىغۇ؟

— ۋاڭ شۇجى «تېيىپنىڭ لەقىمى نېمە؟» دەپ سورىدى.

— دەپ بەردىڭمۇ؟

— دەپ بەرمەيچۇ...

— خەپ، ماڭمۇ پۇرسەت كېلەر، تۆگىنى خەنزۇچە نېمە دەيتتى؟

— نيۇ[①]دەيدۇ...

تېيىپ ئىسراپىلنىڭ دېگىنىگە بىر ئىشىنىپ بىر ئىشەنمەي تۇرۇپ كەتتى.

## 9

يېقىندىن بۇيان تېيىپ هەر كۈنى يېڭى مەهەللىگە بىر كېلىپ سېلىنىۋاتقان ئۆيلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشنى ئادەت قىلىۋالدى. بۇگۈنمۇ ئۇ ئەتىگەندىلا ئۆي سېلىنىۋاتقان يەرگە كەلدى. ئۇ يەردە قۇرۇلۇش ئىشچىلىرى بىرنەچچە ئۆيدە تەڭ ئىشلەۋاتاتتى.

---

① نيۇ — كالا

يارمۇھەممەدنىڭ ئۆيىدىن باشلانغان كوچىنىڭ سول قانىتىدا سەككىز ئائىلىلىك ئۆي قوپۇرۇلۇپ بولۇنغانىدى. پىششىق خىش-تىن كۇنگەيگە قارىتىپ سېلىنغان ئۆيلەرگە قاراپ تېيىپنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى: «كۆزگىچە ماۋۇ تەرەپكە ئۆيلەر چۇ-شۇپ كەتسە ئوبدانلا مەھەللە بولۇپ قالىدىغان بولدى. خۇدايىم بۇيرۇسا، كېلەر يىلغىچە سايدىكىلەرنى كۆچۈرۈپ بولارمىز، ئاڭغىچە توكمۇ كېلىپ قالار...»

— تېيىپكا، يېڭى مەھەللىدىن كېتەلمەيدىغان بولۇپ قالدى-ڭىزغۇ؟

يارمۇھەممەدنىڭ ئۈنىنى ئاڭلاپ تېيىپ كەينىگە قارىدى:

— بۇ ئۆيلەرنى سېلىش ئاسانغا توختىدى دەمسەن، شۇڭا بىرەر چاتاق چىقمىسۇن دەيمەن.

— راست دەيسىز، بۇلاقسايلىقلار ئۈچۈن بۇنى بىر ئىنقىلاب دېسە بولىدۇ.

«ماۋۇ ئەجەب جايىدا ئات قويدى ـ ھە، — تېيىپ يارمۇھەم-مەدنىڭ گېپىگە قايىل بولۇپ كەتتى، — مۇنۇنىڭ كاللىسى بەك ئىشلەيدۇ جۇمۇ، كېيىنچە كەنتنى مۇشۇ قولغا ئالغۇدەك...»

— سېنىڭ ئۆيۈڭ پۈتكەنتىغۇ، يەنە نېمە قىلىۋاتىسەن؟

— ئۆيغۇ پۈتۈپ قالدى، تۈنۈگۈندىن مۇنچا سېلىۋاتىمەن.

— مۇنچا؟ — تېيىپ قىزىقىپ سورىدى، — قانداق مۇنچا؟

— ئۇرۇمچىدە خەقلەرنىڭ ئۆيىدە كۆرگەنىدىم، كۆرۈپ با-قامسىز؟

— يوق، قانداق قىلىدىكەن؟

تېيىپ يارمۇھەممەدنىڭ سالغان مۇنچىسىنى كۆرۈپ قىزى-قىپ قالدى.

— ئاسانلا نېمىكەنغۇ، مېنىڭ پەقەتلا ئېسىمگە كەلمەپتۇ دېسە، بۇنى ياخشى كۆرسەتتىڭ...

— توك بولسىغۇ توك مۇنچىلا قىلاتتىم، بازاردا تەييار

ساتىدىغىنى بار ئىدى.

— ئىسراپىل شۇنچىغا ناھىيىگە كەتتى، توكنى ھەل قىلمىغۇچە قايتمايمەن، دەپ كەتتى.

— ئىسراپىلكام خېلى ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ جۇمۇ، — دېدى يارمۇھەممەد، — بۇ ئادەم يەنە بىرەر يىل تۇرۇپ بەرگەن بولسا بۇلاقساي خېلى ئۆزگىرىپ قالاتتى.

— ئۆزىنىڭ ۋەدىسىمۇ تۇرىمەن دەيدۇ، بىزمۇ كەتكۈزمەسمىز.

— ھە، راست، تېيىپكا، — دېدى يارمۇھەممەد نېمىنىدۇر ئېسىگە ئېلىپ، — مەن قايسى كۈنى شەھەردە بىر سودىگەر ئادەم بىلەن تاسادىپىي تونۇشۇپ قالدىم، ئۇ بىزنىڭ بۇلاقساينى سەيلىگاھ قىلماقچى بولغانلىقىمىزنى ئاڭلاپتىكەن، مەندىن بۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى بەك سوراپ كەتتى، گېپىنىڭ ئۇرانىدىن سەيلىگاھ ئىچىش ئويى باردەك قىلىدۇ.

— باشلاپ چىقساڭ بولماپتى؟

— ئاۋۋال ئۇنى ئۇقۇپ باقتىم دەڭا، سۈرۈشتۈرسەم راستىنلا چوڭ شىركىتى بار باي ئىكەن.

— نېمە سودا قىلىدىكەن؟

— يېمەكلىك سودىسى قىلىدىكەن، پېچىنە ئىشلەيدىغان زاۋۇتى بار ئىكەن... مەن دۇكانغا شۇنچىدىن بىرمۇنچە مال ئالدىم، ئۇ: «يېقىندا سىلەرنىڭ مەھەللىگە بىر چىقماقچىمەن» دېدى...

— شۇنداق بايلا بولسا چاقىرىۋەرگىن، — دېدى تېيىپ خۇش بولۇپ.

«ھەممە ئىش ئەمدى توكتا قالدى، — دەپ ئويلىدى تېيىپ كېتىۋېتىپ، — ئىسراپىلمۇ كېتىپ جىم بولۇپ كەتتى دېسە، ۋاڭ شۇجى بىلەن كۆرۈشەلمەي يۈرەمدىكىن، ئۇ ئادەمگۇ شۇنچە ئادەمنىڭ ئالدىدا مەيدىسىگە ئۇرغانىدى. گېپىدىن يېنىۋالماس؟

... ئىسراپىلغا تېلېفون قىلىپ باقايمۇ ـ يا؟... بولدىلا، ئۇمۇ ئىككى ئايدىن بۇيان بالا ـ چاقىلىرىنى كۆرمىدى، ئايالىنىمۇ سېغىنىغاندۇ، بىر ـ ئىككى كۈن ئارامىغا قويااي...»

تېيىپنىڭ ئېسىگە شۇ ھامان بىر ئايال كەلدى ـ دە، ھەممىدىنى ئۇنتۇپ شۇنىڭ ئۆيى تەرەپكە يول ئالدى. كۈن تىكلەشكەنسېرى يەر ـ جاھان ئوتتەك قىزىپ كېتىۋاتاتتى. تېيىپ ئۆستەڭنىڭ بويىدىكى يالغۇز ئۆيگە يېتىپ كەلگۈچە تەرگە چۆمۈپ كەتتى. ئۇ ئۆينىڭ ئالدىدىكى سۆگەتنىڭ ئاستىغا كېلىپ بىردەم دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئۈنلۈك قىلىپ ئىككى قېتىم يۆتەلدى. ئۆيدىن تىۋىش ئاڭلانمىدى: «سەلىمە ئۆيدە يوقمۇ نېمە؟...» تېيىپ سولاشقان ھالدا ئەتراپقا قاراپ قويۇپ، يەنە بىر قېتىم يۆتەلدى، ھايال ئۆتمەي ئىشىك ئېچىلىپ ئۆيدىن ئوتتۇرا بوي، زىلۋا بىر ئايال ئالدىراپ چىقىپ كەلدى. ئۇ سۆگەتنىڭ ئاستىدا تۇرغان تېيىپنى كۆرۈپ سەل ئەندىككەندەك بولدىيۇ، شۇ ھامان نازلىق كۈلگىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— بارمۇسىز؟ — دېدى ئۇ ئەركىلەپ، — بۈگۈن قانداق شاماللار ئۇچۇرۇپ ئەكەلگەندۇ سىزنى؟...

— ئۆزۈڭ يالغۇزمۇ؟ — تېيىپ ئىككى تەرەپكە قاراپ قويۇپ سورىدى.

— يالغۇز بولمايچۇ؟... قارىسام، سىزنىڭ ئاۋازىڭىز چىققاندەك قىلدى، شۇمۇ ئەمەسمۇ دەيمەن...

— مېنى ئۇنتۇپ قاپسەندە ـ ھە؟

— سىز ئۆزىڭىز ئۇنتۇپ قالغانسىز؟ قانچە ھەپتە بولدى؟...

— كۆرۈۋاتىسەنغۇ، ئىشتىن بىكار بولالمىسام... ئۆيۈڭگە باشلاي دېمەيسەنغۇ؟

— ۋايتوۋا... بۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئۆيىغۇ؟... يۈرۈڭ!... چاقىرغىنىغا ئىككى ئېغىزلىق ئۆينى قاراڭغۇلاپ قويغاچقىمۇ

سالقىن ئىدى. تېيىپ ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ بولغۇچە سەلىمە تۆردىكى ئورۇن - كۆرپىلەر ئارىسىدىن تاۋار كۆرپىنى ئېلىپ سالدى:

— كۆرپىگە كېلىڭە، — دېدى ئۇ پايپېتەك بولۇپ، — ئۇسساپمۇ قالغانسىز، قېتىق ئۇيۇتۇپ قويغانتىم، ئەكىرەيمۇ؟

تېيىپ ماقۇل دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى، سەلىمە يېنىك ماڭغىنىچە دالان ئۆيگە چىقىپ كەتتى. تېيىپ تامغا يۆلەنگىنىچە ئۆينىڭ ئىچىگە كۆز يۈگۈرتتى، ئۆينىڭ ئىچىدىكى سەرەمجانلار ئاددىي بولسىمۇ شۇنچىلىك رەتلىك، پارقىراپ تۇرىدۇ... «بۇنىڭ ئۆيى قاچانلا كەلسەم مۇشۇنداق، بىزنىڭ ئاۋۇ زورەچۇ؟ بالا تۇغۇشنىلا بىلىدۇ، ئۆينىڭ ئىچى پوق - سۈيدۈك پۇراپ تۇرغان، ... قارا، سەلىمە كىرىشىمگە كۆڭلۈمدىكىنى تاپتى... زورەدىن مۇشۇ كەمگىچە شۇنچىلىك بىر گەپنى ئاڭلاپ باقماپتىمەن...»

— نېمە خىيالغا چۈشۈپ كەتتىڭىز؟ — چاققانغىنە ئۇستەلنى تېيىپنىڭ ئالدىغا قويۇۋېتىپ سورىدى سەلىمە، — ئورۇقلاپ قاپسىزغۇ؟

— ئىشلار جىق، — دېدى تېيىپ خۇرسىنىپ قويۇپ، — كۆرۈۋاتقانسەن، خەقلەرنى يېڭى مەھەللىگە كۆچۈرىمىز، دەپ ئاۋارىچىلىكتە، كۇندە جەڭگى - جېدەل...

— ئاڭلىسام، سىزنى ئۆي سېلىۋاتىدۇ دەيدىغۇ؟

— مەن باشلاپ كۆچۈپ بەرمىسەم بولامدۇ.

— سايدىكى ھەممە ئادەمنى كۆچۈرەمسىلەر؟

— ھەئە... بۇ يەرنى سەيلىگاھ قىلماقچى بولۇۋاتىمىز.

— مەن قانداق قىلارمەن، تېيىپ؟

— بەكرىگە دېگىن، ئوقەت قىلىپ خېلى پۇل تاپقاندۇ، ئۆي سالسۇن!

— ئۇنىڭ خىيالىدا بۇ ئۆي بارمۇ دەڭا...

سەلىمە دالان ئۆيگە چىقىپ كېتىپ ئاپقۇر چىنىدە بېغىردەك ئۇيۇلغان قېتىقنى ئەكېلىپ تېيىپنىڭ ئالدىغا قويدى:

— ئىچىپ بېقىڭە، — دېدى ئۇ نازلىق تەبەسسۇم بىلەن، — تۇۋا، تېخى ئەتىگەندىلا سىزنى ئويلاپ تۇراتتىم ... «شۇنچە كۇنلەر بولدى، كېلىپ ‹ئەھۋالىڭ قانداق؟› دەپ سوراپمۇ قويمىدى» دەپ كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ تۇراتتىم.

— بەكرىدىن خەۋەر يوقمۇ؟

— تاڭ، نەلەردە يۇرىدىكىن؟ — سەلىمەنىڭ چىرايى تۇرۇلدى، — خەقلەرنىڭ دېيىشىچە، بازاردا قاسساپلىق قىلىۋېتىپتۇ دەيدۇ...

— ھەممە ئوقەتنى قىلىپ باقتىڭغۇ ئۇ؟

— بىرنى قاملاشتۇرالىسا كاشكى، — سەلىمە ئۇھ تارتىپ قويدى، — ئەجەبمۇ تەلەيسىز كەنمىزغۇ؟

— ئۆزۈڭ تاللاپ تەگكەن ئەرغۇ؟...

سەلىمە ئىتتىك تېيىپنىڭ كۆزىگە قارىدى. ئۇنىڭ باياتىن كۇلۇپ تۇرغان چېھرىنى ھەسرەت تۇمانلىرى قاپلاپ، كۆزلىرىدە لىغىرلاپ ياش پەيدا بولدى.

— تېيىپ! — دېدى ئۇ ئۆكسۈپ تۇرۇپ، — سىز بولسىڭىزمۇ مېنىڭ ھالىمغا يەتسىڭىز نېمە بولار؟... يۇرىكىم خۇن بولۇپ كەتتىغۇ، مېنى نېمانچە ئازابلايسىز؟ ھەممىگە مەن ئەيىبلىكمۇ؟

— سەن بولماي مەنمۇ؟ ۋەدىسىدە تۇرمىغان كىم؟

— راست، مەن گۇناھكار... شۇ چاغدا مېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسىڭىز بولماتتى؟...

تېيىپ سەلىمە بىلەن ھەر قېتىم كۆرۈشكەندە ئۆتكەن ئىشلارنى ئۇنىڭ ئېسىگە بىر قېتىم سالماي قويمايتتى، ئۇ شۇنداق قىلسا يۇرىكىنى مۇجۇپ تۇرغان ئاچچىق تارقىغاندەك بولاتتى. سەلىمە بولسا ھەممە دەردىنى كۆز يېشىدىن ئالاتتى... ئۇلار

ئىككىسى بۇنىڭدىن ئون يىل ئىلگىرى ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگى-تىپ بۇلاقسايغا بىللە قايتىپ كەلدى. ئۇلار خېلى ئارزۇ-ئارمانلارنى قىلىشقان بولسىمۇ، لېكىن تەقدىر بۇلارنى يەنە دېھقان قىلىپ قويدى. تېيىپ بىرەر ئوقەت قىلاي دەپمۇ ئويلىدى. لېكىن نېمە بىلەن قانداق قىلىشنى بىلمەيتتى، شۇنداق يۈرگەن كۈنلەردە ھەربىيلىككە بالا ئالغۇدەك دېگەن خەۋەر پەيدا بولدى. تېيىپ كىچىك چاغلىرىدىلا ھەربىيلىككە بەك قىزىقاتتى، شۇڭا ئۇ ئۈيدىكىلەرگىمۇ دېمەستىن بېرىپ ئۆزىنى تىزىملاتتى، ئۇنىڭ تەلىپىگە مەكتەپتىكى يېقىن ئۆتكەن ساۋاقدىشىنىڭ تاغىسى ھەر-بىيلىككە ئالىدىغان ئىشقا مەسئۇل ئادەم ئىكەن، شۇنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇ ھەممە تەكشۈرۈشلەردىن ئۆتۈپ قوبۇل قىلىندى. تېيىپ خۇشاللىقتىن بېشى كۆككە تاقاشقاندەك بولۇپ بۇلاقسايغا كەلدى، ئۇ كەچتە سەلىمەنى چاقىرىپ چىقىپ بۇ خەۋەرنى دېدى:

— ۋاقتى ئۈچ يىل ئىكەن، — دېدى ئۇ سەلىمەنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، — ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، ھەربىي بولۇپ كەلگەن-لەرنى ھۆكۈمەت خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرىدىكەن.

— كادىر قىلامدىكەن؟

— شۇنداق بولسا كېرەك.

— ئۇنداقتا بۇلاقسايغا كەلمەيدىكەنسىزدە؟

— كادىر بولسامىمۇ مۇشۇ ناھىيىدە بولارمەن، سېنى تاشلاپ نەگە بارىمەن؟

— ۋەدە بېرىڭ!

— مەن ساڭا قاچان يالغان ئېيتقان، ئەمما سەن مېنى ساقلىيالىساڭ بولىدۇ.

— مەن ساقلايمەن...

سەلىمەنىڭ يۈرىكى ھاياجان بىلەن سېلىپ كەتتى. ئۇ ھەم خۇشال بولدى، ھەم ئەنسىزلىككە ئوخشايدىغان بىر تۇيغۇ ئىچىگە كىرىۋالدى، ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىنىڭ ئاغزىدىن ۋەدە

ئالدى، ئۇ مۇشۇ بىر ئېغىز گەپنى كۇتۇپ قانچە ـ قانچە كېچىلەرنى ئازاب، ئەنسىزلىك بىلەن ئۆتكۈزگەندى. «بۇگۇن تېيىپ ۋەدە بەردى، ناۋادا ئۇ ھەربىيدىن كېلىپ كادىر بولۇپ قالسا دېھانچىلىقنىڭ جاپاسىدىن قۇتۇلىمىز، ئۇ چاغدا تېيىپ ماڭا ئوخشاش سەھرالىقنى يارىتارمۇ؟ ئۆزىگە ئوخشاش كادىر قىزلارنى تېپىۋالارمىكىن؟...» سەلىمەنىڭ ۋۇجۇدى تىترەپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە نېمىشقىدۇر تېيىپ مۇشۇ كەتكەنچە قايتىپ كەلمەيدىغاندەك، بۇ ئۇلارنىڭ ئاخىرقى كۆرۈشۈشى بولۇپ قالىدىغاندەك تۇيۇلۇپ، يۈرىكى ئەنسىزلىك بىلەن سىلىپ كەتتى. ئۇ تېيىپنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ پىچىرلىدى:

— تېيىپ، مېنى ئۇنتۇپ قالماڭ!...

— خاتىرجەم بول...

ئۇلار تاڭغا يېقىن ئۆيگە قايتتى... تېيىپ ئەتىسى مېڭىپ كەتتى... بىر ئايدىن كېيىن سەلىمە تېيىپنىڭ تۇنجى يازغان خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ خېتىدە ئۆزىنىڭ جەنۇبتىكى بىر ھەربىي بازىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ھەربىي مەشقلەرنىڭ ناھايىتى قاتتىق بولۇۋاتقانلىقىنى، بۇلاقسايىنى، ئۇنى سېغىنغانلىقىنى يازغاندى، سەلىمە خەتنى نەچچە ـ نەچچە قېتىملاپ ئوقۇيتتى. ئۇ ئاشۇ بىر ۋاراق قەغەزدىكى قىڭغىر ـ سىڭغىر خەتلەردىن تېيىپنىڭ سىيماسىنى كۆرگەندەك، ئۇنىڭ تەر ئارىلاش تونۇش پۇرىقىنى سەزگەندەك بولۇپ كۆڭلى ئارام تاپاتتى. ئايلار ـ يىللار ئۆتتى، سەلىمە بۇلاقسايىنىڭ پىژغىرىم يازلىرىنى، ئۇزۇن قىشلىرىنى ئۈمىد ۋە ئىزتىراپ ئىچىدە ئۆتكۈزدى. ئۈچىنچى يىلىغا كەلگەندە تېيىپنىڭ خەتلىرى ئازلاپ كەتتى ۋە ئاخىر «چورت» توختىدى. سەلىمەنى ئەمدى ئەنسىزلىك باستى، ئۇ كېيىنكى خېتىدە ئۆزىنىڭ ئوفېتسېر بولۇپ قالىدىغاندەك شەپە بارلىقىنى، ئەگەر شۇنداق بولسا ھەربىيلىكتە تۇرۇپ قالىدىغانلىقىنى يازغاندى، «مېنى كۇتۇپ كەتمە دېگەن گېپى ئوخشىمامدۇ؟ باشتىلا

گۇمان قىلغانتىم. ئۇ بۇلاقسايغا كەلمەيدۇ، بۇ جاڭگالدا نېمە قىلىدۇ؟... چوقۇم ئۆزىگە ئوخشاش ھەربىيدىن بىرنى تېپىۋالدى...» سەلىمە نەچچە كېچىنى يىغا بىلەن ئۆتكۈزدى. ئاخىر ئۆيدىكىلەرنىڭ تاپا ـ تەنىسىگە چىدىيالماي، دادىسىنىڭ شىرەم تۇغقىنى بولغان بەكرىگە ماقۇل بولدى.

سەلىمە توي قىلىپ ئۈچ ئاي ئۆتكەندە تېيىپ بۇلاقسايغا قايتىپ كەلدى، تېيىپنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ سەلىمە بىر كېچە دۇم يېتىپ يىغلىدى، تالا ـ تۈزگىمۇ چىقماي قويدى. تېيىپ بولسا بىرەر ئايغىچە ئېلىشىپ قالغاندەك بولۇپ يۈردى، ئۇ ھەر كۈنى يېزا بازىرىغا بېرىپ ھاراقنى بولۇشىغا ئىچىپ، بۇلاقسايغا غەرق مەست بولۇپ قايتاتتى ۋە سەلىمەنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە شۇ بىر ناخشىنى توۋلايتتى:

سەنمۇ قىلدىڭ بىۋاپا،
مېنى قىلماس دېمىگىن.
نېمە كويلاردا يۈرۈپسەن،
مېنى بىلمەس دېمىگىن...

سەلىمە بولسا تېيىپنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ قان ـ قان يىغلايتتى...

ۋاقىت نېمىلەرنى ئۆزگەرتمەيدۇ، كۈنلەر ئۆزارغانچە تېيىپنىڭ يۈرىكىدىكى ئاچچىق، ئاداۋەتمۇ ئاستا ـ ئاستا پەسلىدى، ئۇ ھاراقنىمۇ تاشلىدى. ئاڭغۇچە رەھبەرلىكنى ياشلاشتۇرۇش دېگەن سىياسەت كېلىپ تېيىپنى كەنتنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇ ئەمدى ھەممىنى ئۇنتۇپ ئۆزىنى خىزمەتكە ئاتىدى. ئاتا ـ ئانىسى ئۆيلەپ قويايلى دېگەندىمۇ ئۇ قارشىلىق قىلمىدى، «ئايال زاتىنىڭ ھەممىسى ئوخشاش، ئۇلار تېگىۋالغۇچە ھەرنېمە دەيدۇ، ئۇلارغا ئىشەنگەن ئادەم ئەخمەق...» شۇڭا

ئۆيدىكىلەر تۇغقاننىڭ قىزى زورەنى سايە قىلغاندا ياق دېمىدى، زورە ئۇنىڭغا كەينى - كەينىدىن ئۈچ بالا تۇغۇپ بەردى.

يىللار ئۆتكەنسېرى تېيىپ تۇرمۇش ئىشىدا تولىمۇ يېنىك- لىك قىلغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى. شۇنداق، نىكاھ بەزىدە خۇددى پاي چېكى ئويۇنىغا ئوخشايدۇ، ھەرقانچە ئەقىللىق كىشى- مۇ قولىدىكى بۇ پاي چېكىنىڭ ئىستىقبالىنى پەرەز قىلالمايدۇ، تېيىپمۇ شۇنداق بولدى، باشتا زورەنىڭ قىلىقلىرىمۇ ئۇنىڭ كۆ- زىگە غەلىتە كۆرۈنمىگەنىدى، لېكىن كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭ بولۇمسىزلىقى، مەينەتلىكىدىن بىزار بولغىلى تۇردى. زورەمۇ قېرىشقاندەك ھە دېسىلا سەلىمەنى تىللاپ بېرەتتى. ئادەم دېگەن شۇنداق بولىدىكەن، بەزىدە كۆڭلۈڭگە ياقمايدىغان بىرەر ئېغىز گەپنى ئاڭلىساڭ، گەرچە ئۇ شۇنچىلىك كىچىك ۋە ئەرزىمەس ئىش بولسىمۇ ساڭا ئاجايىپ قاتتىق تەسىر قىلىدۇ. تېيىپمۇ شۇنداق بولدى، زورە سەلىمەنى تىللىغانچە تېيىپ ئۇنى سېغىنى- دىغان، كۆرگۈسى كېلىدىغان بولۇپ قالدى. «خەپ، سەلىمە، — دەيتتى ئۇ بەزىدە ھەسرەت بىلەن ئىچىگە تىنىپ، — سەن ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ، ماڭىمۇ قىلدىڭ، تەگكەن ئادىمىڭ ئاشۇ بەڭگى بولدىغۇ؟… ئازراق چىدىغان بولساڭ نېمە بولاتتى؟…» تېيىپ سەلىمەنى ئويلىغانسېرى ئۇنى خالىي زادى ئۇچرىتالمىدى.

بۇلاقسايغا يېڭى بىر باھار كەلدى، بىر كۈنى تېيىپ يېڭى- تامدىكى پەيشەنبە بازارغا بېرىپ قايتىشىدا سەلىمەنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى يول بىلەن ماڭدى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە سەلىمە بۈگۈن ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ قالىدىغاندەكلا تۇيۇلاتتى، تېيىپ قەدىمىنى ئاستىلاتتى، دېگەندەكلا ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىشىگە ئىشىك ئېچى- لىپ ئۆيدىن سەلىمە چىقىپ كەلدى ۋە ئۆزىگە قاراپ تۇرغان تېيىپنى كۆرۈپ جايىدا تۇرۇپ قالدى، بىردىنلا ئۇنىڭ ئەزايىغا مۇزدەك تىترەك ئولاشتى، ئۇ تېيىپنىڭ ئاچچىقتىن قىسىلغان كۆزلىرىگە تەلمۈرگىنىچە ئۇن قاتتى:

— تېيىپ ... — دېدى ئۇ ئاخىر تىترەپ تۇرۇپ، — مېنى ئۇرۇڭ، ئۆلتۈرۈۋېتىڭ! ...

تېيىپ بىر مىنۇتچە نېمە قىلىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى. سەلىمەنىڭ ئاۋازى ئۇنى يۇمشاتتى، ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىدىن ئىككى قەدەم نېرىدا تۇرغان بۇ بىچارە ئايالنىڭ يۈرەك نىداسىنى ئاڭلاۋات-قاندەك، ۋۇجۇدىدا ئۇنتۇلغىلى ئۇزاق بولغان ئىللىق تۇيغۇلار قايتا جۇش ئۇرغاندەك بەدەنلىرى غەيرىي بىر ئىستەكنىڭ ئىلكىدە كۆيۈشتى... ئۇ باشقا گەپ - سۆز قىلماستىن سەلىمەنى تارتىپ قۇچاقلىدى...

ئۇزۇلگەن رىشتە قايتا باغلاندى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ پات - پاتلا سەلىمەنىڭ ئۆيىدە بولاتتى. تېيىپ بەزىدە ئويلاپ قالاتتى، ھەر قېتىم ئۇنىڭ يېنىدىن قايتىپ چىققاندا: «ئەمدى قەتئىي دەسسىمەيمەن» دەيتتى. لېكىن، بىرەر ھەپتە ئۆتمەيلا يەنە ئۇنى كۆرگۈسى كېلەتتى، سەلىمە گويا ئۇنى نېمىسى بىلەن-دۇر ئۆزىگە باغلىۋالغاندەك ئىدى. بۇ گۇنىمۇ ئۇ بەكرىنىڭ يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ كەلگەنىدى...

سەلىمەنىڭ ياش لىغىرلاپ تۇرغان مۆڭلۈك تۇرقىغا قاراپ تېيىپ ئۆز گېپىگە پۇشايمان قىلدى. «توۋا... ئۇ خۇش بولسى-مۇ، خاپا بولسىمۇ كۆزۈمگە شۇنچە چىرايلىق كۆرۈنىدۇ، نېمىشقا زورەدە بۇنىڭ قىلىقلىرىدىن ئازراق بولسىمۇ يوقتۇ؟ ياخشى كۆر-گەن ئادىمىڭ باشقىچە بولىدىكەن - دە؟... مەنمۇ ئۆتكەن ئىشنى يەنە تەرگىمىسەم بوپتىكەن...»

— سەلىمە، — دېدى بۇ يۇمشاپ، — يېنىمغا كەلگىنە!

سەلىمە قوپۇپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

— خاپا بولما! ...

— جېنىم تېيىپ، سىز مېنى قانچە تىللىسىڭىزمۇ خاپا بولمايمەن...

سەلىمەنىڭ شۇ بىر ئېغىز گېپى تېيىپنىڭ كۆڭلىنى ئېرىت-

تى. ئۇنىڭ قەلبىنى ئۆرتەۋاتقان ئاچچىق گويا قۇياش نۇرى قوروتقان شەبنەمدەك غايىب بولدى، ئۇ سەلىمەنى قۇچاقلىغىنىچە ئاچ كۆزلۈك بىلەن سۆيۈشكە باشلىدى...

قوترىغان مىنۇتلار ئۆتۈپ كەتتى. ئۇگە ـ ئۇگىلىرى بوشاشقان تېيىپ سەلىمەنى قۇچاقلىغىنىچە راھەتلىنىپ ياتاتتى. ئايال بولسا بېشىنى تېيىپنىڭ كۆكرىكىگە قويۇپ، ئۇنىڭ كۈچلۈك بىلەكلىرىنى سىلايتتى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئېيتقۇسىز شېرىن بىر تۇيغۇدا ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى.

— تېيىپ!... — دېدى خېلىدىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ تەلمۈرۈپ تۇرۇپ، — بىر گەپ قىلسام خاپا بولارسىزمۇ؟

— نېمە دەيسەن؟

سەلىمە لېۋىنى چىشلىگىنىچە ئارىسالدى بولۇپ قالدى.

— گەپ قىلمامسەن؟

— تىللىمىسىڭىز دەيمەن...

— تىللىمايمەن، دە!...

— مېنىڭ بويۇمدا قالغاندەك تۇرىدۇ...

— نېمە دەيسەن؟... — تېيىپ چۆچۈپ ئورنىدىن تۇردى، — كىمنىڭ بالىسى؟

— كىمنىڭ بولاتتى، سىزنىڭ بالىڭىز...

گويا بىرى توقماق بىلەن ئۇرغاندەك تېيىپنىڭ بېشى پىرقىراپ كەتتى، بىردىنلا سەلىمە ئۇنىڭغا ئالۋاستى بولۇپ كۆرۈندى.

— سەن بەكرىنىڭ بالىسىنى ماڭا دۆڭگەي دەمسەن؟ — دېدى ئۇ تىترىكىپ.

— بەكرى نەچچە ئايلار بولدى ئۆيگە كەلمىسە...

— ئەمىسە كىمنىڭكى؟

— جېنىم تېيىپ، — دېدى سەلىمە يىغلامسىراپ، — نېمانداق گەپ قىلىسىز؟ مەن سىزدىن بۆلەك ئىنسانغا قارىغان

بولسام...

— سېنىڭ مەقسىتىڭ مېنى رەسۋا قىلىش ئىكەن ـ دە، ھە؟...

— جېنىم تېيىپ، نېمىلەرنى دەۋاتىسىز؟ خۇدا ھەققى...

— بولدى، بولدى، — تېيىپ ئۇنى سىلكىدى، — ئەتە مەن پۇل ئەكېلىپ بېرىمەن، دوختۇرغا بېرىپ كۆزدىن يوقات! ... ئاڭلىدىڭمۇ؟...

تېيىپ شۇنداق دېدى ـ دە، كىيىملىرىنى كىيىپ ماڭدى، سەلىمە بولسا «پاڭگىدە» ئېتىلىپ كېتىشتىن ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇپ تۇراتتى. ناۋادا شۇ تاپتا بىر ئېغىز گەپ قىلسا تېيىپ ئۇنى ئۇرۇشتىنمۇ يانمايتتى، ئۇ پەقەت تېيىپ تاشقىرىقى ئىشىكنى جالاقشىتىپ يېپىپ ماڭغاندىلا ئېسىگە كېلىپ، يوتقاننى بېشىغا پۈركۈگىنىچە ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى...

تېيىپ بولسا پۇشايمان ئارىلاش ئاچچىق خىياللارنىڭ ئىسكەنجىسىدە كېتىۋاتاتتى. «خوتۇن خەقنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا دەپ بىكار ئېيتمىغان ـ دە، ماۋۇنىڭ تېرىغان ئىشىنى كۆرمەمدىغان، نەدىن ئارا بۇنىڭغا ئارىلىشىپ قالدىم؟... باشتا ۋاپا قىلمىغان نېمىدىن ياخشىلىق كېلەمتى؟... ئەگەر بۇ ئىش بۇلاقسايغا يېيىلىپ كېتىدىغان بولسا تۇگەشكىنىم شۇ... بۇنىڭ دېگىنى راستىمدۇ ياكى مېنى ئۆزىگە باغلىۋېلىش ئۈچۈن تاپقان ھىيلىسىمۇ؟ ماڭا گەپ كەلتۇرمەسمىش، ئەمدى بولدى، ئىككىنچى بۇنىڭ يېنىغا دەسسىمەيمەن...» ... بىر دەمدىن كېيىن ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا سەلىمەنىڭ باياتىنقى مۆڭلۈق قىياپىتى كېلىپ يۈرىكى ئېچىشقاندەك بولدى. كىمدۇر بىرى غايىبتىن ئۇنىڭغا خىتاب قىلدى: «ھەي، تېيىپ! سېنىڭ نەرىڭمۇ ئوغۇل بالا، ھەممە ئىشنى تېرىپ قويۇپ، ئۇنى يىغلىتىپ كېتىۋاتىسەنا؟ ئۇ شۇ كەمگىچە سېنىڭ دەردىڭنى ئاز تارتتىمۇ، سەن توغرۇلۇق

ئېرىدىن قانچە ـ قانچە قېتىم تاياقلارنى يېدى بىلەمسەن؟ ئەمدى قىلغۇلۇقنى قىلىپ قويۇپ، بار دەردكە ئۇنى ئىتتەرمەكچىمۇ سەن، نامەردلىك قىلدىڭ، بۇرادەر!...»

ئۇ ئۆيگە قانداق كەلگىنىنى بىلمەي قالدى.

— نەگە كەتتىڭىز؟ — زورە ئادىتى بويىچە شۇ سوئال بىلەن قارشى ئالدى.

— نېمە بولدى؟

— دادام سىزنى ئىزدەپ تاپالماي كەتتى.

— نېمىدەپ كەپتۇ؟

— ئەترەتتىن يېڭى ئۆيىنىڭ سەكسەن پىرسەنتىنى ئۆزۈڭ تۆلەيسەن دەپتۇ.

— ئۇنداق دېسە مەن قانداق قىلىمەن؟

— قانداق قىلىمەن دەيسىزغۇ؟ — زورەنىڭ قىيسىق كۆز-لىرى چەكچەيدى، — نەدىكى بىر ئادەملەرنىڭكىنى كۆتۈرۈۋېتىدى-كەنسىلەر، شۇ قاتاردا كۆتۈرۈۋەتمەمسىلەر.

— ھەي، بۇنىڭ بەلگىلىمىسى بار...

— ۋايىەي، دادىلارغا كەلگەندە ئەجەب پرىنسىپلىرىڭىز چىقىپ كەتتا؟ بىرەر قاتار «ھەئە» دەۋاتسىڭىز نېمە بولاتتى.

— بولمايدۇ دېدىم، بولمايدۇ... — تېيىپ ئۇنىڭغا قاراپ ۋارقىرىدى.

زورە بىردەم چۆچۈپ تۇرۇپ كەتتى ـ دە، ئۆيگە كىرىپ مىشىلداپ يىغلىغىلى تۇردى. ئۇنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاپ تېيىپنىڭ نېرۋىسى تېخىمۇ ئۆرلىدى. «بۈگۈن زادى نېمە بولۇپ كەتتى؟ قەيەرگىلا بارسام يىغا ـ زارىغۇ؟... بۇلاقسايى ماڭا ھارام بولامدۇ نېمە؟... زادى خوتۇن خەققە ئىچ ئاغرىتقان ئادەم ئەخمەق...»

تېيىپ ئۆيدىن چىقىپ يېرىم كېچىگىچە بۇلاقسايىنىڭ كوچى-لىرىنى ئايلىنىپ يۈردى...

## 10

«بۇلاقساينى سەيلە ـ ساياھەت قىلىدىغان يەر قىپتۇ...»
ئەتىگەنلىك چېيىنى چالا ـ بۇلا ئىچىپ كەلگەن ئىلەك قارتا مەيدانىغا مۇشۇ خەۋەرنى ئېلىپ كەلدى.
— ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ — دېدى ئۇ ئالدىراپ، — ئىسراپىل مەھەللىنى كۆچۈرىمىز، دەپ بىكارغا تەشۋىق قىلمىغانىكەن، ئەسلىدە بۇ يەرنى سەيلە ـ ساياھەت قىلىدىغانغا پىلانلاپتىكەن...
— نېمە دەيدۇ مـۇنۇ، — شـەمشى ئـىشەنمىگەندەك سوردى، — كېچىدە كۆرگەن چۈشۈڭنى ئۆرۈپ بېرىۋاتامسەن نېمە؟
— قايسى كۈنى ناھىيىنىڭ باشلىقلىرى چىقىپ شۇنداق مۇزاكىرە قىلىشىپتۇ، باياتىن يارى دۇكاندا دەپ بەردى.
بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ يىغىلغانلار قارتا ئويناشنىمۇ توختاتتى، مەسۇم تاران ئىلەكنىڭ گېپىنى ياراتمىغاندەك سورىدى:
— يارى مۇزاكىرىگە قاتنىشىپتىمۇ؟
— باشلىقلار ئۇنىڭ يېڭى ئۆيىنى كۆرگىلى بېرىپتىكەن، شۇ يەردە شۇ پاراڭلار بولۇپتۇ...
— بۇ گەپچە، ھەممىمىزنى كۆچۈرگۈدەك ـ دە؟
— شۇنداق قىلىدىكەن...
ئىلەكنىڭ خەۋىرى قارتىچىلارنى ئويغا سېلىپ قويدى.
— بىر تىنچ يـاشاۋاتـاتتۇق، — دېـدى شـەمشى ئۇھ تارتىپ، — ئەمدى بۇ يەرنىڭمۇ ئىگىسى چىقىپتۇ ـ دە؟
— بۇ جاڭگالغا سەيلە قىلغىلى كىممۇ كېلەر؟
— بىزنىمۇ كولاتقىلى قويارمۇ؟ — دېدى جەپە تەشۋىش بىلەن.
— ھېلىمـۇ ئـوبدان پۇل تاپتىڭ، كۆزۈڭ تويماۋاتىدۇ ـ ھە؟ — دېدى شەمشى چاقچاق قىلىپ.
— شۇنى دېمەمسەن، باشنىڭ ئىچىمۇ ـ تېشىمۇ قاتتى دېگىنە...

پاراڭنىڭ ئاخىرى چاقچاقلا ئايلىنىپ كەتتى. مەسۇم تاراننىڭ بولسا كۆڭلى ئويۇننى تارتمىدى. «قايسى كۈنى ناھىيىنىڭ شۇجىسى بىكار كەلمىگەن ئىكەن - دە! بىزگە يېڭى ئۆي سېلىپ بېرىمىز دېگىنىنىڭمۇ تېگى بار ئىش ئوخشىمامدۇ؟... بۇلارنىڭ مەقسىتى بىزنى كۆچۈرۈش ئىكەندە؟... ھۆكۈمەت قىلىمىزلا دېگەن بولسا جىم قويمايدۇ جۇمۇ... — ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا شۇ ھامان سايدىكى تۈگمەن كەلدى، — ئەگەر بۇ يەرنى سەيلىگاھ قىلسا ھەممىدىن بۇرۇن تۈگمەننى يوق قىلىدۇ دەڭلا، ئەمدى قانداق قىلارمەن؟...» مەسۇم تاراننىڭ كۆڭلىنى ئەندىشە قاپلاپ بېشى ئايلاندى. ئەتراپتىكىلەرنىڭ چاقچاق، كۈلكىلىرىمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. ئۇ قولىدىكى قارتىنى يەرگە تاشلىدى - دە، ئورنىدىن تۇردى:

— نەگە ماڭدىڭىز؟ — قارتىنى شىلاۋاتقان شەمشى ئۇنى چاقىردى، — بۇ دورەم جەپەنى كورت قىلىمىز... ئالامەت قەغەز چىققانتى - دە....

مەسۇم تاران قولىنى سىلكىدى - دە، يۇقىرىغا قاراپ كېتىۋەردى. ئۇ مەھەللىنىڭ ئۆيلىرىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ ساينىڭ ئاغزىغا يېقىنلىدى. جىلغىدىن سالقىن شامال ئۇرۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزى نېرىدىكى دۆڭنىڭ ئۇستىدە چوقچىيىپ تۇرغان كونا بىر ئۆيگە چۈشتى. ئۇنىڭ ئەتراپىنى تېرەك، سۆگەتلەر قاپلاپ تۇراتتى، يول شۇ ئۆينىڭ ئالدىدىكى ئېرىقنى بويلاپ جىلغىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەنىدى. ئاشۇ ئۆي مەسۇم تاراننىڭ تۈگمىنى ئىدى. ئۇ ئوت - چۆپ بېسىپ كەتكەن يول بىلەن مېڭىپ دۆڭگە چىقتى. خېلىدىن بۇيان ئادەم كەلمىگەچكىمۇ، بۇ تۈگمەننىڭ ئۆگزىسىنى ئوت بېسىپ تېخىمۇ يەرگە چۆكۈپ كەتكەندەك، خۇددى كېسەل بولغان بوۋايدەك شۈمشىيىپ تۇراتتى. مەسۇم تاران ئاۋۋال تۈگمەننىڭ ئەتراپىنى بىر ئايلىنىپ كۆرۈپ چىقتى، تۆپىدىكى سۇ ئېرىقى شېغىللار بىلەن تىنىپ كەتكەنىدى، تۈگمەنگە

چۈشىدىغان ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان نور ئۆزۈندىن بۇيان سۇ كۆرمىگەچكىمۇ قۇرۇپ يېرىلىپ كەتكەنىدى. مەسۇم تاران تۇگ-مەننىڭ ئىشىكىگە كەلدى، قارىغاي تاختىيىدىن مىخلاپلا ياسالغان ئىشىكتىكى داتلىشىپ كەتكەن قۇلۇپنى بىرھازا ئېيتىشىپ ئاران ئاچتى. مايسىراپ كەتكەن ئىشىك قوپال ئاۋاز چىقىرىپ ئېچىلدى ۋە ئۆيىنىڭ ئىچىدىن نەم، سېسىغان تېرىدەك ئاچچىق پۇراق ئۇنىڭ بۇرنىغا «گۇپپىدە» ئۇرۇلدى، تۇگمەننىڭ ئىچى قاراڭغۇ بولغاچقا، مەسۇم تاران بىرھازاغىچە ئۇ يەردىكى نەرسىلەرنى پەرق قىلالماي تۇرۇپ كەتتى. ئىشىكتىن كىرگەن يورۇق بىلەن تۇگ-مەننىڭ ئىچى يورۇدى، ئۇ سېسىقچىلىقتىن كۆڭلى ئاغدۇرۇلۇپ تۇرسىمۇ چىداپ تۇگمەننىڭ بىرلىك توپا - چاڭ بېسىپ كەتكەن سايمانلىرىنى بىر - بىردىن تۇتۇپ كۆرۈپ چىقتى. ھەممە نەرسى-نىڭ جايىدىلىقىنى بىلىپ مەسۇم تاراننىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشۈپ تۇگمەندىن يېنىپ چىقتى ۋە ئۆزى دائىم ئولتۇرىدىغان كۆتەكنىڭ يۈزىنى پۈۋلىۋېتىپ ئولتۇردى - دە، يېنىدىن گېزىت قەغىزىنى ئېلىپ موخوركا يۆگىدى. ئۇنىڭ كاللىسىنى بىر - بىرىدىن ئېغىر، ئەنسىز خىياللار چىرمىۋالدى، ئۇ ئاچچىق موخوركىنى كەينى - كەينىدىن ئۇلاپ شورىدى، ئەمما زەھەردەك تاماكىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ھەسرىتىگە تەگمەيۋاتقاندەك بولدى. ئۇ ئەترا-پىغا كۆز يۈگۈرتتى، يېقىن ئەتراپتا ھېچكىم يوق، پەقەت پەستى-كى ئېرىقتا ئېقىۋاتقان سۇنىڭ بىر خىلدا شىلدىرلىغان ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى. ئۇنىڭ كۆزى سول تەرەپتىكى شاخلىرى ھەر تەرەپكە يېيىلغان قېرى قارىياغاچقا چۈشتى، دەرەخنىڭ نېرىسىدا كىچىك-كىنە دۆڭ تۇراتتى. «ئۇ شاۋۇدۇن پالاقنىڭ تۇگمىنىنىڭ ئورنى ئىدىغۇ، شۇ، شۇ… رەھمەتلىك تۇگمەن تېشىنىڭ ئاستىدا قې-لىپ، ناكار بولۇپ ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بېرىسىدا ئەمەت بوۋاي-نىڭ تۇگمىنى، ماۋۇ تەرەپتە ئىمىر باقىنىڭ تۇگمىنى، يۇقىرى-سىدا بولسا نۇرشا موللىنىڭ تۇگمىنى بار ئىدى. ئۇ چاغلاردا

بۇ توڭگىرەك قالتىس ئاۋات ئىدى ـ دە؟… خەقلەر نەمۇ ـ نەلەردىن ئۇگۇت ئەكېلەتتى، بەزىدە نۆۋەت تەگمەي خېرىدارلار بىر ـ ئىككى كـۈن يېتىپمۇ قـالاتتى… ھەممىدىنمۇ مەسۇم تارانلارنىڭ تۇگمىنى بېسىق بولىدىغان، خەقلەر: «سىلەرنىڭ تۇگمەڭدە تارتقۇزساق يۇمشاق چىقىدۇ»، دەيتتى، دېمىسىمۇ ئۇ چاغلاردىكى ئۇنلار قالتىس ئىدى ـ دە! بىنەمنىڭ ئۇنىدا لەڭمەن ئەتسە چاچتەك چىقاتتى، ئۇنىڭ ئالدىدا ھازىرقى زاۋۇتنىڭ ئۇنى نېمە؟ ئۇگۇتنى كۆيدۇرۇپ تەمىنى قويمايدۇ…»

قالغان تۇگمەنلەر كوممۇنا زامانىسىدا كەينى ـ كەينىدىن ۋەيران بولۇپ يوقالدى، پەقەت مەسۇم تارانلا بەش ئەۋلاد ماڭدۇرۇپ كەلگەن تۇگمەننى ساقلاپ قالدى. بۇ تۇگمەننى ئۇنىڭ چوڭ بوۋىسى راشىدىن قۇرۇپتىكەن، ئۇنىڭدىن ئوغلى ئەمىرگە قاپتىكەن. ئەمىر بىر ئۆمۈر ماڭدۇرۇپ ئۆلۈپ كېتەردە ئوغلى خېلىلغا مىراس قىلىپ بېرىپتىكەن، مەسۇم تاران بولسا ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كەتكەن ئاكىسى خېلىلدىن كېيىن تۇگمەنگە ئىگە بولۇپ ھازىرغىچە ساقلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ بۇ تۇگمەننى كوممۇنادىن قايتۇرۇۋالغۇچە داۋۇينىڭ كادىرلىرى بىلەن نەچچە قاتار كېكىرەدەك سىقىشتى. نېمە بولمىسۇن، ئۇ ئاتا ـ بوۋىسىدىن يادنامە بولۇپ قالغان تۇگمەننى ياندۇرۇۋېلىپ ماڭدۇردى. يېقىنقى يىللارغىچە بۇلاقسايلىقلار ئۇنلىرىنى مۇشۇ تۇگمەنگە ئەكىلەتتى. كېيىن قوشنا مەھەللىدە ئۇن زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، بۇ تۇگمەننىڭ خېرىدارلىرى ئازلاپ كەتتى، لېكىن يەنىلا تاغدىكى چارۋىچىلار پات ـ پات كېلىپ يارما تارتقۇزۇپ كېتىشەتتى. ئۆتكەن يىلدىن بۇيان ئوغلى تۇرغان بولمىغاچقا، مەسۇم تاران ئېتىزنىڭ ئىشلىرىدىن ئارا بولالماي، تۇگمەننى تاقاپ قويغانىدى…

ئىلەكنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ مەسۇم تاران ئەندىشىگە چۈشتى: «ئەگەر بۇ خەق بۇلاقساينى سەيلىگاھ قىلىدىغان بولسا تۇرغان گەپ، تۇگمەننى چېقىپ تۈزلىۋېتىدۇ. ئاتا ـ بوۋىلىرىمنىڭ

ئىزناسى يوق بولىدۇ، شۇنچە ئاپەتلەردىن قۇتۇلدۇرۇپ چىققاندىم، ئەمدى مېنىڭ كۆزۈمچە ۋەيران بولۇپ كېتەرمۇ؟ …»
ئۇنىڭ ئېسىگە مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىكى ئىشلار كەلدى:
بۇ كۆز مەزگىلى ئىدى، بىر كۈنى بۇلاقسايغا بىلىكىگە قىزىل لاتىلارنى تاقاشقان بىر ماشىنا ئوقۇغۇچىلار كېلىشتى، ئۇلار بۇلاقسايىنىڭ دېھقانلىرىنى يىغىپ ئىنقىلابقا سەپەرۋەر قىلىغاندىن كېيىن «كونىلىقنى يوقىتىمىز!» دەپ ئۆزلىرى باش بولۇپ ئۆي ـ ئۆيلەرگە كىرىپ دېھقانلارنىڭ مەش ـ قازانلىرىنى، تەڭنە قاتارلىق نەرسىلىرىنى ئاچىقىپ چاققىلى تۇردى، بوۋايلارنىڭ ساقىلىنى قىرقىپ، ئاياللارنىڭ ئۆز ۈن چاچلىرىنى كېسىشتى، مەھەللىنىڭ ئىچىنى قىيامەت قاپلىدى. ئۇلارنىڭ قاتارىغا ئىلەك باشلىق بۇلاقسايىنىڭ ئىسىيانچىلىرىمۇ قوشۇلدى. ئۇلار مەھەللىنى بىرقۇر تاسقاپ بولۇشىغا ئىلەك:
— مەسۇمنىڭ تۈگمىنى ئۇنتۇلۇپ قاپتۇ، — دەپ خەۋەر قىلدى ۋە ئوتتۇز ـ قىرىقتەك ئىسىيانچىلارنى باشلاپ تۈگمەنگە كېلىشتى. بۇ چاغدا مەسۇم تاران تۈگمەندە ئۇگۇت تارتىۋاتاتتى، ئۇ بۇنچىلا ئادەمنىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ ئەندىكىپ كەتتى. ئىلەك توپنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ مەسۇم تارانغا بۇيرۇق قىلدى:
— تۈگمەننى توختات! …
— نېمە بولدى، ئىلەك؟ — مەسۇم تاران چۈشىنەلمەي سورىدى.
— تۈگمەن دېگەن كونىلىق، ئۇنى يوقىتىش كېرەك.
— بۇنى بۇزۇۋەتسەڭلار ئەزالار ئاچ قالامدۇ؟
— نېمە دېدىڭ؟ — ئىلەك غەزەپ بىلەن ئالايدى، — سەن ئىنقىلابقا قارشى چىقماقچىمۇ سەن؟ — ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ قولىنى كۆتۈرگىنىچە شوئار توۋلىدى، — كونىلىقنى تەلتۆكۈس يوقىتايلى! ئىنقىلابنى ئاخىرىغىچە ئېلىپ بارايلى! … — ئىسىيانچىلارنىڭ شوئار ساداسى جىلغىنى بىر ئالدى. ئارقىدىنلا

ئىلەك ئۇلارغا بۇيرۇق قىلدى:

— ئىنقىلابىي يولداشلار، تۈگمەننى بۇزايلى!

ئىنقىلابچىلار تۈگمەنگە قاراپ يوپۇرۇلۇپ كەلدى. قانداق بولدى، مەسۇم تاران تۈگمەنگە ئوقتەك كىرىپ، ئۇ يەردىن تۆمۈر ئارىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ھەيۋە بىلەن ۋارقىرىدى:

— قايسىڭ يېقىن كەلسەڭ قارنىڭنى تۆكىمەن، جالاپنىڭ باللىرى...

بۇنداق قارشىلىقنى كۈتمىگەن ئىنقىلابچىلار ئىزىدا توختاپ قېلىشتى، ئۇلار ئىشىكنى توسۇپ تۇرۇۋالغان، كۆزلىرىدىن ئوت چاچرىتىپ تۇرغان بۇ ئادەمدىن ئەيمىنىپ قېلىشتى. ئالاقزادە بولغان ئىلەك مەسۇم تارانغا قاراپ ۋارقىرىدى:

— مەسۇم! سەن ئىنقىلاب بىلەن قارشىلاشماقچىمۇ؟

— ئىنقىلابىڭ بىلەن مېنىڭ كارىم يوق، — دېدى ئۇ ئارىنى سىلكىپ قويۇپ، — ئەمما تۈگمەنگە قول تەگكۈزمەيسەن!

ئىلەك كەينىگە ئۆرۈلۈپ يەنە شوئار تولىدى:

— كاپىتالىزمنىڭ ھەيۋىسىنى يوقىتايلى! مەسۇم تاراننىڭ ئىت بېشىنى يانجىپ تاشلايلى!...

— جېنىڭدىن تويۇشقان بولۇشساڭ كېلە قېنى!

ھېچكىم ئالدىغا مېڭىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

— سەن ئالدىرىماي تۇر! — دېدى ئىلەك ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، — بىز ئىنقىلابچىلار سېنىڭ-دىن ھېساب ئالماي قويمايمىز!...

ئۇلار قايتىپ كېتىشتى، مەسۇم تاراننىڭ تەلىيىگە ئۇلار تۈگمەنگە قايتا كېلىشمىدى...

مەسۇم تاران شۇ ئىشلارنى ئەسلەپ خۇرسىنىپ قويدى. ئۇ ياشلىق چاغلار ئىدى، ھېچ نەرسىدىن قورقمايتتى، ھازىر بولسا قېرىدى، ئۇنداق جاسارەت يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر تۈگمەنگە ھۆكۈمەت كۆز تىكىپ قالدى: «ئۇلار بىلەن قارشىلىشىپ تەڭ

كەلگىلى بولامدۇ؟… قارىغاندا، بۇ تۇگمەن بىلەن خوشلىشىدىغان زامان كەلگەندەك تۇرامدۇ قانداق؟… ئەڭ بولمىغاندا ئاز - تولا پۇلغا يارىتىۋالسام بولاتتى، مۇشۇ تۇرقىدا ھېچقانچە پۇلغا يارىماي- دۇ، سۆگەتمۇ ئاجراپ چۇشۇپ قالاي دەپتۇ، تاشنىمۇ يەڭگۈشلەش كېرەك ئىدى. ئەگەردە تۇگمەننى ئوڭشاپ ماڭدۇرۇپلىۋالسام بەلكىم چېقىلالماس بولغىيتتى؟…» ئۇ ئىچىدە ئوڭشاشقا كېتىد- دىغان چىقىمنى ھېسابلاپ كۆردى. ئاز بولغاندىمۇ يەتتە - سەك- كىز يۈز سوم كېتەتتى، لېكىن ئۇنىڭ يانچۇقىدا ھازىر يۈز سوممۇ يوق…

مەسۇم تارانىنىڭ بېشى قاتتى، يەنە تاماكا يۆگەپ چەكتى، لېكىن قانچە ئويلاپمۇ كۆڭلىگە يارىغۇدەك بىرەر چارىنى تاپالمى- دى. ئۇ ئىچىدە ئوغلى تۇرغاننى قارغىدى: «ۋاپاسىز جوھۇت، ئىسىت، ساڭا قىلغان ئەجرىم، ئۇنىڭغا تۇگمەننى تۇتقىن دەپ ھەممە ھۈنەرنى ئۆگەتتىم، گېپىمنى تىڭشىمىدى، ئاتىنىڭ نەسى- ھەتىنى ئالمىغان بالا ياخشى كۈن كۆرمەيدۇ، تۇگمەن دېگەن تۇگمەس بايلىق، سەن بىلمەيسەن، ئىنقىلابتىن ئىلگىرى نەچچە يىل ئاچارچىلىق بولۇپ كېتىپ، خەقلەر ھەتتا قارىياغاچنىڭ يوپۇرمىقىنى يېيىشتى، بىزچۇ؟ دادام رەھمەتلىك كېچىلىرى تۇگمەندىن ئۇنلارنى ئەكېلەتتى، بىز ئاچارچىلىقنىڭ ئازابىنى تارتىپ كەتمىدۇق، كىم بىلىدۇ، جاھان يەنە قانداق ئۆزگى- رىدۇ؟… دادام رەھمەتلىك دائىم: ‹بەك باياشات بولۇپ كەتكەن ياخشى ئەمەس، ئۇنىڭمۇ دەردى بولىدۇ، ياراتقان ئىگەم بەندىلى- رىگە راھەتنىمۇ، جاپانىمۇ تەڭشەپ كۆرسىتىدۇ، شۇڭا تۇگمەن- دىن ھەرگىز ئايرىلماڭلار›، دەيدىغان، راست دېگەنىكەن. مۇشۇ تۇگمەننىڭ سايىسىدا ھازىرغىچە يامان ئەمەس كۈن كۆرۈپ كەل- دۇق، ئەمدى بۇگۈنگە كېلىپ ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالارمەن- مۇ؟… ياق، نېمە بولمىسۇن، تۇگمەننى ماڭدۇرۇپ تۇرغان بولسام بولاتتى، بىرەرىدىن قەرز ئېلىپ تۇرسام كۈزلۈككە زىغىر

سانقاندا بېرئۆپتەتتىم، رېھىم شاھدىن سورىسام بېرەرمۇ؟ ھەي، ئۇنىڭدىن قەسەم چىقسا چىقىدۇكى، پۇل چىقمايدۇ. ئۇنىڭ ئۇس-تىگە ئەلچىلەرنى قۇرۇق قايتۇردى دەپ ماڭا ئاچچىقى بار، پۇلى بولسىمۇ بەرمەيدۇ، يەنى كىمنىڭ پۇلى بار؟ يارى··· ياق، ياق! ئۆلۈپ قالسامۇ ئۇنىڭدىن پۇل سورىمايمەن، يەنە كىم بار؟»

جىلغىنىڭ ئىچىدىن كېلىۋاتقان موتسىكلىتنىڭ ئاۋازى ئۇ-نىڭ خىياللىرىنى ئۈزۈۋەتتى. ھايال ئۆتمەي ئۇنىڭ يېنىغا چاڭ باسقان موتسىكلىتتا كېرىلىپ ئولتۇرۇپ جالال پەيدا بولدى. ئۇ تۈگمەننىڭ ئالدىدا خىيالغا پېتىپ ئولتۇرغان مەسۇم تاراننى كۆرۈپ يولدىن قايرىلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— مەسۇمكا، بۇ يەردە نېمىگە ئولتۇرۇپ كەتتىڭ؟ — دەپ سورىدى ئۇ موتسىكلىتتىن چۈشۈپ.

مەسۇم تاران جالالنى ئانچە خۇش كۆرۈپ كەتمەيتتى. شۇڭا رېھىم شاھ قىزى پەرىدەنى جالالغا سوراپ ئەلچى ئەۋەتكەندىمۇ، «ئۇ جېدەلخورغا بېرىدىغان قىزىم يوق» دەپ ئەلچىلەرنى قايتۇ-رۇۋەتكەنىدى. ئۇ ئەلچىلەرنى ياندۇرۇۋەتسىمۇ جالالنىڭ پەرىدەنى يەنە ئەگىپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى سېزىپ ئويلىنىپمۇ قالغانىدى: «بۇ بالا پەرىدەگە ئاشىق ئوخشايدۇ، پەرىدە ئۇنىڭ بىلەن ئۆي بولۇپ قالسىمۇ تۇرمۇشتا قىينىلىپمۇ كەتمەيتتى، رېھىم شاھنىڭ دۇنيا-سىنىڭ ئەدىپىنى مۇشۇ ئوغلى بېرىدۇ، بۇمۇ ئۆي تۇتسا شوخلۇقى قېلىپ، تۈزىلىپ قالاتتىمىكىن؟! پەرىدە قارىسام ئاۋۇ يارىغا مەيلى باردەك قىلىدۇ، ئۇنىڭ تۇرغاننى يولدىن چىقارغىنى ئاز-مۇ؟ ئۇ جىمغۇر يۈرگىنى بىلەن قورسىقىدا ھىيلىسى تولا نېمە، ئۇنىڭغا ئۆلسەممۇ بەرمەيمەن···»

— تۈگمەننى يوقلاپ قوياي دەپ چىققانىدىم، — دېدى مەسۇم تاران چىرايىنى ئېچىپ.

— تۈگمەننى ماڭدۇراي دەمسەن؟

— نېمە بىلەن ماڭدۇرىمەن دەيسەن.

— نېمە بولدى؟... خېرىدار كەلمەيدۇ دەمسەن؟

— خېرىدارغۇ تازا كېلىۋاتىدۇ، تۈگمەننىڭ ئۈننى سىغدىنىپ كەتتۇق دەۋاتقانلار بار، تۈگمەننىڭ ئۈنىغا يېتەمدۇ؟ ...ئۈنىڭ ئۈستىگە زاۋۇتنىڭ ئۈگۈت ھەققى قىممەت، كېپەكنى بەرمەيدۇ...

— ئۇنداق بولسا تۈگمەننى ماشىنىلاشتۇرساق بولامدۇ؟ يا كەنتنىڭ باشلىقلىرى ئۇنىمايۋاتامدۇ - يە؟

— ئۇلارغۇ بىرنېمە دېمىدى، — دېدى مەسۇم تاران ئىچىدە «مۇشۇنىڭدىن قەرز سوراپ باقايمۇ - يە؟ دادىسىدىن چىقمىغان پۇل بۇنىڭدىن چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس» دەپ ئويلىدى.

— ئەمىسە نېمە بولدى؟

— نەچچە ۋاقىتتىن تاشلىنىپ تۇرۇۋەرگەچكە تۈگمەننىڭ جىق سايمانلىرى كاردىن چىقىپ كېتىپتۇ، بىرقۇر ياسىمىساق ماشىنىلاشتۇرغىلى بولمىغۇدەك، شۇنىڭ خىيالى دېگىنە، ئۇكا!...

جالال ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ خۇش بولۇپ كەتتى: «بۇ تۈگىنىڭ بېشىغا پۇلنىڭ غېمى چۈشۈپتۇ - دە! قارىغاندا يېنىدا پۇل يوق ئوخشايدۇ. ئەجەب جايىدا قولۇمغا چۈشتىغۇ، ئۇ دادامدىن سورىيالمايدۇ، سورىسىمۇ دادام پۇل بەرمەيدۇ، ئاۋۇ ياردىن تېخىمۇ سورىمايدۇ، ئاستا چېكىپ باقايمۇ؟...»

— ئۇنىڭغا نېمانچىۋالا غەم تارتىپ كەتتىڭ؟ — دېدى جالال دەرھال، — قانچىراق لازىم قىلاتتىڭ؟

— بولسا ئەتە - ئۆگۈن بولسىمۇ بولاتتى.

— مىڭ سوم يېتەمدۇ؟

— يېتىدۇ، يېتىدۇ...

— مەن ئۆگۈنلۈككە جايلاپ بېرەي، ناھىيىدە بىرىدىن مىڭ سوم ئېلىشىم بار ئىدى، ئەتە كىرىپ ئالماقچىمەن.

— راست دەمسەن؟ — مەسۇم تاران قولىغا ئىشەنمىگەن-

دەك ياندۇرۇپ سورىدى، — داداڭ ئۇقۇپ قالسا خاپا بولۇپ
يۈرمىسۇن.
— ئۇ دېگەن ئۆزۈمنىڭ پۇلى، دادامنىڭ چىشى پاتمايدۇ.
— شۇنداق بولسىمۇ رېھىم شاھنىڭ خۇيىنى بىلىسەن، مەن
گەپ كۆتۈرەلمەيدىغان ئادەم.
— دادامدىن خاتىرجەم بولغىنا، مەسۇمكا، — دېدى ئۇ
مەيدىسىگە مۇشتلاپ، — ساڭا بىرەر ئېغىز گەپ قىلسا مانا مەن
بار... — جالال نېمىدۇر ئېسىگە ئالغاندەك بولۇپ سورى-
دى، — توگمەننىغۇ ماڭدۇرىمەن دەۋاتىسەن، ئاڭلىسام قايسى
كۈنى ناھىيىدىن باشلىقلار كېلىپ بۇلاقسايىنى كۆرۈپ كېتىپتۇ
دەيدىغۇ؟
— ئەتىگەن ئىلەكنىڭ دېيىشىچە، بۇ يەرنى سەيلىگاھ قىلار-
مىش.
— ئۇلار سەيلىگاھ قىلسا توگمەنگە يول قويارمۇ؟
— بۇ توگمەن مېنىڭ ئاتا - بوۋامدىن قالغان مۈلۈك،
قولۇمدا ھۆكۈمەتنىڭ قەغىزى بار، ئۇلارنىڭ تارتىۋالىدىغان ھەق-
قى يوق.
— شۇڭا توگمەننى دەرھال ماڭدۇراي دەپسەن - دە! بۇ
خىيالىڭمۇ بوپتۇ، ناۋادا توگمەننى چاقمىز دېسە، بىرمۇنچە پۇلغا
يارىتىۋالىسەن ئەمەسمۇ؟...
— مەنغۇ قانچە پۇل بەرسىمۇ بەرمەيمەن.
— مەسىلەنگە دەۋاتقىنىمغۇ...— جالال سائىتىگە قاراپ
قويۇپ مېڭىشقا تەمشەلدى، — ئەمىسە پۇلنى ئۆگۈنلۈككە يەتكۈ-
زۈپ بېرىمەن، مەھەللىگە قايتساڭ، يۈرە، موتودا ئالغاچ كې-
تەي.
— ياق، مېنىڭ بىردەم ئىشىم بار، — دېدى مەسۇم
تاران، — رەھمەت، ئۇكا، بۇ ياخشىلىقىڭنى ئۇنتۇمايمەن جۇمۇ!

جالال ئۇچۇن مەسۇم تاراننىڭ شۇ گېپى كۇپايە ئىدى. ئۇ موتسىكلىتنى ئوت ئالدۇرۇپ، مەھەللىگە قاراپ ئۇچقاندەك يۇرۇپ كەتتى.

مەسۇم تاران ئەمدى خېلى يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى، ئۇ تۇگمەننىڭ ئىچىگە كىرىپ ياسايدىغان يەرلەرنى باشقىدىن تەكشۇرۇپ كۆرۇپ چىقتى. خۇددى تۇگمەننى ئەتىلا ماڭدۇرىدىغان ئادەمدەك سايمانلارنى رەتلەپ جاي ـ جايىغا قويدى، سۇپۇرگىنى ئېلىپ ھەممە يەرنى سۇپۇرۇپ تازىلاپ چىقتى. تۆپىگە چىقىپ تىنىپ كەتكەن ئېرىقنى چامداپ ئۇنىڭغا قانچە گۆش كېتىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىدى: «مۇشۇ يەرگە يانداپ بىر ئېغىز ئۆي سېلىۋالغان بولسام خويمۇ ياخشى ئىش بولاتتى، ئۇ چاغدا يېڭى مەھەللىگە بارمايلا قوياتتىم... ناھىيىنىڭ باشلىقلىرى ئالايىتەن كەلگىنىگە قارىغاندا ھەممىيلەننى كۆچۇرىدىغاننى پىلان قىلغان بولسا كېرەك، قېنى كۆرىمىز، پۇلى بارلارغۇ ئۆي سالار، بۇلاقسايىنىڭ تەڭدىن تولىسى كۆك نامراتلار. ئۇلار نېمىسى بىلەن ئۆي سالىدۇ؟ ھۆكۇمەتمۇ بۇنى ئويلىشار... قايسى يىلىمۇ كۆچۇرىمىز دەپ تۆت كۇن داۋراڭ سېلىپ كېيىن توختاپ قالغانتى... ھەر ھالدا تۇگمەنگە ياندۇپ بىر ئېغىز ئۆي سېلىۋالسام بولغۇدەك... ئۇنىڭغا ئۆيدىكى ياغاچلارمۇ يېتەتتى... باللار ئۇنامدىكىن-تاڭ؟... پەرىدەنىڭ توي ئىشىنى ئانىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باقاي جۇمۇ، جالال ئۇنداق بولغىنى بىلەن خېلى مەرد بالىدەك قىلىدۇ، پەرىدە ئۇنى يولغا سېلىپ كېتەلەيدۇ، ئەگەر باشقا گەپ بولمىسا كۇزلۇككە توينى قىلىۋېتەرمىز، قىز بالا ئۆيدە ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتسە ياخشى ئەمەس، بۇگۇن كەچتە مەسلىھەتنى قىلىپ گەپنى ئۇزۇۋېتەيلى...»

مەسۇم تاران يېنىكلەپ قالغاندەك بولۇپ ئۆيگە ياندى، ئۇ كېلىۋاتقاچ كۆڭلىدە تۇگمەنگە ئالىدىغان نەرسىلەرنى دىتلاپ ماڭدى.

## 11

پەرىدە ئاپىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئەندىكىپ كەتتى.

— نېمە دەۋاتىسەن، ئاپا؟ — دېدى ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ، — مېنى ئاشۇ لوكچەككە لايىق كۆردۈڭلارمۇ؟ ئۇنىڭ قانداق نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ ... توۋا، مېنى قاراپ تۇرۇپ ئوتقا ئىتتىرەمسىلەر؟ ... ياق، مەن رازى ئەمەس، ئۆلسەممۇ رازى ئەمەس، ئەگەر سىلەر زورلاۋەرسەڭلار ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالىمەن...

— ئاغزىڭنى ئۇششۇتمە بالام. خۇدايىم ساقلىسۇن، — شەرۋان چۆچۈپ كەتتى، — ئاكاڭدىن تىرىك ئايرىلدۇق، شۇمۇ يېتەر... مېنىڭ ھالىم بولسا ماۋۇ، كېسەلدىن بېرى بولالمايۋاتىمەن، داداڭغىمۇ تەس، قېرىغان چېغىدا تالانىڭ ھەممە ئىشى شۇنىڭغا قالدى. رېھىم شاھلار قول ئىلكىدە بار خەقلەر، ئۇنىڭ ئۇستىگە نېمىلا بولمىسۇن تۇغقان، ئۇلارغا كېلىن بولساڭ غورىبەتچىلىك كۆرمەي ئۆتەرسەن دەيمىزغۇ، داداڭمۇ شۇ يەرلىرىنى ئويلاپ ماقۇل دەۋاتىدۇ، جالالمۇ ئۆي تۇتقاندىن كېيىن ئوڭشىلىپ كېتەر، ياش ئەمەسمۇ؟...

— جالالنى سىلەر بىلمەيسىلەر، ئۇ ئۆزگەرمەيدۇ...

— ھازىر ئوبدان بولۇپ قالدى دەيدىغۇ، داداڭغا پۇل بېرىدىغان بوپتۇ.

— نېمە پۇل؟

— داداڭ تۈگمەننى ياسىماقچى بولۇۋاتاتتى ئەمەسمۇ، جالال شۇنى ئاڭلاپ مەن بېرىپ تۇراي دەپتۇ، قانداقلا بولمىسۇن، تۇغقانچىلىقنى يەتكۈزدى.

— دادام شۇڭا ئېرىپ كەتكەن ئىكەن ـ دە؟

— ئۇنداقمۇ ئەمەس، بالام، بىز سېنى ياخشىراق كۈن كۆرسۇن دەيمىزغۇ، كەمبەغەللىك دېگەن تەس ئىكەن، بالام،

بىزنىڭمۇ قول ئىلكىمىزدە بولغان بولسا سىنىمۇ چوڭ مەكتەپلەر-
دە ئوقۇتۇپ كادىر قىلاتتۇق، ئامالىمىز قانچە؟ بۇمۇ تەقدىر...
پەرىدە نىمە قىلارىنى بىلمەي قالدى، ئۇ ئاپىسىغا مىڭ
دېگەنبىلەن بىكار، بۇ ئۆيدە ئەزەلدىن دادىسىنىڭ گېپى گەپ
بولۇپ كەلگەن، پەرىدە دادىسىنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلىدۇ، ئۇ
بىر ئىشنى قىلىمەن دېدىمۇ، بولدى، ئۇنى ھېچكىم نىيىتىدىن
ياندۇرالمايدۇ... پەرىدەنىڭ ۋۇجۇدىغا مۇزدەك تىترەك ئولاشتى،
تاغدىن تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كەلگەن قىياندەك ئۈيلىمىغان بۇ
خەۋەر ئۇنى مەڭدىتىپ قويدى، ئۇ گويا بېشىغا تاغ يىقىلغاندەك
غەمگە پېتىپ ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قويايلا دېدى. ئۇ ئېرىق
بويىغا چىقىپ ئۇزاققىچە يىغلىدى. ئۇنىڭ كاللىسى قېتىپ قال-
غاندەك ئىدى. ئاچچىق بىرنەرسە گېلىنى بوغقاندەك بولۇپ دېمى
سىقىلاتتى.

— ھەدە، نىمە بولدى؟ يىغلاپسەنغۇ؟

مەكتەپتىن يېنىپ كەلگەن سىڭلىسى خۇرشىدە ئۇنىڭ يېنىغا
كېلىپ سورىدى، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ پەرىدەنىڭ كۆڭلى بۇ-
زۇلۇپ تېخىمۇ ئېسەدەپ يىغلاشقا باشلىدى.

— نىمە ئىش بولدى، دېگىنە ھەدە؟

پەرىدەنىڭ بۇ ئۆيدە بىردىنبىر مۇڭدىشىدىغان ئادىمى مۇشۇ
سىڭلىسى ئىدى. ئۇ مىجەز - خۇلقى ئوغۇل باللاردەك، گەپلى-
رى چۇس سىڭلىسىنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇ كىچىك بولغىنىغا
باقماي بەزىدە پەرىدەگە ئەقىل ئۆگىتىپ كېتەتتى. تېخى يېقىندىلا
جالال ئېتىزدىن كېلىۋاتقان پەرىدەنى يولدا توسۇۋېلىپ بوزەك
قىلغانىدى، بۇ خەۋەرنى باللاردىن ئاڭلىغان خۇرشىدە يۈگۈرگى-
نىچە بېرىپ، جالالنى يەتكۈچە تىللاپ قاچۇرۇۋەتكەنىدى، شۇڭا
ئۇنىڭدىن مەھەللىدىكى باللارمۇ تەپ تارتاتتى، پەرىدە سىڭلىسىغا
يىغلاپ تۇرۇپ باياتىن ئاپىسى بىلەن بولغان گەپنى دەپ بەردى.

— دادام ماقۇل بوپتۇمۇ؟ — خۇرشىدە ئېشەنمەي سورىدى.

— ھەئە...

— دادام قىرىغانچە ئىلىشىپ قىلىۋاتامدۇ نىمە؟ — خۇرشىدەنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ ئاچچىقى كەلدى، — جالالنىڭ قانداقلىقىنى تازا ئوبدان بىلەتتىڭغۇ؟ مەن دەپ قوياي، ئەگەر ئۇنىڭغا تەگسەڭ تاياقتىن بېرى بولالمايسەن جۇمۇ! يارىكام ئۇق-تۇمۇ؟

پەرىدە يەرگە قارىغىنىچە بېشىنى چايقىدى.

— ھەدە، راست گېپىڭنى قىلە، — دېدى ئۇ، — يارىكام ساڭا تەلەپ قويدىمۇ؟ پاراڭلاشتىڭلارمۇ؟

— ياق تېخى... ئەمما...

— ۋاي، بۇ يارىكاممۇ بىر ئەزمىكەنغۇ، — خۇرشىدە ئاچچىد-قى بىلەن قولىنى سىلكىدى، — ئوغۇل بالا بولغاندىن كېيىن كۆڭلىدىكىنى گاچ - گاچ دېمەمدۇ؟ بۇ كەمگىچىمۇ سۆ-رەمدۇ؟...

— لېكىن، دادام ئۇنىڭغا ئۆلسىمۇ ئۇنىمايدۇ، — دېدى پەرىدە بېشىنى چايقاپ، — تۇرغاننى يولدىن چىقارغان شۇ دەيدۇ...

— دادام يامان كۆرگەن بىلەن سەن ياخشى كۆرىدىغانسەن؟ ئوچۇق گېپىڭنى دېگىنە، يارىكامنى راست ياخشى كۆرەمسەن؟

پەرىدە ھەسرەت بىلەن ئۇلۇغ - كىچىك تىندى.

— ھەدە، بۇ يەردە يىغلاپ ئولتۇرغان بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ، — دېدى خۇرشىدە تېرىكىپ، — ھازىر كونا جەمئىد-يەت ئەمەس زورلاپ تاڭىدىغان، مېنىڭچە، ئاۋۋال بېرىپ يارد-كامنىڭ يۈرىكىنى تۇتۇپ باق، ئەگەر ئۇنىڭ ئىرادىسى چىڭ بولسا جالال ھېچ نەرسە قىلالمايدۇ، يامىنىغا كەلسە قاچارسەن...

— نىمە دەيدىغانسەن، يارىغا مەن دەيمەنمۇ؟

— ئۇ ھەرقاچان ماۋۇ گەپلەرنى ئۇقمىدى، ئۇقسا ساڭا بىر نىمە دەيدۇ، ياكى مەن بېرىپ دەيمۇ - يە؟

— ياق، ياق، — پەريدە ئىتتىك بېشىنى چايقىدى، — سەن دېسەڭ قانداق بولىدۇ؟...

— ئەمىسە قوپە، ياريكامىنىڭ قېشىغا بار!...

پەريدەنىڭ ۋۇجۇدىغا جان كىرگەندەك، يۈرىكىنىڭ بىر يېرىدە ئۈمىد ئۈچقۇنى يانغاندەك بولدى. ئۇ ئېرىقتا يۈز - كۆزىنى يۇيۇپ كىيىمىنى ئالماشتۇردى - دە، خۇرشىدەنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە تۇز ئالماقچى بولۇپ يارمۇھەممەدنىڭ دۇكىنىغا باردى، ئۇنىڭ تەلىيىگە دۇكاندا باشقا ئادەم يوق ئىدى.

يارمۇھەممەد تىنچلىق - ئامانلىق سورىدى، سېلىۋاتقان ئۆينىڭ گېپىنى قىلىپ بەردى، ئۇ پات - پاتلا پەريدەنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ قوياتتى: «ئۇ نېمىشقا مېنىڭ ئەھۋالىمنى سورىمايدىغاندۇ؟ — پەريدە جىددىيلەشتى، — ئۇنىڭ كۆڭلىدە مەن يوقمۇ - يە؟... خۇرشىدەگە دېگۈزسەممۇ بوپتىكەن... گەپنى نېمىدىن باشلىسام بولار؟... تۇز ئالاتتىم - ھە؟...»

— تۇزدىن بىر قاپ بېرىڭە!...

تۇزنى ئېلىپ بەرگۈچە ئۇلارنىڭ قوللىرى بىر - بىرىگە تېگىپ كەتتى، يارمۇھەممەد ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋالدى.

— پەريدە، — دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ، — كەچتە بىكارمۇسىز؟

پەريدەنىڭ يۈرىكى ئويناپ كەتتى.

— بىر ئىش بارمىدى؟ — دەپ سورىدى پەريدە.

— سىزگە گېپىم بار ئىدى.

— مۇشۇ يەردە دېمەمسىز؟

— بىرلىرى كىرىپ قالارمىكىن... كەچتە يېڭى ئۆيدە كۈتەي كېلەمسىز؟

پەريدە لېۋىنى چىشلىگىنىچە بېشىنى لىڭشىتتى، شۇ ئارىدا دۇكانغا سودا قىلغىلى ئىككى ئايال كىرىپ كەلدى، پەريدە ئەمدى ئارتۇق تۇرۇشنى ئەپ كۆرمەي، يارمۇھەممەدكە تەبەسسۇم بىلەن بىر قاراپ قويدى - دە، دۇكاندىن چىقىپ كەتتى، ئۇ ئەمدى

كەچ كىرىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈشكە باشلىدى، يارمۇ-ھەممەدىنىڭ نىمە دەيدىغانلىقىنى كۆڭلىدە پەرەز قىلاتتى.

كەچ كىرىپ كىچىنىڭ قارا پەردىسى تاغ باغرىدىكى بۇ كۆ-جۇم مــەھەللىگە ئــاستا ـ ئاستا يېيىلىشقا باشلىدى. بۇلاقساي-لىقلارنىڭ خۇددى چۆلدىكى قۇم بارخانلىرىدەك زومچەك ـ زوم-چەك ئۆيلىرى بولسا ئاشۇ چەكسىز تۇن قاراڭغۇلۇقىنىڭ ئىچىگە سىڭىپ يوقاپ كېتىۋاتقاندەك غۇۋا كۆرۈنەتتى. پەقەت ئۇ يەر ـ بۇ يەردە پاكار ئۆيلەرنىڭ پــەنجىرىلىرىدىن چىققان چىراغ نۇرى غىل ـ پال يورۇپ، بۇ يەردە ھاياتلىقنىڭ بارلىقىدىن بېشارەت بېرەتتى، تەبىئەت تۇن سۈكۈناتىغا چۆمگەن، پەقەت ئاندا ـ ساندا قايسىبىر ھويلىدىكى ئېشەكنىڭ ھاڭرىشى، ئىتلارنىڭ تۇيۇقسىز قاۋاپ كېتىشى تۇن جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ قوياتتى.

مەسۇم تاران ئايالى ئەتكەن گۆشسىز سۇيۇقئاشنى ئىچىپ بولۇپ ئورنىدىن تۇردى:

— مەن شەمشىنىڭ يېنىغا چىقىپ كىرەي، — دېدى ئۇ چاپىنىنى كىيىپ تۇرۇپ.

پەرىدە دادىسىنىڭ شۇنداق دېيىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولۇپ يېنىك تىن ئالدى. ئۇ دادىسىنىڭ ئۇ يەردە يېرىم كېچىگىچە قارتا ئوينايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ قازان ـ قومۇچلارنى يىغىپ تۇراتتى، كوچا تەرەپتىن ئۇنىڭغا تونۇش ناخشا ئاۋازى كەلدى:

يانىيارنىڭ شىۋاقلىرى،
سارغايدى قۇلاقلىرى.
بىزنىڭ يارنىڭ كۆزلىرى،
ئويمانىنىڭ بۇلاقلىرى...

پەرىدەنىڭ يۈرىكى ھاياجان بىلەن سىلىپ كەتتى، يارمۇھەم-

مەدمۇ پەردەنى ئاڭلىسۇن دېگەندەك كوچىدىن ئالدىرىماي ئۆ-
تۈپ، ناخشىنى داۋاملاشتۇردى:

ئېدىر ياقىلاپ ماڭسام،
ئەجەبمۇ تولا تۈلكە،
قايران كۆز چىقىپ كەلسە
بەدەن ـ بەدىنى كۈلكە...
ئىشىكىڭدىن ئۆتتۈم مەن،
ئۆتكىنىمنى تۇيدۇڭمۇ؟
توخۇ ئىككى چىللىدى،
بىر چىقمايسەن ئۇلدۇڭمۇ؟...

— ياركام ناخشىسى بىلەن چاقىرىپ كېتىۋاتىدىغۇ؟ —
خۇرشىدە ھەدىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ قۇلىقىغا پىچىرلىدى، —
ناخشىنى ئەجەب پەيزى ئېيتىدۇ ـ ھە؟

پەردەنىڭ يۈرىكى ئويناپ كەتتى، ئۇ سىڭلىسىغا قاراپ
تاتلىق بىر كۈلدى ـ دە، قاچىلارنى يۇيغىلى تۇردى.

— قاچىلارنى قويۇپ ماڭ بولدى، — دېدى خۇرشىدە ئۇنى
قولىدىن تارتىپ.

— ئاپامغا نېمە دەمەن؟...

— زىبانىڭ يېنىغا چىقىپ كىرەي دېسەڭ بولمىدىمۇ؟ بولە
چاققان...

پەردە ئۆيگە كىرىپ كىيىمنى ئالماشتۇردى. پەنجىرىدىكى
چىراغنىڭ يېنىغا كېلىپ ئەينەكنى ئېلىپ چېچىنى تارىدى.
ئۇنىڭ يۈزى ئوت بولۇپ يېنىۋاتاتتى، ئۇ ئۆزىنى بىرقۇر تۈزەش-
تۈرۈپ بولۇپ، سۇپىدا ياتقان ئاپىسىغا سىڭلىسى ئۆگەتكەن گەپ-
نى دېۋىدى، شەرۋان ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەندەك بولۇپ قاراپ قو-
يۇپ:

— ئىتتىك يىنىپ كەلگىن جۇمۇ، — دىدى.
پەرىدە يىنىك تىن ئىلىپ تالاغا چىقتى. تۈن پەردىسى قاپلى-غان مەھەللە گۆرىستاندەك جىمجىت، ئاندا ـ ساندا يىقىن ئەتراپ-تا كىملەرنىڭدۇ ئۆيلىرىنىڭ ئىشكى غىچىرلاپ ئىچىلىپ ـ يىپىلاتتى، مەھەللىنىڭ تۆپىسىدىكى ئۆچكىلىك تىغى غۇۋا قارد-يىپ، گويا بۇلاقسايىنى يالماپ يۇتۇۋىتىدىغان دىۋىدەك ھەيۋەت بىلەن سوزۇلۇپ ياتاتتى. پەرىدە گويا ئوغرىلىققا كىتىۋاتقان ئادەمدەك ئەتراپقا قورقۇپ قاراپ دۆڭ تەرەپكە ئىتتىك ـ ئىتتىك قەدەم تاشلايتتى. تۇرۇپلا، ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەينىدىن جالال يىتىپ كىلىدىغاندەك، «نەگە ماڭدىڭ؟» دەپ ئۇنى سۆرەپ ئىلىپ ماڭىدىغاندەك تۇيۇلۇپ، يۈرىكى ئەنسىز سىلىپ ۋۇجۇدىغا مۇز-دەك تىترەك ئولىشاتتى. ئۇ ئاخىر دۆڭگە يىتىپ كەلدى، يىڭى مەھەللىدىكى قاتار ـ قاتار ئۆيلەر كۆرۈندى، پەرىدە قاياققا مې-ڭىشنى بىلەلمەي تۇرغانىدى، شۇ چاغدا چەتتىكى ئۆينىڭ كەينى-دىن بىر قارا گەۋدە سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ ئۇنىڭ ئالدىغا قاراپ كەلدى، پەرىدە ئۇنىڭ يارمۇھەممەد ئىكەنلىكىنى مىڭىشىدىنلا تونۇپ يۈرىكى جايىغا چۈشتى.
— پەرىدە، — دىدى يارمۇھەممەد يىقىن كىلىپ، — سىزنى كەلمەي قالامدىكىن، دەپ ئەنسىرەپ تۇراتتىم.
— دادام چىققۇچە ساقلاپ تۇردۇم، — دىدى ئۇ.
— نەگە چىقىپ كەتتى؟
— شەمشىكاملارنىڭكىگە قارتا ئوينىغىلى چىقىپ كەتتى.
— ئۇلار قارتتىن زىرىكمەيدۇ ـ ھە؟ — دىدى يارمۇھەممەد كۈلۈپ قويۇپ، — يۈرۈڭ، ئۆيۈمنى كۆرۈپ بىقىڭ!...
«ئۆيىمىزنى دىمىدىغۇ ئەجەب؟» پەرىدەنىڭ يۈرىكى ئىغىپ كەتكەندەك بولدى. يارمۇھەممەد ئۇنىڭغا ئۆيلەرنى ئارىلىتىپ كۆرسەتتى، پەرىدەنىڭ ئاغزى ئىچىلىپلا قالدى: «نىمانچە جىق ئۆي؟... مۇشۇ ئۆيلەرنى مەن تۇتقان بولسام ـ ھە؟... لىكىن

يارىنىڭ كۆڭلىدە كىم بار؟... ئۆيىمىز دېمىدىڭمۇ؟ ...» پەرىدە-
نىڭ يۈرىكى ئەنسىزلىك بىلەن سىقىلدى.
— پەرى! — دېدى يارمۇھەممەد تۇيۇقسىزلا، — ئۆيلەر
سىزگە يارامدۇ؟
— قالتىس بوپتۇ...
— پەرى، مۇشۇ ئۆينى ئىككىمىز تۇتقان بولساق...
بۇ گەپنى ئاڭلاپ پەرىدەنىڭ يۈرىكى ئېتىلىپ كېتىدىغاندەك
سوقۇپ كەتتى.
— پەرى، سىز رازىمۇسىز؟ — يارمۇھەممەد ئۇنىڭ مۈرد-
سىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە قاراتتى، — ماڭا جاۋاب بېرىڭ!...
يارمۇھەممەدنى ھەيران قالدۇرۇپ پەرىدە ئۆكسۈپ يىغلىۋەت-
تى.
— پەرىدە، نېمە بولدى، نېمىشقا يىغلايسىز؟ — دېدى
يارمۇھەممەد ھەيران بولۇپ.
پەرىدە يىغلاپ تۇرۇپ بۈگۈن ئۆيدە بولغان پاراڭلارنى دەپ
بەرگەندى، يارمۇھەممەد جىددىيلىشىپ كەتتى. ئۇ پەرىدەنى ئۆ-
زىگە تارتىپ قۇچاقلىدى:
— ياق، پەرى، — دېدى ئۇ ھودۇقۇپ، — مەن سىزنى
ھېچكىمگە بەرمەيمەن، جالالغا بەرمەيمەن!...
— دادام سىزگە ئۇنىمايدىغان ئوخشايدۇ...
— ئۇنىمىسا قاچىمىز، راست...
پەرىدە ئەندىكىپ كەتتى، ئۇ يارمۇھەممەدنىڭ شۇنداق دېيە-
شىنى ئارزۇ قىلغان، كۈتكەنىدى، يارى ئاخىر ئۇنى دېدى،
ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟... پەرىدە بىردىن گاڭگىراپ قال-
دى. «دادامنىڭ گېپىگە كىرىپ جالالغا تەگسەم بولامدۇ ياكى
تەۋەككۈل قىلىپ يارى بىلەن قاچامدۇ؟... يارى گەپنى ئوچۇق
دېدى، يارىنىڭ كىچىككىدىن تارتىپ بىلىمەن، دىتى بار، ۋاپادار
يىگىت، سېلىۋەتكەن ئۆيلىرىنى كۆرمەمدىغان، خەقلەر نېمە دېسە

دېمەمدۇ، بۇلاقسايدا قېچىپ ئەرگە تەگكەن قىز يالغۇز مەنلىمۇ؟ ... لېكىن دادام بىلەن ئاپام نېمە بولۇپ كېتەر؟ ئاكامنىڭ دەردىنى تارتىپ بولالمايۋاتقاندا مەن بۇنداق قىلسام ئۇلار توگد-شىپلا كېتەرمىكىن؟...»

— پەرى، گەپ قىلسىڭىزچۇ؟ — يارمۇھەممەد تاقەتسىزلە-نىپ سورىدى.

— يارى! ... مەن قورقۇۋاتىمەن...

— مەن تۇرسام نېمىدىن قورقىسىز؟

— ئەتە ـ ئۆگۈن ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلمايدىغانسىز؟

— نېمە دەۋاتىسىز؟ — يارمۇھەممەد كۈلۈۋەتتى، — ماڭا ئىشەنمەمسىز؟

— ۋەدە بېرىڭ! ...

— توۋا، ماۋۇنى، ھە، بوپتۇ، مانا تۆپىمىزدە ئاي تۇرۇپ-تۇ، مەن ئۆمۈرۋايەت سىزگە ۋاپاسىزلىق قىلمايمەن، ئەمدى بولدىمۇ؟

پەرىدەنىڭ كۆڭلى تىنغاندەك «پىسىڭىدە» كۈلدى ـ دە، يارمۇھەممەدنىڭ كۆكسىگە بېشىنى قويدى، ئىنتىزارلىقتا تەلپۈن-گەن ئىككى يۈرەك بىر تەن، بىر جان بولدى، پەرىدە يارمۇھەم-مەدنىڭ سۆيۈشلىرىدىن تىن ئالالماي قالدى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى تۇنجى مۇھەببەتنىڭ لەززىتىدىن مەست بولغانىدى.

— پەرى! — دېدى يارمۇھەممەد ئۇنىڭ قۇلىقىغا، — بۇگۈنلا كېتەمدۇق؟

— نېمە؟ — پەرىدە چۆچۈپ كەتتى، — نېمانچە ئالدىراي-سىز، مەن ھېچقانداق تەييارلىق قىلمىغان تۇرسام؟

— نېمە تەييارلىق قىلىسىز؟ ... ئۆيدىكىلەر ئۇقۇپ قالسا سىزنى تالاغا چىقارماي قويامدىكىن، دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن.

— ئەمىسە، مەن ئەتە كەچتە چىقاي، — دېدى پەرىدە بىردەم ئويلىنىپ.

پەرىدە بۇ بىر كۈننى تولىمۇ تەستە ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭغا ھېلىلا دادىسى ئۇنى چاقىرىپ: «ئاخشام يارى بىلەن نېمە دېيىشـ. تىڭ؟» دەپ سوراق قىلىدىغاندەك تۇيۇلۇپ قورقۇنچ باساتتى، ئۇ خۇرشىدەگە يارمۇھەممەدنىڭ تەلەپ قويغانلىقىنى دېدىيۇ، لېـ. كىن بۈگۈن قاچماقچى بولغانلىقىنى ئېيتمىدى، «خۇرشىدە تېخى كىچىك، ئاغزىدىن چىقىپ كەتسە تۈگىشىمەن» دەيتتى.

ئاخىر كەچمۇ كىردى، چاينى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن مەسۇم تاران «جەپەنىڭ ئۆيىدە بىردەم قارتا ئويناپ كېلەي» دەپ چىقىپ كەتتى. پەرىدە ئاپىسى بىلەن سىڭلىسىنىڭ ئۇخلىشىنى كۈتۈپ بىردەم كىتاب ئوقۇدى. ئاخىر ئۇلارمۇ ياتتى، يېرىم سائەتنى ئۆتكۈزۈپ پەرىدە ئورنىدىن تۇردى. ساندۇقتىن كىيىمـ. لىرىنى ئېلىپ ياغلىققا چىگدى. ئۇ تېنۋش چىقارماسلىققا تىرىـ. شىپ ئىشلارنى تۈگەتتى. ئۇ ئىچكەركى ئۆينىڭ ئىشىكىگە كېـ. لىپ قۇلاق سالدى. سۈپىنىڭ بۇلۇڭىدا تۈگۈلۈپ ياتقان ئاپىسى يېنىك پۇشۇلداپ ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. پەرىدەنىڭ بىردىن كۆڭلى بۇزۇلۇپ، تامىقىغا ئاچچىق بىرنەرسە كەپلەشتى، كۆزىگە ئىسـ. سىق ياش كەلدى، ئۇ مانا مۇشۇ ئۆيدە ئون سەككىز يىللىق ئۆمرىنى ئۆتكۈزدى، كونا بولسىمۇ بۇ ئۆينىڭ مېھرى ئىسسىق ئىدى. ھازىر ئۇ بۇ قەدىناس ماكان بىلەن خوشلاشماقچى، يېڭى بىر تۇرمۇشنى باشلىماقچى، ئۇنى ئەمدى قانداق تەقدىر كۈتۈپ تـۇرۇۋاتىدىكىن؟... بىـچارە ئـاپىسى ئـەتە نېمە بـولۇپ كېـ. تەر؟... پەرىدە لەسسىدە بولۇپ قالدى. ئۇ يەنە بىردەم تۇرسا قېچىش نىيىتىدىن يېنىپ قالىدىغاندەك ئىدى، لېكىن ئۇ يارمۇـ. ھەممەدنىڭ سىرتتا ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېسىگە كەلـ. تۈرۈپ ئىتتىك كەينىگە قايرىلىپ ماڭدى. ئۇ ئىشىككە بېرىشىغا خۇرشىدەنىڭ ئاستا چاقىرغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى:

— ھەدە، نەگە ماڭدىڭ؟

پەرىدەنىڭ پۇت ـ قولىدا جان قالمىدى.

— مەن··· سىرتقا··· ھازىرلا كېلىمەن.

— ياركام بىلەن قاچماقچى بولدۇڭمۇ؟

— ياق، ئۇنىڭغا بىر گەپنى دەپ قويۇپ كىرىمەن···

— ئۇنداق بولسا كىيىملىرىڭنى ئېلىپ مېڭىپسەنغۇ؟

پەرىدە نېمە دېيىشىنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدى.

— ھەدە، مەن ھەممىنى بىلىپ بولدۇم، — دېدى خۇرشىدە ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، — شۇنداق قىلىپ بىزنى تاشلاپ كېتىدىغان بولدۇڭمۇ؟

پەرىدەنىڭ ئەزايىغا مۇزدەك تىترەك ئولاشتى، ئۇنىڭغا خۇرشىدە ھازىرلا ۋارقىراپ - جارقىراپ ئۆينى بېشىغا كىيىدىغاندەك، بېرىپ ئاپىسىنى ئويغىتىدىغاندەك تۇيۇلۇپ قورقۇپ كەتتى.

— ماڭا خوشمۇ دەپ قويماي كېتىۋاتقىنىڭنى قارا، — دېدى ئۇ پىچىرلاپ، — شۇ قىلغىنىڭغا دادامنى چاقىرىپ كېلىمەنغۇ؟

— خۇرشىدە، — دېدى پەرىدە تىترەپ تۇرۇپ، — ماڭا ئېچىلىك ئاغرىسۇن، بولدى، كەتمەي···

— ھالىڭ شۇنچىلىكمىدى، ۋاي توخۇ يۈرەك، — خۇرشىدە كۇلۇۋەتتى، — بولدى، ماڭغىن، سەن بولساڭمۇ ئەركىنلىككە چىققىن··· ياركام ياخشى يىگىت، بەختىڭ ئېچىلىدىغان بولدى.

— دادام بىلەن ئاپام ئۇقسا نېمە دەر؟

— دادامنىڭ رايىغا بارساڭ سېنى ياركامغا ئۆلسىمۇ بەرمەيدۇ، ئۇنىڭدىن قاچقىنىڭ دۇرۇس.

— ئەمدى ئۆينىڭ ھەممە ئېغىرچىلىقى ساڭا قالىدىغان بولدى.

— ئۆيدىن ئەنسىرىمە، — خۇرشىدە ئۇنى ئىتتىرىپ مېڭىشقا ئىشارەت قىلدى، — دادامنىڭ ئاچچىقى يانغاندا كېلىپ تۇرارسەن، بوپتۇ، ئىتتىك ماڭ، بولمىسا ھېلى دادام يېنىپ كېلىدۇ···

خۇرشىدە ئۇنى يولغىچە ئۇزىتىپ قويىدى.

— خوش، ھەدە!

پەرىدە ئۇنى باغرىغا بېسىپ يىغلىۋەتتى، ئاخىر خۇرشىدە ئۆزىنى تەستە ئاجرىتىپ ئۆي تەرەپكە بۇرۇلدى، نېرىدا بىرىنىڭ قارىسى كۆرۈندى ۋە ئۇ بوشقىنە يۆتىلىپ قويىدى. پەرىدە يارمۇھەممەدنىڭ ئۈنىنى تونۇپ ئىتتىك - ئىتتىك مېڭىپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

— پەرىدە، يۈرۈڭ!... — يارمۇھەممەد قىزنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئېلىپ ماڭدى، ئۇلار بىردەمدىلا تۈن قاراڭغۇلۇقىنىڭ ئىچىگە سىڭىپ غايىب بولدى.

پەرىدە يارمۇھەممەدكە يۆلەنگىنىچە ئۈن - تىنسىز كېتىۋاتاتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرى يىغىدىن قىزارغان، ئۇ تۇرۇپ - تۇرۇپ كەينىگە قايرىلىپ، قاراڭغۇلۇقنىڭ ئىچىدە قالغان ئۆيىگە قاراپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قوياتتى.

— پەرى، كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، — دېدى يارمۇھەممەد ئۇنى قولتۇقلاپ، — ئەگەر سىزنى جاللاتلارغا زورلىمىغان بولسا بۇ ئىشنىمۇ قىلمايتتۇق...

پەرىدە ئېسەدەشتىن توختىدى، ئۇ كۆز يېشىنى ئېرتىۋېتىپ، يارمۇھەممەدنى چىڭ تۇتۇپ ماڭدى...

## 12

«پەرىدە يارى بىلەن قېچىپتۇ...»

بۇ خەۋەر گويا تاغ گۈمۈرۈلۈپ قىيان كەلگەندەك بولاقسايدىن ئىبارەت بۇ خىلۋەت مەھەللىنى تەۋرىتىۋەتتى. بۇ خەۋەرنى ئەتىگەندە بىرىنچى بولۇپ ئاسىم «لەقۋا» كوچىنىڭ دوقمۇشىغا يىغىلىپ قالغان مەھەللىنىڭ بىكار تەلەپ يىگىتلىرىگە يەتكۈزدى.

— ئاخشام ئارۇپكامنىڭ ئۆيىدە كاۋا مانتىسى ئېتىپتىكەن، — دەپ گەپنى باشلىدى ئاسىم تىلىنى تامشىپ قويۇپ، — مانتا يەپ كەت دېدى، مانتىنى يەپ بولۇپ يېنىپ كېلىۋاتسام مەسۇمكامنىڭ بېغىنىڭ يېنىدا بىرەيلەن تۇرىدۇ، «ئوغرىمىدۇ؟» دەپ تامنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ قارىسام يارى ئىكەن، — دېدى ئۇ يارمۇھەممەدنىڭ دۈكىنى تەرەپنى بېشى بىلەن ئىما قىلىپ قويۇپ، — تاماكا چېكىپ تۇرۇپتۇ، يېنىغا بېرىپ تاماكىسىدىن بىر تال سوراپ چېكەيچۇ، دەپ مېڭىشىمغا مەسۇمەكامنىڭ ئۆيى تەرەپتىن بىرى قولىدا بوپا كۆتۈرۈپ كەلدى، سىنچىلاپ قارىسام پەرىدە ئىكەن، ئېنىق كۆردۈم، «بۇلار كېچىدە نېمە قىلىپ يۈرگەندۇ؟» دەپ تۇرسام ئىككىسى بىر ـ بىرىنى قولتۇقلاپ تۆۋەنگە قاراپ ماڭدى، «بۇلار نەگە بارىدىغاندۇ؟» دەپ كەينىدىن ماڭدىم. ئۇلار شۇ ماڭغانچە ئۇدۇل يارىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېتىشتى. يارىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا بىر ئاش پىشىم ئولتۇردۇم، ئۇلار ئۆيدىن چىقماي قويدى، شۇ...

تۇرغانلار ئاسىمنىڭ بۇ خەۋىرىگە يا ئىشىنىشنى، يا ئىشەنمەسلىكنى بىلمەي بىرپەس تېڭىرقاپ تۇرۇپ كېتىشتى، چۈنكى ئۇلار رېھىم شاھنىڭ پەرىدەنىڭ ئۆيىگە ئەلچى كىرگۈزگەنلىكىدىن خەۋىرى بار ئىدى. تونۇگۇنلا جالال ئۇلارغا: «كۈزدە پەرىدە بىلەن توي قىلىمەن» دېگەن گېپىنى ئاڭلاشقانىدى، ئاردىن بىر كېچە ئۆتۈپ بۇ خەۋەرنىڭ چىقىشىغا ئۇلار تازا ئىشەنمەي تۇرۇپ قېلىشتى.

مەھەللىدە چاقچاقچى دېگەن نامى بار، جالال بىلەن يېقىن ئۆتىدىغان سەمى دېگەن پاكار يىگىت ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— ھەي، ئاسىم، — دېدى ئۇ بېشىنى چايقاپ، — راست دەۋاتامسەن ياكى كېچىدە كۆرگەن چۈشۈڭنى ئۆرۈپ بېرىۋاتامسەن بىزگە؟

— راست، ئېنىق كۆردۈم. ئىشەنمىسەڭلار يارىنىڭ ئۆيىگە

بېرىپ بېقىڭلار.

— كۆرگەن ئادەم بېرىپ تۇتۇۋالساڭ بولمامدۇ؟

— پەرى تىللىسا قانداق قىلىمەن؟ يارى دېگەن ماڭا پۇل ئالماي يەيدىغان نەرسىلەرنى بېرىدۇ.

— ۋاھ، قىلغاننى بىلىدىكەسىنا، هوي، لاتا!

— ئۆزۈڭ لاتا ... — دېدى ئاسىم ئۇنىڭغا هۇرپىيىپ، — مەن سەن ئەمەس.

— مەن قانداقكەنمەن؟

— سەن خەق نان بەرسە چىقىپلا تىللايسەنغۇ؟

تۇرغانلار پاراققىدە كۈلۈشتى، ئۇنداق بولۇشى سەمىنىڭ «دىۋانە» دېگەن لەقىمى بار ئىدى. سەمى ئاسىمنىڭ بۇنداق گەپ قىلىشىنى كۈتمىگەن بولسا كېرەك، دەرھال گەپ ياندۇرالماي قالدى.

— ئەتىگەندە پەيزىڭ بارغۇ، ئاسىم؟ — دېدى ئۇ كۈلكىگە زورلاپ، — بىرەر يەردە نەزىر يەپ كەلدىڭمۇ نېمە؟

— شەمشىكامنىڭ ئۆيىدە پوشكال ساپتىكەن، يەپ چىقتىم، — دېدى ئۇ ئاغزىنى تامشىپ قويۇپ، — سەن قاتتىق نان يېدىڭمۇ؟

ئەتراپتا تۇرغانلار قىيقاس كۆتۈرۈپ كۈلۈشتى، ئۇلار ئاسىمنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ ماختاشتى. سەمى بولسا بۇگۈن ئاسىمدىن چاقچاقتا چۇشۇپ كەتكەنلىكىگە ئاچچىقى كەلسىمۇ چاندۇرماستىن ئۇنى ماختاشقا ئۆتتى:

— بىزنىڭ ئاسىمجانمۇ يېتىشىپ قالدى جۇمۇ، — دېدى ئۇمۇ ئاسىمنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويۇپ، — هازىرقى قىزلارنىڭ ئەقلى يوق جۇمۇ، ئەسلىدە پەرىدەگە سەن لايىق ئىدىڭ، يارىنىڭ نېمىسى ئارتۇق سەندىن؟

— ئۇنىڭ دۇكىنى بار... پۇلى جىق...

— يەنىچۇ؟

— بىلمەيمەن... سەن بىلەمسەن؟
— بىلمىسەڭ مەن دەپ بېرەي، — دېدى سەمى ئەتراپتىكى-لەرگە قاراپ قويۇپ، — هازىرقى قىزلارچۇ پۇلنى ئەمەس، چىرايلىق كىيىنىپ يۇرگەنلەرنى ياخشى كۆرىدۇ، سەن ئاۋۇ پۇتۇڭدىكى چۇخىيىڭنىڭ بوغقۇچىنىمۇ چىگمەي لايغا مىلەپ سۆ-رەپ يۇرىسەن، بۇنداق يۇرسەڭ قىزلار قارامدۇ، باغلا ئۇنى!...

ئاسىم پۇتىدىكى يىرتىق چۇخىيىنىڭ لايغا مىلەنگەن بوغقۇ-چىغا قاراپ قويۇپ خۇشياقمىغاندەك تەرىنى تۇردى:

— ۋاي - ۋۇي، قاچان ئېڭىشىپ باغلايمەن ئۇنى، بولدىلا.

— ئەمىسە ئىشتىنىڭنى كۆتۈر!

— ۋاي - ۋۇي، ئەجەب گېپىڭ تولا نىمىكەنسەن؟ — ئاسىم مېڭىشقا تەمشەلدى.

— توختا، توختا، — سەمى ئۇنى يېڭىدىن تارتىپ توختات-تى، — يارىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ باقامسەن، پەرىدە راست شۇ يەردىمىكىن؟

— ۋاي، ئۆزۈڭ بارغىنا.

— هەي، تاماكا ئەكەلگىنە، ساڭا بىكارغا بېرىدىغۇ؟

— سەنمۇ بېرىپ ئامىن دېسەڭ بېرىدۇ.

يەنە قىيقاس كۈلكە كۆتۈرۈلدى. سەمى بىر قىزىرىپ، بىر تاتىراتتى، ئاخىر ئۇ گەپنى يۆتكىدى:

— ماڭا قارا، ئاسىم، — دېدى ئۇ جىددىي قىياپەتتە، — باياتىن چاقچاقمۇ قىلىشتۇق، ئەمدى راست گەپنى قىلىشايلى، پەرىدەنىڭ يارى بىلەن قاچقانلىقىنى راست كۆردۇڭمۇ؟

— راست كۆردۇم دېدىمغۇ... ئۆيگە بېرىپ تازا يىغلىدىم.

— ساڭا راستىنلا ئۇۋال بولدى، — دېدى سەمى ئىچ ئاغرىتقان قىياپەتتە ئۇنىڭ دولىسىغا قېقىپ قويۇپ، — لېكىن، پەرىدەنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى مەسۇمكام ئۇقمىدى جۇمۇ، تې-خى دېمىگەنسەن؟

— ياق…

— بۇ ئىشنىڭ بولماپتۇ… مەسۇمكام ھەرقاچان پەرىدەنى دوستىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدى، دەپ بىخەۋەر ئولتۇرىدۇ دېگەن. نە، سەن ھەممە ئىشنى كۆرۈپ، بىلىپ تۇرۇپ مەسۇمكامغا خەۋەر قىلىپ قويمىساڭ، ئۇ ئادەم: «ئاسىم كۆرۈپ تۇرۇپ ماڭا دەپ قويماپتۇ» دەپ رەنجىيدۇ دېگىنە، ئۇنىڭ ئۇستىگە مەسۇمكام سېنى ياخشى كۆرىدۇ، ئاسىم ئەلچى كىرگۈزگەن بولسا پەرىدەنى بېرەتتىم دەيتتى، شۇڭا دەرھال بېرىپ ئۇ ئادەمگە خەۋەر قىلىپ قويساڭ بولامدىكىن؟

— ۋاي - ۋۇي، بولىدۇ، — دېدى ئاسىم بېشىنى چايقاپ، — مەسۇمكاملارنىڭ ئۆيىگە قاچان بارىمەن؟

— ھۇررۇنلۇق قىلما، قارا، — سەمى ئۇنى زورلىدى، — بىردەمدىلا بارىسەن.

— قورسىقىم ئېچىۋاتىدۇ.

— مەسۇمكامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كەلسەڭ، بولدى، مەن مېھمان قىلىمەن.

— لەغمەن ئېلىپ بەرسەڭ بارمايمەن.

— ماقۇل، نېمە يەيسەن؟

— پولۇ… گۆشى بار پولۇ…

— بوپتۇ، ئەمىسە ھازىرلا بارغىن.

ئاسىم «لەۋۋا» گۆشلۈك كالپۇكىنى يالاپ قويدى - دە، يولدىكى توپىنى توزىتىپ ئالچاڭشىپ دەسسىگىنىچە مەھەللىنىڭ يۇقىرىسىغا قاراپ ماڭدى، ئۇ دوقمۇشتىن قايرىلىشىغا سەمى قالغانلارنى باشلاپ ئەگەشتى. ئۇلار بىردەمدىن كېيىن يۈز بېرىدىغان تاماشىنى كۆرۈشكە ئالدىرايتتى، سەمى ئاسىمنى بىكارغا ئەۋەتكىنى يوق، ئۆتكەن يىلى ئۇ پەرىدەگە تەلەپ قويۇپ خەت يازغانىدى. پەرىدە بولسا ئۇنىڭ خېتىنى مەھەللىدىكى بىرمۇنچە قىزلارغا كۆرسىتىپ زاڭلىق قىلغانىدى. ئۇنى ئاز دەپ مەسۇم

تاران ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكىلەر ئەۋەتكەن ئەلچىلەرگە «سەمى قىزىمە-نى نان تىلەپ باقامدىكەن؟» دەپ توك تېگىپ قايتۇرۇۋەتكەنلىكى ئۇنىڭغا قاتتىق ھار كەلگەنىدى. بۈگۈن مانا شۇ ئەلەملىرىنى ئالىدىغان تازا پۇرسەت كەلدى. باللار سەمىنىڭ باشچىلىقىدا مەسۇم تاراننىڭ ئۆيىنىڭ قارشىسىدىكى باغنىڭ قورۇق تېمىنىڭ ئاستىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. بۇ يەردىن مەسۇم تاراننىڭ ئۆيى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئاسىم «لەقۋا» يولدىكى توپىنى تو-زۇتقىنىچە لوك - لوك دەسسەپ مەسۇم تاراننىڭ ھويلىسىغا كىرىپ، پۈتۈن مەھەللە ئاڭلىغۇدەك ئاۋازدا توۋلىدى:

— مەسۇمكا، ھوي مەسۇمكا!

بىر دەمدىن كېيىن ئۆيدىن يالاڭئاياغ، چاپىنىنى يېپىنچاق-لىغان مەسۇم تاران چىقتى ۋە ھويلىدا پوتەيدەك تۇرغان ئاسىمنى كۆرۈپ سورىدى:

— ھە، ئەتىگەندە نېمە بولدۇڭ؟ خۇددى ئوغلاقلىق ئۆچكەڭ يىتۈپ كەتكەندەك توۋلايسەنغۇ؟

— مېنىڭ ھېچنېمەم يىتمىدى، — دېدى ئاسىم بەخىرامان قىياپەتتە، — مەسۇمكا، سېنىڭ يىتتى.

— نېمە دەيدۇي مۇنۇ، مېنىڭ نېمەم يىتۈپتۇ؟

— ئاخشام قىزىڭ پەرىدە يارى بىلەن قېچىپ كەتتىغۇ... مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، شۇنى دەپ قويايى دەپ...

ئاسىمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ مەسۇم تاراننىڭ چىرايى كۆمۈر-دەك قارىداپ ئورا كۆزلىرى چانىقىدىن ھازىرلا ئېتىلىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك چەكچەيدى. ئۇ غال - غال تىترىگىنىچە بىر دەم نېمە قىلىشىنى بىلمەي قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بېشى خۇددى تۇگمەن تېشىدەك پىرقىراپ كەتتى، ۋۇجۇدى غە-زەپتىن تىترىدى، سەل تۇرۇپ ئۇ ئېسىگە كەلگەندەك بولدى. ئۇ ئەتراپقا قاراپ تونۇرنىڭ بېشىدا تۇرغان بىلەكتەك تومۇلۇقتىكى كۆسەينى ئالدى - دە، ئاسىمغا قاراپ ئېتىلىپ كەلدى.

— يوقال كۆزۈمدىن، جالاپنىڭ بالىسى!...

ئاسىم باشتا نېمە بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي تۇرۇپ قالدى، پەقەت مەسۇم تاراننىڭ كۆسەينى كۆتۈرۈپ ئۆزىگە قاراپ بۆرىدەك ئېتىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىلا ئېسىگە كېلىپ كەينىگە ئۆرۈلۈپ قاچتى. ئاڭغىچە قوغلاپ يېتىپ كەلگەن مەسۇم تاران ئۇنىڭ دۈمبىسىگە كۆسەي بىلەن بىرنى سالدى. قاشادىن ئاتلاۋاتقان ئاسىم تاياقنىڭ زەربىسىدە يەرگە دومىلاپ چۈشتى، كۆزىگە قان تولغان مەسۇم تاران ئۇنى ئۆمىلىتىپ يۇرۇپ ئۇرغىلى تۇردى. ئاسىم بولسا كالىدەك ھۆركىرەپ پەرياد سالدى:

— ئادەم ئۆلدى، مېنى قۇتقۇزۇڭلار، ئادەم ئۆلدى!...

ئاسىم ئاخىر ئورنىدىن قوپتى ـ دە، مەھەللىنى بېشىغا كىيىپ توۋلاپ قاچتى، ئۇدۇلدىكى قورۇق تامنىڭ كەينىدە بۇ تاماشىنى كۆرۈپ تۇرۇشقان سەمى باشلىق يىگىتلەر تېلىقىپ كۈلۈشمەكتە ئىدى، مەسۇم تاران ئاسىمنى بىردەم قوغلاپ ھېرىپ قالدى ـ دە، كۆسەينى پىرقىرىتىپ تاشلىۋېتىپ ئۆيگە يېنىپ كىردى ـ دە، شەرۋانغا ۋارقىرىدى:

— پەرى قېنى؟

ئۇنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ پۈت ـ قولىدا جان قالمىغان شەرۋان يىغلاپ تۇرۇپ يالۋۇردى:

— مەن نەدىن بىلەي... خۇرشىدە: «ھەدەم ئاخشام ئاردامدىكى دوستىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كېلىمەن، دەپ كەتتى» دېگەن... مەن تېخى بىردەمگىچە كېلىپ قالار دەپ تۇراتتىم...

— قىزىڭغا قاراشمۇ قولۇڭدىن كەلمىدىمۇ، ھارام تاماق، — مەسۇم تاران ئۇنىڭغا قاراپ ھۆركىرىدى، — بىزنى رەسۋا قىلدىڭ، بۇ قانجۇق...

— نېمە پوق يېگەندۇ بۇ قىز...

— سەن نېمىلەرنىڭ تىلى بىر... راستىڭنى ئېيت، سەن قاچۇردۇڭمۇ؟

— خۇدا ھەققى، مەسۇم، — شەرۋان پەرياد سالدى، — مەن ئۇقمىدىم، بىلسەم ئۆيدىن چىقىرامتىم؟...

مەسۇم تاران ئاچچىقتىن جالاقلاپ تىترەيتتى، ئۇ ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ تاماكا يۆگىدى. ئەلەم ـ ھەسرەت گويا سىرتماقتەك ئۇنى بوغماقتا ئىدى. ئۇ ئاچچىق موخوركىنى كەينى ـ كەينىدىن شورىدى، يۈرىكىنىڭ ئىچىدە بىر يەر كۆيۈشۈپ دېمى سىقىلاتتى. «مەن نېمىشقا بىخۇدلۇق قىلدىم؟» دەيتتى ئۇ ئۆزىگە. ئۇ پەرىدە-نى بۇنداق قىلار دەپ زادىلا ئويلىمىغان، ئۇنى ئوقۇغان، ئاق ـ قارىنى بىلىدۇ، يۈزۈمنى چۈشۈرمەيدۇ دەپ ئىشىنەتتى، شۇنداق ئىشەنگەن قىزى ئۇنى بۇگۈن رەسۋا قىلدى. «توۋا! — دېدى ئۇ ئەلەم بىلەن، — مەن خۇدايىمنىڭ ئالدىدا نېمە گۇناھ قىلغان بولغىيتتىم، ئوغلۇم پۇل تاپىمەن دەپ كېتىپ مانا بىر يىل بولدى، ئىز ـ دېرەكسىز يوقالدى، ئۆلۈك ـ تىرىكىنى ئۇقمى-دۇق، ئۇنىڭ دەردىنى تارتىپ بولالمايۋاتسام پەرىدە مۇنۇ ئىشنى چىقاردى، مەن ئەمدى ئەل ـ يۇرتنىڭ ئالدىدا قانداقمۇ يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ يۈرىمەن، ئەتە ـ ئۆگۈن ئاۋۇ كىچىكى تېخى نېمە كارامەتنى كۆرسىتىدۇ؟... مەن بالا ئەمەس، بالا ـ قازانى بېقىپ چوڭ قىلىپتىكەنمەنغۇ؟... شەرۋاننىڭ بىلمەيمەن دېگىنى يال-غان، بۇلارنىڭ تىلى بىر... قايسى كۈنى جالالنىڭ گېپىنى قىل-غىنىمدىلا پەرىدە ئۇنىماسمىكىن دېگەنتى، بايام بىلىدىكەن-دە؟... توۋا، ماۋۇ قىزنىڭ ئاپىسىنى دورىغىنىنى كۆر-مەمدىغان...»

مەسۇم تاراننىڭ كۆز ئالدىغا ئۇزاق يىللار ئاۋالقى ئىش كەلدى:

كۈز ئايلىرى ئىدى، بىر كۈنى كۆز باغلانغان چاغدا تۇگمەنگە شەرۋان ھاسىراپ كىرىپ كەلدى.

— مەسۇم، مەن قانداق قىلىمەن؟ — دېدى ئۇ يىغلامسى-راپ.

— نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى مەسۇم ئۇقالماي.
— دادامنىڭ خۇمداندىكى نەۋرە ئىنىسى ئەلچى كىرگۈزۈپ-تۇ.
— ئۆيدىكىلەر نېمە دېدى؟
— نېمە دەيتتى، ماقۇل دېمەمدۇ، ئالدىمىزدىكى جۈمەدە چاينى ئەكىرىدىغان بولۇپ كېلىشىپ قويدى.
قىزنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ مەسۇمنىڭ ئەزايى تىترەپ كەتتى.
— شەرۋان! — دېدى ئۇ قىزنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇپ، — مەن سېنى ھېچكىمگە بەرمەيمەن، يامىنى كەلسە قاچىمىز. ماقۇل دەمسەن؟
قىز يەرگە قارىغىنىچە تىترەيتتى، ئۇ ئۆز تەقدىرى ئۈستىدە بىر قارارغا كېلىشكە جۈرئەت قىلالمايۋاتاتتى.
— شەرۋان! گەپ قىلغىنە! ؟...
— سىز نېمە دېسىڭىز مەن شۇ، — دېدى قىز ئاخىر...
مەسۇم تاران ھەسرەت بىلەن خۇرسىنىپ قويدى. «مەنغۇ ئۇ چاغدا شەرۋاننى ياقا يۇرتلۇققا بەرمەيمەن، دەپ ئەپقاچقانتىم، بولاقساينىڭ يۈز - ئابرۇيىنى قىلغانتىم، پەرى نېمىدەپ قاچىدۇ؟ مەن ئۇنى سىرتقا ياتلىق قىلايلى دېمىدىمغۇ، جالال قانداقلا بولمىسۇن ئۆزىمىزنىڭ تۇغقىنى، ماڭا پۇل قەرز بەرمەكچى بولغانىدى، مانا ئەمدى ئۇمۇ تۈگىدى... مەن نېمانچە تەتۈر پېشانە، ئۆتنە ئالەم دېگەن مۇشۇمۇ - يە؟... يارانقان ئىگەم، سەنمۇ ئۆز ۋاقتىدا شەرۋاننى ئېلىپ قاچقانتىڭ، ئەمدى مانا سەنمۇ كۆر دەۋاتامدۇ نېمە؟...»
قورۇدا بىرلىرىنىڭ گۈدۈڭلاشقىنى، ئاندىن كەنت باشلىقى تېيىپنىڭ تونۇش ئاۋازى ئاڭلاندى:
— مەسۇمكا، ھاي مەسۇمكا! بارمۇسەنۇي؟...
ئۆيگە تېيىپ، شەمشى، جەپە ئۈچى كىرىپ كېلىشتى، ئۇلار دالان ئۆيدە يىغىدىن كۆزلىرى ئىششىپ كەتكەن شەرۋان بىلەن

تىنچلىق سورىشىپ بولۇپ، مەسۇم تاراننى سورىدى، شەرۋان بىشى بىلەن ئىچكەركى ئۆينى ئىما قىلدى.

— پاھ، ئۆينى دۇت قىلىۋىتىپسەنغۇ؟ — تىيىپ ئىچەركى ئۆيگە ئاتلاپ كىرىپ ئۇن قاتتى، — قانداق ئەھۋالىڭ؟

مەسۇم تاران ئۇنىڭ سالىمىغىمۇ جاۋاب بەرمىدى، ئۇلارنى ئولتۇرۇشقىمۇ تەكلىپ قىلمىدى. ئۇنىڭ مىجەزىنى بىلىدىغان بولغاچقا كەلگەنلەر سۇپىغا چىقىپ ئولتۇرۇۋەردى.

— مەسۇمكا، ئەھۋالىڭ قانداق؟ — تىيىپ يەنە سورىدى.

— نىمە مىنىڭ ئەھۋالىمنى سوراپ قالدىڭ؟ — مەسۇم تاران قاپىقىنى ئاچماستىن دىدى. ئۇ تىيىپلارنىڭ نىمگە كەلگەنلىكىنى كۆڭلىدە پەرەز قىلىپ بولغان ۋە ئۇلارغا بىرىدىغان جاۋابىنىمۇ تەييارلاپ قويغانىدى، مەسۇم تاراننىڭ توڭ مۇئامىلىسىدىن ئوڭايسىزلانغان تىيىپ سەل تۇرۇۋىلىپ كىلىش مەقسىتىنى دىدى:

— مەسۇمكا! — دىدى ئۇ قىشىدىكىلەرگە قاراپ قويۇپ، — ھەرقاچان، سەنمۇ ئۇقۇپ بولغانسەن، باللار ئەقىلسىزلىق قىلىپ قىچىپ قويۇپتۇ، ئەسلىدە بۇ ئىشنى قىلمىسا بولاتتى، ئەمدى بولىدىغان ئىش بوپتۇ، قانداق قىلىمىز، ئەمدى بىز ئاتا-ئانىلار ئۇلارنىڭ ئىشىنى چىرايلىق بىر تەرەپ قىلىۋەتسەك بولىدۇ، شۇڭا يارى بىز ئۇچىمىزنى سىنىڭ ئالدىڭغا گۇناھىنى تىلەپ ئەۋەتتى. يارىنى سەنمۇ ئوبدان بىلىسەن، مەھەللىدىكى ياشلىرىمىزنىڭ ئالدى، كۆرۈۋاتقانسەن، كىچىك بولۇشىغا قارىماي تىرىشىپ پۇل تىپىپ كاتتا ئۆيلەرنى سالدى، مىنىڭچە ئۇنى كۈيئوغۇل قىلساڭ زىيان تارتمايسەن، قارا... شۇڭا بۇ ئىشنى چىرايلىق بىر تەرەپ قىلىۋەتسەك، سىنىڭ نىمە تەلەپلىرىڭ بار، بىزمۇ ئاڭلاپ باقايلى، قانداق دىدىم؟ — تىيىپ يىنىدىكىلەرگە قارىدى.

— شۇنداق، مەسۇم، — دىدى شەمشى بىشىنى لىڭشى-

تىپ، — ھازىر شۇ باللارنىڭ رايىغا باقىدىغان گەپكەن، قانداق قىلىمىز؟...

— شۇنداق، شۇنداق، — دېدى جەپەمۇ گەپ قىستۇ- رۇپ، — ئەتىگەن يارى بىزگە جىق يالۋۇرۇپ كەتتى...

مەسۇم تاران گەپ قىلماستىن بۇتتەك ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ تۇرۇلگەن چىرايىغا قاراپ نېمە جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى بىلەلمىگەن تېيىپ ئاخىر بولالماي سورىدى:

— مەسۇمكا، قانداق قىلىمىز، گەپ قىلە!...

مەسۇم تاران گويا قېتىپ قالغاندەك جىممىدە ئولتۇراتتى.

— مېنىڭ باشقا گېپىم يوق، — دېدى ئۇ بىر كەمدە بېشىنى كۆتۈرۈپ، — سىلەر بىكار ئاۋارە بولۇپ كېلىپسىلەر، مېنىڭ- چۇ، ئۆزىنىڭ قەدرىنى بىلمەيدىغان ئۇنداق قىزىم يوق، ئۇلارنىڭ تويىنى قىلمايمەن، تويىنىڭ ئورنىغا نەزىر قىلىۋېتىمەن، گېپىم شۇ!...

ئەلچىلەر ئالاقزادە بولۇپ بىر - بىرىگە قاراشتى.

— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمە، مەسۇمكا؟ — دېدى تېيىپ كۈلۈپ تۇرۇپ، ئۇ بۇ تۇلۇك ئادەمنى يۇمشاتماقچى بولۇپ گەپ قىل- دى، — ئاچچىق بىلەن ھېچبىر ئىش پۈتمەيدۇ، ئۆز ۋاقتىدا كەلگەن چېغىمىزدا يارىغا ماقۇل دەۋەتكەن بولساڭ بۇ ئىشمۇ يوق ئىدى، قارا، ھېلىمۇ بولسا كېچىكمەيدۇ، يارى دېدى: قانداقلا شەرتى بولسا مەن تەييار دەۋاتىدۇ. ئاشۇ باللارنىڭ بەختى ئېچىل- سىلا مەيلى ئەمەسمۇ، بولاقسايدا قىز ئېلىپ قاچىدىغان ئىش يالغۇز بولا ئەمەسقۇ؟...

تېيىپنىڭ ئاخىرقى سۆزى مەسۇم تاراننىڭ كۆڭلىدە تىك كەلدى.

— مېنىڭ گېپىم شۇ، — دېدى مەسۇم تاران تېيىپنىڭ گېپىنى قوپاللىق بىلەن بۆلۈپ، — مېنىڭ ئۇنداق نائەھلى قىزىم يوق، سىلەرمۇ ئوتتۇرىغا كىرىپ ئاۋارە بولماڭلار!...

— مەسۇمكا!

— باشقا ئىشىڭ بارمۇ؟

شەمشى تېيىپنىڭ پېشىنى تارتىپ «چىقايلى» دېگەن ئىشارىنى قىلدى.

— بوپتۇ، مەسۇمكا، — دېدى تېيىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، — بۇگۈن خاپا كۆرۈنسەن، ئاچچىقىڭ يانغاندا پاراڭلىشايلى.

— ئەمدى تىل ئاڭلىغۇڭ كەلسە كەل، — دېدى مەسۇم تاران.

ئەلچىلەرنى شەرۋان ئۇزىتىپ چىقتى.

— بىرنەچچە كۈن ئۆتسۇن، — دېدى تېيىپ ئۇنى بەزلەپ، — ئاڭغىچە بۇ توخمۇ ئېرىپ قالار.

شەرۋان ھەسرەت بىلەن بېشىنى چايقىدى.

## 13

ۋاڭ شۇجى بۇلاقسايلىقلارغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئىسراپىل ناھىيىگە بېرىپ ـ كېلىپ ئىككى ھەپتە ئۆتكەندە بۇلاقسايغا توك كەلدى. ئىسراپىل بىلەن تېيىپ مەسلىھەتلىشىپ توكنى يېڭى مەھەللىگە تارتقۇزدى. بۇنى كۆرۈپ سايىنىڭ ئىچىدىكىلەر غۇلغۇلا قىلىشتى:

— توكنى كونا مەھەللىگە تارتمامدىكەن؟

— بىزمۇ تېلېۋىزور دېگەننى كۆرۈپ باقمايمىزمۇ؟

— ئەمىسە سەنمۇ يېڭى ئۆيگە كۆچ.

— ئامەتلا بولسا يارىغىلا كېلەمدۇ؟...

دەرۋەقە، توكنى ئۇنجى بولۇپ يارمۇھەممەد يېڭى ئۆيگە ئۇلىدى. بۇلاقساينىڭ تارىخىدا يۈز بەرگەن بۇ يېڭىلىقنى كۆرۈشكە مەھەللىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كېلىشتى. يارمۇھەم-

مەدىنىڭ يېڭى ئۆيىنى، توكنى كۆرۈپ كەلگەنلەرنىڭ بىر قىسمى قىزىپ قالدى: بەزىلەر شۇ يەردىلا ئۆي سالىدىغان بولۇپ تېيىپقا تىزىملاتتى. بىرنەچچە ئاينىڭ ئالدىدا مۇشۇ قاقاس تۇزگە يېڭى مەھەللە قۇرۇلىدۇ، دېگەندە كۆپ ئادەملەر ئىشەنمىگەنىدى. ئىسراپىل ئۆزىمۇ «قانداق بولار؟» دەپ ئەنسىرىگەنىدى. يارمۇھەممەد بىلەن تېيىپ باش بولۇپ چىقىۋېدى، بىر يازدىلا يېڭى مەھەللە پەيدا بولدى. شۇنىڭغا قارىغاندا، دېھقانمۇ قويغا ئوخشاش ئىكەن، بىرەر سەركە باش بولۇپ ئالدىدا مېڭىپ بەرسە ئۇلار «گۇررىدە» ئەگىشىدىكەن...

يېڭى ئۆي يارمۇھەممەدكىمۇ ئاسان توختىمىدى، ئۇ يېڭى دۇكاننى مال بىلەن تولدۇرۇش ئۈچۈن يانچۇقىنى خېلىلا كولىدى، دۇكانغا يېڭىدىن توڭلاتقۇ ئالدى، تېلېۋىزور قويدى، پەردە ئىككىسى ئۈچ ئېغىز ئۆينى تولدۇرۇش ئۈچۈن شەھەرگە نەچچە قېتىم بېرىپ - كېلىشتى. پەردە بۈگۈن دېرىزىلەرگە يېڭى پەردىلەرنى تارتىپ بولۇپ «ئۇھ» دېدى. ئۇ مۇشۇ پەردە ئۈچۈن شەھەرگە ئىككى قېتىم باردى. باشتا ئەكەلگىنىنى تارتىپ كۆرۈۋېدى، ئۆينى غۇۋا قىلىپ قويغاندەك كۆرۈندى - دە، ئۇنى ياندۇرۇپ بېرىپ مۇشۇنى ئەكەلدى. بۇنىڭ رەڭگى سۇس ھاۋا رەڭ بولۇپ پەردىگە يارىدى. ئۇ ئەتىيازدا بازاردىكى دوستى رەنانىڭ ئۆيىگە بارغاندا ئۇنىڭ ئۆيىدىكى پەردىسىگە كۆزى چۈشۈپ، «ئەگەر ئۆي تۇتسام مۇشۇنداق پەردىنى ئالىمەن!» دەپ كۆڭلىگە پۈككەنىدى. شۇڭا ئۇ شەھەرنى بىر كۈن ئايلىنىپ بۇ پەردىنى ئاران تاپتى. ئۇ باياتىن پەردىنى دېرىزىگە تارتىپ بولۇپ كۆڭلى تىندى. شۇنداق، پەردە ئۈچۈن ھەممە ئىشلار ئۇ ئارزۇ قىلغاندەك بولۇۋاتىدۇ، تۇرمۇشىدىن كۆڭلى توق، پەقەت بىرلا ئىش ئۇنى بىئارام قىلاتتى. مەسۇم تاران ھازىرغىچە ئۇنىڭغا قارىماۋاتاتتى، يارمۇھەممەد مەھەللىدىكى چوڭلارنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئىككى قېتىم ئەۋەتكەنىدى. لېكىن مەسۇم تاران ئەلچىلەرنى

تىللاپ ياندۇرۇۋەتتى، ئۇنى ئاز دەپ، «پەرىدە مېنىڭ ئۆيۈمنىڭ بوسۇغىسىغا دەسسىگۈچى بولمىسۇن!» دېدى، بۇ گەپنى ئاڭلاپ پەرىدە بىر كېچە يىغلاپ چىقتى. ئۇلار ئاخىر دادىسىنى گەپكە كىرگۈزەلمىگەندىن كېيىن قىزنىل قەغەز ئېلىپ نىكاھ ئوقۇتتى، قىز بالا ئۈچۈن ئۆمرىدىكى چوڭ ئىشنى ئەل ـ يۇرتقا داستىخان سېلىپ نەغمە ـ ناۋا بىلەن ئۆتكۈزۈشتىنمۇ ئارتۇق خۇشاللىق ئىش بارمۇ؟ پەرىدەنىڭمۇ ئارزۇسى شۇ ئىدى، ئەمما پەرىدە شۇنى قىلالمىدى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دۇئاسىنى ئالالمىدى. شۇڭا ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ بىر يېرى يېرىم ئىدى. قولۇم ـ قوشنىلار ئالدىدا ئۆزىنى گۇناھلىق ئىش قىلىپ قويغاندەك بىئەپ ھېس قىلاتتى، قەرزداردەك سېزەتتى، ئاخىر ئۇ يارمۇھەممەدكە دېدى:

— يارى، توي چېيىنى ئۆتكۈزسەك بولامدىكىن؟

— قانداق، داداڭ ماقۇل بولدىمۇ؟

— دادامغا قارىساق بىزنى قېرىتىۋېتىدۇكى، يۇمشىمايدۇ، ئەل ـ يۇرتنىڭ ئالدىدا سەت تۇرىدىكەن...

— سەن ئۆتكۈزەيلى دېسەڭ مەيلى، — دېدى يارمۇھەممەد.

ئىككىسى مەسلىھەت قىلىشىپ، يېڭى ئۆيگە كۆچۈش باھانىسى بىلەن توي چېيىنىمۇ قوشۇپ ئۆتكۈزىدىغان بولدى. مانا بىر ھەپتە بولدى، ئۇلار شۇنىڭ تەييارلىقىدا ئىدى. پەرىدە دېرىزىنىڭ پەردىلىرىنى تارتىپ بولۇپ تۇراتتى، ھويلىدا ۋار ـ ۋار قىلغان خۇرشىدەنىڭ ئۈنى ئاڭلاندى ۋە پەرىدە قوپۇپ بولغۇچە ئۆيگە كىرىپ كەلدى:

— پاھ، ئۆيۈڭلار قالتىسقۇ ھەدە؟ — ئۇ ئۆينىڭ ئىچىگە كۆز يۈگۈرتۈپ سەكرەپ كەتتى، — شەھەرنىڭ ئۆيلىرىدەك قىلدۇرۇۋېتىپسىلەرغۇ؟... مۇبارەك بولسۇن! — ئۇ بۇلۇڭدىكى تېلېۋىزورنى كۆرۈپ قېلىپ، ئىتتىك ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى، — تېلېۋىزورنىمۇ ئېلىپ بولدۇڭلارمۇ؟ پاھ... تارتالامدۇ؟...

خۇرشىدە ئۆيدىكى ھەممە نەرسىلەرنى تۇتۇپ كۆرەتتى، ھەي-

ـران بولاتتى، پەرىدە ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ ئۇلگۇرەلمەي قالدى. خۇرشىدە ئۇن كۈن بولغان مەكتەپ ئۆيۈشتۇرغان ئەمگەككە كېتىپ ئۆيگىمۇ كەلمىگەنىدى. ئۇ ئاخشام ئاپىسىدىن پەرىدەلەرنىڭ يېڭى ئۆيگە كۆچكەنلىكىنى ئاڭلاپ كۆرگىلى كەلگەنىدى. ئۇ ھەممە ئۆيلەرنى كۆرۈپ چىقىپ ھاياجانلىنىپ كەتتى.

— ھەدە، — دېدى ئۇ ئۆزىنى باسالماي، — تىلىم تەگمىسۇن، ئۆيۈڭلار قالتىس پەيزى بوپتۇ، پۇلىنىمۇ تازا خەجلەپسىلەر - ھە؟

— ساڭا ياردىمۇ؟

— يارىمامدۇ، ھەدە، بۇلاقسايدا كىمنىڭ بۇنچىلىك ئۆيى بار؟ ياركامنىڭ يېنى خېلى چىڭ ئىكەن جۇمۇ، شۇڭا بىلىپ قېچىپتىكەنسەن - دە؟

— نەدىكى گەپنى قىلىسەن، — دېدى پەرىدە سىڭلىسىنىڭ گەپلىرىگە ئامراقلىقى كېلىپ، — داداملار قانداقراق؟

— قانداق بولاتتى، سەن كۆرگەندەك، — دېدى چىرايىنى تۈرۈپ، — دادام ئۆزى بىلەن ئۆزى بۇرۇقتۇرما بولۇپ تېرىكىپ يۈرىدۇ، ئاپام ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسا يىغلايدۇ...

— بىچارە ئاپامغا ئۇۋال بولدى، — پەرىدە ھەسرەت بىلەن ئۇھ تارتتى، — بىر ئۆمۈر دادامنىڭ دەردىنى تارتتى...

— بايا مەن: «يۈر، ئاپا، ھەدەملەر يېڭى ئۆيگە كۆچۈپتۇ، كۆرۈپ كېلەيلى» دېسەم يىغلاپ كەتتى، بىچارىنىڭ ئوتتەك كەلگۈسى بار، لېكىن دادامدىن قورقىدۇ.

— ئاپامنى يېنىمغا ئەكېلىۋالسام بولامدىكىن؟

— ئاپامنى ئەكېلىۋالساڭ دادام قانداق قىلىدۇ؟ — خۇرشىدە بېشىنى چايقىدى، — ئاپاممۇ دادامنى يالغۇز تاشلاپ ھەرگىز كەلمەيدۇ.

— دادامنىڭ مىجەزى ئەجەبلىنىغۇ، — پەرىدە ئۇھ تارتتى، — باشقىلارغا پەقەتلا ئوخشىمايدۇ، نېمانچە جاھىللىق قىلىـ

دىغاندۇ؟... سەنمۇ كۆرگەنسەن، ھازىر ھەممەيلەن يېڭى مەھەل-
لىگە كۆچۈپ كېلىۋاتىدۇ، مانا بۇ يەرگە توكمۇ كەلدى، ماقۇل
دېگەن بولسا ئۆينى بىز سېلىپ بېرەتتۇق.

— دەپ باقتىڭلارمۇ؟

— تېيىپكام دادامغا دەپتىكەن، نېمە دەپتۇ دېمەمسەن؟...
«ئۇ ئۆيۈڭگە گۆردىكى داداڭنى ئەكېلىپ ئولتۇرغۇزۇۋال»
دەپتۇ.

— دادام دەيدۇ ئۇنى...

— شۇنداقتىمۇ داداملارغا ئاتاپ بىر ئۆينى تىزىملىتىپ
قويدۇق.

— راستمۇ؟ نەدىن؟

— مۇشۇ كوچىنىڭ بېشىدىن، بىر مودەك كېلىدۇ، ياكى
سەن گەپ قىلىپ باقساڭ يۇمشاپ قالارمۇ - يە؟

— ھەيتاڭ... ھازىر دادامنىڭ ئەس - ھوشى تۇگمەندە،
ئىككى گەپنىڭ بىرىدە تۇگمەنلا دەيدۇ، ئۆتكەندە جالال تۇگمەننى
ياسايدىغان بولساڭ مەن پۇل بېرىپ تۇراي دەپتىكەن...

— شۇڭا ئۇنىڭ ئەلچىلىرىگە ماقۇل دەپتىكەن - دە؟

— ھەئە... ئەمدى جالالمۇ يېنىۋالغان ئوخشايدۇ، ئاخشام
ئۇنى بىر كېچە تىللاپ چىقتى... دادام ئاشۇ تۇگمىنىگە بېرىپ
ياتسا ياتىدۇكى، بۇ يەرگە چىقمايدۇ.

— تووۋا، دادام قېرىغانچە غەلىتە بولۇپ قېلىۋاتىدىغۇ...

ئۆيگە يارمۇھەممەد كىردى. ئۇ خۇرشىدەدىن تىنچلىق سو-
راشقاندىن كېيىن ئوقۇشىنى سورىدى:

— ئوقۇشۇڭ ياخشىدۇ؟ خېلى بولدى، ئۆيگىمۇ كەلمىدىڭ-
غۇ؟

— دەرسنى باشلىماي تۇرۇپلا ئەمگەككە ئېلىپ چىقتى،
ئوقۇشنىڭمۇ مەسلىھەتى قالمىغىلى تۇردى، — دېدى خۇرشىدە
ھال ئېيتىپ، — مەكتەپتىنمۇ زېرىكتىم، ياركا، كونا مەھەلل-

ىدىكى دۇكىنىڭلارنى مـاڭا بـەرسەڭلار، شۇنى ئېچىپ ئولتۇراي-مىكىن، بېرەمسىلەر؟

— دۇكانغۇ ئايلانسۇن، — دېدى يارمۇھەممەد پەرىدەگە قاراپ قويۇپ، — لېكىن، ھەدەڭ ئۇنىمايدۇ.

— نېمىشقا؟

— ھەدەڭ سېنى ئۇرۇمچىدىكى چوڭ مەكتەپلەردە ئوقۇتىمەن دەيدۇ.

— راستمۇ ھەدە؟

— ھەئە ... — دېدى پەرىدە ماقۇللاپ، — خېلى يىللار بوپتۇ بىزنىڭ بۇلاقسايدىن بىرەر بالىمۇ ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ باقماپتۇ، ئەسلىدە مېنىڭ ئوقۇيمەن دېگەن ئىرادەم بار ئىدى، لېكىن بولمىدى، ئەمدى سەن بولساڭمۇ ئوقۇساڭ دەيمەن...

— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن ھەدە نېمە بىلەن ئوقۇيمەن، ئۆينىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان بىلىسەنغۇ؟

— ئىقتىساد تەرەپتىن خاتىرجەم بول، — دېدى يارمۇھەم-مەد پەرىدەنى شەرەت قىلىپ، — ھەدەڭ ھازىردىنلا ساڭا ئاتاپ پۇل يىغىۋاتىدۇ.

— راستمۇ ھەدە؟

— ئىقتىسادتىن غەم قىلما، — دېدى پەرىدە، — ئەمما ئالىي مەكتەپكە چوقۇم ئۆتىسەن جۇمۇ!

— خوپ!...

ئۇلار چاي ئىچكەچ توي چېيىنىڭ مەسلىھەتىنى قىلىشتى.

— ياخشىمۇ كەپسەن، — دېدى پەرىدە سىڭلىسىغا، — يارى بىلەن ئىككىمىز مەھەللىگە توي چېيى بېرەيلى دەۋاتىمىز، دادام-غا ئاستا دەپ باقامسەن؟

— ھەي ... دادام كەلگىلى ئۇنىماسمىكىن، — خۇرشىدە بېشىنى چايقىدى، — بوپتۇ، دەپ باقاي، قاچان قىلايلى دەۋاتى-سىلەر؟

— ئالدىمىزدىكى جۈمەگە بېكىتتۇق...

— تويۇڭلارنى ئويناپ كەتكۈدەكمەن، — دېدى خۇرشىدە خۇش بولۇپ، — ئەمىسە مەن قايتاي، دادامغا دۇكاندىن چاي ئەكېلەي دەپ چىققانىدىم، يەنە مېنىمۇ بىرى بىلەن قېچىپ كەتتىمۇ، دەپ قالمىسۇن...

يارمۇھەممەد بىلەن پەرىدە تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى، ئۇلار خۇرشىدەگە ئۆيگە كېرەكلىك چاي، تۇز، قەنت - گېزەكلەردىن بولۇپ يوغانلا بىر سومكا نەرسىلەرنى تەييارلاپ قولىغا تۇتقۇزدى. خۇرشىدە سومكىنى كۆتۈرۈپ بېقىپ يارمۇھەممەدكە قارىدى:

— ياركا، جىقلا بىرنەرسىنى بېرىۋەتتىڭ، بۇنىڭغا تۆلىگۈدەك پۇلۇم يوق جۇمۇ!

— پۇلۇڭ يوق بولسا دەپتەرگە يېزىپ قويىمەن، كېيىن كادىر بولغىنىڭدا ئۆسۈمى بىلەن ئالىمىز - ھە، پەرى؟ بىكار ئىش يوق.

— ئۇنداق قىلىدىغان بولساڭلار بۇلاقسايغا يېنىپ كەلمەسمەن.

— نەگە كەتسەڭمۇ ئىزدەپ تاپارمىز...

بۈگۈن يارمۇھەممەد بىلەن پەرىدە مەھەللىگە توي چېيى بەردى. ئۇلار بۇلاقسايدىكى چوڭ - كىچىك ھەممەيلەننى تويغا ئېيتقانىدى، مەسۇم تاران بىلەن شەرۋاندىن بۆلەك ھەممەيلەن كېلىشتى، ئۇلار يارمۇھەممەدنىڭ يېڭى ئۆيىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈنمۇ كېلىشتى ۋە ئۆيلەرنى كۆرۈپ ئاغزى ئېچىلىپ قېلىشتى. چوڭلارنى بۇ يەرنىڭ قائىدىسى بويىچە ئەتىگەنگە ئېيتقانىدى، ئۇلار تويدىن ئۇزاپ چىقىپ تارقىلىشىپ كەتمەي توپ - توپ بولۇشۇپ پاراڭغا چۈشۈشتى. بۈگۈنكى گەپ ئۆي توغرۇلۇق بولدى. ئۇلار ئىسرايىل بىلەن تېيىپنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ سوئال سوراشاتتى:

— توكنى كونا مەھەللىگە راست تارتامسىلەر؟ — شەمشى

ئىسرائىلنىڭ ئالدىغا كېلىپ سورىدى، — بىز قاراڭغۇدا ئولتۇ-رىمىزمۇ؟
— ھەي، شەمشىكا، — دېدى تېيىپ ئۈنىڭغا چاقچاق قىلىپ، — ساڭا توكنىڭ نېمە لازىمى، قالپىقىڭنى ئېلىۋەتسەڭ ئۆيۈڭ يورۇپ كەتمەمدۇ؟
— مەنغۇ مەيلى دېگىنە، — دېدى شەمشى دەرھال جاۋاب قايتۇرۇپ، — ساڭا ئوخشاشلار كۆرمەي ئۇسۇۋالامدىكىن، دەيمەن...
پاراققىدە كۇلكە كۆتۈرۈلدى.
— شەمشىكا، — دېدى ئىسرائىل كۇلكە بېسىققاندىن كې-يىن، — ھېلىمۇ ناھىيە بىزنى نامرات كۆرۈپ بىر تىيىن ئالماي توكنى مۇشۇ يەرگىچە ئەكېلىپ بەردى. مۇشۇنىڭغىمۇ شۇكۇر-رەھمەت دەيلى، ناھىيىنىڭ پىلانى شۇنداق، بىز شۇڭا نەچچە ۋاقىتتىن نېمە دەۋاتىمىز... بۇ قېتىم ناھىيە بۇلاقساينى ساياھەت قىلىدىغان ئورۇن قىلىپ بېكىتتى، ئۇنداقتا سايدىن كۆچمەي ئامال يوق، شۇڭا قانچە بالدۇر كۆچسەڭلار پايدا ئالىسىلەر...
— سەيلىگاھ قىلسا بىزگە نېمە پايدىسى بار؟ — دېدى شەمشى.
— پۇل تاپىمىز، ھەرقايسىڭلارغا قىلىدىغان ئىش تېپىلىدۇ.
— ۋاھ، ئايلىقچى بولامدۇق؟...
— ئۆيىنىمۇ ھۆكۈمەت سېلىپلا بەرگەن بولسىمۇ؟...
— ھېلىمۇ خىش بىلەن سېمونتنى ھۆكۈمەت بەردىغۇ، — تېيىپ سۆز قىستۇردى.
— بەش كېپىللارغا بىكارغا سېلىپ بېرەرسىلەر؟
— ھەي، ئارۇپ! — دېدى شەمشى بېشىنى چايقاپ، — سەن بەش كېپىل بولاي دەمسەن نېمە؟
— بولسام بولدۇم، — دېدى ئۇ، — ئىلەكىنىمۇ ھۆكۈمەت قۇتقۇزۇۋاتىدىغۇ، ئەمگەك كۈچى دېسە ئىككى ئوغلى، خوتۇنى

بار، مېنىڭچۇ؟
— تەشكىل خوتۇن ئېلىپ بەرسۇنمۇ؟
— ئۆيگە تۇرامسەن، خوتۇنغىمۇ؟...
بۇلاقسايلىقلار شۇنداق، ئۇلار ھەرقانداق پاراڭنىڭ ئاخىرىنى ئويۇن - چاقچاققا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ، بۇگۇنمۇ شۇنداق بولدى، لېكىن تويغا كەلگەنلەرنىڭ كۆپى يارمۇھەممەدنىڭ ئۆيىنى كۆر-گەندىن كېيىن يېڭى مەھەللىگە قىزىقىپ قېلىشتى.
— بۇ يىل كەچ قالدۇق، — دېيىشتى ئۇلار، — قىشچە تېيىن يىغىپ كېلەرگە جان چىقسىمۇ ئۆي سالىمىز، بىزمۇ تېلېۋىزور دېگەننى كۆرۈپ باقايلى...
كۇندۇزكى توي كەڭتاشا ئۇزىدى، پەرىدە: «ئاپىسى بىلەن دادىسىنى كېـلىپ قـالارمۇ؟» دەپ ئۇمىد قىلغانىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى. پەرىدە سىڭلىسىنى چەتكە تارتىپ سورىدى:
— ئاپاممۇ كەلمىدىغۇ؟ دېگەن بولغىيتتىڭ؟
— ئاپامنىڭ شۇنداق كەلگۈسى بار ئىدى، لېكىن دادامدىن قورقۇپلا ئېغىز ئاچالمىدى، — دېدى خۇرشىدە ھەدىسىنىڭ ياش لىغىرلىغان كۆزىگە قاراپ، — بولدى، ھەدە، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلمىغىنا، قارىغىنا، شۇنچىلا ئادەملەر كەلدى، بۇلاقسايدا ھا-زىرغىچە بۇنچىلىك توي بولۇپ باقمىغان، خەقلەرنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتتىڭلار...
خۇرشىدە قانچە كۆڭلىنى ياسىغان بولسىمۇ پەرىدە تازا ئېچىل-لالمىدى.
چوڭلار ئۇزاپ بولغاندىن كېيىن كەچكە تارتىپ ياشلارنىڭ ئولتۇرۇشى باشلاندى، يارمۇھەممەد بۇگۇنكى ئولتۇرۇشقا دەپ بىرنەچچە سازەندە - چاقچاقچىلارنى تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەنىدى. ئىككى ئۆيگە مول قىلىپ داستىخان تارتىلدى، ئەرلەر بىر ئۆيگە، قىزلار بىر ئۆيگە لىققىدە ئولتۇرۇشتى، ئولتۇرۇش باشلىنىشقا

يېقىن جالال كىرىپ كەلدى، تۇرقىدىن ئازراق ئېچىۋالغاندەك قىلاتتى. ئۇ ئالدىغا چىققان يارمۇھەممەدكە:
— مېنى ئايرىپ قويساڭمۇ كەلدىم، قارشى ئالارسەن؟ — دېدى.
— كەل، كەل، — دېدى يارمۇھەممەد چاندۇرماي، ئەمما ئۇنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ كۆڭلىگە بىر ئەنسىزلىك چۈشتى.
تاماق بىرقۇر تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن قورۇملار كىرىپ ئېچىشۋازلىق باشلاندى، ئاندىن ئۇنىڭغا ئۇلاپلا نەغمە باشلاندى. سازەندىلەر بىر يۇرۇش ناخشا ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن نۆۋەت چاقچاققا كەلدى. ناھىيىدىن كەلگەن ئورۇق يىگىت بىر ـ ئىككى لەتىپە ئېيتقاندىن، بولاقساينىڭ چاقچاقچىسى ئاتىلىپ يۈرگەن سەمى «دىۋانە» ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى.
— مۇشۇنىمۇ يۇمۇر دەپ بولاقسايغا ئېلىپ چىقتىڭمۇ؟ يامانمۇ كونا مالغۇ؟...
— سېنى دەپلا كونىلىرىنى ئېلىپ چىقتىم ـ دە، — دېدى ئۇ، — يېڭى مالنىڭ نەرخىگە چىقىش قىلالمايسەن ـ دە؟
— ئۇنىڭ ئۈستىگە مېلىڭ بەك ئورۇقكەن... ساندۇقۇڭدا ئۇزاق تۇرۇپ كېتىپتۇ ـ دە؟
— ھەرقانچە كونا بولسا سېنىڭ نانلىرىڭدىن ياخشىراق...
چاقچاق ئەۋجىگە چىقتى، ناھىيىدىن چىققان چاقچاقچى بەك تېزكەن، ئۇ سەمى ئاغزىنى ئېچىپ بولغۇچە چاقچاقنى مۆلدۈردەك ياغدۇرۇۋەتتى:
— تاپاۋىتىڭ ياخشى ئەمەسمۇ نېمە؟ تېخىچە كونا ئۆيدە ئولتۇرۇپسەن؟
— بولمىسا شەھەرگە كىرگىن، كوشەندىلىرىڭ ئازلاپ كەتتى...
— شەھەرلىكلەر پارچە ناننىڭ ئورنىغا قىزىل تىزا بېرىدىغان بولدى.

— ئۆزۈمنىڭ پۇلى بىلەنلا ئۆيلەپ قويىمەن دېگىنە...

كېيىنى ـ كېيىندىن كەلگەن چاقچاقتىن سەمى ئۇجۇقۇپلا كەتتى، ئۇنى كۆرۈپ جالالنىڭ ئوغىسى قايىندى، چۈنكى جالال تۇنۇگۇن سەمى قاتارلىق بىر قانچىسىنى يۈز سوم خەجلەپ مېھمان قىلىپ، بۈگۈنكى ئولتۇرۇشتا يارمۇھەممەدنىڭ چاقىرىپ ئەكەل-گەن مېھمانلىرىنى ئوخشىتىپ رەسۋا قىلىشنى تاپىلىغانىدى. سەمىنىڭ ھە دېمەيلا چاقچاقتا چۈشۈپ شۈكلەپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ جالالنىڭ نېرۋىسى ئۆرلىدى. ئۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى رومكىنى كۆتۈرۈۋېتىپ ئورنىدىن قوپتى.

— ھەي، — دېدى ئۇ چاقچاقچى يىگىتكە قولىنى شىل-تىپ، — نېمانداق تولا گەپ قىلىسەن، تۈل خوتۇننىڭ بالىسىمۇ نېمە سەن؟

— ئىشقىلىپ، ساڭا ئوخشاش ھارام قاندىن بولمىغان دېگىنە...

ئۆيدە قىيقاس كۆلكە كۆتۈرۈلدى. بۇ گەپكە چىدىيالمىغان جالال ئالدىدىكى پىيالىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئاتتى:

— جالاپ ئاناڭنى، چىقە تالاغا! — دېدى ئۇ ئاغزىنى بۇ-زۇپ.

ئولتۇرۇش بۇزۇلدى، مەھەللىنىڭ بالىلىرى جالالنى تار-تىپ ھويلىغا ئاچىقىپ كەتتى. ئەمدى ئۇ تېخىمۇ ئەزۋەيلىدى:

— ھەي، يارى! ئاۋۇ شەھەرلىك گۆيۈكنى چاقىر ماۋۇ ياققا، — دېدى ئۇ يارمۇھەممەدكە دېۋەيلەپ، — نېمىسىگە يوغاذ-لىق قىلىدۇ؟...

يارمۇھەممەد باشتا ئۇنىڭغا چىرايلىق گەپ قىلغانىدى، جالال تېخىمۇ ئۆرلىگىلى تۇردى:

— سەن بۇلاقسايلىقلارنى بوزەك قىلغىلى چاقىرىپ كەلدىڭ ـ ھە، بىزنى نېمە كۆرۈۋاتىسەن، چاقىر دەيمەن ئاۋۇ گۆيىنى!

ئاخىر يارمۇھەممەد چىدىمىدى:
— جالال، نېمانچە ئۆكتەملىك قىلىسەن؟ مەن ساڭا نېمە قىلدىم؟...
— يەنە نېمە قىلساڭ بولاتتى؟ ئۆزۈڭچە توت تەڭگە تاپتىم دەپ كۆرەڭلەپ كەتتىڭمۇ؟
— جالال! ... قانلىق قىلما، مەن سېنى چاقىرمىغان، كەت!
— مېنى كەت دەۋاتامسەن؟ — جالال ئۇنىڭ ئالدىغا ھۈرپىيىپ كەلدى، — يەنە بىر دېگىنە!
— كەت، ئۆيۈمدىن يوقال!...
جالالنىڭ چىرايى قورقۇنچلۇق تۈرۈلدى، ئۇ يارمۇھەممەدكە دېۋەيلەپ كېلىپ مۇشت ئاتتى، يارمۇھەممەد چاققانلىق قىلىپ ئۆزىنى چەتكە ئالغانىدى، جالال ئۆزىنى توختىتالماي دەلدۈگۈنۈپ كەتتى، ئۇ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ يارمۇھەممەدكە پەشۋا ئاتتى، لېكىن پەشۋاسىمۇ تەگمەستىن تېيىلىپ كېتىپ يەرگە گۈپپىدە يىقىلدى. ئۇنىڭ كۆزىدىن ئوت چاچرىغاندەك بولدى، يارمۇھەممەدنى ئۇرالمىغان ئەلەم ئۇنى بوغقاندەك بولدى. ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى - دە، يېنىدىن پىچىقىنى ئېلىپ يارمۇھەممەد ئۆزىنى چەتكە ئالغۇچە ئۇنىڭغا پىچاق سالدى، يارمۇھەممەد سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ يەرگە يىقىلدى، بۇ جېدەلنى كۆرگەن بىرى ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ ۋارقىرىدى:
— ئادەم ئۆلدى، قۇتقۇزۇڭلار!...
ئولتۇرۇشتىكىلەر «گۇرررىدە» تالاغا يۈگۈرۈپ چىقىشتى، جالال بولسا قانغا مىلەنگەن پىچاقنى كۆتۈرگىنىچە كەلگەنلەرگە ۋارقىرىدى:
— يېقىن كېلىشمە، قايسىڭ كەلسەڭ بوغۇزلىۋېتىمەن!...
قىيا - چىيانى ئاڭلاپ پەرىدە يۈگۈرۈپ چىقتى ۋە يەردە قانغا مىلىنىپ ياتقان يارمۇھەممەدنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتتى:

— يارى، نېمە بولدىڭىز؟ جېنىم يارى، ۋاي خۇدايىم···
جالال شۇندىلا ئېسىگە كەلگەندەك بولۇپ چۆچۈپ كەتتى ۋە پىچاقنى تۇتقىنىچە تالاغا قاراپ قاچتى.
— قاتىل قاچتى، ئۇنى تۇتايلى!
— ئىسراپىلكامنى چاقىرايلى، پەرھات، يۈگۈر!···
پەرىدە بولسا يارمۇھەممەدنى قۇچاقلىغىنىچە پەرياد سالاتتى، ھايال ئۆتمەي ئىسراپىل بىلەن تېيىپ ھاسىراپ يېتىپ كەلدى.
— ئىسراپىلكا، يارى ··· — دېدى پەرىدە يىغلاپ تۇرۇپ.
— مەن يېزىغا خەۋەر قىلدىم، ھازىر دوختۇر كېلىدۇ، — دېدى ئىسراپىل يارمۇھەممەدنىڭ يارىسىنى كۆرۈپ بېقىپ، — قان كۆپ چىقىپ كېتىۋاتامدۇ؟
— ئىسراپىلكا، يارىنى قۇتقۇزۇڭلار! ··· — دەيتتى پەرىدە يىغلاپ تۇرۇپ.
— يىغلىماڭ ئۇكام، ھازىر···
شۇ ئەسنادا سىرتتا ماشىنىنىڭ جىددىي سىگنالى ئاڭلاندى ۋە يېزا دوختۇرخانىسىنىڭ قۇتقۇزۇش ماشىنىسى ھويلىغا كىرىپ كەلدى. دوختۇرلار يارمۇھەممەدنى تەكشۈرۈپ كۆردى ـ دە:
— دەرھال ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا ئاپارمىساق خەتەر. لىك، — دېدى ئىسراپىلغا، — قان كۆپ چىقىپ كېتىپتۇ···
— ئەمىسە دەرھال مېڭىڭلار!···
دوختۇرلار پىچاق سالغان يەرنى تاڭدى ـ دە، ماشىنىغا سالدى. پەرىدە بىلەن خۇرشىدە ماشىنىدا بىللە ماڭدى. ماشىنا ماڭغاندىن كېيىن ئىسراپىل تۇرغانلاردىن بولغان ۋەقەنى سورى. دى.
— جالال ھېچنەگە قىچىپ كېتەلمەيدۇ، — دېدى ئىسراپىل باللارنىڭ «جالال قاچتى!» دېگىنىنى ئاڭلاپ، — تېيىپ ساق. چىلار بىلەن ئۇنى تۇتقىلى كەتتى.
ھايال ئۆتمەي تېيىپ ئىككى ساقچى بىلەن قولىغا كويزا

سىلىنغان جالالنى ئالدىغا سىلىپ ھەيدەپ كىردى. جالالنىڭ بايىقى كۆرەڭلىكىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى.

— بۇلاقسايىنى سورايدىغان نوچى ئىدىڭغۇ؟ — دېدى ئىسرا-پىل ئۇنىڭغا نەپرەت بىلەن تىكىلىپ، — ئەمدى مۇرادىڭغا يەتتىڭ-مۇ؟

— جېنىم ئاكا، مەستچىلىكتە ئۇقماپتىمەن...

— يارنىنىڭ ئەھۋالى ھازىر تېخى مەلۇم ئەمەس، — دېدى ئىسراپىل، — ساقىيىپ قالسا تەلىيىڭ... بۇنى ساقچى ئىدارىسى-غا ئاپىرىڭلار!...

ساقچىلار ئۇنى ئىتتىرگىنىچە ئېلىپ كەتتى.

— بۇلاقساي بىر ئاپەتتىن قۇتۇلدى، — دېدى تېيىپ ئۇنىڭ كەينىدىن.

— بۇنىڭ زادى زىخى توشۇپ قالغانىدى، — دېدى كىمدۇر بىرى، — ئاخىر ئۆزىنىڭ بېشىغا چىقتى.

— يارى ساق قالسا بولاتتىغۇ؟

— مەن يارنىنىڭ يېنىغا بېرىپ باقايمىكىن؟ — دېدى تېيىپ ئىسراپىلغا قاراپ.

— بوپتۇ، — دېدى ئىسراپىل، — بېرىپلا ئەھۋالدىن تېلېفون قىلىۋەت...

تېيىپ موتسىكلىتنى مىنىپ ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى، مېھمانلارمۇ بۇ ئىشنى ئۆزلىرىچە مۇھاكىمە قىلىشىپ ئۆي - ئۆيلىرىگە تارقاشتى...

## 14

دوختۇرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ پەردەنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشتى.

— ۋاقتىدا ئەكەپسىلەر، — دېدى كۆزەينەك تاقىۋالغان

دوختۇر يارمۇھەممەدنىڭ يارىسىنى داۋالاپ تېڭىپ بولغاندىن كې-
يىن چىقىپ پەردەگە، — ھازىرچە خەتەر ئۆتۈپ كەتتى...

— ئۆزى قانداقراق؟

— تېخى ئېسىگە كەلمىدى، قان جىق چىقىپ كېتىپتۇ...
ئەتە ئىچكى ئەزالارنى تەكشۈرگەندىن كېيىن ئېنىق بولىدۇ،
ھەرھالدا يۈرەك ساقكەن...

پەردە يېنىك تىن ئالدى. دوختۇر ئۇنى ئىشخانىغا باشلاپ
كىرىپ ۋەقەنىڭ جەريانىنى سورىدى. پەردە بولغان ئىشنى قىس-
قىچە دەپ بېرىپ ئاخىرىدا دوختۇردىن سورىدى:

— دوختۇر، يارى مېيىپ بولۇپ قالارمۇ؟

— ھازىرچە بىرنېمە دېمەك تەس، — دېدى دوختۇر، —
ياشكەن، ساقىيىپ كېتەر... ھازىر مۇھىمى ئىچكى ئەزالار زەخىم
يېمىگەن بولسا بولىدۇ... سىلەر يېڭى توي قىلغانمىدىڭلار؟

— ھەئە ... — پەردە يەرگە قارىغىنىچە ئاستا دېدى.

— پىچاق سالغان سىلەرنىڭ توي قىلغىنىڭلارغا چىدىماپتۇ-
دە؟... — دوختۇر چۈشەنگەندەك بېشىنى چايقىدى، — ھازىرقى
ياشلار نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدىكىن، ئىككى گەپنىڭ بىرىدە پىچاق
سالىمەن دەپلا تۇرىدىغان بولۇپتۇ... جاھاندا قىز دېگەن ئاز ئەمەس-
قۇ، ئۇ ئۇنىمىغان بولسا باشقا بىرىنى تاپىمامدۇ... ئۈچ كۈننىڭ
ئالدىدا دوختۇرخانىغا پىچاق يېگەن بىرەيلەننى ئەكەپتۇ، نېمە
بوپتۇ دېسىڭىز، رېستوراندا قىز تالىشىپ بىرىگە پىچاق ساپتۇ،
كاساپەت جىگەرگىلا ئۇرۇپتىكەن، دوختۇرخانىغا ئەكېلىپ بولغۇ-
چە ئۆلۈپ بوپتۇ... مانا، تۇرغان گەپ، قاتىلمۇ ئېتىلىدۇ، ئىككى
ئادەم جېنىدىن ئايرىلدى دېگەن گەپ...

دوختۇر قايناپلا كەتتى، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغانچە پەرد-
دە ئوڭايسىزلىناتتى، گويا بۇ ئىشقا ئۆزى سەۋەبچى بولغاندەك
بىئارام بولدى، ئۇ دوختۇرنىڭ دىققىتىنى بۇراش ئۈچۈن:

— دوختۇر، يارىنىڭ يېنىغا كىرسەم بولامدۇ؟ — دەپ
سورىدى.

— ھەئە... كىرسىڭىز بولىدۇ، — دېدى دوختۇر ئۇنىڭغا قارىماستىن...

بۇلاقسايىنىڭ تارىخىدا يۇز بېرىپ باقمىغان بۇ قانلىق ۋەقە خېلى كۆڭۈلەرگىچە پاراڭنىڭ تېمىسى بولدى، ھەركىم ئۆزىچە مۇھاكىمە قىلاتتى، جالالغا بېرىلىدىغان جازانى تەخمىنەن قىلىشاتتى. بۇنداق سورۇنلاردا ھەرقاچان ئىلەك ھازىر بولاتتى. بۈگۈن قارتا سورۇنىغا ئىلەك يېڭى خەۋەرنى ئېلىپ كەلدى:

— ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ — دېدى ئۇ جىددىي قىياپەتتە كېلىپ، — جالالنى ئون يىللىق كەسكۈدەك.

— كىم دەيدۇ؟

— تېيىپ ئۆز ئاغزى بىلەن دېدى.

— ئاران ئون يىلمىكەن، ئېتىۋەتكەن بولسا بوپتىكەن.

— يارى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا چوقۇم ئاتاتتى.

— يارى قانداق بولۇپ قالغاندۇ؟

— تېيىپ كۆرۈپ كەپتىكەن، — دېدى ئىلەك، — خېلى ياخشى بولۇپ قاپتۇ دەيدۇ، يۈرەككە تەگمىگىلى ئازلا قاپتىكەن...

— بىچارىنىڭ يەيدىغان رىزقى بار ئىكەن ـ دە؟... ئىلاھىم، ساقىيىپ كېتەر.

— رېھىم شاھنىڭ ئىشىنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟

— رېھىم شاھ نېمە بوپتۇ؟

— ساقچىدىن يارىنىڭ دوختۇر پۇلىنى تۆلەيسەن دەپتىكەن، رېھىم شاھ نېمە دەپتۇ دېمەمسىلەر؟ — ئىلەك چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ كۈلدى، — ئۇچۇ، «مېنىڭ ئۇنداق بالام يوق، بىر تىيىنمۇ بېرەلمەيمەن» دەپتۇ.

— ئۇ پىخسىق دەيدۇ جۇمۇ!

— ھە، ئاندىن قانداق قىپتۇ؟

— ساقچى ئۇنامدۇ... سەن قاتىلنىڭ دادىسى بولغاندىن كېيىن تۆلەيسەن، بولمىسا تراكتورۇڭنى ئاچقىپ ساتىمىز دەپتۇ.

— ۋاھ، ئەجەب جايلاپتۇغۇ؟...

— شۇنىڭدىن بۇيان رىھىم شاھ ئاغرىپ ياتىدۇ دەيدۇ.

— هارامدىن يىغقان دۇنيالىرىنى قۇسۇش ئىغىر كەپتۇ-دە؟... نىماندااق مەھەللىدە كۆرۈنمەيدىكەن دىسەم شۇ دەردتە ئىد-كەن-دە؟...

— تارانچى دىگەنگە بايلىق ياراشمايدۇ جۇمۇ! — دىدى ئىلەك بىشىنى چايقاپ، — يارىمۇ پۇل تىپمۇدى، پىچاق يىدى، رىھىم شاھمۇ خەقنى قاقتى-سوقتى قىلىپ باي بولغانىدى، مانا ئوغلى بايلىقىغا سۇ قۇيدى.

— راست دەيسەن، — دىدى شەمشى بىشىنى چايقاپ، — بولۇپمۇ رىھىم شاھ هارامدىن قورقمايتتى، مەن ئۇنىڭ بىر ئىشىنى كۆرۈپ ياقامنى تۇتۇپ قالغانىدىم.

— نىمە ئىش ئىدى؟

— ئۆتكەن يىلى يىڭىتامغا بىرىپ كەچ قالغانىدىم، — دىدى شەمشى ھىكايىسىنى باشلاپ، — «ئۆيگە قانداق كىتەرمەن؟» دەپ تۇرسام، جالال تراكتورىنى ھەيدەپ كىلىپ قالدى. يىنىدا رىھىم شاھمۇ بار ئىكەن، ناھىيىگە يۈك ئاپىرىپ قايتىپتىكەن، تراكتورىغا چىقىۋالدىم. مەھەللىگە يىقىن كەلگەندە ئورمانغا سۇ قۇيىدىغان توغرائىرىقنىڭ قىشىغا كىلىپ توختاشتى. نىمە قىلى-دىغاندۇ دىسەم، يولدىكى توغرائىرىققا ئورناتقان سىمونت تۇرۇبا بار ئىدىغۇ، شۇنى جالال ئىككىسى قومۇرۇپ ئىلىپ تراكتورغا بىسىشتى، بۇ نىمە قىلغىنىڭلار دىسەم، «باغقا لازىم ئىدى» دەيدۇ جۇمۇ... جالال تىخى ماڭا «تۆگە كۆردۈڭمۇ يوق جۇمۇ» شەمشىكا، ئەگەر بىرىگە تىنىپ قويساڭ مىنىڭدىن ياخشىلىق كۆرمەيسەن دىگەنتى، ئاشۇ قاننىڭ پەيلىدىن قورقۇپ هازىرغىچە ئىنسانغا تىنمىدىم جۇمۇ!...

— خەقنىڭ ھەققىدىن قورقمايدىغان نىمىلەر ئىدى، خۇدايىم ئەدىپىنى ئاشۇنداق بىرىدۇ.

— ھەي، مەسۇم تاران كۆرۈنمەيدىغۇ؟
— ئۇ ئۆيىدىن چىقمايدىغانلا بولۇۋالدى، — دېدى ئىلەك ئەتراپقا قاراپ قويۇپ، — ئەتىگەن ئۆيىگە چاقىرىپ كىرسەم مىجەزىم يوق، دەپ ئولتۇرىدۇ...
دەرۋەقە، مەسۇم تاران خېلى بولدى، تالا - تۈزدىمۇ كۆرۈنمەس بولدى. ئۇ ئەتىگەندىن كەچكىچە تۈگىمەس خىياللارغا چۆكۈپ ئۆيىدىن چىقمايتتى، ئۇ جالالنىڭ يارمۇھەممەدكە پىچاق سالغانلىقىنى شەرۋاندىن ئاڭلىغاندا ئىچىدە خۇش بوپتۇ، «تۇرغاننى يولدىن چىقارغاننىڭ جازاسىنى تارتىپسەن» دېگەنىدى. ئەتىسى ئىلەك ئەتىگەندە كىرىپ بولغان جېدەلنى يىپىدىن - يىڭنىسىگىچە سۆزلەپ بېرىپ، يارنىڭ ھالى خەتەرلىك ئوخشايدۇ دېگەندە ئەنسىرەپمۇ قالدى، «مېنىڭ قارغىشىم تۇتتىمۇ نېمە؟ ئاتا قارغىشى يامان دېگەن راست ئوخشايدۇ، نېمىمۇ قىلاتتىم، ئەگەر يارى ئۆلۈپ - تارتىپ قالسا خەقلەر مېنى ئەيىبلەرمۇ؟... يا ئاللا، بۇ جاھان نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ؟... ھەممىسى ئاشۇ كىنو، تېلېۋىزور دېگەننىڭ كاساپىتى. شەھەر كۆرگەننىڭ پايدىسى...»
مەسۇم تاران بۈگۈن ئەتىگەندىمۇ چاينى كۆڭۈلسىزلا ئىچىپ بولۇپ، ئادىتى بويىچە موخوركا يۆگەپ چەكتى. شەرۋان بولسا ئېرىنىڭ بۇرۇقتۇرما چىرايىغا قاراپ - قاراپ قوياتتى، ئۇ ئېغىز ئاچماقچى بولاتتىيۇ، لېكىن جۈرئەت قىلالماي ئۇھ تارتىپ قوياتتى، ئۇ ئاخىر چىدىماي ئۈن قاتتى:
— يارى قانداقراق بولۇپ قالدىكىن؟ پەرىدەدىنمۇ خەۋەر بولمىدى، — دېدى ئۇ.
مەسۇم تاران گەپ - سۆز قىلمىدى، باشقا چاغلار بولسا ئۇ ۋارقىراپ شەرۋاننىڭ گەپ قىلغىنىغا تويغۇزاتتى، يارمۇھەممەدنىڭ ئېتىنى چىقارغىنى ئۈچۈن تىللاپ بىر قىلاتتى، لېكىن ھازىر گويا بۇ ئىشقا ئۆزى سەۋەبچىدەك ئوڭايسىزلىنىپ زۇۋان

سۇرىدى، ئۇنىڭ ئاچچىقلانمىغانلىقىنى كۆرۈپ شەرۋان تېتىك-لەشتى:

— دوختۇرخانىغا بىرىپ يوقلاپ قويساق بولاتتى؟ — دېدى ئۇ ئېرىگە يەر ئاستىدىن قاراپ قويۇپ، — بىچارە پەرى نېمە بولۇپ كېتىۋاتقاندۇ؟

— مەن بارمايمەن، — دېدى مەسۇم تاران قاپىقىنى تۈرگەن پېتى.

— سىز بارمىسىڭىز مەن بىرىپ كېلەي...

مەسۇم تاران بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ بېشىنى كۆتۈردىيۇ، لېكىن گەپ قىلماستىن تاماكىسىنى شورىدى. ئۇ گويا ھەممە ئاچچىقىنى ئاشۇ ئاچچىق ئىس بىلەن قوشۇپ چىقارغاندەك بولۇپ ئۇھ تارتتى. شەرۋان ئېرىنىڭ بۇگۇنكى تۈرقىدىن كۆڭلى سەل خاتىرجەم بولدى.

— جالال دېگەن بېشىڭنى يەيدىغان كىچىكىدىمۇ خۇي-پەيلى يامان نېمە ئىدى، تۇرغانىنىمۇ نەچچە قاتار ئۇرۇپ بوزەك قىلغانىدى، — دېدى ئۇ قايناپ، — ھېلىمۇ پەرىنى بەرمەپتىكەنمىز، بولمىسا، ئۇ بىر كۈنى پەرىگىمۇ پىچاق سېلىشتىن يانمايتتى...

شەرۋاننىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ يۈرىكىنى تۇز سەپكەندەك ئې-چىشتۇردى، ئۇ ئايالىنى سۆزدىن توختىتىش ئۈچۈن يانچۇقىدىن ئون سومنى ئېلىپ ئۇنىڭغا تەڭلىدى:

— مە، ماۋۇنىڭغا بىرنېمە ئېلىپ كىرگىن، — دېدى ئورنىدىن تۇرۇپ.

— مەسۇم، سىزمۇ بىللە بارسىڭىز بولاتتى، — دېدى شەرۋان يالۋۇرغاندەك تەلمۈرۈپ، — نېمانچە جاھىللىق قىلىدى-غانسىز؟

مەسۇم تاران «بولدى» دېگەندەك قولىنى سىلكىدى. ئېرى-نىڭ مىجەزىنى ياخشى بىلىدىغان شەرۋان ئارتۇقچە گەپ قىلمى-

دى. مەسۇم تاران هويلىغا چىقتى. ئۇنىڭ ئىچىنى نېمىدۇر تاتىلىغاندەك بولۇپ يۈرىكى سىقىلدى. ئۇنىڭغا ماۋۇ هويلىمۇ تار كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ كوچىغا چىقتى. كۈن قايرىلغان چاغ ئىدى، مەھەللە ئىچى جىمجىت ئىدى. ئۇ نەگە باراي دېگەندەك خىيال بىلەن بىردەم تۇردى··· «قارتىچىلارنىڭ قېشىغا بېرىپ باقايمۇ؟ خېلى بوپتۇ قارتىمۇ ئوينىماپتىمەن، ياق··· ئۇلار يارد-نىڭ گېپىنى قىلىپ قالسىچۇ؟ يارى قانداقراق ياتىدۇ، دېسە نېمە دەيمەن؟ بولدىلا، ئۇ يەرگىمۇ بارماي··· يېڭى مەھەللىنى كۆرۈپ كېلەيمۇ - يا، پەرىلەرنىڭ ئۆيىنى ئەجەب ماختاپ كېتىشىۋاتىدۇ، زادى قانچىلىك سالغاندۇ؟» ئۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ يېڭى مەھەللىگە كەلدى. ئىلگىرى بۇ يەرلەر كەتكەن شىۋاقلىق ئىدى. قىشتا بۇ يەردە توشقان كۆپ بولاتتى، مەسۇم تاران قىشتا پات - پاتلا توشقان قوغلىغىلى چىقاتتى. هازىر بۇ يەردە قاتار يېڭى ئۆيلەر پەيدا بولغانىدى. مەسۇم تاران ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى: «پەرىلەرنىڭ ئۆيى قايسى بولغىيتتى؟··· مۇشۇ باشتىكى ئۆي شۇمىكىن، يېنىدا دۇكان تۇرغاندەك قىلىدۇ···» ئۇ ئەتراپقا قارىدى، هېچكىم كۆرۈنمەيتتى، ئۇ ئالدىرىماي مېڭىپ دوقمۇش-تىكى قورۇنىڭ ئالدىغا كەلدى، تۆمۈردىن ياسالغان دەرۋازىدا يوغان قارا قۇلۇپ تۇراتتى. ئۇ ئۆينى ئايلىنىپ هويلا تەرەپكە ئۆتتى، ئادەم بويى سوقۇلغان تامنىڭ يېنىغا كېلىپ كۆتەكنىڭ ئۈستىگە چىقىپ هويلىغا بويۇندىدى، چاققانغىنا پېشايۋانلىق ئۆي-لەر كۈن نۇرىدا جۇلالىنىپ تۇراتتى، ئۇ ئىچىدە دېرىزىلەرنى ساناپ چىقىپ، «ئۇچ ئېغىز ئۆي ئىكەن - دە!» دېدى. پېشايۋاد-نىڭ كۈنپېتىش تەرەپتىكى بېشىدا چايخانا بولۇپ، ئۇ يەرگە سۇپا چىقىرىلغان، سۇپىنىڭ ئۈستىدە تاماق ئۈستىلى تۇراتتى. پېشاي-ۋاننىڭ ئالدىغا پىششىق كېسەك ياتقۇزۇلغان بولۇپ، بىرقانچە ئۇزۇن ئورۇندۇقلار تۇراتتى، مەسۇم تاران قورۇنىڭ ئىچىنى كۆز مۆلچەردە هېسابلاپ باقتى: «قورۇنىڭ ئىچى بەش پۇڭ

كەلگۈدەك، كۆزدە كۆچەت قويۇۋەتسە ئىككى - ئۈچ يىلغا قالماي سايىسى چۈشۈپ قالاتتى، ئۆرۈك قويسا بولامدىكىن؟... مەن نېمىلەرنى خىيال قىلىپ كەتتىم، نېمە قىلسا قىلىشىمدۇ؟ يەنىلا بىزنىڭ تام ئۆيگە يەتمەيدۇ، قىشتا ئىسسىق، يازدا سالقىن بولىدۇ، ئۇ دېگەن ئاتا - بوۋىمىزنىڭ روھى بار ئۆيلەر، ئۇنى ھەرگىز تاشلىمايمەن، ھازىرقى ياشلار نېمىنى بىلىدۇ؟...»

— مەسۇمكا، پەرىدەلەرنىڭ ئۆيىنى كۆرگىلى كەپسەن - دە؟...

تېيىپنىڭ قاچانلاردا پەيدا بولغانلىقىنى تۇيماي قالغان مەسۇم تاران ئۇنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ قالدى.

— پەرىدەلەرنىڭ ئۆيى قانداقكەن؟ — دېدى تېيىپ.

— نېمىسى قانداق دەيسەن؟

— ئۆيىنىڭ ئىچىنى كۆرسەڭ ھەيران قالىسەن، كادىرلارنىڭ ئۆيىدەك ياسىۋەتتى.

«سەن يۆگىمەچكە نەدىنمۇ ئۇچراشتىم؟ — مەسۇم تاران تەرىنى تۇردى، — سۆزلەپ مېڭەمنى قوچۇيدىغان بولدۇڭ - دە! قانداق ياسىسا ياسىمامدۇ، بۇ ئۆيدە مەن ئولتۇرامتىم؟...»

— سېنىمۇ ئۆي سالدى دەۋاتاتتىغۇ؟

— ھەئە، ماۋۇ ياندىكى ئۆي مېنىڭ — ... تېيىپ قولى بىلەن كۆرسەتتى، — مەن يارىدەك كاتتا قىلالمىدىم، يۈرە، كۆرۈپ باقامسەن؟

— ياق، بولدى... مەن ئالدىرايمەن...

— سەنمۇ كۆچۈپ چىقارسەن؟ پەرىدە سىلەرگە دەپ بىر ئۆينى سالدۇرۇۋاتىدۇ...

— نېمە دېدىڭ؟ — مەسۇم تاران چۆچۈپ كەتتى.

— سەن تېخى ئۇقمامسەن؟ — دېدى تېيىپ، — توك كەلگەندىن بۇيان ھەممەيلەن كۆچۈپ چىقىمىز دەۋاتىدۇ، ھازىر ئۆيلەرمۇ تالاشتا قېلىۋاتىدۇ جۇمۇ!

— توكنى بىزنىڭ مەھەللىگە تارتامسىلەر؟

— ھېلىمۇ ناھىيە مۇشۇ يەرگىچە پۇلسىز ئەكېلىپ بەردى، ئۇ ياققا تارتىش توغرا كەلسە ئۆزىمىز پۇل تۆلىسەك بولىدۇ.

«بىزنىڭزە شۇنداق قىلىپ كۆچۈرمەكچى ئىكەنسىلەر - دە؟ تاپقان ئامالىنى بۇلارنىڭ، بوپتۇ، ئاتام زاماندىن توكسىزمۇ يا-شاپ كەلگەن، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ياشاۋېرىمىز، توكنىڭنى چىكەڭ-گە تىڭىۋال!...» مەسۇم تاران دىمىغىنى قېقىپ قويىدى - دە، مېڭىشقا تەمشەلدى.

— مەسۇمكا! — دېدى تېيىپ، — يارنى يوقلاپ قويدۇڭ-مۇ؟... مەن ساڭا دەپ قويااي، ياردەك كۆيئوغۇلغا ئېرىشكىنىڭگە خۇش بولساڭ بولىدۇ، ئۇنداق قىلما!...

مەسۇم تاران ئۇنىڭغا ئالىيىپ قويۇپ يولىغا ماڭدى. «مەن نېمە قىلىشىمنى ئۆزۈم بىلىمەن، سەن ماڭا ئۆگىتىپ كەتمىسەڭ-مۇ بولىدۇ...» مەسۇم تاران ئىچىدە تېيىپنى بىرمۇنچە تىللىۋې-تىپ خوشمۇ دېمەستىن دۆڭدىن چۈشۈپ ماڭدى. ئۇ خىيال بىلەن مېڭىۋېرىپ دۆڭدىكى قەبرىستانلىققا چىقىپ قالدى. ئۇنىڭ ئالدى-دا ئۆيدەك ئىككى گۈمبەز چوقچىيىپ تۇراتتى. مەسۇم تاران گۈمبەزنىڭ ئالدىغا كېلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇردى - دە، ئۆزى بىلىدىغان ئايەتنى ياندۇرۇپ - ياندۇرۇپ ئوقۇپ دۇئا قىلدى. ئاندىن ئاپتاپتا قاغجىراپ تۇرغان گۈمبەزگە ئۇزاقتىن - ئۇزاق تىكىلىپ ئولتۇردى.

مەسۇم تاران ھەر جۈمە كۈنى نامازدىن يانغاندىن كېيىن بۇ يەرگە چىقىپ قۇرئان ئوقۇپ قاياتتى، چۈنكى، ئۇ مۇشۇ قەبرد-لەر بىلەن پەخىرلىنەتتى، بۇ يەردە ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ بوۋىسى، بولاقسايدا مەھەللە پەيدا قىلغان ئۇلۇغ كىشى ئىدىلباي ياتاتتى. مەسۇم تاران بوۋىسىدىن بۇ ئادەم توغرۇلۇق نۇرغۇن ھېكايىلەرنى ئاڭلىغان، بوۋىسىنىڭ دەپ بېرىشىچە، بىر زامانلار كېلىپ بولا-قسايدا ئادەم قالمىغانىكەن، كېيىن چوڭ بوۋىسى ئىدىلباي بۇ

يەرنىڭ سۈيى بىلەن بايلىقىنى كۆرۈپ، بۇ يەرگە ئون نەچچە ئۆيلۈك ئادەمنى باشلاپ كېلىپ ماكانلىشىپتۇ، ئۆيلەرنى سېلىپ يەر تېرىپتۇ، كېيىنچە بۇ يەرنىڭ داڭقى يىراق - يېقىنغا ئاڭلىنىپ، يۇرت - يۇرتلاردىن ئادەملەر كېلىپ، مەھەللە چوڭىيىپتۇ. ئىدىلباي ئاخىر شۇنچىلىك باي بولۇپ كېتىپتۇكى، چارۋىلىرىنىڭ سانىنىمۇ بىلەلمەيدىكەن، مەھەللىدە كىمدەكىم توي - تۆكۈن قىلماقچى بولسا ئىدىلباي قوي - كالىلارنى ساندىماي بېرىۋېرىدىكەن، ھېسابىنىمۇ قىلمايدىكەنتۇق، ئۇ ئادەم توقسان ياشقا كىرىپ، ئۇ ئالەمگە سەپەر قىپتۇ، بۇلاقسايلىقلار ئۇنىڭ مۇشۇ قەبرىسىنى قاتۇرۇش ئۇچۇن بىر ئاي ئىشلىگەنىمىش، قەبرىنىڭ لېيىنى ئۆچكە مېيىدا يۇغۇرۇپ قاتۇرۇپ چىققانمىش... دەرۋەقە، بۇ قەبرە نەچچە يۈز قىشنى، تومۇز ئىسسىقلارنى، تالاي بوران - چاپقۇنلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپمۇ ۋەيران بولماي مەزمۇت تۇرۇۋاتىدۇ، بۇمۇ بىر ھېسابتا بىزنىڭ دۇئالىرىمىزنىڭ خاسىيىتى...

مەسۇم تارانىنىڭ ئېسىگە رەھمەتلىك دادىسىنىڭ ۋەسىيىتى كەلدى، ئۇ ئادەم ھەر جۈمە كۈنى مەسۇمنى باشلاپ بۇ يەرگە كېلەتتى ۋە ئۇزاقتىن - ئۇزاق دۇئا قىلاتتى، كېيىن ئۇ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغاندىن كېيىنمۇ مەسۇمنى ھەر جۈمەدە قەبرە بېشىغا ئەۋەتەتتى. ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا مەسۇم تارانىنى يېنىغا چاقىرىپ:

— مەسۇم، مېنىڭدىن نەسىھەت ساڭا، بوۋىمىز ئىدىلباي مۇشۇ يۇرتنىڭ ئاتىسى، بىز ھەممىمىز ئۇنىڭ سايىسىدا كۆكلىدۇق. بۇ ئۆي بوۋىمىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئورنى، بۇ ئۆيلەر نەچچە قاتار يېڭىلاندى، ئەمدى بۇ ئۆي ساڭا قالدى، ئېسىڭدە بولسۇن، بۇ ئۆيدە بوۋىلىرىمىزنىڭ روھى بار، سەنمۇ، سېنىڭ بالا - چاقىلىرىڭمۇ بۇ ئۆينى تاشلاپ كەتكۈچى بولماڭلار، — دېگەنىدى...

مەسۇم تاران شۇلارنى ئەسلەپ ئۇلۇغ - كىچىك تىندى. مانا بۇگۈن بۇلاقسايلىقلار ئۇنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى بەرپا قىلغان ماكاننى، ئۆيلىرىنى تاشلاپ يېڭى مەھەللىگە كۆچۈۋاتىدۇ، ئۇنىمۇ كۆچ دەپ قىستاۋاتىدۇ، بۇ يەرنى باغچە، ساياھەت ئورنى قىلماقچىمىش، مەسۇم تاران بۇنىڭغا قانداق رازى بولىدۇ؟... ئۇ مۇشۇ ئۇلۇغ بوۋىسىنىڭ ئالدىدا قارا يۈز بولمامدۇ؟... ياق، ياق!... مەسۇم تاران ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ، مەيلى، بۇلاقسايلىقلارنىڭ ھەممىسى كۆچۈپ كەتسىمۇ، ليكىن ئۇ ئەجدادلىرىدىن قالغان ئۆيىنى تاشلاپ كەتمەيدۇ...

مەسۇم تاران گۈمبەزنىڭ ئالدىدا ئېغىر خىياللارغا چۆكۈپ ئۇزاق ئولتۇردى. ئۇنىڭ كۆڭلى غەش ئىدى. بۇ يىل بۇلاقسايدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر، يېقىندىن بۇيان ئۇنىڭ ئائىلىسىگە كەينى - كەينىدىن كېلىۋاتقان كۈلپەتلەر ئۇنى گاڭگىرىتىپلا قويغانىدى. ئۇ قانچە ئويلاپمۇ بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمەيتتى، خىياللار بارغانچە ئۇنى ئېزىپ مۇكچەيتىپ كېتىۋاتاتتى: «مەن راستتىنلا زامانىنىڭ كەينىدە قېلىۋاتىمەنمۇ قانداق؟... ياكى قېرىلىقنىڭ ئالامىتىمۇ؟... ياق، مەن تېخى ئاتمىش ياشقا كىرمىگەن تۇرسام... تۇرغان بالام، سەن نەدىسەن؟ ماڭا بۇ كۈنلەر بارغانچە ئېغىر كېلىۋاتىدۇ، سەن قايتىپ كەلگەن بولساڭ، مەن ئۆز قولۇم بىلەن ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ روھى ياشاپ كېلىۋاتقان ئۆينى تاپشۇرغان بولسام بولاتتى...»

مەسۇم تاران قاراڭغۇ چۈشكەندە ئۆيگە يېنىپ كەلدى. ئۇ ئىشىكتىن كىرىشىگە شەرۋان خۇشال كەيپىياتتا خەۋەر قىلدى.

— يارى ياخشىلا بولۇپ قاپتۇ، — دېدى ئالدىراپ، — خۇدايىم ساقلاپ پىچاق جان يېرىگە تەگمىگەنىكەن... ئۇ سىزگە سالام ئېيتتى.

مەسۇم تاران گەپ قىلماستىن ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كەتتى...

# 15

بۇلاقساينىڭ تىنچىق ياز پەسلى ئاخىرلىشىپ قالغانىدى، قۇياشمۇ ھەممە نۇرىنى چېچىپ بولغاندەك ھارغىن پىلدىرلايتتى، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى سارغىيىشقا باشلىدى، مەھەللىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى بۇغدىيى ئورۇۋېلىنغان ئېگىزلىقلاردا مال ـ ۋارانلار ئوتلاپ يۈرۈشەتتى، سارغىيىپ پىشىپ قالاي دېگەن قوناقلار سەلكىن شامالدا ئەنسىز شالدىرلايتتى. قىسقىسى، يىراق ـ يېقىندىكى ھەممە نەرسىنىڭ ئۈستىدە پەقەت مۇشۇ پەسىلدىلا كۆرۈشكە بولىدىغان بىر خىل سىرلىق ۋە پارقىراق نۇر بار ئىدى. بۇلاقسايغا كۈز ئېرىنچەكلىك بىلەن كىرىپ كېلىۋاتاتتى.

ئىسرايىل ئىككى كۈن ناھىيىدە بولۇپ بۈگۈن ياندى، ئۇ جىددىيلەشكەن، لېكىن كۆڭلى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. ئۇ بۇلاقساينىڭ كاتاڭلىق، ئېگىز ـ پەس يولىدا موتسىكلىتنى بولۇشىغا ھەيدەپ كېلىۋاتاتتى. ھارۋا چاقلىرى ئويۇۋەتكەن يول تولىمۇ ئەسكى بولۇپ، موتسىكلىت قەدەمدە بىر كاتاڭغا چۈشۈپ قاڭقىيتتى، بەزى يەرلەردە ئوشۇقچە توپىنى كېچىپ ماڭاتتى، ئۇنىڭ ئۈستۈېشى ئاپئاق توپىغا كۆمۈلۈپ كەتتى، ئاچچىق توپا تامىقىنى ئېچىشتۇراتتى. شۇ تاپتا ئىسرايىلغا بۇ ئازابلارمۇ بىلىنمەيتتى. ئۇ مەھەللىگە تېزرەك يېتىپ بېرىشقا ئالدىرايتتى: «بۇ ئەسكى يولنىڭ ئۆمرىمۇ ئاز قالدى، خۇدايىم بۇيرۇسا، كېلەر يىلى بۇ يولغا قارىماي ياتقۇزۇلىدۇ، بۇلاقسايلىقلار يولنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلىدۇ، ئەگەر سەيلىگاھنى ئوبدانلا يولغا قويۇۋالساق، بۇ يوللاردا ماشىنىلار ئۈزۈلمەي ماڭىدىغان بولىدۇ...»

ئىسرايىل شۇلارنى ئويلاپ ھاياجانلىنىپ كېلىۋاتاتتى. بۇلاقسايغا توكنى ئەكېلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ كاللىسىغا مۇشۇ يول كىرىۋالدى. «توكقۇ كەلدى، لېكىن بۇلاقساينىڭ

يولى مۇشۇنداق تۇرسا بەربىر ھېچنېمە قىلغىلى بولمايدىكەن. بۇ يەرنى سەيلىگاھ قىلىمىز دەۋاتىمىز. لېكىن يولنىڭ ھالى بۇنداق تۇرسا كىم كېلىدۇ؟ بۇنىڭ بىر ئامالىنى قىلماي بولمايدۇ، لېكىن يولنى قانداق ياساش كېرەك؟ كەنتتىنىڭمۇ، يېزىنىڭمۇ يولنى ياسىغۇدەك كۈچى يوق… يەنە ناھىيىگە يىغلاپ باقىدىغان ئىشمىكىن؟…»

ئىسراپىل تېپىپ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ناھىيىگە بېرىپ باقماقچى بولدى، ئۇ ئالدى بىلەن قاتناش ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىرى بىلەن كۆرۈشتى. ئەمما، ئۇلار يۇقىرىنىڭ پىلانىدا ھازىرچە يېزا يولىنى ياساشنى ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى، كەنتلەرگە ئۆچىرەت كەلمىگەنلىكىنى دېيىشتى. ئىسراپىل بۇلاقسايىنىڭ باشقا كەنتلەرگە ئوخشاشمايدىغانلىقىنى دەپ باققانىدى، لېكىن ئۇلار: «ئامال يوق، بىر ـ ئىككى يىل تەخىر قىلىپ تۇرۇڭلار!» دەپ قايتۇردى. ئىسراپىلنىڭ قۇرۇق قول قايتىپ كېتىشكە كۆڭلى ئۇنىمىدى: «ۋاڭ شۇجىنى ئىزدەپ باقايمىكىن، — دېدى ئۇ ناھىيىلىك پارتكوم جايلاشقان ئۈچ قەۋەتلىك بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ، لېكىن يەنە ئىككى تايىن بولۇپ تۇرۇپ قالدى، — ئۇ ئادەمغۇ توكنى تارتىشقا ئالاھىدە كۈچ چىقاردى، ئۇ ئادەم ئارىلاشمىغان بولسا بۇنداق تېز ھەل بولۇشى ناتايىن ئىدى، ئەمدى يەنە يولنى ھەل قىلىپ بېرىڭ، دەپ كىرسەم نېمە دەپ قالار؟ نېمە بالاغا قالدىم، دەپ قالارمۇ؟ ئۆزىغۇ ئۆتكەندە نېمە قىيىنچىلىق بولسا مېنى ئىزدەڭ دېدى، لېكىن…» ئىسراپىل ئەنە شۇنداق ئىككى تايىن بولۇپ قايتىپ كەتمەكچى بولۇپ تۇراتتى، ھويلىغا بىر پىكاپ كىرىپ كەلدى ـ دە، ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى، ماشىنىنىڭ كەينى ئىشىكىدىن ئۇ كۈتكەن ئادەم — ۋاڭ شۇجى چۈشتى.

— ئىسراپىل شياڭجاڭ، — دېدى ئۇ خۇشخۇي كۈلۈمسىرىگىنىچە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، — ئىشلار قانداق؟ بۇ ياققا

كېلىپ قاپسىز غۇ؟

ئىسراپىل دەماللىققا نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى.

— مەن... سىز بىلەن كۆرۈشەي دەپ كەلگەنتىم، — دېدى ئاخىر راستتىنى ئېيتىپ.

— ھە، شۇنداقمۇ؟ ئەمىسە يۈرۈڭ، ئىشخانىغا كىرەيلى.

ئىشخانىغا كىرگەندىن كېيىن ۋاڭ شۇجى ئاۋۋال گەپ سورىدى:

— بۇلاقسايىنىڭ ئىشلىرى قانداق؟ ئۆي قۇرۇلۇشى قانداق بولۇۋاتىدۇ؟

ئىسراپىل كەنتنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي دوكلات قىلدى.

— سۇرئەت يەنە ئاستىكەن، — دېدى ۋاڭ شۇجى ئىسراپىلنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، — مەن تۈنۈگۈن ئوبلاستقا يىغىنغا بارغان، يىغىندا مەخسۇس مۇشۇ ئاپەتكە چىدامىلىق ئۆي قۇرۇلۇش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بىزنىڭ ۋەزىپىمىز كۆپەيتىلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ تەلىپى ئۈچ يىلغىچە دېھقان، چارۋىچىلارنى خەتەرلىك ئۆيلەردىن كۆچۈرۈپ بولۇش، شۇڭا بۇ خىزمەتنى تېخىمۇ چىڭ تۇتۇپ ئىشلىمىسەك بولمايدۇ... ھازىر بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى، ۋەزىپىنى ئورۇندىغىلى بولارمۇ؟

— چوقۇم ئورۇندايمىز، — دېدى ئىسراپىل.

— ياخشى ... — دېدى ۋاڭ شۇجى رازى بولۇپ، — خوش، يەنە قانداق ئىش بار؟ مېنى نېمىگە ئىزدىگەنتىڭىز؟...

— بۇلاقسايىنىڭ ئەھۋالىنى سىزمۇ كۆردىڭىز؟ — دېدى ئىسراپىل، — ئۇلارنىڭ يېرى ئاز، سۈيىمۇ كەمچىل، شۇڭا دېھقانچىلىققا تايىنىپ ھاللىق قىلماق تەسكەن. ئۇلارنىڭ پەقەت بىرلا ئالاھىدىلىكى، ساياھەتچىلىكنى يولغا قويسا بولىدىغان ئىمكانىيىتى بار، ئۆتكەندە سىز ئۆزىڭىزمۇ كۆردىڭىز...

— ھە، راست، بۇ ئىشنى قانداق ئويلىشىۋاتىسىلەر؟

— ھازىر تەشۋىق قىلىۋاتىمىز، تېلېۋىزىيە، گېزىتلارغا ئېلان بەردۇق...

— ئالدىمىزدىكى ھەپتىدە ناھىيىدە مەخسۇس ساياھەتچىلىك يىغىنى ئاچماقچىمىز، — دېدى ۋاڭ شۇجى، — ناھىيىمىزدە ساياھەت بايلىقى مولكەن، بىز بۇنى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىكى تۇۋرۇك كەسىپ قىلىپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئويلىشىۋاتىمىز، سىلەر بۇنى ئېچىپ ياخشى قىپسىلەر...

— لېكىن، ۋاڭ شۇجى، بۇنى قىلىش ئۈچۈن چوڭ بىر قىيىنچىلىق تۇرۇۋاتىدۇ؟

— نېمە قىيىنچىلىق؟

— بۇلاقساينىڭ يولىنى سىزمۇ كۆردىڭىز. ئىنتايىن ناچار...

— راست، راست، يولۇڭلار بولمايدىكەن، قاتناش ئىدارىسى بىلەن كۆرۈشۈپ باقتىڭىزمۇ؟

— كۆرۈشتۇم، ئۇلار كەنت يوللىرى بۇ يىلقى پىلاندا يوق دەيدۇ.

— توغرا، بۇ يىل يېزىغا بارىدىغان يوللارنى ياساش پىلان قىلىنغان... — ۋاڭ شۇجى بىردەم تۇرۇپ كېتىپ تېلېفوننى ئېلىپ قاتناش ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنى ئىشخانىغا چاقىردى. بۇنى ئاڭلاپ ئىسراپىلنىڭ قەلبىدە ئۈمىد پەيدا بولدى.

ئارىدىن نەچچە مىنۇت ئۆتمەي قاتناش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ ئىشخانىدا ئولتۇرغان ئىسراپىلنى كۆرۈپ ئاچچىق كۈلۈپ قويدى:

— ئىسراپىل شياڭجاڭ سىز بىلەن كۆرۈشكەنمىدى؟ — دەپ سورىدى ۋاڭ شۇجى ئۇنىڭدىن.

— كۆرۈشتى، ۋاڭ شۇجى، سىزمۇ بىلىسىز، بۇ يىل ئاساسلىقى يېزىغا تۇتىشىدىغان يول پىلانلانغان...

— ئۇنى بىزمۇ بىلىمىز، — دېدى ۋاڭ شۇجى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — لېكىن، بۇلاقسايىنىڭ ئەھۋالى ئايرىم، ئۇ ھازىر ناھىيىدىكى نۇقتىلىق ساياھەت ئورنىنىڭ بىرى بولىدىغان بولدى. بىز ئىلگىرى بۇ تەرەپلەرنى ياخشى ئويلاشماپتۇق، يول ياخشى بولمىسا ساياھەت قىلغىلى كىم باردۇ؟... سىزنىڭچە، بۇ مەسىلىنى قانداق ھەل قىلساق بولار؟

— كېلەر يىلى پىلانغا كىرگۈزۈپ باقساق...

— ئۇنداقتا كېلەر يىلىمۇ ھەل بولۇشى ناتايىن دەڭا؟

— يۇقىرىغا ئەھۋالنى دەپ باقساق ئېتىبار قىلارمىكىن...

— بىزنىڭ مۇنداق ئويىمىز بار، — ئىسراپىل گەپ قىستۇردى، — ھازىر قاتناش ئىدارىسى يولنى پىلانلاپ بەرسە، يولنى تۈزلەش، شېغىل تۆكۈشنى بىز دېھقانلارغا ۋەزىپە قىلىپ ياساپ تۇرساق قانداق؟ ئەتىيازدا قاتناش ئىدارىسى قارىمايىنى ياتقۇزۇپلا بەرسە...

— قانداق؟ — دېدى ۋاڭ شۇجى قاتناش ئىدارىسىنىڭ باشلىقىغا قاراپ، — بۇلاقسايلىقلار سىلەرگە ئېغىرلىقمۇ سالمايدىغان بولدى، مۇشۇنداق قىلساق بولارمۇ؟

— بولىدۇ، كېلەر ھەپتىگىچە تېخنىكلار بارسۇن...

ئىسراپىل يېنىك تىن ئالدى. نېمە بولمىسۇن، ئۇ قورۇق يانمايدىغان بولدى.

— ئەمدىغۇ كۆڭلىڭىز تىنغاندۇ؟ — دېدى ۋاڭ شۇجى ئۇلار ئىككىسى يالغۇز قالغاندا، — يەنە قانداق مەسىلە بار؟

— يوق، سىزگە كۆپ رەھمەت، ۋاڭ شۇجى، — دېدى ئىسراپىل ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ، — ھېلىمۇ سىزنى جىق ئاۋارە قىلىۋاتىمىز...

— ئاۋارىچىلىك دېگەننىڭ ئۆزى خىزمەت، بۇنى ئاۋارىچىلىك دېمەيمىز، — ۋاڭ شۇجى سائىتىگە قاراپ قويۇپ دېدى، — يەنە بىر قېتىم دەپ قوياي، ئۆي قورۇلۇشىنى چىڭ

تۇتۇڭلار، بۇ هازىر پارتىيىنىڭ سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇ-رۇشتىكى مۇھىم خىزمىتى بولۇپ قالدى. سىلەرنىڭ ماڭغان يولۇڭلار توغرا، بىز بۇلاقسايىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ سىلەرنىڭ تەجرىبەڭلەرنى پۈتۈن ناھىيىگە كېڭەيتمەكچىمىز، شۇڭا سىزنىڭ زىممىڭىزدىكى ۋەزىپىڭىز ئېغىر... سىلەر دېھقانلارنىڭ ئۆيىنى بىر تەرەپ قىلساڭلار مەكتەپ، مەدەنىيەت ئۆيى قاتارلىق ئەسلى-ھەلەرگە ناھىيە ياردەم قىلىدۇ... مېنىڭ هازىر بىر يىغىنىم بار ئىدى، — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، — يەنە قىيىنچىلىقتا ئۇچرىسىڭىز تارتىنماي كېلىڭ!...

ئىسراپىل ۋاڭ شۇجىنىڭ ئىشخانىسىدىن خۇشال بولۇپ چىقتى... ئۇ ئايالىنىڭ «تاماق يەپ كېتىڭ!» دېگىنىگە قارىماس-تىن بۇلاقسايغا قايتتى. ئۇ مەھەللىگە تېزرەك يېتىپ بارغۇسى، ئىشلارنى دەرھال ئورۇنلاشتۇرۇپ باشلىۋېتىشنى ئويلايتتى، لېكىن ئۇ قانچە ئالدىرىغانچە يولى ئاۋۇماي كېتىپ باراتتى، تۇرۇپ - تۇرۇپ موتسىكىت ئويمانغا چۈشۈپ كېتىپ ئۆچۈپ قالاتتى. ئۇ چۈش بولاي دېگەندە بۇلاقسايغا يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ تۇرقىنى كۆرۈپ تېيىپ كۈلۈۋەتتى:

— نەدىكى توپىدا ئېغىناپ كەلدىڭىز؟...

— گەپ قىلما، — دېدى ئۇ كىيىملىرىنى قېقىپ تۇرۇپ ۋە ۋاڭ شۇجى بىلەن دېيىشكەن گەپلەرنى دەپ بەردى:

— ئۇنداق بولسا قانداق قىلىمىز؟ — دېدى تېيىپ خۇش بولۇپ.

— دەرھال يىغىن ئېچىپ كۆپچىلىككە ئۇقتۇرايلى...

— هازىر جۇمە ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ، — دېدى ئۇ سائىتىگە قاراپ، — شۇ يەردىلا يىغىن ئاچايلى.

بۇ كەنتتە ئۇزۇندىن بۇيان شۇنداق ئادەت پەيدا بولغاندى، يىغىنلارنى جامائەت نامازدىن تارقىلىشىغىلا ئاچاتتى، باشقا چاغلاردا بۇلاقسايلىقلارنى يىغىنغا دەپ چاقىرىپ

ئەكەلگىلى بولمايتتى.

ئىسرائىل يۈز ـ كۆزىنى يۇيۇپ بولۇپ، تېيىپ بىلەن مەسچىتنىڭ ئالدىغا كەلگەندە جۈمە نامىزى ئوقۇلۇپ بولۇپ، جامائەت تارقىلىپ چىقىۋاتاتتى. مەسۇم تاران ئۇ ئىككىسىنى كۆرۈپ سەل ئەجەبلەنگەندەك قاراپ قويدى ـ يۇ، گەپ قىلمىدى. تېيىپ ئۆزىگە سوئال بىلەن قاراپ تۇرۇشقان ئادەملەرگە قاراپ گەپ قىلدى:

— جامائەت، سەل تەخىر قىلايلى، — دېدى ئۇ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — سىلەر بىلەن مەسلىھەت قىلىشىدىغان مۇھىم ئىش چىقىپ قالدى، بۇ ھەقتە ھازىر ئىسرائىل سىلەرگە ئۇقتۇرىدۇ...

ھەممە كۆزلەر ئىسرائىلغا تىكىلدى. ئۇلارنىڭ سوئاللىق، سالقىن نەزىرىدىن: «يەنە نېمە ئىشنى تاپتىڭ، بىزنى تىنچ قويساڭچۇ؟...» دېگەندەك مەنە چىقىپ تۇراتتى. ئىسرائىل سەل ھودۇققاندەك بولۇپ گېپىنى باشلىدى:

— جامائەت! — دېدى ئۇ گېلىنى قىرىپ قويۇپ، — ھەممىڭلار كۆرۈۋاتىسىلەر، بۇ يىل كەنتىمىزدە جىق ئۆزگىرىشلەر بولدى. يۇقىرىنىڭ يوليورۇقى بويىچە بىز خەتەرلىك ئۆيلەرنى يېڭىلاش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىپ، ھازىرغىچە ئون نەچچە ئائىلە يېڭى ئۆي سېلىپ كۆچۈپ چىقتى، يەنە بەزىلەر ئۆي سېلىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا، ناھىيە بىزگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ توكنى ھەقسىز تارتىپ بەردى. ھازىر بىزمۇ تېلېۋىزور كۆرەلەيدىغان، جاھاننىڭ ئىشلىرىدىن خەۋەردار بولىدىغان بولدۇق. لېكىن، بۇ يىل قاتتىق قۇرغاقچىلىق بولۇپ بىنەمنىڭ ھوسۇلى كەملەپ كەتتى، قالغان زىرائەتلەرمۇ ياخشى ئوخشىمىدى. دېمەك، بىز دېھقانچىلىقتا تايىنىپ قالساق بولمايدىكەن، قوشۇمچە باشقا ئىشلارنى قىلمىساق دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرالمايمىز، نامراتلىقتىن قۇتۇلالمايمىز،

بىزدە شارائىت بارمۇ دېگەندە، بار ئىكەن... باشقىسىنى قويۇپ بۇلاقساينى ئېلىپ ئېيتساق، تەييارلا سەيلىگاھ قىلسا بولىدىغان جاي... هازىر ساياھەتچىلىك تازا بازار تېپىۋاتىدۇ، ناھىيىمىزدىكى بەزى جايلار شۇنىڭ بىلەن كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋاتىدۇ، بىز بولساق مۇشۇ تەييار بايلىقتىن پايدىلىنالمايۋاتىمىز. بۇرۇنغۇ توك يوق ئىدى، هازىر توكمۇ بار بولدى، شۇڭا بۇنى يولغا قويىمىز... بۇلاقساينى سەيلىگاھ قىلىش ئۈچۈن، بىرى، كونا مەھەللىدىكىلەر كۆچۈپ سەيلىگاھقا ئورۇن بىكار قىلىشى كېرەك. بىز ئەتىيازدىن بۇيان شۇ توغرۇلۇق تەشۋىق قىلىۋاتىمىز، لېكىن يېرىمدىن كۆپ ئادەم تېخى كۆچمىدى، ناھىيىنىڭ پىكرى كېلەر يىلى پۈتۈنلەي كۆچۈپ بولۇشى كېرەك. بۇنىڭغا ھەممەيلەن تەييارلىق قىلىپ قويايلى، ئىككىنچى بىر ئىش، بىز بۇلاقساينى سەيلىگاھ قىلىمىز دەۋاتىمىز، لېكىن خەقلەرنى ساياھەتكە ئەكېلىش ئۈچۈن يول بولۇشى كېرەك. بىزنىڭ يولىمىزنى ھەممىڭلار كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، ئىنتايىن ناچار، شۇڭا مەن ئىككى كۈندىن بۇيان ناھىيىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋالنى ئېيتتىم، ئەسلىدە بۇ يولنى ياساش ناھىيىنىڭ پىلانىدا يوق ئىكەندۇق، لېكىن ئۇلار بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى كۆزدە تۇتۇپ ياردەم قىلىشقا قوشۇلدى. مۇنداق قىلىدىغان بولدۇق، يولغا شېغىل تۆكۈش، تۈزلەشنى بىز ئۆزىمىز قىلىدىغان، ئۇلار پىلانلاپ قارىماي ياتقۇزۇپ بېرىدىغان بولدى. ئەتە - ئۆگۈنگىچە تېخنىكلار كېلىپ يولنى پىلانلاپ بەرمەكچى، بىز باياتىن تېيىپ ئىككىمىز مەسلىھەتلەشتۇق. هازىر دېھقانچىلىقتىنمۇ قولىمىز ئارا بولۇپ قالدى، مۇشۇ پۇرسەتتە يولغا ئىشلىۋالساق دېگەن يەرگە كەلدۇق. يولنى ھەربىر ئائىلىنىڭ ئەمگەك كۈچىگە قاراپ ۋەزىپە تەقسىم قىلىپ بېرىمىز، يەرلەر توڭلاپ كەتكۈچە تۈگەتمىسەك بولمايدۇ...

مەسچىتنىڭ ئىچىنى جىمجىتلىق باستى. ھەممەيلەن خۇش-

ياقمىغانداەك بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قويۇشتى. ئاخىر تېيىپنىڭ ئىچى پۇشۇپ گەپ قىلدى:

— گەپ قىلمايسىلەرغۇ، ئىشلەمدۇق؟

ئىلەك ئىككى يانغا قاراپ قويۇپ:

— بىزنى ئاۋارە قىلماي ھۆكۈمەت ياساپلىۋەتسە بولمامدۇ؟ — دېدى.

— يەيدىغان نېنىڭنىمۇ ھۆكۈمەت چايناپ بەرسە ـ ھە، ساڭا، — تېيىپ ئاچچىقى بىلەن ئۇنى سىلكىدى، — ھېلىمۇ تەلىيىڭگە ھۆكۈمەت بولۇپ قاپتىكەن، بولمىسا، قانداق قىلاتتىڭ؟

— نېمانچە دەپ كېتىسەنۇي؟ — ئىلەك غۇدۇرىدى، — مېنىڭ ئەمگەك كۈچۈم بولمىسا قانداق ئىشلەيمەن؟

— نېمىشقا يوق، ئىككى ئوغلۇڭ بارغۇ؟

— خوتۇنۇڭچۇ؟ — شەمشى كەينى بىر يەردىن توۋلىدى، — ئۇ ئۆيدە بىكار يېتىپ تىقىلىپ كەتتى، ئىشقا سالمامسەن، ياكى بېقىپ قىشلىققا سوقۇم قىلاي دەمسەن؟

— ئۆزۈڭنىڭ ئەرۋاھ خوتۇنۇڭنى ئىشلەتكىنە؟

— ئومايدەك خوتۇنۇم بولسا ھارۋىغا قاتاتتىم...

— شېغىلنى توشۇيدىغان سايمان يوق، — دېدى ئىلەك سەۋەب كۆرسىتىپ.

— ئۆتكەندىلا بەرگەن ئېشەك ھارۋىچۇ؟

— ئېشەك ئۆلۈپ قالدى، كېسەل ئېشەكنى بېرىپتىكەنسىدەلەر.

— ساڭىغۇ تۆمۈردىن ياساپ بەرسىمۇ چىدىمايدۇ، — دېدى تېيىپ.

— ئېشىكىڭ بولمىسا ھېلىقى تراكتورنى سۆرەيدىغان قىزىل خورىزىڭ بارغۇ، — دېدى شەمشى كۈلۈپ، — شۇنى قاتمامسەن؟...

يىغىنىنىڭ ئاخىرى چاقچاقلا ئايلىنىپ كەتتى، تېيىپ ئۇلار-نى ئاران تەستە جىمىقتۇرۇپ ۋەزىپىنى ئورۇنلاشتۇردى.

— تاماشىنى تېخى ئەتە كۆرىسەن، — دېدى تېيىپ يىغىن-دىن قايتىپ كېلىۋېتىپ ئىسراپىلغا، — ئەتىگىچە نەچچىسىنىڭ بېلىگە يەل تۇرۇپ قالىدۇ، بۇ خەقنى ئىشقا سالماق گەپ...

— شۇڭا بۇلاقساي مۇشۇ كۇنگە قالغان، — دېدى ئىسرا-پىل، — ئەمدى بۇ ئادەتنى ئۆزگەرتىش كېرەك.

— تارانچىنى ئۆزگەرتمەك تەس جۇمۇ؟

— زامان ئۆزگەرتىدۇ...

دەرۋەقە، ۋەزىپىنى تەقسىم قىلغان چاغدا جېدەل باشلاندى. بىرىنچى بولۇپ رېھىم شاھ قارشى چىقتى:

— ماڭا نېمىدەپ باشقىلاردىن جىق بۆلدۇڭلار؟ — دېدى ئۇ كۆكىرىپ.

— سېنىڭ تراكتورۇڭ بار، — دېدى تېيىپ چۈشەندۇرۇپ.

— تراكتور بىكارغا ماڭامدۇ، ئەمىسە پۇل بېرىڭلار!

— ئىنساپ قىل، رېھىمكا، بۇ يولدا ھەممىدىن سېنىڭ تراكتورۇڭ جىق ماڭىدۇ.

— ئۇنىڭ بىلەن چاتىقىم يوق، مەنمۇ خەق بىلەن ئوخشاش قىلىمەن.

— رېھىمكا، تەتۈرلۈك قىلما!

— ئوخشاش قىلمىساڭ ئىشلىمەيمەن!

ئۇلارنىڭ قېشىغا ئىسراپىل كەلدى.

— تراكتورۇڭغا ھەق ئالامسەن؟ — دېدى ئۇ رېھىم شاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — بولىدۇ، تېيىپ يېزىپ قوي، كەنتتىن بېرىدۇ، بولدىمۇ؟

رېھىم شاھ بىردەم نېمە دېيىشىنى بىلمەي تۇرۇپ كەتتى، ئۇ ئىسراپىلنى چاقچاق قىلىۋاتامدۇ، دەپمۇ باقتى، بىر تۇرۇپ، تەنە قىلىۋاتامدىغاندۇ، دەپمۇ ئويلىدى.

— لېكىن، ئالدىدىن شۇ گەپنى دەپ قوياي، — دېدى ئىسراپىل ئۇنىڭ كۆزىگە قادىلىپ تۇرۇپ، — يول پۈتكەندىن كېيىن تراكتورۇڭ مۇشۇ يولدا ماڭسا كەنتكە يول ھەققى تۆلەيسەن! بولامدۇ؟

رېھىم شاھنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى، گۆشلۈك كالپۇكى تىترەپ پۇشۇلدىدى، ئۇ بىردەم ئۈلۈكتەك تۇرۇپ كەتتى - دە، گەپ - سۆز قىلماستىن كەينىگە بۇرۇلۇپ تراكتورنىڭ يېنىغا كەتتى...

— ئەجەب بابلىدىڭا، بۇ پىخسىقنى، — دېدى تېيىپ كۈلۈپ كېتىپ، — ئەمدى بۇنىڭ كېچىچە ئۇيقۇسى كەلمەيدىغان بولدى.

جەڭگى - جېدەللەر بىلەن يول ياساش باشلاندى، ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ ئىسراپىل بىلەن تېيىپنىڭ يېنىغا ئىلەك كەلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ بىچارە ھالەتكە كېلىپ قالغانىدى.

— مېنى باشقا بىر ئىشقا قويساڭلار! — دېدى ئۇ يالۋۇرۇپ.

— نېمە بولدى؟

— ھارۋا كاردىن چىقتى.

— ھارۋاڭ يېڭى ئىدىغۇ، نېمە قىلىپ كاردىن چىقىدۇ، ئەتەيگە بۇزۇپ قويمىغانسەن؟ — تېيىپ خاپا بولۇپ سورىدى.

— مەن بۇزۇمىدىمەن؟ — دېدى ئۇ بېشىنى چايقاپ، — ئۆيدىكى ئاۋۇ ھارام تاماقلىرىم قىلمامدۇ؟ قايسى كۈنى سىلەر يىغىن ئېچىپ يول ياسايدىغان گەپنى دېگىنىڭلاردىن كېيىن ئۆيگە بېرىپ ئىككىسىنى ئولتۇرغۇزۇپ بىرھازا گەپ قىلدىم دېگىنە، ئۇ چاغدا ماقۇل دېيىشتى، ئەتىسى بىر كۈن ئوبدان ئىشلىدى، مەنزە، خۇداغا شۈكرى، دەپ خۇش بولغانىدىم، بۇگۈن ئەتىگەن ئۇ ئىككىسىگە سىلەر ھارۋىنى ئېلىپ بېرىپ ئىش-

لەپ تۇرۇڭلار، مەن قوينى ئوتقا قويۇۋېتىپ باراي، دەپ كەت-
كەن، قوينى ئوتقا قويۇۋېتىپ بارسام بۇ ئىككىسى يولدا يوق،
ئاپلا، «بۇ ئىككىسى ئۆيدە ئۇخلاۋېتىپتۇ - دە!» دەپ ئۆيگە
كېلىۋاتسام ئىككىسى سايدا ئولتۇرىدۇ، هارۋا بىر ياندا پا-
چاق - پاچاق بولۇپ ياتىدۇ، نېمە قىلدىڭلار دېسەم گەپ قىلىش-
مايدۇ... نېمە قىپتۇ دېمەمسەن؟ ئىككىسى بىرى تۆپىدە ئولتۇ-
رۇپ، يەنە بىرى ئىتتىرىپ هارۋىنى دۆڭدىن سىيرىلدۇرۇپ ئوي-
ناپتۇ، ئاخىر هارۋىنى قاسىم بىلەن ئېرىققا ئاغدۇرۇپ چىقىۋې-
تىپ ئولتۇرۇشى ئىكەن. ئاسىمنىڭ بېشى بىر نېمە بولدىمىكىن،
گەپ قىلماي ياتىدۇ... ماڭىزە، خۇدايىم مۇشۇنداق هارام تا-
ماقلارنى بېرىپتىكەن، مانا ئەمدى هارۋىمۇ يوق بولدى...
ئىسراپىل بىلەن تېيىپ ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ يا كۈلۈ-
شنى، يا تېرىكىشنى بىلمەي تۇرۇپ كېتىشتى.
— ۋاي، ئىلەك! ۋاي، ئىلەك! — دېدى تېيىپ بېشىنى
چايقاپ، — ئۆتكەندە ئېشەكنى ئۆلتۇردۇڭ، مانا ئەمدى هارۋىند-
مۇ يوق قىپسىلەر، ئەمدى قانداق قىلارسەن؟
— هۆكۈمەت بارغۇ؟...
— هۆكۈمەت سېنىلا باقامدۇ؟... — تېيىپ تېرىكتى، —
قاسىم نەدە؟
— ئۆيدە ياتىدۇ.
— دوختۇرغا ئاپىرىپ باقامسەن - يا؟
— دوختۇرغا ئاپارغۇدەك پۇل نەدە؟... يېقىنىنىڭياقى كەچ-
كىچە داپىنىڭلا گېپىنى قىلىدىغان بولۇپ قالدى، جىن چاپلاشتىد-
مىكىن دەيمەن... ئوسمان موللىغا بېسىپ بىر ئوقۇتسام قانداق
بولار؟...
ئىسراپىل بىلەن تېيىپ بۇنىڭغا گەپ قىلغانمۇ بىكار دېيد-
مۇ، باشقا گەپ قىلماستىن ئىشلەۋاتقانلارنىڭ يېنىغا كەتتى.

ئاردىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ كىمدۇر بىرى مەھەللىدە «قا-سىم غەلىتە بولۇپ قاپتۇ» دېگەن خەۋەرنى تاراتتى، يول ياساۋات-قانلار ئىشلىرىنى تاشلاپ ئىلەكنىڭ ئۆيىگە يۈگۈرۈشتى. دەرۋە-قە، ئىلەكنىڭ ئۆيىدە بۇلاقسايىنى تەۋرىتىۋەتكەن غارايىپ بىر ئىش يۈز بەردى.

## 16

ئىلەكنىڭ كىچىك ئوغلى قاسىم هارۋىنى ئاسىم بىلەن قو-شۇپ يارلىققا ئۆرۈۋەتكەندىن كېيىن بىردەم يار بويىدا قاراپ تۇردى. هارۋىنىڭ شوتىسى بىر ياقتا، چاقى بىر ياقتا پارچە - پارچە بولۇپ ياتاتتى، ئاسىم پەستە ئىڭراپ ياتقىنىچە قاسىمنى تىللاۋاتاتتى:

— ئاستىراق ھەيدىسەڭ بولمامدۇ، ھەي گۆي؟… — دېدي ئۇ ئورنىدىن قوپۇپ كېلىپ قاسىمنى يەرگە بېسىۋېلىپ باش - كۆزىگە ئۇرىۋەردى. ئىلەك كەلگەندە ئىككىسى سوقۇشۇپ ھېرىپ قالغانىدى. ئىلەك كېلىپ قاسىمنى بىرنەچچە شاپىلاق ئۇرۇۋەت-تى، قاسىمغا شۇ باھانە بولدى، بىر كۈن قوپماي ياتتى، ئەتىسى بولسا تۈيۈقسىزلا يوقاپ كەتتى. ئىلەك: «بىرەر دوستىنىڭ ئۆيىگە كەتتىمىكىن؟» دەپ ئىزدىمىدى، ئۈچىنچى كۈنى سەھەر-دە ئىلەك ئۇنى دەرۋازىنىڭ ئالدىدا ياتقان يېرىدىن تاپتى. ئۇ كۆزلىرىنى ئاسمانغا تىككەنچە مىدىر قىلماي ياتاتتى.

— قاسىم! — دەپ چاقىردى ئىلەك، — نېمە بۇ يەردە ياتىسەن، قوپە!

قاسىم بولسا دادىسىغا قارىماستىن سورىدى:

— هازىر مەن نەدە؟

— نەدە بولاتتىڭ ئۆزۈڭنىڭ ئۆيىدە، ئىككى كۈندىن بۇيان نەگە يوقالدىڭ؟

— مەن ئۇ دۇنيادا ئىدىمغۇ؟... ئەزرائىللار ماڭا گەپ قىلدى ... دوزاخنى كۆزۈم بىلەن كۆردۈم...

ئىلەك باشتا: «جۆيلۈۋاتقان ئوخشايدۇ؟» دەپ ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئېرەنشىمىدى.

— نېمە دەيدۇي مۇنۇ، — ئىلەك ئۇنى قولىدىن تارتىپ سىلكىدى، — قوپە ئورنۇڭدىن!

— ماڭا يېقىن كەلگۈچى بولما! — قاسىم ئۆرە بولۇپ ئولتۇرۇپ كۆزىنى غەلىتە چەكچەيتتى، — ماڭا تەگمە! ئەزرائىللار مېنى باقىي دۇنياغا بەش كۈنلۈك سۈرۈك بىلەن ئەۋەتتى، مەن ئاللاتائالانىڭ بەندىلىرىگە قىلغان ۋەسىيىتىنى يەتكۈزۈپ بولۇپ كېتىمەن، ئۇقۇۋاتامسەن؟...

قاسىمنىڭ گەپلىرى ئىلەكنى قايمۇقتۇرۇپ قويىدى، ئۇ هودۇققان هالدا چايخانىدا بىرنەرسىلەرنى قىلىۋاتقان ئايالى ئومايىنى چاقىردى.

— مۇنـۇنىڭ گېپىنى ئـاڭلاپ باققىنا، نېمىلەرنى دەيدۇ بۇ؟ — دېدى ئۇ.

ئاپىسىنى كۆرۈپ قاسىم بايىقى گېپىنى يەنە تەكرارلىدى ۋە:

— نېمىگە قاراپ تۇرىسىلەر، قولۇم - قوشنىلارنى چاقىرىڭلار، مەن ئاللانىڭ ۋەسىيىتىنى يەتكۈزىمەن!...

ئىلەك هاڭ - تاڭ بولغىنىچە ئايالىغا قارىدى. ئوماي كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە «توۋا!» دەپ ياقىسىنى تۇتتى، ئىلەك ئۇنى چەتكە تارتىپ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— ئۇ ئىككى كۈندىن بۇيان نەگە كەتتىكىن، دېسەم ئۇ دۇنياغا بېرىپ كەپتىكەن - دە! قارا، ئاغزىدىن ئاللاتائالا چۈشمەيۋاتىدۇ، مۆجىزە، بىزنىڭ ئۆيدە مۆجىزە كۆرۈلدى... سەن ئۇنى ئاستا يۆلەپ ئۆيگە ئەكىر!...

ئىلەك يۇگۈرۈپ تالاغا چىقتى، كوچىدا ئادەم كۆرۈنمەيتتى،

ئۇ ئالدىدىكى قوشنىسى مەسۇم تاراننى چاقىردى:

— مەسۇم، بۇ ياققا چىققىنە! — دېدى ئۇ ئىشىككە كې-لىپ، — مۆجىزە، بىزنىڭ قاسىم ئۇ دۇنياغا بېرىپ كەلدى، قارا...

— نېمە دەيدۇي مۇنۇ؟ — مەسۇم تاران تېگىرقاپ تۇرۇپ قالدى، — جۆيلۇۋاتامسەن؟

— ئىشەنمىسەڭ ئۆيگە بارغىن، مۆجىزە...

ئىلەك مەھەللىنى بىر ئايلىنىپ ئۇچراشقان ئادەمگە شۇ گەپنى دېدى. بۇلاقسايلىقلار باشتا ئۇنىڭ گېپىگە كۈلۈشۈپ، «ئىلەك ئېلىشىپ قالغان ئوخشايدۇ» دېيىشىپ ئېرەنشىمىدى، ئەمما بارغانلاردىن بىرى: «قاسىم راست بېرىپ كەپتۇ، هازىر كۆرسەڭ تونۇمايسەن؟» دېگەندىن كېيىن كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ بىردىن ـ ئىككىدىن ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىشتى. ئىلەكنىڭ يىللاپ ئادەم دەسسىمەيدىغان ۋەيرانە ئۆيى ئادەملەر بىلەن تولدى. هەمـ-مەيلەن ئۇ ئالەمگە بېرىپ كەلگەن قاسىمنىڭ قانداق بولۇپ قال-غانلىقىنى كۆرۈپ باقماقچى، نېمىلەرنى دەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ باقماقچى بولاتتى. قاسىم بولسا تۆردە ياماق كۆرپىنىڭ ئۈستىدە هەيكەلدەك قېتىپ ئولتۇراتتى. بىركەمدە ئۇ كۆزىنى ئېچىپ، مەهەللىلىكلىرىگە سوغۇق بىر نەزەر بىلەن قاراپ چىقىپ سۆزىنى باشلىدى:

— مۇسۇلمان بەندىلەر، — دېدى ئۇ ئاۋازىنى كۆتۈ-رۈپ، — مەن ياراتقان ئىگەمنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىپ كەلدىم. ئاللاتائالا ئۇ يەردە كۆرگەنلىرىمنى هەرقاي-سىڭلارغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن مېنى بەش كۈنلۈك مۆهلەت بىلەن بۇ ياققا ئەۋەتتى... مەن ئۇ يەردە دوزاخ ئوتىدا كۆيۈۋاتقانلارنىمۇ، جەننەتتە هۆر ـ پەرىلەر بىلەن راهەت ـ پاراغەتتە ياشاۋاتقانلارنىمۇ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، ياراتقان ئىگەم بىز بەندىلەرنىڭ بۇ ئالەمدە نېمىش قىلىۋاتقىنىمىزنى كۆرۈپ بىلىپ، ئۇ دۇنيادا

ھەممىنىڭ سوئال ـ سورىقىنى قىلىدىكەن، شۇڭا تىرىك چېغىدىمىزدا ئۇ دۇنيالىقنى ئويلاپ قويايلى، ھازىر بەندىلەردە ئىمان سۇسلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، پۇل، دۇنيا ئۇچۇن گۇناھلىق ئىشلارنى قىلىۋاتىمىز، ئېسىڭلاردا بولسۇن، مال ـ دۇنيانى قوغلاشقانلار باقىي ئالەمدە دوزاخقا مەھكۇم بولىدۇ، ئىنسانغا بارلىق بالايىئاپەت نەپسىدىن كېلىدۇ، مال ـ دۇنيا يىغماقلىق، ئىش ـ ئوقەت قىلىش، بۇ دۇنيانىڭ رەڭـۋاز مـەئىشەتلىرىگە بېرىلىش، راھەت ـ پاراغەت قوغلىشىشنىڭ ھەممىسى ئىنساننى نەپسى بالاغا باشلاپ بارىدۇ، ئۆزىگە ھېسابسىز گۇناھلارنى ئارتىپ ئالىدۇ، ئۇنداق ئادەمنىڭ ئىمانى سۇسلىشىدۇ...

قاسىم ھاياجان بىلەن سۆزلەيتتى، بۇلاقسايلىقلار باشتا ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە ھەيران بولۇپ ئولتۇرۇشتى، بەزىلەر: «توۋا، بۇ قاسىم ئېلىشىپ قالدىمۇ نېمە؟ غـەلىتە گـەپلەرنى قىلىدىغۇ؟...» دېيىشىپ، ئىلەكتىن ئۇنىڭ قانداق بولۇپ ئۇ دۇنياغا كەتكەنلىكىنى سوراشقا باشلىدى.

— ھارۋىدىن يىقىلغان سەۋەب بولدى، — دېدى ئىلەك سىرلىق قىلىپ، — شۇ كۈنى مىجەزىم يوق دەپ ياتقانىدى، بىردەمدىن كېيىن ئۆيگە كىرسەم يوق تۇرىدۇ، مەن تېخى بىرەر ئاغىنىسىنىڭ قېشىغا كەتتىمىكىن دەپ ئويلاپتىمەن. بۇگۈن ئەتىگەن ھويلىغا چىقسام دەرۋازىنىڭ ئالدىدا ياتىدۇ، كۆزىنى ئېچىپلا «مەن ھازىر نەدە؟» دەيدۇ.

— جىن ـ پىن چاپلاشمىغاندۇ ـ ھە؟

— مەنمۇ باشتا تەكشى ئەمەس بىر يەردە يېتىپ قالغانمىدۇ، دەپ ئويلىغان، لېكىن گېپىنى ئاڭلىدىڭلار، قاسىم ئىلگىرى نەدە بۇنچىلىك گەپ قىلاتتى...

— راست، كەچكىچە داپىنىڭلا پارىڭىنى قىلاتتى.

— بايام ياراتقان ئىگەم ئۇنى ئۆزىنىڭ دەرگاھىغا ئېلىپ كەتكەنىكەندۇق، — دېدى ئىلەك.

— بەش كۈندىن كېيىن يەنە ئۇ دۇنياغا كېتىمەن دەمدۇ نېمە، راست كېتەرمۇ؟

— بۇمۇ ئاللانىڭ ئىلكىدىكى ئىش...

— ناسىر ئىمامىمۇ بۇنچىلىك ۋەز ئېيتالمايدۇ جۇمۇ.

— ئاللاتائالانىڭ قۇدرىتى ئۇلۇغ... قاسىم ئەۋلىيا بولۇپتۇ.

قاسىمنىڭ ۋەز - نەسىھىتى ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتتى، ئادەتتە قەبرىستانلىقنى چۆرگىلەپ، ئۇچراشقان ئادەمگە داپنىڭ گېپىنى قىلىدىغان قاسىمنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان گەپلەرنى ئاڭلاپ بىرمۇنچە ئادەملەر تەۋرىنىپ قالدى. ئۇ بولاقسايلىقلارنىڭ ۋۇجۇدىغا هازىرغىچە هېچكىم ئېسىگە كەلتۈرمىگەن ۋەهىمىنى سېلىپ قويدى. بولاقسايلىقلار مۇشۇ كەمگىچە بۇنداق كارامەتنى ئاڭلاپمۇ باقمىغانىدى. بۇ مۆجىزە بىردەمنىڭ ئىچىدە مەھەللىنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغا تارقالدى. يول ياساشتا ئىشلەۋاتقانلارمۇ ئىشلىرىنى تاشلاپ توپ - توپ بولۇشۇپ ئىلەكنىڭ ۋەيرانە ئۆيىگە كەلگىلى تۇردى، ئاخىر ئۆي تارلىق قىلدى، ئىلەك هويلىغا كىگىز، كۆرپە سېلىپ، قاسىمنى شۇ يەرگە ئاچىقتى، قاسىمنىڭ چىرايى تولىمۇ سۇرلۇك ئىدى. ئىلەك نەدىندۇر بىر تەسۋىنى تېپىپ، ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى، ئۇ ئادەملەر كەلگىلى باشلىغاندا كۆزىنى يېرىم يۇمۇپ، تەسۋىنى سىيرىپ، ئاغزىنى مىدىرلىتىپ بىرنېمىلەرنى ئوقۇيتتى، هويلىغا ئادەملەر تولغان چاغدا ئۇ ۋەز ئېيتىشنى باشلايتتى.

ئۇنىڭ ئاۋازى ۋەهىمىلىك، مۇڭلۇق ئىدى، ئۇ گەپلەرنى يادلىۋالغاندەك تەمتىرىمەي سۆزلەيتتى. بارا - بارا كەلگەنلەر قۇرۇق كەلمەيدىغان، «ئەۋلىيا ئېغىز تېگىپ باقسۇن!» دەپ تاماقلارنى ئەكېلىدىغان بولدى. ئۆيدە هەممىدىن ئاسىمغا بايرام بولدى. ئۇ كەلگەن تاۋاقلارغا مەسئۇل بولدى. ياخشىراق تاماق كېلىپ قالسا ئىچكەركى ئۆيگە ئەكىرەتتى - دە، ئىشىكنى ئىچىدىن ئېتىپ قويۇپ راهەتلىنىپ يەۋالاتتى.

بەشىنچى كۈنى ئىلەكنىڭ قورۇسى ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى. بولاقسايدىن چىققان بۇ مۆجىزىنىڭ داڭقى مەھەللىدىن ھالقىپ قوشنا مەھەللىلەرگىمۇ پۇر كەتكەنىدى. تەرەپ ـ تەرەپتىن تراكتور، ھارۋىلاردا تاۋاپ قىلىدىغانلار ئۈزۈلمەي كەلگىلى تۇردى. ئادەملەر بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىپ بۇ تىرىك ئەۋلىيانى كۆرۈشكە، ئۇنىڭ مۇبارەك قولىنى تۇتۇۋېلىشنى ئارزۇ قىلىپ، ھەدەپ ئالدىغا قىستايتتى. ئىلەك بولسا ئۇلارنى تەرتىپكە چاقىرىپ بولالماي قارا تەرگە چۆمۈپ كەتكەنىدى. بىرمۇنچە ئادەم ئۆگزىگە چىقىۋالغانىدى.

— ھەي، ئۆگزىدىن چۈشۈش! — ... دەپ ۋارقىرايتتى ئۇ قولىنى شىلتىپ، — لىم كۆتۈرەلمەيدۇ دەيمەن... ئەستاغپۇرۇللا!...

لېكىن، ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغان ئادەم يوق، كىشىلەر خۇدىنى يوقىتىشقان ھالدا ئالدىغا دەۋرەيتتى، نەچچە كۈندىن بۇيان ئادەملەر دەسسەۋېرىپ ھويلىدىنمۇ توپا چىقىرىۋەتكەنىدى. شۇ تاپتا ئادەملەرنىڭ ئاياغ ئاستىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان توپا ـ چاڭ بىر قەۋەت تۇمان بولۇپ ھاۋاغا ئۆرلىمەكتە ئىدى. قاسىم ئاخىرقى ۋەزنى ئېيتماقتا ئىدى.

— ... مۇسۇلمانلار! ئۇ دۇنيالىقنى ئويلاپ قويۇڭلار، قۇدرىتى چەكسىز ئاللاتائالا ھەممىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، كىمدە ـ كىم شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ دەپنە ـ دۇنياغا بېرىلسە ئۇ دۇنياغا بارغاندا ئۇنىڭ بارار يېرى دوزاخ بولىدۇ...

قاسىم ئاخىر گەپ قىلالماي قالدى، ئۇنىڭ ئۇنى پۈتۈپ كالپۇكلىرى گەز باغلاپ كەتتى، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان بىرقانچە ئادەم «ھەق، ھەق!...» دېيىشكىنىچە توپىلىق يەرگە پېشانىسىنى چاپلاپ توۋا قىلىشتى. يەنە كىملەردۇر «توۋا!... توۋا دېدىم» دەپ خىتاب قىلدى، يەنە كىملەردۇر مىشىلداپ يىغلاۋاتاتتى. پۈتۈن مەيداننى مۇسىبەتلىك بىر سۈكۈنات قاپلىغانىدى.

توپىغا مىلىنىپ ئولتۇرۇشقان ئاشۇ بىچارە ئادەملەر شۇ تاپتا ھەممىنى ئۇنتۇغانىدى. ئېتىز ـ ئېرىقنىڭ ئىشلىرى، ئۆي، بالا ـ چاقا ئۇلارنىڭ كاللىسىغا كىرىپ چىقمايتتى، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا پەقەت ئۇ دۇنيا، دوزاخ بىلەن جەننەتلا بار ئىدى...

كەلگەنلەر گۇگۇم چۈشكۈچە تارقاشمىدى، ئۇلار گويا قاسىمنىڭ ئۇ دۇنياغا قانداق ماڭىدىغانلىقىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغاندەك تەقەززالىق، ئەجەبلىنىش، ھودۇقۇش ئىچىدە ئىلەكنىڭ ئۆرۈلۈپ كېتەي دېگەن ۋەيرانە ئۆيىگە قارىشىپ تۇراتتى. ئاخىر ئىلەك چىقىپ ئۇلارنى ھەيدىدى:

— قايتىڭلار! — دېدى ئۇ قولىنى شىلتىپ، — سىلەر قاراپ تۇرۇۋالساڭلار قاسىم سىلەرگە تارتىنىشىۋاتىدۇ... ئاللاتائالانىڭ غەزىپى كېلىدۇ، قايتىڭلار!...

كىشىلەر ئاخىر تارقاشتى، ئىلەكنىڭ خامانغا ئايلانغان ھويلىسى جىمجىتلىققا چۆمدى. ئىلەك ھاياجانلانغانلىقىدىن نېمە قىلىشىنى بىلمەي قېلىۋاتاتتى، ئوماي دالان ئۆيدە كىشىلەرنىڭ ئەكەلگەن نەرسىلىرىنى يىغىشتۇرۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ھەر خىل نان، توقاچ، سامسا، پىششىق گۆش، پوشكاللار... ئۇ ئۆمرىدە بۇنچىلىك مولچىلىقنى كۆرۈپ باقمىغان، بۇگۈنكىدەك تويۇپ تاماق يەپمۇ باقمىغانىدى. «بۇ تائاملارنى بىر ھەپتە يەپ تۈگەتكىلى بولامدۇ؟ بۇمۇ قاسىمنىڭ دۆلىتى، قاسىم دېگەن ئۇ دۇنيادىكى جەننەتمۇ بولسا مۇشۇنچىلىك بولار؟...» ئۇ بىر تەرەپتىن يىغىشتۇرغاچ، بىر تەرەپتىن ئاغزىغا سالاتتى... ئىلەك ھويلىنى بېسىقتۇرۇۋېتىپ ئۆيگە كىردى ۋە قاسىم ياتقان ئىچكىرىكى ئۆيگە بېشىنى تىقىپ قارىدى. ئەتىگەندىن بۇيان ھويلىدا قاققان قوزۇقتەك ئولتۇرۇپ ھېرىپ كەتكەن قاسىم سۇپىدا ئوڭدىسىغا يېتىپ ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئىلەك ئوغلىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئېڭىشىپ قۇلاق سالدى، ئۇنىڭ قۇلىقىغا پۇشۇلدىغان تىنىش ئاڭلاندى. «بۇ بالا ئۇ دۇنياغا مۇشۇنداقلا كېتىپ قالارمۇ؟

خۇدايىممۇ ئۇنىڭغا نىمانچە ئاز مۆھلەت بەرگەندۇ؟ ئەگەر بولمىغاندا بىرەر ئاي تۇرغان بولسىمۇ ھال - كۇنىمىز ئوبدانلا ياخشىلىنىپ قالار ئىدى،... ئۇ بۇ تۇرقىدا ئۇ ياققا ماڭمىدىغاندەك قىلمايدۇ، ئىلاھىم شۇنداق بولغان بولسىمۇ؟...»

ئىلەك پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ دالان ئۆيگە چىقتى. ئۇ يەردە ئوماي تېخىچە بىرنېمىلەرنى يەپ ئولتۇراتتى، ئۇ خوتۇنىغا ئاچچىقى بىلەن ئالايدى:

— بولدى، ۋۇي، يەۋېرەمسەن؟ ئېشىڭ ئارتىپ كەتمىسۇن!

ئوماي قوۋزىقىدىكى تاماقنى چالا - بۇلا چايناپ يۇتۇۋېتىپ سورىدى:

— تاۋاپ قىلىدىغانلار ئەتىمۇ كېلەر - ھە؟

— قاسىم بۇگۇن كېچە ئۇ دۇنياغا كەتسە ئۇلار نېمىگە كېلىدۇ؟...

ئوماي ئېرىنىڭ گېپىگە چۇشەنمىگەندەك چەكچىيىپ تۇرۇپ كەتتى.

— قاسىم نەگە بارىدۇ؟ — دېدى ئۇ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ، — بىر ئوبدان ئۇخلاۋاتامدۇ؟

— دۆت! — دېدى ئىلەك ئورنىدىن تۇرۇپ.

ئىلەك ھويلىغا چىقماقچى بولۇپ ئىشىكنى ئېچىشىغا ئىشىكتە ساقچى كىيىمى كىيگەن ئىككيىلەننى كۆرۈپ چۆچۈپ كەينىگە داجىدى.

— قاسىم ئۆيدىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇلارنىڭ بىرى جىددىي تەلەپپۇزدا...

ئىلەكنىڭ پۇت - قولىدا جان قالمىدى.

— ئۆيدە... ئۇخلاۋاتىدۇ... — دېدى ئۇ ئارانلا.

— ئۇنى ئويغات! — دېدى ساقچى بۇيرۇق قىلغاندەك.

ئىلەك ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ ئۇخلاۋاتقان قاسىمنى نوقۇپ

ئويغاتتى، قاسىم تەستە ئۇيقۇسىنى ئاچتى ۋە ئۆرە بولۇپ ئالدىدا تۇرغان ئىككى ساقچىنى كۆرۈپ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى.

— ئۇ دۇنياغا ماڭمىدۇقمۇ؟ — دېدى ساقچىلارنىڭ يېشى چوڭراق بىرى ئۇنىڭغا قاراپ ئاچچىق كۇلۇپ قويۇپ، ئاندىن قولى بىلەن ئىشارەت قىلدى، — تۇرە ئورنۇڭدىن، بىز بىلەن ماڭىسەن!

— نەگە بارىمەن؟

— نەگە باراتتىڭ، ساقچىخانىغا!

قاسىم غال - غال تىترىگىنىچە قوپۇپ ماڭدى. بۇ تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ئىشتىن مەڭدەپ قالغان ئىلەك نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالدى. ساقچىلار ئوغلىنى موتسىكلىتقا مىنگەشتۈرۈپ ئېلىپ ماڭغاندىلا ئۇ ئېسىگە كېلىپ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن ۋارقىرىدى:

— ئۇنى نەگە ئاپىرىسىلەر، قاسىم نېمە گۇناھ قىلدى؟...

لېكىن، ئۇنىڭ گېپىنى ھېچكىم ئاڭلىمىدى. قاسىم ساقچىخانىغا بارغاندىن كېيىن بىر دەمدىلا ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتىپ، ئۆزىنىڭ ئۇ دۇنياغا بارغان سەپىرىنىڭ سىرىنى بىرنى قويماي ئېيتىپ بەردى. ئەسلىدە بۇ ئىش مۇنداق بولغانىدى: قاسىم دادىسىنىڭ تاپا - تەنىسىدىن قېچىپ قوشنا مەھەللىدىكى ئوسمان موللىنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ، ئوسمان موللا بىر ئۆمۈر داخانلىق قىلىپ ئۆتكەن ئادەم ئىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇنى ئىزدەيدىغانلارمۇ ئازلاپ، تۇرمۇشى غورىگىل بولۇپ قالدى. ئۇ ئەسلىدە قاسىمنىڭ بوۋىسىنىڭ كەينىدە يۈرۈپ داخانلىقنى ئۆگەنگەنىدى. قاسىم پات - پاتلا ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ رەھمەتلىك بوۋىسىنىڭ كارامەتلىرى توغرىسىدا ئۇنىڭ ئېيتقان ھېكايىلىرىنى ئاڭلاپ، داخانلىق ھەققىدە تەلىم ئېلىپ تۇراتتى. قاسىم كەلگەن كۈنى ئوسمان موللا مىجەزى يوق ياتقانىدى. ئۇ داخانلىق-

نىڭ بازىرىنىڭ كاسات بولۇۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، باشقىچىرەك بىر ھۇنەرنى قىلىپ بېقىش ئويىغا چۈشكەنىدى. ئۇ ئۇرۇمچىدە بىر ئەۋلىيانىڭ چىققانلىقىنى، ئۇنىڭ غايىبتىن يوقاپ كېتىپ ئەۋلىياغا ئايلانغانلىقىنى خەقلەردىن ئاڭلىغان ۋە شۇنى دوراپ باقماقچى بولدىيۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ قېرىپ ماغدۇردىن قېلىۋات- قانلىقىنى ئويلاپ ھەسرەت چېكەتتى، قاسىمنىڭ پەيدا بولۇشى ئۇنىڭ ئۈمىد چىرىغىنى ياندۇردى. ئۇ قاسىمنى يېنىدا ئىككى كۈن تۇرغۇزدى. ئۇنىڭغا ئۇ دۇنيادا كۆرگەنلىرىنى ئۆگەتتى، ئاللاتائالانىڭ بەندىلىرىگە قىلغان نەسىھەتلىرىنى يادلاتقۇزدى، قا- سىم بۇلارنى ئۆگىنىپ بولغۇچە ئىككى كۈن كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ كارامەت ئىگىسى، ئەۋلىيا بولىدىغانلىقىنى بىلىپ خۇشلۇقىدا تېرىسىگە پاتماي قالدى. ئوسمان داخاننىڭ پىلانى بويىچە ئۇ بەش كۈندىن كېيىن كېچىسى ھېچكىمگە تۇيدۇرماي مەھەللىدىن چى- قىپ ئۇنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىشى كېرەك ئىدى. ئەگەر بۇ ھۇنەر ئېقىپ قالسا ئۇلار باشقا يۇرتلارغا بېرىپ كارامەت كۆرسەت- مەكچى بولۇپ كېلىشكەنىدى، ئەپسۇس، قاسىم مەھەللىدىن كې- تىشكە ئۈلگۈرمەي ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى…

ئارىدىن ئون كۈن ئۆتۈپ قاسىم مەھەللىدە پەيدا بولدى، ئۇ ئەمدى ھېچكىمگە گەپ قىلمايدىغان، كۈن - كۈنلەپ ھويلى- سىدا بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە خىيال سۈرىدىغان بولۇپ قالدى. خەقلەر ئۇنىڭدىن زۇۋان چىقىرالماي ئىلەكتىن سورىشاتتى:

— ئىلەك، ئوغلۇڭ ئۇ دۇنيادىن تېزلا يېنىپ كەلدى- غۇ؟… زۇۋانى نېمە بولدى؟

ئىلەك بولسا بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىمىغانغا سېلىپ نېرى كېتەتتى.

بۇلاقسايىنى بىرنەچچە كۈن ئۆرتتۆپە قىلغان بۇ كارامەت شۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشتى، ھايات يەنە ئۆز ئىزىغا چۈشتى.

## 17

پەرىدە يارمۇھەممەدنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ تالاغا چىقتى. كۈن ئوچۇق ئىدى. كۈز قۇياشى خۇددى كېسەل ئادەمنىڭ چىرايىدەك نۇرسىز ۋە ئاجىز ئىدى. ئۇ يۈز - كۆزنى يۇيۇپ بولۇپ دالان ئۆيدىكى تامغا ئېسىقلىق ئەينەكنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ قانچە كۈنلەر بولغان ئۆزىنى ئەينەكتە كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ياڭاق سۆڭەكلىرى پولتىيىپ چىققان، كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان، ئورۇق بىرى قاراپ تۇراتتى، پەرىدە ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي تۇرۇپ كەتتى: «بۇ مەنمۇ؟ توۋا! ... — دېدى ئۇ ئەينەككە يېقىن كېلىپ، — نېمە بولۇپ قالغاندىمەن؟ ...— لېكىن شۇ ھامان ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بەردى، — نېمە بولساممۇ ئەمدى خاتىرجەم بولدۇم، يارنى ساقايتىۋالدىم، ئەمدى ئالدىرىماي ئەكسىمگە كېلەرمەن...» ئۇ ئەينەككە قاراپ كۈلۈمسىرىگەنىدى، مەڭزىگە شۇ ھامان قان يۈگۈرۈپ، ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئاستىدىكى چوڭ كۆزلىرى شادلىق نۇرى چېچىپ چاقناپ كەتتى. ئۇ چېچىنى تاراپ بوغدى - دە، چاي قاينىتىش ئۈچۈن چايخانىغا يارمۇھەممەد دوختۇرخانىدا بىر ئايدەك يېتىپ سەللىمازا بولغاندىن كېيىن ئۆيگە يېنىپ چىقتى. دوختۇرلار ئۇنىڭغا بىر مەزگىلگىچە ئېغىر ئىشلارنى قىلماسلىقنى جېكىلىدى. شۇڭا ئۇ ھازىر دۇكاندىلا تۇرۇۋاتاتتى، دۇكانغا مال ئەكېلىش، ئۆينىڭ ئېغىر - يېنىك ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى پەرىدەنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى. ئۇنىڭ كۈنلىرى تولىمۇ ئالدىراش ئىدى، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۇنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم ئىدى. تارتىۋاتقان جاپا - مۇشەققەتلەرمۇ ئېغىر تۇيۇلمايتتى، ئۇنى ھەممىدىن خۇش قىلغىنى يارمۇھەممەد مېيىپ بولۇپ قالمىدى، بەلكى كۈندىن - كۈنگە ياخشى بولۇپ، ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، دۇكاننىڭ

تىجارىتىمۇ ئوبدان بولىۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئەكەلگەن ماللىرى بېسىد-
لىپ قالماي تېز - تېز تۈگەپ تۇرۇۋاتاتتى. يارمۇھەممەد ئۇنىڭ
پەمىگە قايىل بولدى:
— سودىنى ئەسلىدە سەن قىلساڭ بولاتتىكەن، — دېدى ئۇ
بىر ئايلىق سودىنى ھېسابلاپ كۆرۈپ ھەيران بولۇپ، — مەن
شۇنچە يىل دۇكان ئېچىپ ئايدا بۇنچىلىك سودا قىلمىغان، قال-
تىسقۇ سەن؟
— مەن دېگەن قانداقلا بولمىسۇن سىزدىن بىر سىنىپنى
جىقراق ئوقۇغان - دە، — دېدى پەرىدە چاقچاق قىلىپ.
— ئاتە پونى...
— يالغانمۇ ئەمىسە؟
— بۇ گەپچىزە، ھوشيار تۇرمىسام ئەتە - ئۆگۈن خوجايىنى-
لىقنىمۇ تارتىۋالىدىغان نىيىتىڭ بار ئوخشىمامدۇ؟
— ھازىر دېگەن رىقابەت دەۋرى، كىم باشقۇرالىسا شۇ
بولىدۇ.
— ئالە شەرىڭنى، — يارمۇھەممەد كۈلدى، — سېنى
ئېلىپ ئاخىر زىيان تارتىمەنمۇ نېمە؟ بۇنداقلىقىڭنى بىلگەن بول-
سام ئوقۇمىغان، ياۋاش بىرىنى تاپقان بولسام بوپتىكەن...
— پىچاقمۇ يېمەيتتىم دەڭا...
يارمۇھەممەد تەئەججۈپ بىلەن تۇرۇپ كەتتى، پەرىدە بۇنى
چاقچاق ئورنىدا دېگەن بولسىمۇ يارمۇھەممەد ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ
بىر يېرىدە يوشۇرۇن بىر ئازابنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدى.
— پەرى! — دېدى يارمۇھەممەد ئوڭايسىزلىنىپ، —
مېنىڭ پىچاق يېيىشىمگە سەن سەۋەبچى ئەمەسقۇ، نېمىشقا ئۇنداق
دەيسەن؟
— مېنى دەپ يېگىنىڭىز راستقۇ؟ — دېدى پەرىدە خۇرسى-
نىپ قويۇپ، — مەن باشتا بوشاڭلىق قىلىپ قالدىم، ئۆيدىكى-
لەرنىڭ گېپىنى يىرالمىدىم، شۇڭا جالال ئۆكتەملىك قىلىپ

كەتتى... گۇناھ ئۆزۈمدە...

— ھەممە نەرسە ئۆتۈپ كەتتى، مەن مانا ساققۇ، بۇگۇن نىمە بۇنى ئويلاپ قالدىڭ؟

— يارى، سىزنى دوختۇرخانىغا ئەكىتىۋاتقان چاغدا نىمىنى ئويلىدىڭ دىيسىڭىز، مۇشۇ ئىشلار كاللامغا كىرىۋېلىپ ئۆزۈمنى مىڭنى تىللىدىم. ھەممىنى قىلغان مەن... ئەگەر سىز مىيىپ بولۇپ قالغان بولسىڭىز مەن بىر ئۆمۈر ئازابتا ئۆتەتتىم...

— بولدى، بۇ ئىشلارنى كۆڭلۈڭدىن چىقىرىۋەت، — دىدى يارمۇھەممەد پەرىدەنىڭ چىچىنى سىلاپ تۇرۇپ، — ئەسلىدە بۇ مەن ئۆزۈم تەرگەن ئىش...

— قانداقسىغا؟

— بىكىتىپ قويغان توينى بۇزۇپ سىنى ئەپقاچقان مەن تۇرسام...

— مەن ئۆزۈم رازى بولۇپ قاچتىم - دە؟

— لىكىن، جالالغا يامان بولدى، ئۇن يىللىق ئۆمرى تۇر-مىدە ئۆتىدىغان بولدى.

— ئۆزىگە ئۆزى قىلدى، ھىلىمۇ تەلىيى بار ئىكەن، سىز ساقىيىپ قالدىڭىز...

— شۇنىڭغا قارىغاندا سىنى بەك ياخشى كۆرىدىكەندۇق.

— بولدى قىلىڭە! — پەرىدە خاپا بولغاندەك بولۇپ قاپاق-لىرىنى سۇزدى.

— بولدى، دىمىدىم، دىمىدىم، — يارمۇھەممەد ئۇنى قۇ-چاقلاپ باغرىغا باستى، — بۇمۇ تەقدىر... خۇدا سىنى ماڭا بۇيرۇغانىكەن، بۇمۇ مىنىڭ تەلىيىم... تىخى ياخشى كۇنلەر ئالدىمىزدا پەرى...

پەرىدە ئۇلۇغ - كىچىك تىندى. ئۇنىڭ قەلبى چەكسىز شادلىققا تولدى، بىر خىل لەززەتلىك سىزىم پۇتۇن ئەزايىغا تارقاپ، ۋۇجۇدىدىن قانداقتۇربىر نەرسىنىڭ چىقىپ كىتىۋاتقان-

لىقىنى، يەنە قانداقتۇر بىرنەرسىنىڭ تومۇر ـ تومۇرلىرىغا تار-قىلىنۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، قەلبىدە زىلزىلە پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ئۇچۇن مۇشۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك ىدى، ئۇ بۇگۈن ئۆزىنى نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئازابلاپ كەلگەن كۆڭۈل غەشلىكىدىن قۇتۇلغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ بەزىدە ئويلاپ قالاتتى: «يارى نېمىدېگەن بىلەن ئەر كىشى، ئۇ پەرىدە ئۆز ۋاقتىدا جالالغا ماقۇل دەپ، كېيىن يېنىۋالدى، ئەتە ـ ئۆگۈن ماڭىمۇ شۇنداق قىلار-مۇ؟» دېگەن بىر ئەندىشە ئۇنى قىينايتتى. مانا بۇگۈن ئۇنىڭ قەلبىنى بېسىپ تۇرغان تۇمان تارقاپ كەتتى، يارمۇھەممەد ئۇنى چۈشەندى، دېمەك ئۇ ئۆزىگە يارمۇھەممەدنى تاللاپ خاتا قىلمىغا-نىكەن ... ئۇ شۇ تاپتا يارمۇھەممەدكە ئېيتماقچى بولغان سان ـ ساناقسىز گېپى بارلىقىنى ھېس قىلسىمۇ، لېكىن نېمىشقىدۇر دېيەلمىدى، پەقەت ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ مېھرىبانلىق بىلەن سىلىدى...

ئۇ يارمۇھەممەد بىلەن چاينى ئىچىپ بولۇپ قاچىلارنى يى-غىشتۇرۇۋېپ تۇراتتى. ئۆيگە ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ ئاپىسى شەرۋان كىرىپ كەلدى، يارمۇھەممەد دۇكاننى ئاچقىلى چىقىپ كەت-كەنىدى. ئاپىسىنىڭ ھالىتىنى كۆرۈپ پەرىدەنىڭ يۈرىكى «قارت!» قىلىپ قالدى.

— نېمە بولدى، ئاپا؟ — دېدى ئۇ ئالدىراپ، — دادام تىنچلىقتۇ؟

— داداڭ تىنچلىق، — دېدى ئۇ ھودۇققىنىچە، — خۇرشىدە...

— خۇرشىدەگە نېمە بولدى؟

— خۇرشىدە مەكتەپتىن كېتىپ قاپتۇ...

— نېمە دەيدىغانسەن؟ — پەرىدە چۆچۈپ كەتتى، — نەگە كېتىپ قاپتۇ؟

— كىم بىلىدۇ بۇ جۇۋاينىمەكنى... تۈنۈگۈن يوقاپ كېتىپ-تۇ...

— كىمدىن ئاڭلىدىڭ؟

— ئەتىگەن مۇئەللىمى بىر بالىنى ئەۋەتىپ خەۋەر قىلدى، ... ئالدىنقى كۈنى كەچتە چىقىپ كەتكەنىكەن... ئەمدى قانداق قىلارمىز؟

— نېمە دەيدىغانسەن، خۇدايىم؟ — پەرىدە جىددىيلەشتى، — دادام ئۇقتىمۇ؟

— ئۇقمامدۇ؟ ھېلىقى بالا دادىڭ بار يەردە دېدى ئەمەسمۇ، — شەرۋان ئۆزىنى توختىتالماي يىغلاپ كەتتى، — دادىڭ سارالڭ بولاي دېدى، ئەتىگەندىن بۇيان ئۆينى بېشىغا كىيىپ تىلاۋاتىدۇ، خۇدايىم، نېمە تارتقۇلۇق بۇ؟ ئوقۇتمىساقمۇ بوپتىكەن، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

— ئاپا، سەۋر قىلغىن، — دېدى پەرىدە جىددىيلىشىپ، — مەن ھازىرلا مەكتىپىگە بېرىپ ئۇقۇپ باقاي، قورقۇپ كەتكۈدەك ئىشمۇ يوقتۇ؟ گەپ - سۆز قىلماي نەگىمۇ كېتەر... سەن ئۆيدە ئولتۇرۇپ تۇرامسەن؟

— ياق، مەن كېتەي... دادىڭدىن ئەنسىرەۋاتىمەن...

پەرىدە دۇكانغا كىرىپ يارمۇھەممەدكە ئەھۋالنى دېگەنىدى، ئۇمۇ چۆچۈپ كەتتى.

— مەن بېرىپ ئۇقۇپ باقاي، — دېدى ئۇ ئالدىراپ.

— ياق، — دېدى پەرىدە، — سىز ئاران تۇرىسىز، مەن باراي...

پەرىدە موتسىكلىتنى مىنىپ يېڭىتام تەرەپكە قاراپ چاپتى. ئۇنىڭ كۆزى يولدا بولسىمۇ كاللىسىنى ۋەھىمىلىك خىياللار چىرمىۋالغانىدى: «بۇ قىزغا نېمە بولغاندۇ؟... ئۆتكەن يەكشەنبە ئۆيگىمۇ كەلمىدى، ياكى بۇمۇ بىرىنى تېپىپ قاچقان بولغىيمىدۇ - يا؟... خۇدايىم ساقلا، ئۇنىڭغۇ بىرەرى بىلەن ئىش - پەش تارتىشىپ يۈرگىنىنى ئاڭلىمىغانىدىم، كىم بىلىدۇ؟... ھەممىدىن دادام بىلەن ئاپامغا ئۇۋال بولىدىدە، تۇرغان ئاكام

ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ مانا بىر يىلدىن ئاشتى. ئىز - دېرەكسىز يوق، ئۇنىڭ دەردىنى يۇتالماي تۇرغاندا مەن قېچىپ قويدۇم، ئەمدى كېلىپ خۇرشىدە بۇ دەردنى تاپتى… ئاتا - ئانا بولغۇچىغا ھەقىقەتەن ئېغىر كەلمەمدۇ، ئۇلار ئەل - يۇرتنىڭ ئالدىدا قانداق-مۇ باش كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ؟… مەنمۇ ئۆز ۋاقتىدا ئەجەبمۇ ئالدى-راپ كەتكەن ئىكەنمەن، بىرئاز چىداپ تۇرغان بولسام بەلكىم دادامۇ ئېرىپ «ماقۇل» دەپمۇ قالار بولغىيتتى؟! شۇ ئاچچىقى ھازىر غىچە يانمايۋاتىدۇ،… دادامدىنمۇ خاپا بولمىسام بولىدىكەن، ئەتە - ئۆگۈن مېنىڭ بالامۇ شۇنداق قىلسا ماڭىمۇ ئېغىر كېلەر… خۇرشىدە راستتىنلا بىرى بىلەن قاچقانمىدۇ؟ يەنە يېرىم يىللىق ئوقۇشى قالغان ئىدى - دە. ئەخمەق قىز، نېمە پوق يەپ بۇ ئەخمەقلىقنى قىلغاندۇ؟…»

پەرىدە شۇنداق ئەنسىز خىياللار بىلەن يېزىنىڭ ئوتتۇرا مەكتىپىگە كەلدى. پەرىدە ئۆزىگە تونۇش مەكتەپ قورۇسى، سىنىپلارغا قاراپ قويدى. دەرس ۋاقتى بولغاچقا مەكتەپ قورۇ-سىدا ھېچكىم يوق ئىدى. قايسىبىر سىنىپتىن ئايال مۇئەللىم-نىڭ چاڭقىلداپ سۆزلەپ دەرس ئۆتۈۋاتقان ئاۋازى كېلىۋاتاتتى. پەرىدە مۇئەللىملەر ئىشخانىسى جايلاشقان بىر قەۋەتلىك قاتار ئۆيلەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ موتىسىكلىتتىن چۈشۈپ تۇرۇشىغا ئىش-خانىدىن خۇرشىدەنىڭ سىنىپ مەسئۇلى بولغان ئەنۋەر مۇئەللىم چىقىپ كەلدى. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا پەرىدەنىڭمۇ سىنىپ مەسئۇلى بولغان ئىدى.

— پەرىدە، كەلدىڭىزمۇ؟ — دېدى ئۇ تىنچلىقمۇ سورىماس-تىن، — يۈرۈڭ، ئىشخانىغا كىرىپ سۆزلىشەيلى!

ئەنۋەر مۇئەللىم ئۇنى ئىشخانىغا باشلاپ كىردى. ئىشخانىدا ھېچكىم يوق ئىدى. باشقا مۇئەللىملەرنىڭ بولمىغانلىقى پەرىدەنى خۇش قىلدى.

— نېمە ئىش بولدى، مۇئەللىم؟ — دېدى پەرىدە ئالدىراپ.

— بىزمۇ نېمە بولغانلىقىنى ئۇقمىدۇق، — دېدى ئەنۋەر مۇئەللىم تاماكا تۇتاشتۇرۇپ تۇرۇپ، — نېمە بولدىكىن، بۇ مەۋسۇمدە خۇرشىدەنىڭ ئوقۇش نەتىجىسى ياخشى بولمايۋاتىدۇ. بەزى كۇنلىرى دەرسلەرگىمۇ قاتناشمايدىغان بولۇپ قالدى. مەن ساۋاقداشلىرىدىن سۈرۈشتۈرسەم بەزىدە ھېچكىمگە دېمەستىن نا-ھىيىگە كىرىپ - چىقىدىكەن، مەن بىر - ئىككى قېتىم ئىشخا-نىغا ئەكىرىپ تەنقىد قىلدىم. نېمە سەۋەبتىنكىن، يېقىنىنقىياقى بۇ قىز ئوقۇشقا تازا كۆڭۈل قويمايدىغان بولۇپ قالدى. قايسى كۇنى چارەكلىك ئىمتىھان ئالغاندۇق، ئىككى پەندىن ئۆتەلمەپ-تۇ، — مۇئەللىم ئۇستەل تارتمىسىدىن بىر ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ پەرىدەگە كۆرسەتتى، — پاراڭلاشسام گەپ قىلمايدۇ، ياكى ئۆيدە بىرەر ئەھۋال بولغانمىدى؟

— ياق… — دېدى پەرىدە.

— ئىقتىسادتىن قىيىنلىۋاتامدۇ - يە؟

— ئۇنداقمۇ ئەمەس، — دېدى پەرىدە بېشىنى چايقاپ، — ئالدىنقى ھەپتە ئۆيگە بارغاندا يەتكۈدەك پۇل بەرگەن، بىز ئۇنى ئوقۇۋاتىدۇ، دەپلا يۈرۈپتۇق. قاچان يوقاپ كەتتى؟

— جۇمە كۇنى دەرستە بار ئىدى، ياتاقتىكىلەرنىڭ دېيىشىد-چە، ئۇ شۇ كۇنى دەرستىن چۈشۈپلا ئۆيگە بارىمەن، دەپ چىقىپ كېتىپتىكەن، شۇ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە قوندۇزئاي دېگەن ئوقۇغۇچىمۇ يوق، ئىككىسى بىللىمۇ قانداق؟ بىرى ئۇلارنى ماگىزىندا كۆرۈپتۇ…

— ماگىزىندا؟ — پەرىدە ھەيران بولدى.

— ھەئە… ناھىيىدە ئۇرۇق - تۇغقىنىڭلار بارمىدى؟

— يوق…

— ئۇ ئەمىسە ياتاقتىكى قىزلارغا ناھىيىدە بىر نەۋرە ھەدەم بار دەپتىكەن، بۇ قانداق گەپ بولۇپ كەتتى؟… ناھىيىگە بېرىپ سۈرۈشتۈرۈپ باقسىڭىز بولىدىغان ئوخشايدۇ…

پەردە گاڭگىراپ قالدى. ئۇ خۇرشىدەدىكى بۇ ئۆزگىرىش-لەرگە ھېچ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ئۇنىڭ بىلىشىچە، ئۇ ھازىر-غىچە ئەلاچى بولۇپ ئوقۇپ كېلىۋاتاتتى. ھەر يىلى «بەشتە ياخشى ئوقۇغۇچى» بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلارنى ئالاتتى. «نېمە سە-ۋەبتىن بۇ يىل بىراقلا چېكىنىپ كەتكەندۇ؟ ئۇنىڭغا نېمە تەسىر قىلدى، ئىقتىسادتىن قىينالدىمىكىن دېسە مەن ھەر بارغىنىمدا ئاز - تولا بولسىمۇ بېرىپ تۇرۇۋاتىمەن، ئىلگىرى ئاي - ئايلاپ پۇل بەرمەيمۇ ياخشى ئوقۇپ كەلگەن، مەن تېخى ئۆتكەندە: ‹ياخ-شى ئوقۇ! سېنى چوقۇم ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتىمىز› دېگەندە ماقۇل دېگەن ئىدىغۇ؟ ئۇ ماڭا يالغان ئېيتقان ئىكەندە؟... چوقۇم بىرى بۇنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋاتىدۇ... قىز بالىنىڭ ئون يەتتە-گە كىرگەن ۋاقتى يامان چاغ ئىكەن، مەنمۇ شۇنداق بولدۇمغۇ، بۇنداق چاغدا ئۇنىڭ كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەي قالىدىكەن... مەن نېمىشقا بۇنى ئېسىمدىن چىقىرىپ قويغاندىمەن؟...»

پەردە ئەنۋەر مۇئەللىم بىلەن خوشلىشىپ ناھىيىگە كىردى. قاتناش بېكىتىگە بېرىپ ئايلاندى. بازاردىكى دۇكانلارنى ئارىلى-دى، ئۇنىڭغا خۇرشىدە بىرەر ماگىزىندىن «ھەدە!» دەپ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقىدىغاندەكلا تۇيۇلاتتى، ئەمما ئۇ شۇنچە ئايلىنىپمۇ ئۇنى ئۇچرىتالمىدى. ئۇنىڭ ھېرىپ ھالى قالمىدى، ئۇسساپ ئاغزى قۇرۇپ كەتتى، قورسىقىمۇ ئېچىپ تارتىشىپ كەتتى. ئۇ تاماق يېمەكچى بولۇپ ئادەم شالاڭراق بىر ئاشخانىغا كىردى، ئالدىغا پەرتۇق تارتىۋالغان ياش بىر ئايال بىر چەينەك چاينى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ تۇرۇپ سورىدى:

— نېمە تاماق يەيسىز؟

— يېرىم ئاش...

كۇتكۇچى ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قاراپ كېتىپ سورىدى:

— سىز پەردەغۇ؟ بۇلاقسايلىق؟...

پەردە ئۇنىڭغا قاراپ ئوڭايسىزلاندى.

— سىز؟...

— مەن خوشناي... يېڭىتاملىق... مەشرەپتە ئىككىمىز بىللە ئوسسول ئوينىمىدىقمۇ؟

— ۋېيەي... ئېسىم قۇرۇسۇن، — پەرىدە ھەيران بولدى، — سىز شۇ خوشنايمۇ؟ سىز مەشرەپتىن كېيىن مەكتەپ-كە كەلمىدىڭىزغۇ؟

— ئەخمەقلىق دەڭا، شۇ چاغدا سەنئەت ئۆمەككە ئارتىس ئالغۇدەك دېگەن گەپ چىقتى ئەمەسمۇ؟ مەن «ئارتىس بولىمەن» دەپ ئوقۇشنى تاشلاپ كەلمەيمەنمۇ، بىرنەچچە ئاي ئۆمەكنى پىر-قىراپ يۈردۈم، ئاخىرى شتات بەرمىدى، دەپ ئادەم ئالمايدىغان بولدى، مەنمۇ مەكتەپتىن قالدىم، ئاخىرى ئۆيدىكىلەرنىڭ زورى بىلەن ئەرگە تېگىپ ئولتۇردۇم.

— يولدىشىڭىز؟...

— قاسساپ... تازا قارا قورساقتىن دەڭا، پۇل دېگەننى گۆشنى پارچىلىغاندەك پارچىلاپ بېرىدۇ، ئاخىر چىدىماي: «مەن-مۇ تىرىك جان بولغاندىن كېيىن ئۆزۈم تاپايچۇ!» دەپ مۇشۇ ئاشخانىغا كىرىپ ئىشلەۋاتىمەن.

ئىشىك تۈۋىدىكى ئۈستەلدە ئولتۇرغان سېمىز ئايال ۋارقى-رىدى:

— خوشناي، مېھمانغا قاراڭ!

خوشناي ئۇنىڭغا قاراپ چىرايىنى پۈرۈشتۈردى ـ دە، يېڭى كەلگەن خېرىدارنىڭ ئالدىغا ماڭدى. پەرىدە چاي ئىچكەچ بۇ ساۋاقدىشىغا زەن سالدى، ئۇ راستىنلا ئۇسسۇلنى ئوبدان ئوي-نايتتى. سىنىپتا ھەممە قىزلارنىڭ ھەۋىسى كېلىدىغان زىلۋا، چىرايلىق قىز ئىدى. ھازىر بولسا ئاشۇ چاغدىكى ئىسكەتىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان، سالۋاراپ تەن قويۇپ كەتكەنىدى: «قىز بالا دېگەن شۇ ئىكەنغۇ، تۇرمۇشتىن تەلىيى كەلمىسە بىكار ئىكەن، خوشناي ئەگەر مەكتەپتە ئوقۇۋەرگەن بولسا بەلكىم ئالىي مەكتەپ-

لەرگە ئۆتۈپ كەتكەن بولار ئىدى، ئارتىس بولۇپمۇ كېتەتتى، تەقدىر پېشانە… خۇرشىدەمۇ بىرىگە مۇشۇ قىزدەك ئالدىنىپ كەتكەنمىدۇ، نەدە يۈرىدىغاندۇ؟…

خۇشناي تاماق كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— مەن ئۆزۈمنىڭلا گېپىنى قىلىپ سىزنى سورىماپتىمەن، — دېدى ئۇ، — ئۆزىڭىز نېمە قىلىۋاتىسىز، ئالىي مەكتەپكە كەتمەپسىز - دە؟

پەرىدە ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە ئېيتىپ بەردى.

— قىز بالا دېگەن شۇنداق ئاجىز بولىدىكەنمىزغۇ؟ — دېدى خۇشناي ھەسرەت بىلەن خۇرسىنىپ قويۇپ، — سىزمۇ ئاخىرى دېھقان بولۇپسىز دە، يارىغۇ نېمە بولمىسۇن ئوقۇغان، ئاڭلىق، ئازار بەرمەيدىغاندۇ؟… خۇدا ساقلىسۇن، ئوقۇمىغان قارا قورساقلارنى…

خوجايىن ئايال ئۇنى يەنە چاقىردى. خۇشناي ئۇنىڭغا قاراپ ئالىيىپ قويۇپ پەرىدەگە ئېڭىشىپ پىچىرلىدى:

— ماۋۇ چوشقا چىدىماي قېلىۋاتىدۇ، — دېدى كۆزى بىلەن ئىشارەت قىلىپ، — ئېرى سىرتتا ئوينىسا بار ئەلىمنى بىزدىن ئالىدۇ، ئېلىڭا، تاماق سوۋۇپ قالدى،

خۇشناي بىردەمدىن كېيىن يەنە پەرىدەنىڭ يېنىغا كەلدى.

— بۈگۈن بازارغا مالغا كىرىپسىزدە؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

پەرىدە باشتا سىڭلىسىنىڭ ئىشىنى دېمەي دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن تۇرۇپلا ئۇنىڭ كۆڭلىگە بەلكىم بۇ بازاردا بولغاندىن كېيىن خۇرشىدەنى كۆرگەن بولسا ئەجەب ئەمەس، دېگەن ئويغا كېلىپ بازارغا كېلىش مەقسىتىنى سۆزلەپ بەردى.

— سىڭلىڭىزنىڭ تەقى - تۇرقى قانداق؟ كىيگەن كىيىمىچۇ؟ — دەپ سورىدى پەرىدەنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بولۇپ.

پەرىدە ئۇنىڭغا خۇرشىدەنى سۈرەتلەپ بەردى.

— توختاڭ، توختاڭ!… — خۇشناي نېمىنىدۇر ئەسلەپ

تۇرۇپ كەتتى، — قايسى كۈنى ئۈچ قىز بىزنىڭ ئاشخانىغا تاماق يېگىلى كىرگەندى، سىڭلىڭىز شۇلارنىڭ بىرىگە ئوخشايدىغاندەك قىلىپ تۇرىدۇ...

بۇ گەپنى ئاڭلاپ پەرىدە جانلاندى.

— ئۇلار نەگە كەتتى، ئۇقتۇڭىزمۇ؟ — دېدى ئۇ ئالدىراپ.

— ئۇلارنىڭ دېيىشكەن گەپلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى، — دېدى خۇشناي، — پاراڭلىرىغا قارىغاندا ئۇلار شەھەردە بىر مېهمانخانىدا ئىشلەيدىغانىنىڭ گېپىنى قىلىشىپ ئولتۇرۇشتى، ئارىسىدىكى بىرى شەھەردىن چىققان قىزدەك قىلىدۇ، بۇ يەردە كۆرمىگەن، ئۇ قىزلارغا مېهمانخانىنىڭ خىزمىتىنى، ئايلىق مائاشىنى تونۇشتۇرۇپ بېرىۋاتاتتى.

— مېهمانخانىنىڭ ئىسمىنى دېيىشتىمۇ؟

— دېگەن، دېگەنتى؟ — خۇشناي ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتتى، — «چولپان» دېدىمۇ، شۇنىڭغا يېقىنراق بىرنېمە دېگەندەك قىلىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنى كۆرمىدىم. مېنىڭچە شەھەرگە كەتتىغۇ دەيمەن... ئاۋۇ شەھەردىن چىققىنى جىق قايىنامدا قايناپ چىققان نىمىدەك قىلىدۇ... تاماقنىڭ پۇلىنىمۇ شۇ تۆلىدى... هازىر ئاڭلىسام، مېهمانخانا دېگەندىمۇ هەر خىل ئىشلار بار دەيدۇ...

پەرىدەنىڭ ۋۇجۇدىغا مۇزدەك تىترەك ئولاشتى، كۆز ئالدىغا خۇرشىدەنىڭ تاتارغان سولغۇن چىرايى، قان - قان يىغلاۋاتقان هالىتى كېلىپ، تاماقنىمۇ يېمەستىن ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى:

— خۇشناي! موتونى ئاشخانىغا قويۇپ قويسام بولارمۇ؟ — دېدى ئۇ.

— شۇ تاپتا شەهەرگە ماڭاي دەمسىز؟

— هەئە، هازىرلا ماڭاي...

— بوپتۇ، قويۇپ قويۇڭ...

— رەهمەت سىزگە، — دېدى پەرىدە موتسىكلىتنى ئەكىرىپ

قويۇپ، ئاندىن ئاشخانىدىن چىقتى - دە، قاتناش بېكىتىگە يۈگۈردى.

## 18

خۇرشىدەگە ئوقۇش بارغانچە تەس، جاپالىق تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ھەر كۈنى سائەتلاپ قاتتىق پارتىدا ئولتۇرۇش، تۈگىمەس فورمۇلانى يادلاش، كەچتە يەنە مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ تاپشۇرۇقلارنى ئىشلەش، ھەر كۈنى تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان بۇ ئىشلاردىن ئۇ بارغانچە بىزار بولۇشقا باشلىدى... «ھەددىمىزلا شۇنچە يىل ئەلاچى بولۇپ ئوقۇدى، ئاخىر نېمە بولدى؟ يەنە ئۆيگە قايتىپ باردى، ئوقۇغانلىرى بىكار بولدى، ھېلىمۇ تەلىيى كېلىپ ياردەمكامغا تېگىشىپتۇ، بولمىسا دېھقان بولۇپ ئېتىزلىقتا ئىشلەر ئىدى. مەنغۇ مەكتەپنى تۈگىتەرمەن، ئۇنىۋېرسىتېتلارغا ئۆتتۈم دېگەندىمۇ نېمە بىلەن ئوقۇيمەن؟ ئۆينىڭ ئەھۋالى ئاۋۇ، ئۇلار مېنى قايسى پۇلى بىلەن ئوقۇتىدۇ؟ ھەددىمغۇ مەن ياردەم قىلىمەن دەيدۇ. ئۇمۇ قانچىلىك قىلالايدۇ؟ ئۇمۇ ئېرىنىڭ قولىغا قارايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇپ كەلگەن باللارمۇ خىزمەت تاپالماي بىكار يۈرۈشىدۇ، ماڭا ئوخشاش دېھقاننىڭ قىزىغا خىزمەت نەدە تۇرۇپتۇ؟...» خۇرشىدە شۇلارنى ئويلىغانسېرى ئوقۇشتىن كۆڭلى سوۋۇپ كەتتى... ئۇ ئارىلاپلا مىجەزىم يوق دەپ دەرسكىمۇ چىقماي قوياتتى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۇ دەرسكە چىقمىغىنىچە خۇشياقماي كىتاب ئوقۇپ ياتقانىدى، قوشنا ياتاقتىكى ساۋاقدىشى قۇندۇزئاي كىرىپ كەلدى، بۇ قىز ئارىتام كەنتىدىن كەلگەن بولۇپ، ناخشىچى قىز ئىدى. مەكتەپتە بىرەر پائالىيەت بولسا ناخشا ئېيتىپ چىقاتتى. ئوتتۇرا بوي، بۇغداي ئۆڭلۈك بۇ قىز دەرسلەردە تولىمۇ ئاجىز بولۇپ، تولىراق ئىمتىھانلاردا خۇرشىدە ياردەم قىلىپ

بەرگەچكە خۇرشىدە بىلەن يېقىن ئۆتەتتى.

— دەرسكە چىقماپسەنغۇ؟ — دېدى ئۇ ياتاققا كىرىپلا.

— بېشىم ئاغرىپ تۇرىدۇ، — خۇرشىدە كىتابتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ چىرايىنى تۈرۈپ دېدى، — نېمە دەرس ئۆتتى؟

— سىياسەت، — قۇندۇزئاي ئۇنىڭ قولىدىكى كىتابنى قايرىپ ئىسمىغا قارىدى، — خانىم ـ قىزلار بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلار... پاھ ... نېمە دەپتۇ؟

— جىق گەپ...

— قۇرۇق گەپ دېگىنە، — قۇندۇزئاي قولىنى سىلكىدى، — ھەي، بازارغا كىرىپ چىقايلىمۇ؟ «بۈگۈن مەيداندا ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن ئارتىسلار ئويۇن قويىدۇ» دەيدۇ، كۆرۈپ كېلەيلى.

باشتا خۇرشىدەگە خۇشياقمىغانىدى، قۇندۇزئاي ماڭماقچى بولۇۋېدى، ئۇمۇ قىزىپ قالدى، «بارسام بارايچۇ! ياتاقتا نېمىش قىلارمەن، ئويۇن كۆرگەچ ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقىرىپ كەلمەيمەن-مۇ» دەپ ئويلىدى ـ دە، بېرىشقا ماقۇل بولدى. ئىككى قىز كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ مەكتەپتىن ئوغرىلىقچە چىقتى ـ دە، ئىككى سومغا موتسىكلىتنى كىرا قىلىپ بازارغا ماڭدى. كەچ كۈزنىڭ قىسقا كۈنى بىردەمدە تۈگەپ قاراڭغۇ چۈشتى، لېكىن شەھەر ئېلېكتر چىرىغىدا كۈندۈزدەك يورۇپ كەتكەن، كوچىلار ئادەملەر بىلەن تولغانىدى. ئۇلار مەيدانغا كەلدى، مەيداندا ئادەم-لەر شالاڭ، سەھنىمۇ يوق، بۇ يەردە ئويۇن قويىدىغاندەك قىل-مايتتى. ئۇلارنىڭ روھى چۈشۈپ قۇرۇق قايتىپ كېتىشكە كۆڭ-لى ئۇناشماي بىردەم كوچا ئايلاندى، ماگىزىنلارنى ئايلاندى. ئەمدى ئايلانغۇدەك يەرمۇ قالمىغانىدى، ئۇلار تۆتكوچىنىڭ دوق-مۇشىغا كېلىشكە بىرىنىڭ چاقىرغان ئۈنى ئاڭلاندى:

— قۇندۇزئاي! ...

ئۇلارنىڭ ئالدىغا پۈرۈر كىيىنگەن، چېچىنى سارغۇچ بويى-

ۋالغان قاملاشقان بىر قىز كەلدى. ئۇنىڭدىن ئەتىرنىڭ پۇرىقى گۇپۇلدەپ ئۇرۇپ تۇراتتى. قۇندۇزئاي ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ قالدى.

— مېنى تونۇمايۋاتامسەن؟ — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — تۇۋا، مانى... مەن ساجىدە ئەمەسمۇ؟

— ۋيەي، ساجىدە ھەدەممۇ؟ — قۇندۇزئاي ھەيران بولدى، — ئۆزگىرىپلا كېتىپسىز، سىزنى شەھەردە ئىشلەۋاتىدۇ، دەپ ئاڭلىغانتىمغۇ؟

— شەھەردە، بۇ يەرگە بىر تۇغقىنىمىزنىڭ تويىغا چىققان... ئۇ خۇرشىدەگە ئىتتىك قارىۋېتىپ سورىدى، — بۇ قىز؟...

— مېنىڭ ساۋاقدىشىم، بۇلاقسايلىق، ئىسمى خۇرشىدە، — دېدى قۇندۇزئاي ئۇنى تونۇشتۇرۇپ، — «بوگون ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن ئارتىسلار ئويۇن قويىدىكەن، دەپ ئاڭلاپ كۆرەيلى» دەپ كەلسەك يوقكەن.

— ھە، ئۇلار دۆڭ مەھەللە يېزىسىدا قويىدىغان بوپتۇ، — دېدى ئۇ قاشلىرىنى سوزۇپ، — ھە، مەكتەپنى تۈگەتتۇقمۇ؟

— ياق، كېلەر يىلى تۈگەيدۇ...

— ئۇنىۋېرسىتېتلاردا، ئوقۇيدىغان خىيال بارمۇ؟

— ئۇنىۋېرسىتېتلارغا ئۆتەلەيمىزمۇ كىم بىلىدۇ، — دېدى قۇندۇزئاي ئاچچىق كۈلۈپ، — ئۆتسەكمۇ نېمە بىلەن ئوقۇيمىز؟

— راست دەيسەن! ... ھازىر ئوقۇش ھەققى ئۆرلەپ كەتتى، بىر يىلدا ئون مىڭ سوم بولمىسا ئوقۇغىلى بولمايدۇ، لېكىن شۇنچىلىك پۇل تۆلەپ ئوقۇپ چىقساڭ خىزمەت نەدە؟ بىزنىڭ مېھمانخانىدا ئۇنىۋېرسىتېت پۈتتۈرۈپ كەلگەن باللار كۈتكۈچى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ... شۇڭا قاراپ ئوقۇشنىڭمۇ ئەتىۋارى قالماپتۇ، دەپ قالدىم...

— سىز مېھمانخانىدا ئىشلەۋاتامسىز؟ — قۇندۇزئاي سورىدى.

— ھەئە... ئىككى يىل بولدى...

— قانداقراق؟

ساجىدە ئىككى قىزنىڭ ئۆزىگە قىزىقىپ قالغانلىقىنى سېزىپ ئىتتىك گەپنى يۆتكىدى.

— مۇنداق قىلايلى، كوچىدا پۇلغا ئالمىغان مەدىكاردەك تۇرۇپ كەتتۇق، بىرەر ئاشخانىغا كىرىپ پاراڭلاشمامدۇق، — دېدى ئۇ كۇلۇپ تۇرۇپ. قىزلارنىڭ ئوڭايسىزلانغاندەك بىر-بىرىگە قاراشقىنىنى كۆرۈپ قوشۇپ قويدى، — خىجىل بولماڭلار، مەن مېھمان قىلىمەن...

خۇرشىدە بىلەن قۇندۇزئاينىڭ قورسىقىمۇ ئاچقانىدى. شۇڭا ئۇلار تۇزۇت قىلماستىنلا ماقۇل بولۇشتى. ساجىدە ئۇلارنى چوڭ بىر ئاشخانىغا باشلاپ كىرىپ كۈتكۈچىدىن سورىدى:

— ئايرىم ئۆيۈكلار بارمۇ؟

كۈتكۈچى قىز ئۇلارنى ئىچكىرىدىكى چاققانغىنە بىر خانىغا باشلاپ كىردى.

— نېمە تاماق يەيسىلەر، تارتىنماي دەڭلار، — دېدى ئۇ ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، — مەكتەپنىڭ تامىقىنى ئوبدان بىلىمەن، قېنى...

خۇرشىدە بىلەن قۇندۇزئاي خىجىل بولۇپ دېگىلى ئۇنىمىدى، ئاخىر ساجىدە ئۆزى بىرنەچچە خىل تاماقلارنى بۇيرۇدى. خۇرشىدە ئۇنىڭ قورقماي بۇيرۇۋاتقىنىغا ھەيران بولۇپ ئولتۇراتتى... «بۇ تۇرقىدا خېلى پۇل تاپقاندەك تۇرىدۇ، كىيگەن كىيىملىرىمۇ ئېسىل ئىكەن، بويىنىدىكى ئالتۇن زەنجىرى ئەجەب چىرايلىقكەن... قولىدىكى ئۈزۈكلىرىچۇ؟... قانچە ئايلىق ئالىدىغاندۇ؟...»

ساجىدە خۇرشىدەنىڭ ئۆزىگە ھەۋەس بىلەن قاراپ قالغانلىقىنى سېزىپ بولدى، ئۇ: «قىزلارنى كۆرۈڭلار» دېگەندەك چاپىنىنى سىلىغۋەتتى. ئەمدى ئاپئاق بويىنىدىكى ئالتۇن زەنجىرى

چىراغ نۇرىدا «يالت ـ يۇلت» قىلىپ قىزلارنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتتى.

— قۇندۇزئاي بايا مېنىڭ ئىشلەۋاتقان يېرىمنى سوراپ قالـ دى، — دەپ سۆزىنى باشلىدى ساجىدە، — ئەمدى سىلەرگە دەپ بېرەي، سىلەرنى ئۆز كۆرۈپ دەۋاتىمەن، مەنمۇ ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا سىلەرگە ئوخشاش مەكتەپتە ئوقۇغانىدىم، مەكتەپنى تۈـ گەتكەندىن كېيىن ئۈنىۋېرسىتېتقا ئۆتەلمەي يېزىغا يېنىپ بارـ دىم. بىزنىڭ ئۆينىڭ ئەھۋالىنى مانا قۇندۇزئاي ئوبدان بىلىدۇ. بىز سەككىز بالا، مەن ئەڭ كەنجىسى، ئاكىلىرىم، ھەدىلىرىم ھەممىسىلا دېھقان. مېنىمۇ شۇ دېھقان تەقدىرى كۈتۈپ تۇراتتى. بىرنەچچە ئاي ئۆيدە ئولتۇرۇپ باقتىم. «مەن شۇنچە يىل ئوقۇپ ئاخىر دېھقان بولارمەنمۇ؟» دەپ ھەسرەت چېكەتتىم. قىز بالا ئۆيدە ئولتۇرۇپ قالسا ئاتا ـ ئانىغىمۇ يۈك بولىدىكەن. كۈنلەر ئۆزارغانسېرى ئۆز ئۆيۈمگە پاتمىغىلى تۇردۇم. ئاخىر ئويلاپ: «مۇشۇ ئارىتامدىن بۆلەك مەن كۈن كۆرگۈدەك يەرمۇ باردۇ؟ چىقىپ كۆرۈپ باقمايمەنمۇ؟» دېگەن يەرگە كېلىپ تەۋەككۇل قىلىپ شەھەرگە كىردىم. شەھەر دېگەن مىڭ دېگەن بىلەن قوينى كەڭ جاھان ئىكەن، باشتا بىر ئاشخانىدا ئىشلىدىم، لېكىن ئۆزۈن ئۆتمەيلا مېھمانخانىغا ئالماشتىم... ھازىر مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، ھال ـ كۈنۈم ياخشى... شۇنىڭغا دەيمەن، ئۆز ۋاقتىدا تەۋەككۇل قىلىپمۇ توغرا قىلغان ئىكەنمەن، بولمىسا، يېزىدا توپىغا مىلىنىپ يۈرەر بولغىيتتىم...

ساجىدەنىڭ سۆزلىرى ئىككى قىزغا قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇلار ساجىدەگە ھەۋەسلىنىپ ئاغزىغا قاراپلا قالدى. ھەممىدىن قۇندۇزئاي ھاياجان بىلەن سورىدى:

— ئايلىقىڭىزمۇ يۇقىرى ئوخشايدۇ ـ ھە؟

— ئايلىقىم مىڭ سوم، لېكىن مۇكاپاتى ياخشى، تاماق ـ ياتاققا پۇل ئالمايدۇ...

قۇندۇزئاي بىلەن خۇرشىدە ھەيران بولغان، قىزىققان ھالدا بىر - بىرىگە قارىشىپ قويىدى. «بىر ئايدا مىڭ سوم ئايلىق، — خۇرشىدە ئەندىككەن ھالدا ئويلىدى، — يېزىدا بىر يىلدىمۇ ئۇنچىلىك پۇلنى كۆرگىلى بولمايدۇ. جاپامۇ تارتمايدىغان ئىش، ئەتە - ئۆگۈن مەنمۇ مۇشۇ قىزدەك ئېسىل كىيىملەرنى كىيگەن بولسام... شەھەردە پۇلنى شۇنداق ئاسان تاپقىلى بولامدىكىنە، توۋا... ھەددەم كەچكىچە ئوقۇلا دەيدۇ، ئوقۇغان بىلەن خىزمەت قېنى؟ يەنە بەش - ئالتە يىلغىچە قېرىپ كېتەرمەن؟... ئۇنىڭدىن مۇشۇ قىزدەك تەييار ئورۇن بولسا ئىشلىگىنىم ياخشى ئەمەسمۇ؟...»

قۇندۇزئاي بولسا ئۇنىڭدىن ئۆتەر قىزىقىپ قالدى، ئىككىسىنىڭ كەيپىياتىنى كۆزىتىپ ئولتۇرغان ساجىدە ئۇلارنى تېخىمۇ قىزىقتۇرغىلى تۇردى:

— تۈنۈگۈن ئارىتامغا بارغانىدىم، — دېدى ئۇ بېشىنى چايقاپ، — توۋا! ئاشۇ قىيامەتتىمۇ ياشاپتىمەن، دەپ قالدىم، مەھەللىدىكى تەڭتۇشلىرىمنى كۆرۈپ كۆزۈمگە ئىشەنمەي قالدىم، ئالدى نەچچە بالىلىق بولۇپ موماي بولۇشۇپلا كېتىپتۇ، «مەنمۇ سەھرادا يۈرۈۋەرگەن بولسام شۇلاردەك بولاتتىم - ھە!» دەپ قالدىم.

قۇندۇزئاي ئاخىر چىدىمىدى:

— راست دەيسىز، — دېدى ئۇ، — بىزنىڭ ئۇ يېزىلار قاچان شەھەردەك بولغۇچە بىز قېرىپ تۈگەيمىز... شۇڭا مەھەللىدىگە پەقەتلا بارغۇم يوق...

— ئۇنداق يېرى بولسا شەھەرگە كىرىڭ...

— شەھەردە ئىش تاپقىلى بولامدۇ؟ بىز ھېچكىمنى تونۇمايمىز - دە؟

— مەن بارغۇ؟ — دېدى ساجىدە دەرھال، — ئەگەر راستىتىنلا ئىشلەيمىز دېسەڭلار مەن ياردەم قىلاي، سىلەردەك چىرايـ

لىق، ئوقۇغان قىزلار شۇنداق ئەتىۋار... بىزنىڭ مېھمانخانىغىمۇ ئادەم كېرەك...

— راستمۇ؟ — قۇندۇزئاي خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە خۇرشىدەگە قاراپ دېدى، — قانداق، ئاداش، ئىشلىگۈڭ بارمۇ؟

خۇرشىدەنىڭ خىيالىمۇ شۇ ئىدى، ئۇمۇ دەرھال قوشۇلدى.

— مېھمانخانىدا ئىشلەيدىغان ئىش بولسا بوپتۇ، ئىشلەيلى، — دېدى ئۇ.

— ساجىدە ھەدە، ئەمىسە سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇق، — دېدى قۇندۇزئاي خۇشال بولۇپ، — بىزگە بىر ياخشىلىق قىلىڭ!...

— راست ئىشلەمسىلەر؟ — ساجىدە ئىشەنمىگەندەك قايتىلاپ سورىدى، — ئۆيدىكىلەر ئۇنارمۇ؟ ئاۋۋال ئۇلاردىن سوراپ بېقىڭلار!

— ئۆيدىكىلەرنىڭ رايىغا باقساق بىزنى ئۆلسىمۇ بىر يەرگە ئەۋەتمەيدۇ، — دېدى خۇرشىدە بېشىنى چايقاپ، — ئەڭ ياخشىسى، ئۇلارغا دېمىگىنىمىز تۈزۈك.

— راست دەيدۇ، ساجىدە ھەدە، — دېدى قۇندۇزئاي ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، — ئۇلار بىزنى ئوقۇلا دەيدۇ، باشقا ئىش يوق...

— ھەر ھالدا ئوبدان ئويلىنىپ بېقىڭلار، — دېدى ساجىدە ئىشەنمىگەندەك بولۇپ، — ھازىر ماقۇل دەپ قويۇپ، شەھەرگە كىرگەندە ئۆينى سېغىنىدىم، كېتىمەن دېسەڭلار مېنى ئوسال قىلىپ قويىسىلەر جۇمۇ!

— ياق، سەھرادىن قۇتۇلساقلا بولدى.

— سىزنى ھەرگىز يەرگە قاراتمايمىز...

— مەنغۇ سىلەرگە ئىچىم ئاغرىپ يـاردەم قىلاي دەۋاتىمەن، — دېدى ساجىدە قاش ـ قاپىقىنى سۈزۈپ تۇرۇپ، — بۇ كۈندىغۇ بىرىگە ياخشىلىق قىلساڭ ئۇنىڭدىن يامانلىق ياندىغان

زامان بولۇپ قاپتۇ. ئۆتكەندە بىر سەھرالىق نېمىگە ئىچىم ئاغ-رىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويسام، تۈزۈك ئىشلىمەي، ئاخىر قېچىپ كەتتى، شۇنىڭدىن كېيىن پەندىيات دېگەنتىم...

— بىز ئۇنداق قىلماسمىز، ساجىدە ھەدە، — قۇندۇزئاي ئۇنىڭغا يالۋۇردى، — بۇ ياخشىلىقىڭىزنى ھەرگىز ئۇنتۇماي-مىز...

— خاتىرجەم بولۇڭ، بىز ئۇنداق نائىنسابلىق قىلماي-مىز، — دېدى خۇرشىدە...

ساجىدە ئالدىدىكى بۇ ئىككى قىزنىڭ ئوتتەك قىزغانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلى تىنغاندەك بولدى، ئۇ سەل تۇرۇپ كېتىپ ئۇلار-غا:

— مەن ئاۋۋال دىرېكتور بىلەن سۆزلىشىپ باقاي، ئۇ بۇ كەمگىچە ئادەم ئېلىپ قويدىمۇ قانداق؟ — دېدى.

ساجىدە شۇنداق دېدى ـ دە، قول سومكىسىدىن پارقىراپ تۇرغان قىپقىزىل يانفوننى ئېلىپ نومۇرلارنى تېز ـ تېز باستى، خۇرشىدە ئۇنىڭ يانفوننى كۆرۈپ ئىچىگە ئوت كەتتى، «مەن قاچانمۇ ئاشۇنداق يانفونلارنى تۇتىدىغان بولارمەن؟...» دەپ ئوي-لىدى ئۇ ھەسرەت بىلەن...

ساجىدە يانفوندا بىرى بىلەن قىسقىچە سۆزلەشتى. ئىككى قىز ئۇنىڭ چىرايىغا ئۈمىد، تەخىرسىزلىك بىلەن قاراپ تۇردى. ساجىدەنىڭ چىرايىدا كۈلۈمسىرەش پەيدا بولدى، ئۇنى كۆرۈپ، ئىككىسىنىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشۈپ خاتىرجەم بولدى.

— ھېلىمۇ ۋاقتىدا تېلېفون قىپتىمەن، — دېدى ساجىدە خۇشخۇي ھالدا، — دىرېكتور بۈگۈن ئىككى قىز كەلگەنىدى، مەن «ئەتە كېلىڭلار» دەپ قويغان دەيدۇ. سىلەرنى دېسەم، «ئۇنداق بولسا بوپتۇ، ئاۋۇ ئىككىسىنى قايتۇرۇۋېتەي» دېدى.

— رەھمەت، ساجىدە ھەدە، — دېدى» قۇندۇزئاي دەرھاللا...

— ئەمىسە گەپ شۇنداق بولدى، — دېدى ساجىدە بۇيرۇق قىلغاندەك، — دىرېكتور مېنى دەرھال يېنىپ كەلمىسەڭ بولمىدى دەپ كېتىۋاتىدۇ، ئەتە مېڭىش كېرەك، چاتاق يوقتۇ؟
— سىز قاچان دېسىڭىز بىز تەييار.
— بۈگۈن ماڭساقمۇ مەيلى...
— ئەتە ماڭايلى، بۈگۈن سىلەرمۇ بېرىپ ئانچە - مۇنچە تەييارلىقىڭلارنى قىلىۋېلىڭلار، ئەتە سائەت تۆتتە بېكەتتە كۆرۈشەيلى، بولامدۇ؟... لېكىن ماڭىدىغانلىقىڭلارنى ھېچكىمگە دېمەيسىلەر جۇمۇ!...
— ماقۇل.
— خاتىرجەم بولۇڭ!
ئۇلار شۇنداق كېلىشتى، خۇرشىدە بىلەن قۇندۇزئاي بۇ تاسادىپىي كەلگەن ئامەتتىن خۇشاللىقى تېنىگە پاتماي قېلىشتى. ئۇلار مەكتەپكە كەلگۈچە شەھەردىكى ھاياتى توغرىسىدا تاتلىق ئارزۇلارنى قىلىشىپ كېلىشتى. تەلەيلىرىنىڭ ئوڭغا تارتقانلىقىدىن شادلىنىشتى.
بۇ كېچە خۇرشىدەنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى، «تەقدىر دېگەن مۇشۇنداق بولسا كېرەك، — دەيتتى ئۇ تورۇسقا قاراپ ياتقىنىچە ھاياجان ئىلكىدە، — تۇۋا! تېخى ئەتىگەندە ھېچبىر ئىشتىن خەۋەر يوق ئىدى، مانا ئەمدى ھەممە نەرسە ئۆزگىرىپ كەتتى، مېھمانخانىدا نېمە خىزمەتنى بېرەر؟ تاماق توشۇمدىمەن، ياتاقتا بۆلەمدىغاندۇ، مەيلى ئەمەسمۇ، ئىشقىلىپ، دېھقان بولغاندىن مىڭ ياخشى! پاكىز، ئاپتاپ كۆرمەيمەن، ياخشىراق ئىشلىسەم ساجىدەدەك باشلىقمۇ بولۇپ قالارمەن... نېمە بولمىسۇن، بىر ئايدا قولۇم پۇل كۆرۈپ تۇرىدۇ، ئەمدى ھەدەمگىمۇ سارغايمايدىغان بولدۇم... مېڭىشىمنى ھەدەمگە دەيمۇ - دېمەيمۇ؟ دېسەم، تۇرغان گەپ، ئۇنىمايدۇ. ‹تۇرغانكامنىڭ كەتكىنى ئاز دەپ سەنمۇ تاشلاپ كېتەمسەن› دەيدۇ ھەرقاچان، لېكىن مەن

تۇرغانكامدەك يېتۇپ كەتمەيمەن، پات ـ پات ئۆيگە كېلىپ تۇرد-مەن، ئەگەر ئايلىقىڭىزغا راستتىنلا مېنىڭ سوم بەرسە ئۆيدىكىلەر-گىمۇ پۇل ئەۋەتىپ تۇرارمەن...» خۇرشىدە شۇنداق تاتلىق خىيال-لار بىلەن تاڭنى ئاتقۇزدى.

ئەتىسى ئۇلار چاندۇرماستىن دەرسكە چىقتى. دەرسلەر تۈ-گىشى ھامان خۇرشىدە ياتاقتىكى قىزغا: «ئۆيگە بېرىپ كىر ـ قاتلىرىمنى يۇيۇپ كېلەي!» دەپ قويۇپ مەكتەپتىن چىقتى ۋە چوڭ يولغا چىقىپ موتسىكلىتنى كىرا قىلىپ ئۇدۇل بېكەتكە كەلدى. ئۇنىڭ كەينىدىن قۇندۇزئايمۇ يېتىپ كەلدى، ساجىدە ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن. ئۇ:

— تونۇشۇڭلار ئۇچراشمىغاندۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق...

— يۈرۈڭلار! — دېدى ئۇ ئىككىسىگە ۋە ئۇلارنى دەرۋازد-نىڭ سىرتىدا تۇرغان پىكاپقا ئېلىپ ماڭدى. قۇندۇزئاي ھەيران بولۇپ سورىدى:

— ئاپتوبۇستا ماڭمايمىزمۇ؟...

— ئاپتوبۇستا تونۇش ـ بىلىشلەر ئۇچراپ قالسا ياخشى ئەمەس، كىچىك ماشىنىدىلا ماڭايلى، قورقماڭلار، كىرانى مەن تۆلەيمەن.

ئۇلار ئۇچى «سانتانا» غا ئولتۇرۇپ شەھەرگە قاراپ ماڭدى. خۇرشىدەگە تونۇش يوللار، مەھەللىلەر بىر ـ بىرلەپ ئارقىدا قالماقتا ئىدى. ئۇ يېڭى، يـوچۇن بىر دۇنيـاغا قاراپ كېتىۋات-قانلىقىنى ھېس قىلىپ قەلبىنى ھودۇقۇش، ئەنسىرەشكە ئوخ-شاش بىر سېزىم چۇلغىۋالدى ۋە ئالدىدا ئولتۇرغان ساجىدەنىڭ يەلكىسىگە قورقۇمسىراپ قاراپ قويدى: «بىزنى ئالداپ ئېلىپ ماڭمىغاندۇ ـ ھە؟ — تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ كاللىسىغا شۇ ۋەھىمد-لىك سوئال كىردى، — ھازىر قىزلارنى، كىچىك بالىلارنى چىرايلىق گەپ بىلەن ئالداپ ئېلىپ مېڭىپ، يامان ئىشلارغا

سالىدىغان، باشقىلارغا سېتىۋېتىدىغانلار بار دەيدۇ، ئۇنداق قىلىماس ـ ھە، قۇندۇزئايىنىڭ مەھەللىلىكىكەن، ئۇنداق قىلىدىغاندەك ئەمەسقۇ، خۇدايىم ساقلا!...»

پىكاپ بىردەمدىلا شەھەرگە يېتىپ كەلدى، قەۋەت ـ قەۋەت بىنالار، مىغىلداپ يۈرگەن ئادەملەر، ماشىنىلارغا قاراپ خۇرشىدەنىڭ كۆزى ئالا چەكمەن بولدى. ئۇ ھازىرغىچە شەھەرگە كېلىپ باقمىغان، بىر كۆرۈش ئارزۇسى بار ئىدى. مانا بۇ شەھەر ئۇنى قايناق ھاياتى بىلەن قارشى ئالدى. «خۇدايىم بۇيرۇسا، ئەمدى ئۇ مۇشۇ يەردە ياشايدۇ، ئۇنىڭ يېڭى ماكانى مۇشۇ.»

ماشىنا نۇرغۇن كوچىلاردىن ئۆتۈپ چەتتىرەك بىر كوچىدىكى ئىككى قەۋەتلىك بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. بىنانىڭ پېشانىسىدىكى يوغان تاختايدىكى «چولپان قەھۋەخانىسى» دېگەن رەسىملىك ۋىۋىسكا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ساجىدە كىرا پۇلىنى تۆلىگەندىن كېيىن بىناغا قاراپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇشقان ئىككى قىزنى باشلاپ ئىچكىرىگە كىردى. بىنانىڭ ئىچى كارىدورلۇق بولۇپ غۇۋا ئىدى. ساجىدە ئىككى قىزنى كارىدورنىڭ بېشىدىكى بىر ئۆيگە باشلاپ كىردى. ئىككى تەرەپتىكى ئىشىكلەرنىڭ ئالدىدا بىر خىل فورما كىيگەن كۆتكۆچى قىزلار خۇددى ھەيكەلدەك قېتىپ تۇرۇشاتتى. ئۇلار خۇرشىدە بىلەن قۇندۇزئايغا بېشىدىن ـ ئايىغىچە سەپسېلىپ بىر ـ بىرىگە كۆز ئىشارىتى قىلىشاتتى. خۇرشىدە ئۇلارنىڭ قارىشىدىن قانداقتۇر بىر سوغۇقلۇقنى ھېس قىلىپ ئەندىككەندەك بولدى.

چەتتىكى ئۆيدە ئوتتۇرا ياش، سېمىز بىر ئايال ئۇستەلدە ئولتۇرۇپ ھېساب قىلىپ ئولتۇراتتى، ئۇ كىرگەنلەرگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى ـ دە، ئىشىنى قىلىۋەردى. ئارىدىن بىرنەچچە سېكۇنت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ خۇرشىدە بىلەن قۇندۇزئاينىڭ پۇتىدىن تارتىپ بېشىغىچە خۇددى مالنى كۆرگەندەك تەپسىلىي قاراپ چىقتى ـ دە، ساجىدەگە قاراپ

بىشىنى بىلىنەر - بىلىنمەس سىلكىپ قويدى.

— تونۇشۇپ قويۇڭلار، — دېدى ساجىدە قىزلارغا قاراپ، — بۇ ياق مېھمانخانىنىڭ دىرېكتورى گۈلسۈمدەم بولىدۇ، ئۇ ياق سىلەرگە نېمىش قىلىدىغانلىقىڭلارنى دەپ بېرىدۇ، — دېدى ئۇ ئەركىلىگەندەك ئۆزىنى ئويىنىتىپ، — مېنىڭ ۋەزىپەم تۈگىدى، گۈلسۈمدە، بېرىپ مۇنچىغا چۈشۈۋالاي، كەچتە كېلىمەن، — دېدى.

ساجىدە چىقىپ كەتتى، سېمىز ئايال خۇرشىدە بىلەن قۇندۇزئاينىڭ ئىسىملىرىنى، يېشىنى، ئوقۇش ئەھۋالىنى بىر-بىر قۇر سورىغاندىن كېيىن ئۇلارغا قىلىدىغان ئىشلارنى دەپ بەردى:

— ئىككىڭلارنىڭ قىلىدىغان ئىشى مېھمان كۈتۈسىلەر، كەلگەن مېھمانلار نېمىنى تەلەپ قىلسا شۇنى قىلىسىلەر، بۇرۇن مېھمان كۈتۈپ باققانمۇ؟

— ياق، — دېيىشتى قىزلار ئەندىكىپ.

— ئۇنداق بولسا بىر - ئىككى كۈنگىچە كۈتكۈچى قىزلارنىڭ كەينىدە ئۆگىنىسىلەر...

ئۇ شۇنچىلىك قوپال، تەرى سۆرۈن ئىدى، خۇرشىدە ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ كۆڭلىنى بىر ۋەھىمە باستى، «بەلكىم ماڭا شۇنداق كۆرۈنۈۋاتامدىكىن؟ ئەتە - ئۆگۈنگىچە ئۆگىنىپ قالارمەن» دېدى ئۇ ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ.

خۇرشىدە بىلدىكى، بۇ يەرنىڭ تىجارىتى ئاساسەن كەچتە بولاتتى، قاياقلاردىن كېلىدىكىن، قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەن تەڭ، قەھۋەخانا مېھمانلار بىلەن توشۇپ كېتەتتى. تولاراق ئوتتۇرا ياش، چوڭلار كېلەتتى، بەزىلەر قىزلارنى باشلاپ كېلەتتى، ئۇلار ئايرىمخانىلاردا بولۇشچە ئىچىپ، قىزلارنى قۇچاقلاپ، تانسا، ئۇسسۇل ئوينىشاتتى، يېرىم كېچىگىچە قىيا - چىيا قىلىشىپ، غەرق مەست بولۇشۇپ قايتىشاتتى. خۇرشىدە بۇ ئادەملەرگە قاراپ ھەيران بولدى: «تۇۋا، چوپچوڭ، سالاپەتلىك ئادەملەر ئىكەن،

ئۆيلىرى، بالا ـ چاقىلىرىمۇ بار بولغىيتتى، نومۇس قىلماي بالىلىرىدەك قىزلارنى قۇچاقلاپ يۈرىدىكىنا، سەت ئەمەسمۇ؟ چوڭ شەھەردە ئاجايىپ ئىشلار بولىدىكىنا؟»

خۇرشىدە قۇندۇزئاينى چەتكە تارتتى:

— قانداق يەرگە كېلىپ قالدۇق، ئاداش؟... پۈتۈن رەسۋا-چىلىققۇ بۇ؟

— شۇنى دەيمەن، — دېدى قۇندۇزئايمۇ تىترەپ، — ئاخشام بىر ئاقباش ئادەم ماڭا ئىسىلىۋاتىدۇ، توۋا خۇدايىم...

— ساجىدە دېگەن نېمەڭ بىزنى ئالدىدىمۇ نېمە؟ ئۆزى يوققۇ؟...

شۇ ئارىدا گۈلسۇم خوجايىن خۇرشىدەنى چاقىرىپ قالدى:

— ئۈچىنچى ئۆيگە مېھمان كەلدى، كىرىپ كۈتۈڭ! — دېدى ئۇ بۇيرۇق قىلىپ.

خۇرشىدە لېۋىنى چىشلەپ قويدى ـ دە، خوجايىن دېگەن ئۆيگە كىردى. ساپادا كۆزلىرى قىزارغان سېمىز بىر ئادەم ئول-تۇراتتى. تۇرقىدىن ئۇ خېلى تەڭشىلىپ قالغاندەك تۇراتتى.

— سىزگە نېمە كېرەك، ئاكا، — دېدى خۇرشىدە ئىشىك-نىڭ ئالدىدا تۇرۇپ.

ھېلىقى ئادەم ئۇنىڭغا باشتىن ـ ئاياغ قاراپ قويۇپ شەرەت قىلدى:

— يېنىمغا كېلىڭ! — دېدى ئۇ غاراڭ ـ غۇرۇڭ ئاۋازدا.

خۇرشىدە ئۇنىڭ ئەلپازىدىن قورقتى.

— كېرەك نەرسىڭىزنى دېسىڭىز، مەن ئەكىرىپ بې-رەي، — دېدى خۇرشىدە تىترەپ.

سېمىز ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئۇنىڭ ئاغزىدىن گۈپۈلدەپ ھاراق پۇراپ تۇراتتى. ئۇ قويۇن يانچۇقىدىن يۈز سوملۇق پۇلنى ئېلىپ خۇرشىدەگە تەڭلىدى.

— ئەمدى بولدىمۇ؟ — دېدى ئۇ ۋە خۇرشىدەنىڭ بىلىكىدىن

تارتىپ قۇچاقلىدى ۋە ئۇنى ساپاغا سۆرىدى.

خۇرشىدە بۇ تاسادىپىيلىقتىن ئېسىنى يوقىتىپ قوياي دې-
دى. ئەزايى بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى. ئۇ بار كۈچى بىلەن
سىمىزنى ئىتتىرەتتى، لېكىن ئۇ سىمىزنىڭ قۇچىقىدىن قۇتۇ-
لۇپ چىقالمايۋاتاتتى. كۈچلۈك قول ئۇنى بارغانچە قورۇپ ھالىنى
قويمايۋاتاتتى. بىر چاغدا سىمىز ئادەم قولىنى ئۇنىڭ كۆكسىگە
ئۇزاتتى، دەل شۇ چاغدا خۇرشىدە ئۇنىڭ قولىنى غەزەپ بىلەن
چىشلىدى. سىمىز ئادەم كالىدەك ھۆركىرىگىنىچە ئۇنى قويۇۋەت-
تى. خۇرشىدە يىغلىغىنىچە ئۆزىنى ئىشىككە ئاتتى ۋە كارىدوردى-
كىلەرگىمۇ قارىماستىن تالاغا يۈگۈردى. ئۇنىڭ ئىشىككە چىقى-
شىغا ئالدىغىلا كەلگەن پەرىدەگە دوقۇرۇشتى، ئۇ ھەدىسىنى
تونۇپ ئۆزىنى ئۇنىڭغا ئاتتى.

— ھەدە!...

يېرىم سائەتتىن كېيىن پەرىدە خۇرشىدە بىلەن قۇندۇزئاينى
ئېلىپ مەھەللىسىگە قايتتى، خۇرشىدە يىغىدىن باش كۆتۈر-
مەيتتى، قۇندۇزئاي بولسا زۇۋان سۇرمەي ئولتۇراتتى، ئۇلارنىڭ
شەھەردە ئىشلەش ئارزۇسى شۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشتى...

## 19

بۇلاقسايلىقلار قىشنى بىكارچىلىقتا ئۆتكۈزەتتى، بۇرۇنلاردا
ئەرلەرنىڭ قىشتا قىلىدىغان ئىشى قار ياغقاندا سايغا چىقىپ
توشقان قوغلاش بولاتتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان نېمە بولدى،
توشقانلارمۇ ئازلاپ كەتتى، ئوۋچىلىقنىڭمۇ قىزىقى قالمىدى.
ئەمدى ئۇلار قارتا ئويناش بىلەن ۋاقىتنى ئۆتكۈزىدىغان بولۇش-
تى. نەچچە يىل بولدى، ئۇلار قىش كىرىشى بىلەن ئەترەتنىڭ
بۇرۇنقى سايمان ئامبىرى قىلغان، ھازىر بولسا بوش تۇرغان
ئۆيگە يىغىلاتتى. ئۇلار ھەر يىلى مەش سېلىق سالاتتى، ئاندىن

قارتا ئويนايدىغانلارغا ھەر كۇنى كېلىشتە كۆمۈر بولسا كۆمۈر، بولمىسا ئوتۇن بولسىمۇ ئەكېلىشنى ۋەزىپە قىلىپ تاپشۇراتتى. ئۇنى ئەكەلمىگەنلەر بولسا قارتا ئويناشتىن مەھرۇم بولاتتى، قارتىچىلار ئۆيگە ئوت قالىمىسا قالمايدۇكى، لېكىن قارتا سورۇنغا قۇرۇق كەلمەيتتى، بەزى كۇنلىرى تاۋۇكا نەچچە يەردە قۇرۇلۇپ، ئۆيگە ئادەم پاتماي قالاتتى. ئادەتتە ئەتىگىنى باشلانغان ئويۇن تەڭ كېچىگىچە داۋاملىشاتتى.

بۇلاقسايدا پەقەت بىرلا ئادەم — رېھىم شاھ قارتا مەيدانىغا كەلمەيتتى. ئۇ بۇنى «بىكارچى، ھۇرۇننىڭ قىلىدىغان ئىشى» دەپ يامان كۆرەتتى. بۇلاقسايلىقلار ھەرقانداق قىلىپمۇ ئۇنى قارتىغا قىزىقتۇرالمىدى. بۇ يەردە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىر ئادەت پەيدا بولدى، مەھەللىدە كىمدە كىم توي، مەرىكە ئۆتكۈزسە مېھمانلارغا ئاتاپ بىرنەچچە دانە يېڭى قارتا تەييارلاپ قويۇشى كېرەك ئىدى. مېھمانلار تاماق تەييار بولغۇچە ياكى يەپ بولغاندىن كېيىن بىرنەچچە قول قارتا ئويناپ ئاندىن ئۆيلىرىگە تارقىشاتتى ۋە ساھىبخانىنىڭ قارتىسىنى ئۆزلىرى بىلەن ئەكېتىشەتتى، ئۇلار يەنە بىر مەرىكە بولغۇچە شۇ قارتىنى ئويناۋېرىپ جۇلدۇر كېپەن قىلىۋېتەتتى. رېھىم شاھ چوڭ قىزىنىڭ تويىنى قىلغاندا بۇ ئادەتنى بۇزۇپ مېھمانلارغا قارتا ئېلىپ بەرمىگەنىدى، تويغا كەلگەنلەر ئۇنى تىللاپ قايتىشتى. قىزىق يېرى، شۇنىڭدىن كېيىن بۇلاقسايلىقلار ئۇنى توي - نەزىرلەرگە ئېيتماي قويىدىغان بولدى، يېتىم قالغان رېھىم شاھ ئاخىر مەھەللىگە چاي بېرىپ كەچۈرۈم سورىدى. ئىككى دانە قارتا ئېلىپ بېرىپ ئاران دېگەندە گۇناھىنى يۇيدى... خەقلەر نېمە دېمىسۇن، رېھىم شاھ مەھەللىدە بايلارنىڭ ئالدى ھېسابلىناتتى، ئۇنىڭ زادى قانچىلىك پۇلى بارلىقىنى خۇدادىن بۆلەك ھېچكىم بىلمەيتتى.

بۇ يىل رېھىم شاھ ئۇچۇن ئاپەتلىك يىل بولدى. بۇلاقسايدا قۇرغاقچىلىق بولۇپ، دېھقانچىلىقتىن تۈزۈك ھوسۇل چىقمىدى،

تراكتورمۇ تۇزۇك پۇل تاپالمىدى، يەر ھەيدەتكەن، يۈك توشۇت-قانلارمۇ «نەق پۇلىمىز يوق» دەپ ئۇنىڭ قولىغا ئاق ھۆججەتنى تۇتقۇزۇپ قويۇشتى. بۇنى ئاز دەپ ئوغلى جالال يارىغا پىچاق سېلىپ قاراپ تۇرۇپ دوختۇرخانىغا ئون مىڭدىن ئوشۇق پۇل تۆلىدى. رېھىم شاھ ئېلىشىپ قالغىلى قىل قالدى، ئولتۇر-سا ـ قوپسا جالالنى تىللايتتى، يوقىلاڭ ئىشلار توغرۇلۇق ئايالى نۇربۇۋىگە چېچىلاتتى، مانا ئىككى كۈن بولدى، كېچىچە ئىڭراپ چىقتى. ئۇنىڭ مەيدىسىدە بىر يەر سىرقىراپ، كۆيۈشۈپ ئاغ-رىيتتى.

ئەتىگىنى نۇربۇۋى ئۇنىڭغا يالۋۇردى:

— كېچىدىن بەك ئاۋارە بولدىڭىز، دوختۇرغا بېرىپ كۆرۈ-نۈپ باقامسىز ـ يا؟

رېھىم شاھ خۇشياقمىغاندەك بېشىنى چايقىدى:

— دوختۇر دېگەن خەق ئىشىكىگە بارا ـ بارمايلا پۇل دەيدۇ، دورىسى ئوغىدەك قىممەت.

— ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن جېنىڭىز قىينىلىۋاتسا…

— ئەتىگىچە ئوسمان قارىمغا بىرىنى ئەۋەتەرمەن…

نۇربۇۋى ياراتمىغاندەك تەرىنى تۈردى. ئۇ ئېرىنىڭ شۇنداق دەيدىغانلىقىنى پەرەز قىلغانىدى. رېھىم شاھ بۇرۇنمۇ مىجەزى يوق بولۇپ قالسىلا ئارىتامدىكى داخان ئوسمان قارىمنى چاقىرات-تى. پۈتۈن ئۆمرى پېرە ئويناپ ئۆتكەن بۇ ئادەم ئۇنى ياتقۇزۇپ قويۇپ بېشىدا ئولتۇرۇپ بىرنېمىلەرنى ئوقۇيتتى ـ دە، ئاخىرىدا دەمىدە تەييارلاپ ئىچكۈزەتتى، رېھىم شاھ ئۇ قايتار چاغدا ئالدىغا ئىككى نان بىلەن ئۈچ سوم پۇلنى قويۇپ يولغا سالاتتى، نۇربۇۋى ئېرىنىڭ شۇ ھېسابنى قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ ئارتۇق گەپ قىل-مىدى.

— جالالنىڭ ئىشىغا مېڭىپ باقسىڭىز بولاتتى، — نۇربۇۋى ئېرىنىڭ چىرايىغا قاراپ قويۇپ دېدى.

— نەگە مېڭىپ باقىمەن؟…

— خەقلەرنىڭ دېيىشىچە، ساقچىلارغا پۇل بەرسە بالدۇر چىقىرىۋېتىدۇ دەيدۇ؟…

— نەدىكى پۇلنى بېرىمىز؟ — رېھىم شاھنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، — ھېلىمۇ ئاز پۇل تۆلىدۇقمۇ؟… ئەمدى پۇل يوق … تۈرمىدە جاپا دېگەننى تارتىپ كۆرۈپ باقسۇن، ھۆكۈمەت ئوبدان ئادەم قىلىپ چىقىرىدۇ…

ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، «گەپ تۈگىدى» دېگەندەك قوپۇپ سىرتقا ماڭدى. نۇربۇۋى ئېرىنىڭ تاش يۈرەكلىكىنى ئىچىدە قارغاپ خېلىغىچە يىغلاپ ئولتۇردى.

چۈشكە يېقىن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئۈچ مېھمان كەلدى. رېھىم شاھ ئۇلارنىڭ سۆگەتبۇلاق يېزىسىدىكى نەۋرە تۇغقىنى ئەۋەتكەن ئەلچىلەر ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ تېتىكلەشتى، نۇربۇۋىگە پۇل بېرىپ گۆشكە ئەۋەتتى، ئۇ بۇ تۇغقىنىنىڭ سۆگەتبۇلاقتىكى كاتتا باي ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. «بۇلار زىبانى قايسى ئوغلىغا سوراپ كەلدىكىنە؟ ھېلىقى قارىغۇسىنى خوتۇننى قويۇۋەتتى دەۋاتاتتى، شۇ بولۇپ يۈرمىسۇن؟… نېمە بولسا بولمامدۇ، بۇ سەۋرىدىن بايىنى قولدىن چىقارماسلىق كېرەك…» رېھىم شاھ ئەلچىلەرنى قىزغىن كۈتتى، رازىلىق بېرىپ يولغا سالدى.

—قىزىڭنىڭ بەختى ئېچىلىدىغان بولدى، — دېدى ئۇ ئەلچىلەر ئۇزىغاندىن كېيىن نۇربۇۋىگە، — سەۋرىدىن بايغا قۇدا بولىدىغان بولدۇق… سەن ئۇقمايسەن، ئۇ بۇ يىل يېڭىدىن ماشىنا ئاپتۇ.

— قايسى ئوغلىغا سوراپ كەپتۇ؟ — نۇربۇۋى سورىدى.

— روزىغا…

— ھېلىقى قارىغۇسىغىمۇ؟ ۋاي، خۇدايىم…

— قارىغۇ بولسا نېمە بوپتۇ، بىر كۆزى ساققۇ؟… پۇلى ساق ئەمەسمۇ؟… ئەلچىلەرنىڭ دېيىشىچە، سەۋرىدىن روزىغا

ئاتاپ ئۈچ ئىغىزلىق ئۆينى يېڭىدىن سېلىپ، قىپقىزىل قىلىپ ياساپ قويدى دەيدۇ، ئۇلارغا قانچىلىك تويلۇق سالساق ياق دېمەيدۇ.

— زىبا ئۇنامدىكىنتاڭ؟

— گەپ قىلمامسەن، بۇنداق يەرنى قولدىن چىقىرىپ قويساق بولمايدۇ، بۇ بىزگە كەلگەن ئامەت، قىزىڭ قاچانغىچە ئولتۇرىدۇ؟...

بۇلاقسايدا قىزلارنىڭ يېشى يىگىرمىدىن ئۆتۈپ كەتسە قېرى قىز ئاتىلىپ ئەر چىقماي قالاتتى، زىباغۇ تېخى يىگىرمىدىن ئاشمىدى، لېكىن ئۇنىڭ تەڭتۇشلىرى قالماي دېگۈدەك ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ كەتكەنىدى. زىبا ئۆزىمۇ خىجىل بولۇپ، تالا تۈزگىمۇ كەمدىن - كەم چىقاتتى.

زىبا ئاپىسىدىن ئەلچىلەر كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ سورىدى:

— كىمگە؟

— روزىغا دەيدۇ...

— ھېلىقى قارىغۇغىمۇ؟ — زىبانىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، — مەن ئەمدى شۇنىڭ لايىقى بولۇپ قالدىممۇ؟ توۋا...

— ئاستىراق، بالام، — نۇربۇۋى ھويلىغا قاراپ قويدى، — ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن قول ئىلكىدە بار باي خەقلەر دەيدۇ، راھەت كۆرەرسەن...

— بايلىقنى چېكىسگە تاڭسۇن، — زىبا تېرىكتى، — دادامنىڭمۇ پۇلى بار. بۇلاقسايدىكى باينىڭ ئالدى، سەن قانچىلىك راھەت كۆرۈۋاتىسەن، دەپباقە؟

— ئۇلار داداڭغا ئوخشاشمايدۇ، داداڭدەك ئادەمدىن بۇ ئالەمدە ئىككىنچى بىرى يوقتۇر.

— دادامنىڭ تۇغقىنى بولغاندىن كېيىن چاغلىق... مەن دەپ قوياي، ئەگەر ئۇنىڭغا زورلىساڭلار ئۆيدىن چىقىپ كېتىمەن، راست...

— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمە، ئۆزۈڭمۇ قاراپ باق، يېشىڭمۇ كىچىك ئەمەس، كەلگەن ئەلچىلەرنى ياندۇرۇۋەرسەڭ خەقلەر نېمە دەيدۇ؟... تېخىچىلا تۇرغاندىن كۆڭلۈڭنى ئۈزەلمەيۋاتامسەن؟

زىبا گەپ - سۆز قىلمىدى.

— ئۇنىڭ بىرەر خەۋىرى بارمۇ، نەدىكەن؟

زىبا «ياق» دېگەندەك بېشىنى چايقىدى.

— ئۇنىڭ مۇشۇ كەمگىچە ئىز - دېرىكى بولمىسا... تىرىك بولسا بىر ئۇچۇرى بولاتتى، — دېدى نۇربۇۋى ئۇھ تارتىپ قويۇپ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاكاڭ پەرىدەنى دەپ تۇرمىدە ياتتى، داداڭ تۇرغانغا ئۆلسىمۇ ئۇنىمايدۇ، ئۇنى كۆڭلۈڭدىن چىقىرىۋەتسەڭ بولارمىكىن؟...

زىبامۇ شۇنداق نىيەتكە كەلگەن، تۇرغاننى ئۇنتۇپ كەتمەكچى بولغانىدى، لېكىن نېمىشقىدۇر ئۇنى قەلبىدىن سىقىپ چىقىرالمىدى، تېخى ئاخشاملا چۈشىدە ئۇنى كۆردى. چۈشىدە تۇرغان شۇنداق چىرايلىق، سىرلىق ۋاللىداپ تۇرغان بىر پىكاپنى ھەيدەپ ئۇلارنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا كەپتۇدەك، تۇرغان ئۈستىگە كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىپ، بوينىغا گالىستۇك تاقىۋاپتۇ، ماشىنىنىڭ كەينىدە مەھەللىنىڭ پۈتۈن ئۇششاق بالىلىرى چۇۋۇلدىشىپ ئەگىشىپ يۈرگۈدەك، تۇرغان پىكاپتىن چامادان - چامادان كىيىم - كېچەك، سوۋغاتلارنى چۈشۈرۈپ زىباغا:

— زىبا، ساڭا تويلۇق كىيىم - كېچەكلەرنى ئەكەلدىم، بوپتۇمۇ؟ — دەۋاتقۇدەك.

دادىسىنىڭ قولىغا قېلىن بىر باغلام پۇلنى بېرىپ:

— پۇل دېگەننىڭ، مانا ئال! — دەپتىكەن، دادىسى پۇلنى باغرىغا بېسىپ يىغلاپ كېتىۋاتقۇدەك...

ئاندىن تۇرغان زىبانى ماشىنىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ بۇلاقسايىنى ئايلاندۇرۇپ چىقىپتۇ، ھەممە ئادەم كوچىلارغا چىقىپ ئۇلارغا

ھەۋەس بىلەن قارىشىپ تۇرغۇدەك...

زىبا ئويغىنىپ خېلى بىر كەمگىچە كۆرگەن چۈشىنى خىيال قىلىپ ياتتى، ئۇنىڭغا تۇرغان ئامان ـ ئېسەندەك، ئەتە ـ ئۆگۈنلا بۇلاقسايدا پەيدا بولىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ ئېسىگە ئىككى يىل ئاۋۋال تۇرغان بىلەن خوشلاشقان چاغدىكى ئىشلار كەلدى. شۇ كۈنمۇ مۇشۇنداق قار ياغقانىدى...

— تۇرغان! — دېدى زىبا ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ، — قاچان يېنىپ كېلەرسىز؟

— خۇدايىم بۇيرۇسا يازغىچە كېلىمىز.

— پۇل تاپالارسىلەرمۇ؟

— يارى چاتاق يوق دەۋاتىدۇ، ئۇرۇمچىدە پۇل تاپماق ئاسان دەيدۇ.

— مەن ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن.

— نېمىگە ئەنسىرەيسەن؟ تويلۇق پۇلنى تاپسام قايتىپ كېلىمەن، پۇل تاپمىسام داداڭ سېنى بېرەمدۇ؟

— ئىشقىلىپ، تېزرەك يېنىپ كېلەرسىلەر...

لېكىن، تۇرغان شۇ كەتكەنچە ئىز ـ دېرەكسىز يوقالدى. ئۇنىڭ ھايات ياكى ئۆلۈپ كەتكىنىدىن خەۋەر يوق. مانا ئىككى قىش ئۆتتى، قىز بالا ئۈچۈن ئىككى يىلنى ئۆتكۈزۈش ئاسانمۇ؟ «ھەممىنى قىلغان دادام، ئۆز ۋاقتىدا تويلۇقنى ئازراق سالغان بولسىمۇ تۇرغان پۇل تاپىمەن دەپ كەتمەس ئىدى... بىچارە نەلەرـدە بويىنىنى قىسىپ يۈرىدىغاندۇ؟ كاشكى، ‹مەن ھايات!›، دېگەن بىرلىك خېتىڭ كەلگەن بولسىمۇ ساقلايتتىم. ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن؟ ...» زىبا ئەنسىز خىياللارغا چۆكۈپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى... «پەرىدەلەر تۇرغانىنىڭ خەۋىرىنى بىلىدىغاندۇ؟ بېرىپ ئۇقۇپ باقمايمەنمۇ؟...» زىبانىڭ خىيالىغا شۇ كەلدى ـ دە، ئۇنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. دۇكانىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئۇ بۇ ئويىدىن يالتايدى: «پەرىدە ئاكامىنىڭ قىلغانلىرىنى دەپ مېنى

تىللاپ كەتسىچۇ؟ ... يارى دوختۇرخانىدا ياتقاندا بىرەر قېتىم يوقلاپمۇ قويالمىدىم. ئەمدى بارسام نېمە دەپ قالىدۇ؟ ...»
زىبا بىلەن پەرىدە كىچىك چاغلىرىدىن تارتىپ يېقىن دوستلاردىن ئىدى. ئۇلار مەكتەپتىمۇ بىللە ئوقۇدى، بولاقسايغىمۇ بىللە قايتىپ كېلىشتى، ئۇلار بىر - بىرىنى كۆندە بىر كۆرمىسە چىداشمايتتى، ئۇلارنىڭ دوستلۇقى ئاخىر تۇرغان بىلەن زىبانى مۇھەببەت يىپى بىلەن باغلىدى. جالال بولسا پەرىدەگە ئاشىق بولدى. لېكىن، پەرىدە جالالنى ئەمەس، يارمۇھەممەدنى تاللىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بىر - بىرىنى ئىزدەشمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى.
پەرىدەنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەن زىبا ئىككىلىنىپ كەينىگە ياندى.
— زىبا! ...
ئۇ چاقىرغان ئاۋازنى تونۇپ توختىدى. بۇ پەرىدەنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى سىلىپ كەتتى.
— زىبا، قانداق ئەھۋالىڭ؟ — پەرىدە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ تىنچلىق سورىدى، ئۇنىڭ تۇرقىدىن زىبا ئويلىغاندەك قېيداش، ئاچچىق كۆرۈنمەيتتى.
— ياخشى ... — دېدى زىبا ئارانلا.
— ئىشىكىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۆرۈشۈپ قويايمۇ دېمەي كېتىۋاتىسىنا، ماڭا شۇنچىۋالا ئۆچ بولۇپ كەتتىڭمۇ؟ — دېدى پەرىدە كۈلۈپ تۇرۇپ.
— ئۆيگە ئالدىراپ ماڭغانىدىم.
— قارا، مۇزلاپ كۆكىرىپ كېتىپسەن، يۈرە، ئۆيگە كىرەيلى.
— رەھمەت، مەن...
— رەھمىتىڭنى قويۇپ ئىسسىنىۋېلىپ كەت، سېنى كۆرمىگىلى بىر ياز بوپتۇ. يۈرە! ...

پەرىدە ئۇنى سۆرىگەندەك قىلىپ ئۆيگە باشلاپ كىردى. ئۆيگە كىرىپ زىبانىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىپ كەتتى. قىپقىزىل ياسالغان ئىچكەركى- تاشقىرىقى ئۆيلەر... ئىسىل پەردىلەر، تېلېۋىزور، توڭلاتقۇلارنى كۆرۈپ زىبانىڭ ئاغزى ئېچىلىپ قالدى. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان چويۇن مەشتە كۆمۈر گۈرۈلدەپ كۆيۈپ تۇراتتى، زىبا ئىلگىرى قىزلاردىن پەرىدەنىڭ ئۆيى تولىمۇ ئاۋاتلىقىنى، ئەمما ھېچكىمىڭ بۇنچىلىك ئىسىل ئەمەستۇر؟» دەپ ئانچە ئىشەنمىگەنىدى. ھازىر كۆرۈپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. «پەرىنىڭ بەختى ئېچىلىپتۇ، ئاكامغا تەگكەن بولسا دادام بۇنچىلىك ئۆي تۇتۇپ بەرمەيتتى...» دېدى ئۇ ئىچىدە.

— توۋا، سېنى كۆرمىگىلى قانچە ئايلار بولۇپ كەتتى - ھە؟ — پەرىدە چاي ھازىرلىغاچ گەپ قىلدى، — كىچىك چاغلىرىمىزدا بىر كۈن كۆرۈشمىسەك چىدىمايتتۇق. شۇنىڭغا قارىغاندا، ئادەم چوڭ بولمىسىمۇ بولغۇدەك - ھە؟

پەرىدەنىڭ خۇشخۇي، ئىللىق مۇئامىلىسى زىبانىڭ كۆڭلىدىكى ئەندىشىلەرنى يوق قىلىۋەتتى، ئۇمۇ پەرىدەگە كۆڭلىدىكىنى ئېيتتى.

— ئۆيۈڭلەرنى ئەجەب چىرايلىق قىلىۋاپسىلەر، — دېدى ئۇ ئۆي ئىچىگە كۆز يۈگۈرتۈپ.

— بوپتۇمۇ؟

— كادىرلارنىڭ ئۆيىدەك بوپتۇ، تېلېۋىزورمۇ باركەن، — دېدى زىبا خۇرسىنىپ، — بىز تېخىچىلا كونا جەمئىيەتتە ياشاۋاتىمىز.

— ئالساڭلار بولمامدۇ؟

— توك بولمىسا...

— ھە، راست - ھە، — پەرىدە ئېسىگە ئالدى، — داداڭنىڭ پۇلى بولغاندىن كېيىن يېڭى مەھەللىگە ئۆي سېلىپ كۆچۈپ كەلسەڭلار بولىدۇ. مانا كۆرگەنسەن، بۇ يەرمۇ مەھەللە

بولۇپ قالدى.

— دادامنى بىلمەمسەن، ئاداش، كونا ئۆينى تاشلاپ ھەرگىز كۆچمەيدۇ، ئۆيلەر دېگەن شۇنداق كونىراپ كەتتى، يېڭىلاپ سالايلى دېسەكمۇ ئۇنىمايدۇ.

— بۇ چوڭلار نېمانچە جاھىلدۇ ـ ھە؟ — دېدى پەرىدە ئۇنى قۇۋۋەتلەپ، — داداملارغىمۇ ئۆي سېلىپ بېرەيلى دېسەك، ئاشۇ ئەسكى تامغا چاپلىشىپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان...

— داداڭ كېلىپ تۇرامدۇ؟

— كەلمەيدۇ، — دېدى پەرىدە بېشىنى چايقاپ، — ئۇنىڭ چىرايى بىردىن غەمكىن تۈس ئالدى، — ئاچچىقى تېخىچە يانماي-ۋاتىدۇ.

— نەۋرىسىنى كۆرگەندە يېنىپ قالار...

پەرىدە شوخلۇق بىلەن كۈلۈپ قويدى.

— ئۆزۈڭنىڭ ئىشلىرىڭچۇ؟ — دەپ سورىدى پەرىدە ئۇنىڭ-دىن، — تويۇڭنى قاچان ئوينايمىز؟

زىبا ئۆزىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈنلەرنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بەردى.

— مېنىڭ ئەھۋالىم مۇشۇ، ئاداش، — دېدى ئۇ ھەسرەت بىلەن.

— ئەمدى قانداق قىلاي دەيسەن؟

— ئۇقمايمەن، تولا ئويلاپ ساراڭ بولاي دېدىم، تۇرۇپ مەنمۇ بېشىمنى ئېلىپ چىقىپ كېتەيمىكىن دەيمەن.

— يوق خىيالنى قىلمىغىنە، — دېدى پەرىدە، — بېشىنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن ئاكام نېمە بولدى ئەنە؟...

زىبا دوستىغا ئاخشام كۆرگەن چۈشىنى سۆزلەپ بەرگەن-دى، پەرىدە خۇش بولۇپ كەتتى.

— چۈشۈڭگە كىرگىنىڭگە قارىغاندا ئاكام ھايات بار ئوخشايدۇ جۇمۇ!... خۇدايىم تىنچ ـ ئامان قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ...

ئۆيگە يارمۇھەممەد كىرىپ كەلدى. ئۇنى كۆرۈپ زىبا ئوڭاي-سىزلانغاندەك بولۇپ ئەھۋال سورىدى، يارمۇھەممەد بولسا چاڭ-دۇرماستىن قىزغىن كۆرۈشتى.

— قۇرۇق چاينى قويۇپ ئولتۇردۇڭمۇ؟ — دېدى ئۇ پەرىدە-گە، — زىبا ئاران بىر كەلگەندە تاماق ئەتسەڭ بولمامتى؟

— ئـەمدى ئـەتسەكمۇ ئـۈلگۈرىمىز، — دېدى پەرىدە ئالدىراپ، — ئىككىمىز پاراڭ بىلەن ئولتۇرۇپ كېتىپتۇق...

— بولدى، مەن قايتاي، — دېدى زىبا ئورنىدىن تۇرۇپ.

— نەگە ئالدىرايسەن؟ تېخى پاراڭمىز يېرىم بولمىدى، — دېدى پەرىدە ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ.

— ئالدىرىماڭ، زىبا، — دېدى يارمۇھەممەد سىرلىق كۈ-لۈمسىرەپ، — سىزگە دەيدىغان خەۋىرىم بار.

ئىككى قىز ئۇنىڭغا تەڭلا قاراشتى.

— بۈگۈن ناھىيىگە مال ئالغىلى كىرگەنىدىم، بىر سودىگەر تونۇشۇم بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم. ئۇ يېقىندا ئۈرۈمچىگە بېرىپ كەپتۇ، ئۇ ئۈرۈمچىدە تۇرغاننى كۆردۈم دەيدۇ.

پەرىدە خۇشاللىقىنى باسالماي ۋارقىرىۋەتتى.

— ئاكامنى كۆرۈپتۇمۇ؟ نېمە ئىش قىلىۋېتىپتۇ؟...

— تۇرغان ھاياتمىكەن؟ — زىبامۇ ئالدىراپ سورىدى.

— ئۇ پاراڭ قىلىشالماپتۇ. ئاپتوبۇستا كۆرۈپتۇ، كۆرۈشۈپ گەپ قىلغۇچە ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ كەتتى، دەيدۇ.

— ئېنىق كۆرۈپتۇمۇ؟

— ئېنىق كۆردۈم دەيدۇ.

— خۇداغا شۈكرى، — دېدى پەرىدە ئۇھ تارتىپ، — ئۈرۈمچىدە بولغان بولسا يېقىن ئارىدا يېنىپ كېلىپمۇ قالار... يا ئاللا، دادام بىلەن ئاپام ئاڭلىسا قانچىلىك خۇش بولۇپ كېتەر - ھە؟...

يارمۇھەممەد پەرىدەگە كۆز ئىشارىتى قىلىپ زىبانى كۆرسەت-

تى، زىبانىڭ يۈزى ئوت ئالغاندەك قىزىرىپ، كۆزلىرى بۆلەكچە يېنىپ كەتكەندى. ئۇنى كۆرۈپ پەرىدە كۈلۈپ قويدى ـ دە:

— ئاخشام كۆرگەن چۈشۈڭ بىكار ئەمەسكەن، ئاداش، — دېدى پەرىدە دوستىنى قۇچاقلاپ.

دەرۋەقە، بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ زىبانىڭ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلغاندەك بولۇپ ھاياجان بىلەن سېلىپ كەتتى... «پەرى دېگەندەك ئاخشام بىكارغىلا چۈشۈمگە كىرمىگەن ئىكەن ـ دە، — دەپ ئويلىدى زىبا خۇشاللىقىدا تىترەپ تۇرۇپ، — ماڭا تىرىكلىكنىڭ شەپىسىنى بېرىپتۇ، پەرى راست دەيدۇ، ئۇ بەلكىم بولاقسايغا قايتىپ كېلىۋاتقاندۇ؟ تۇرغان، تېزرەك كەلسىڭىزچۇ؟ مېنىڭ تاقىتىم تۈگەي دېدى. بۇ قېتىم كەلسىڭىز نېمە دېسىڭىز مەن رازى، ئېلىپ قاچاي دېسىڭىزمۇ ماقۇل دەيمەن، تېزرەك كېلىڭ! ...»

دوستىنىڭ ھاياجانلىق تۇرقىدىن كۆڭلىنى بىلىپ بولغان پەرىدە:

— ئەمدىغۇ كۆڭلۈڭ جايىغا چۈشكەندۇ، ئاداش، — دېدى، — ئۆيۈڭگە ئالدىرىما، يارى يېڭى گۈش ئەكىرسۇن، ئىككىمىز ئوخشىتىپ لەڭمەن ئېتەيلىمۇ؟

— بوپتۇ، — دېدى زىبا قىزارغىنىچە...

## 20

تۇرمۇش — ئەتىرگۈلگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەتىرگۈلنىڭ ھەربىر بەرگىسى بىر خىل شېرىن خىيالغا ئوخشىسا، ھەربىر تىكىنى رېئاللىقنى ئەسكەرتكۈچىدۇر. گۈلنىڭ بەرگىسىمۇ، تىكىنىمۇ بولغىنىغا ئوخشاش تۇرمۇشنىڭ تاتلىقىمۇ، ئاچچىقىمۇ بولىدۇ... سەلىمەنىڭ تۇرمۇشىمۇ شۇنداق بولدى. ئۇ ئۆتكەندە تېپىپ بىلەن ئۇچراشقان چېغىدا پۈتۈن ۋۇجۇدى بەخت تۇيغۇسىدا

يايراپ، گويا يېڭى تويى بولغان قىزدەك شادلىقتا چۆمگەنىدى. تېيىپنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا تىرىشقانىدى. لېكىن، ياخشى كۆر-گەن ئادىمى ئۇنىڭ قەلبىنى چۇشەنمىدى. ئۇنىڭ چوغدەك قىزد-رىپ پورەكلەپ ئېچىلغان مۇھەببەت گۈلىنى قوپال ئايىغى بىلەن دەسسەپ چەيلەپ كەتتى. «تۇۋا! — دېدى ئۇ تېيىپ كەتكەندىن كېيىن ھەسرەت بىلەن ئۇھ تارتىپ، — مەن نېمە گۇناھ قىلدىم. ماڭا مۇشۇنچىۋالا مۇ ئاھانەت قىلغان بارمۇ؟ شۇنىڭ ئورنىدا ئىك-كى ئېغىز چىرايلىق گەپ قىلىپ كۆڭلۇمنى ياسىغان بولسا مەنمۇ ئۇنىڭغا چاپلىشىۋالمايتتىمغۇ؟... ئەر كىشى دېگەن شۇنداق بولى-دىغان ئوخشايدۇ. بار ئازابنى بىز ئاياللار تارتىدىكەنمىز، بىز نېمانچىلا بوزەك بولۇپ يارىلىپ قالغاندىمىز؟ بىزگە خۇدايىم يىغىنىلا بەرگەنىكەن، بىز ئاجىز بولغاچقا يىغىغا گىرىپتار بول-دۇقمۇ ياكى تولا يىغلىغاچقا ئاجىز بولۇپ قالدۇقمۇ؟... مەن تېيىپنى بۇنچىۋالا رەھىمسىزلىك قىلار دەپ ئويلىماپتىكەن-مەن؟...» سەلىمە ھەسرەت بىلەن ئۇزاق يىغلىدى. يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىنى ھەرىنىڭ نەشتىرىگە ئوخشاش بىرنەرسە سان-جىپ ئازابلايتتى. قەلبىدە نەپرەت بىلەن مۇھەببەت تۇيغۇسى بىر - بىرىگە چىرمىشىپ كاللىسىنى ئېلەشتۇرۇۋەتكەنىدى.

سەلىمە «چاي ئىچەي» دەپ قازان بېشىغا كېلىشىگە كۆڭلى ئېلىشىپ، «ھۆ» بولدى، خېلى ئۇزۇنغىچە قۇرۇق ياندۇردى. «سېزىكلىكىم باشلىنىپتۇ. ئەمدى قانداق قىلارمەن؟ تېيىپنىڭ دېگىنىگە ماقۇل بولۇپ ئالدۇرۇۋېتەيمۇ - يا؟... ئەگەر ئوغۇل بولۇپ قالسىچۇ، چوقۇم ئوغۇل، تېيىپقا ئوخشايدىغاندۇ؟... بەكرىدىن بالا كۆرمىدىم، ئۇنىڭغا قارىغاندا ئۇ تۇغماس ئوخشاي-دۇ. مەن بالا يۈزى كۆرمەي ئۆتىمەنمۇ؟ خەقلەر نېمە دېسە دېسۇن، مەن بۇ بالىنى تۇغىمەن، بېقىپ چوڭ قىلىمەن...» سەلىمە ئويلا - ئويلا ئاخىر شۇ نىيەتكە كەلدى.

ھويلىدا بىرنېمىنىڭ تاراقلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. سەلىمە

كۆڭلىدە: «تېپىپ يېنىپ كەلدىمۇ نېمە؟» دەپ ئويلاپ ئىتتىك ئورنىدىن قوپۇپ هويلىغا چىقتىيۇ، قورۇدا ۋېلىسىپىتنى تامغا يۆلەپ قويۇۋاتقان بەكرىنى كۆرۈپ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ قالدى. ئۇ ۋېلىسىپىتنىڭ كەينى ئورۇندۇقىغا چىگكەن مايلىشىپ رەڭگىنى يوقاتقان كونا بىر سومكىنى يېشىپ يەرگە قويدى، ئاندىن ئىنجىقلاپ تۇرۇپ پۇچقاقلىرىدىكى توپىنى قېقىۋېتىپ، ئۆزىگە سوغۇق نەزەردە قاراپ تۇرغان سەلىمىگە بۇرۇلۇپ سورىدى:

— قانداق ئەهۋالىڭ؟

سەلىمىگە بۇ ئاۋاز شۇنچىلىك قوپال، غەلىتە ئاڭلاندى، شۇ ئارىدا قورسىقى يەنە مىدىرلىغاندەك بولۇپ ئەندىككەن هالدا كۆڭلىكىنى تارتىشتۇرۇپ قويدى، ئۇنى بىردىن ۋەهىمە باستى، ئـۇ قۇرۇپ كـەتكەن لـەۋلىرىنى يالاپ قويۇپ ئاچچىق ئارىلاش سورىدى:

— بار ئىكەنسىز ـ هە؟

— مېنى ئۆلدى دېگەنمىدىڭ؟

بەكرى خۇددى بىرنېمىدىن گۇمانلانغاندەك سەلىمەنىڭ بېشىدىن ـ ئايىغىغىچە قاراپ چىقتى. ئۇنىڭ ئاق سېرىق، ماي تەپچىرەپ تۇرغان يۈزىدىكى ساڭگىلاپ تۇرغان گۆشلىرى لىپىلداپ، چېقىر كۆزلىرى زەهەر ياغدۇرۇپ قىسىلدى، ئۇ يەردىكى سومكىنى ئېلىپ سەلىمەگە سۇندى:

— مە! نېمە قاراپ تۇرىسەن!

— نېمە بۇ؟ — سەلىمە يىرگەنگەندەك بولۇپ سورىدى.

— گۆش...

«مېنى مۇشۇنىڭ بىلەن ئالدىغىلى كەپسەن ـ دە؟ بۇ بەلكىم بازاردىكى خوتۇنۇڭنىڭ ئۆيىدىكى سومكىدۇ؟...» سەلىمە سومكىغا يىرگەنگەندەك قاراپ قويۇپ ئالدى ـ دە، ئۆزىدىن يىراق تۇتۇپ، دالانغا ئەكىرىپ قويدى. ئۇنى يەنە «هۆ» تۇتقاندى، سەلىمە ئىتتىك تالاغا چىقىپ كەتتى.

بەكرى ئۆيگە كىرىپ سۇپىدا ئولتۇردى ـ دە، ئۆينىڭ ھەممە يېرىگە سەپسېلىپ چىقتى. ئۇنىڭغا بىر يەرلەردە گۇمانلىق بىر نەرسىلەر چىقىپ قالىدىغاندەكلا تۇيۇلاتتى. ئۇ ھەر قېتىم كەلسە ئۆينىڭ ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىنى ئاختۇرۇپ چىقاتتى، شۇڭا سەلىمە تېپىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ چېكىپ تاشلىغان تاماكىنىڭ قالدۇقلىرىنىمۇ سۇپۇرۇپ يوق قىلىشقا تەكەندى. ئۇنى بىرلا قورقۇتقىنى، سېزىكلىكىنى بەكرىنىڭ تۇيۇپ قېلىشى بولۇپ، ئەنسىرەپ قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئەنسىزلىك بىلەن دۈپۈلدەپ سالاتتى. ئۇ چاي قايناتماقچى بولۇپ ئوچاققا ئوت قالىدى، ئاندىن داستىخان سالماقچى بولۇپ ئۆيگە كىرىشىگە بەكرى ئۇنىڭ بىلەكىدىن «كاپ» قىلىپ تۇتۇپ ئۆزىگە تارتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ھاياسىز بىر تەلەپ، غەلىتە بىر كۈلكە بار ئىدى. ئۇ ماي پۇراپ تۇرغان قوللىرى بىلەن سەلىمەنى بېلىدىن قۇچاقلىۋالدى. سەلىمەنىڭ ئۇستىخانلىرى غىرىسلاپ كەتكەندەك بولدى، سەلىمە ئۇنى كۈچەپ ئۆزىدىن نېرى ئىتتىرىپ قۇچىقىدىن يۇلقۇنۇپ چىقتى.

— تۇتماڭ! — دېدى ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ.

بەكرى كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە تۇرۇپ كەتتى، ئۇنىڭ گۆشلۈك قاپاقلىرى لىپىلداپ چىرايى ئۆزگەردى.

— نېمە بولدۇڭ؟

— ھېچنېمە... نېمىدەپ كەلدىڭىز؟

— نېمىدەپ كەلمەيدىكەنمەن؟ — دېدى بەكرى خىرقىراپ تۇرۇپ، — قالتىس گەپلەرنى قىلىسەنغۇ؟ مەن يوقتا باشقا ئەرگە تېگىۋالمىغانسەن؟

— ھەممە ئادەم سىز ئەمەس، ئۇچرىغانلا يەردە خوتۇن ئالىدىغان.

— مەن نەدە خوتۇن ئاپتىمەن؟...

— ھەممە ئادەم دەۋاتىدۇ.

— يالغان... خەقلەر كۆرەلمەي دەيدۇ...

سەلىمە قايرىلىپ ماڭاي دەپ تۇراتتى، بەكرى ئۇنى كەينىدىن كېلىپ قۇچاقلىغان پېتى سۇپىغا كۆتۈرۈپ باستى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ، تىنىقلىرى ئىتتىكلەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ سەلىمەنىڭ تېپچەكلىگىنىگە قويماستىن بىر قولىدا ئۇنىڭ قوللىرىنى قايرىپ تۇتۇۋېلىپ، بىر قولىدا ئۇنىڭ ئىشتىنىنى سىيرىدى. ئۇنىڭ كالىدەك سېمىز گەۋدىسىنىڭ ئاستىدا سەلىمەنىڭ يۇلقۇنۇشلىرى بىكار بولدى...

— ئەرنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنى قاچان ئۆگىنەرسەنكىن؟ — دېدى بەكرى سەلىمەگە قاراپ ئالىيىپ قويۇپ، ئاندىن دالان ئۆيگە چىقىپ چۆگۈنگە سۇ قۇيدى ـ دە، ئامبار ئۆيگە كىرىپ كەتتى...

سەلىمە قوپۇپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئەلەملىك ياشلار تۆكۈلمەكتە، ۋۇجۇدىنىڭ ناھايىتى يىراق، چوڭقۇر بىر يېرىدىن ئازابلىق پەرياد كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. خورلۇقتىن يۈرەكى مۇجۇلماقتا ئىدى. «مۇشۇمۇ تۇرمۇش، ھايات بولدىمۇ؟ مەن نېمىگە ئوخشاپ قالدىم؟... ئېرىم بولغان ئادەم ئاي ـ ئايلاپ مېنى تاشلىۋېتىپ كارى بولمىسا، كەلگىنىدە بولسا ھايۋان ئورنىدا مۇئامىلە قىلسا بۇنداق تۇرمۇشنىڭ نېمە مەنىسى قالدى؟... ئەگەر ئۇ بويۇمدا قالغىنىنى ئۇقۇپ قالسا نېمە قىلار؟ نېمە قىلسا قىلمامدۇ، ئەمما بۇنداق تۇرمۇشتىن تويدۇم، ئۇنىڭدىن ئاجرىشىپ كەتسەملا بولدى... تېخى مېنىڭ مۇشۇ ھالىمنى نېمىشقا چۈشەنمەيدىغاندۇ؟ مەن شۇنى دەپ مۇشۇنداق خورلۇقلارغا چىداپ كېلىۋاتىمەنغۇ...» ئۇنىڭ ئۇگە ـ ئۇگىلىرى سىرقىراپ ئاغرىماقتا ئىدى. كۆڭلىنى ئازابلىق بىر ئىستەك، تەقەززالىق ئارىلاشقان ئەندىشە، جىددىيلىك قورۇماقتا ئىدى. نامەلۇم بىر ۋەھىمە ئۆزىنىڭ قوپال ۋە قاباھەتلىك سايىسى بىلەن كۆڭلىنى خىرەلەشتۈرۈپ، ئۇنى قورقۇنچقا سالماقتا ئىدى.

دالاندا بەكرىنىڭ سۇنى چاچرىتىپ قولىنى يۇيۇۋاتقىنىنى

ئاڭلاپ سەلىمە ئورنىدىن تۇردى.

— ئوخشىتىپ مانتا قىلغىنە! — دېدى بەكرى سومكىدىكى گۆشنى ئېلىپ ئەمبەلگە تاشلاپ، — سېنىڭ ئەتكەن مانتاڭنى يېمىگىلى ئۇزۇن بولدى...

سەلىمە گۆشكە قارىغىنىنى بىلىدۇ، كۆڭلى ئاينىپ «ھۆ» تۇتتى، ئۇ ئۆزىنى قانچە تۇتىمەن دەپمۇ توسالمىدى، كەينى ـ كەينىدىن كەلگەن «ھۆ» دىن تۇگۇلۇپلا قالدى، بەكرى باشتا نېمە بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي قاراپ تۇرۇپلا قالدى، بىر دەمدىن كېيىن ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ قورقۇنچلۇق تۈس ئالدى.

— نېمە ئىش بۇ؟ — دېدى ئۇ سەلىمەنىڭ بېشىغا كېلىپ، — مەن يوق چاغدا بىكار ياتماپسەن ـ دە، سەن جالاپ!...

سەلىمە گەپ ـ سۆز قىلماستىن تۇگۇلگىنىچە ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ مېڭىسى غوڭۇلدايتتى، قۇلىقىغا ھېچ نەرسە كىرمەيتتى.

— نېمە ئىش بۇ دەۋاتىمەن؟! — بەكرى ئۇنىڭ چېچىدىن قاماللاپ تۇتۇپ بېشىنى قايرىدى، — راستىڭنى ئېيت!

سەلىمە ئاغزىغا تەگكەن مۇشتتىن باش ـ كۆزى زىڭىلداپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. ئاغزىنىڭ ئىچى تۇزلۇق بىر شىلىمـ شىق بىلەن تولدى.

ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە بەكرىنىڭ قەھرلىك ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئېيتە دەيمەن، كىمنىڭ بالىسى؟...

سەلىمە ئىككىنچى قېتىم تەگكەن مۇشتتىن كەينىگە ئۇچۇپ كەتتى. مۇشت تەگكەن مەڭزى ئوت كەتكەندەك ئېچىشىپ كەتـ تى. ئۇ ئورنىدىن قوپۇپ بەكرىگە قاراپ توۋلىدى:

— ئۇرە، لوكچەك! ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەت!...

— قورسىقىڭدىكى كىمنىڭ بالىسى؟

— ئۆلتۈرۈۋەتسەڭمۇ ئېيتمايمەن.

— تېيىپنىڭ بالىسىمۇ؟

— ئىشقىلىپ، سىنىڭ بالاڭ ئەمەس.

— سەن رەسۋا جالاپ! ... — بەكرىنىڭ كۆزىگە قان قۇيۇلدى. ئۇ ئىتتىلىپ كەلگىنىچە سەلىمەنى يەرگە بېسىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە تەپكىلى تۇردى. سەلىمە بولسا قورسىقىنى ئىككى قولى بىلەن توسۇپ تۇگۇلۇۋالغانىدى، ئۇ زۇۋان چىقارمايتتى.

— راستىڭنى ئېيتامسەن، يوق! ...

بەكرى سەلىمەنىڭ چېچىدىن تارتىپ ئۆرە قىلدى.

— ئۆلتۈرۈۋەتسەڭمۇ ئېيتمايمەن! ...

بەكرى ئۇنىڭ ئاغزىغا «قارس!» قىلىپ بىرنى ئۇردى. ئۇ ئەمدى غالجىر بۆرىگە ئايلاندى، ئۇ سەلىمەنى ئۆينىڭ ئىچىدە يۇمىلىتىپ يۇرۇپ تېپىپ، ئۇرۇشقا باشلىدى، بەكرى ئاخىر ھېرىپ توختىدى:

— سەندەك خوتۇنۇم يوق، — دېدى ئۇ غەزەپ بىلەن، — سېنى ئۇچ تالاق قىلدىم. ئاڭلىدىڭمۇ... ؟ ئۇچ تالاق! ...

بەكرى شۇنداق دېدى ـ دە، ئۆيدىكى چۆگۈن ـ جاۋۇرلارنى تېپىپ ئۇرۇپ تالاغا ماڭدى، ئۇ ھويلىدا بىرنەچچە سېكۇنت تۇرۇۋېتىپ ۋېلىسىپىتنى سۆرىگىنىچە ناھىيە تەرەپكە قاراپ مېڭىپ كەتتى.

سەلىمە يەردە تۇگۇلۇنۇپ ياتاتتى. ئۇنىڭ بېشى غوڭۇلداپ، پۇتۇن ئەزايى چېقىۋەتكەندەك سىرقىراپ ئاغرىيتتى، ئۇنىڭ مىدىرلىغۇدەك ماجالى يوق ئىدى، ئەلەم ـ ھەسرەت ئاچچىق كۆز يېشى بولۇپ تۆكۈلەتتى. بىردىن ئۇ قورسىقىنىڭ بىر يېرى مۇجۇپ ئاغرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ چۆچۈپ كەتتى، ئىچىنىڭ بىر يېرىدە خۇددى بىر قول يۇرىكىنى بېغىشىدىن سۇغۇرۇپ تارتىۋاتقاندەك بولۇپ تولغاپ ئاغرىيتتى. ئاغرىق بارغانچە كۇچىيىپ دوۋسۇن تەرەپكە ئۆتتى ۋە ئىسسىق بىر سۇيۇقلۇق يوتىسىغا ئېقىپ چۇشتى، سەلىمە قورقۇپ كېتىپ ۋارقىرىدى:

— ئاھ، خۇدا! ... بالامنى ساقلىغايسەن! ... — سەلىمە ھۆڭگىرەك تارتىپ يىغلىۋەتتى.

ئىشىكتە بىرىنىڭ بېشى كۆرۈندى، چۆچۈپ كەتكەن سەلىمە قايرىلىپ ئىشىكتە ماراپ تۇرغان قوشنىسىنىڭ ئوغلىنى تونۇدى.

— سەلىمە ئاپا؟ نېمە بولدى؟ ... — دېدى ئۇ بوسۇغىدىن ئاتلاپ كىرىپ ۋە سەلىمەنىڭ قانغا مىلەنگەن چىرايىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى، — ئاپامنى چاقىرايمۇ؟ ...

— ياق، — دېدى سەلىمە يىغىدىن ئۆزىنى توختىتىپ، — ئاپئاق ساقام... تىيىپ ئاكاڭنى تونۇيسەنغۇ؟

— ھەئە، قايسى كۈنى كەلگەنتىغۇ؟ ...

— ھە، شۇنى، — دېدى سەلىمە ئوڭايسىزلىنىپ، — چاقىرىپ كېلەمسەن؟ ... ئەگەر قېشىدا ئادەم بولسا چەتكە چاقىرىپ دېگىن بولامدۇ؟

— ماقۇل! — دېدى بالا ۋە يۈگۈرگىنىچە چىقىپ كەتتى.

«تىيىپ بۇ تۇرقۇمنى كۆرسە يىرگىنىپ كېتەرمىكىن؟ كېلەرمۇ - كەلمەسمۇ؟ ...» ئۇ ئۆمىلەپ يۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ پۇت - قوللىرى تىترەيتتى، ئۇستىخانلىرى چىقىپ ئاغرىيتتى. ئۇ ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ بولغۇچە قارا تەرگە چۆمۈپ كەتتى. ئۇ ئەمدىلا يېتىپ تۇراتتى. ھويلىدا تونۇش يۆتەل ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ئۆيگە ھودۇققىنىچە تىيىپ كىرىپ كەلدى. ئىتتىك ماڭغان بولسا كېرەك، ھاسىراپ كەتكەنىدى. ئۇنى كۆرۈپ سەلىمە ئۆزىنى باسالماي ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى.

— نېمە بولدى؟ — تىيىپ ئۇنىڭ بېشىغا كېلىپ سورىدى، — بەكرى كەلدىمۇ؟

سەلىمە گەپ قىلالماستىن يىغلايتتى.

— نېمە ئىش بولدى؟ دېگىنە! ؟

— مەن نېمانچە تەلەيسىز ... نېمانچە بەختى قارا ... —

سەلىمە ئېسەدەپ تۇرۇپ شۇنى دېيەلىدى.

— بولدى، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، نېمىدەپ ئۇردى؟

سەلىمە يىغلاپ تۇرۇپ بولغان ئىشنى ئېيتىپ بەردى.

— مەن ئۇنىڭغا قورسىقىمدىكى بالا سىنىڭ ئەمەس دېدىم، — دېدى سەلىمە.

— كىمنىڭ دېدىڭ؟

— دېمىگەنتىم ئۇ بەك ئۇرۇپ كەتتى. ئاخىرى تالاق قىلىدىم» دېدى... ئاخىر ئۇنىڭدىن قۇتۇلىدىغان بولدۇم؟

سەلىمە ھاسىراپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى. تېيىپنى كۆرۈپ ھەممە ئاغرىقنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك ئىدى.

— جېنىم تېيىپ، — دېدى ئۇ تېيىپنىڭ قولىنى كۆكسىگە بېسىپ تۇرۇپ، — ئۇ ئەمدى كەلمەيدۇ، ئۇ سىزدىن گۇمان قىلغانتى، مەن دېمەي قويدۇم... ئۇ قورسىقىمغا بەك دەسسىۋەتتى...

— ھازىر بىر يېرىڭ ئاغرىۋاتامدۇ؟ — دېدى تېيىپ ئۇنىڭ گەپلىرىدىن كۆڭلى سەل جايىغا چۈشۈپ ۋە ئۇنىڭ كۆكىرىپ چىققان يۈزىنى سىلاپ قويدى.

بىردىن سەلىمەنىڭ چىرايى تۇرۇلۇپ تولغىنىپ كەتتى. ئۇ لېۋىنى چىشلىگىنىچە ئىڭراپ كەتتى.

— نېمە بولدى؟ — تېيىپ گۇمانلىنىپ سورىدى.

— قورسىقىم بەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ.

— نېمە دەيدىغانسەن؟ — تېيىپ ئۇنىڭ كۆڭلىكىنى كۆتۈرۈپ چۆچۈپ كەتتى، — ۋاي، قان كېلىۋېتىپتۇ، چاتاق... سەن توختاپتۇر!...

ئۇ يۈگۈرگىنىچە سىرتقا چىقىپ كېتىپ خېلىدىن كېيىن كىرىپ سەلىمىگە دېدى:

— ھارۋا تېپىپ كەلدىم، يۈرە، دوختۇرغا بارايلى، —

دېدى ئۇ ۋە تولغاق ئازابىدا قىينىلىۋاتقان سەلىمەنى كۆتۈرۈپ ھارۋىغا ياتقۇزدى - دە، يېزىغا قاراپ يول ئالدى...

ئۇ يېزا دوختۇرخانىسىغا كەلگەن چاغدا گۈگۈم چۈشكەنىدى، دوختۇرلار سەلىمەنى تۇغۇت ئۆيىگە ئەكىرىپ كېتىپ، خېلىدىن كېيىن چىقتى:

— ئايالىڭىزنى شۇنچىلىكمۇ ئۇرغان بارمۇ؟ — دېدى ئوتتۇرا ياش دوختۇر ئايال چىقىپ تېيىپقا قايناپ كەتتى، — تاس قاپسىز ئىككى جاننىڭ بېشىغا چىققىلى...

— قانداق بولدى؟

— قانداق بولاتتى، بالىڭىز چۈشۈپ كەتتى...

دوختۇرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تېيىپ يېنىك تىن ئالدى، ئۇ نەچچە كۈندىن بۇيان مۇشۇ غەمدە تۇتقان - قويغىنىنى بىلمەي يۈرەتتى. ئۇ سەلىمەگە ئىككى قاتار يېنىغا كېلىپ: «دوختۇرغا بېرىپ ئالدۇرۇۋېتەيلى» دەپ يالۋۇرسىمۇ سەلىمە ئۇنىماي قويغانىدى.

— نېمە قورقاتتىڭىز، خەقلەرگە سىزنىڭ بالىڭىز ئەمەس دېسەم بولدىغۇ؟ — دەپ تۇرۇۋالغانىدى ئۇ.

لېكىن، تېيىپ بۇ سىرنىڭ ھامان بىر كۈنى ئاشكارا بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ خاتىرجەم بولالماي يۈرگەنىدى. دوختۇرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ «ئۇھ» دېدى.

بىردەمدىن كېيىن چىرايىدا قان قالمىغان سەلىمە چىقتى. ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدا لىغىرلاپ ياش پارقىراپ تۇراتتى.

— تېيىپ، — دېدى ئۇ ئۆمچىيىپ، — بالىمىزنى ساقلىيالمىدىم. بەكرى ئۇنىڭ بېشىغا چىقتى... تېيىپ، ئەمدى مېنى تاشلىۋېتەرسىزمۇ؟...

تېيىپ گەپ - سۆز قىلماستىن ئۇنى يۆلەپ سىرتتىكى ھارۋىغا ئېلىپ ماڭدى...

# 21

بۇلاقسايدا بۇ يىلقى باھار يامغۇر ـ يېشىن بىلەن باشلاندى. باشتا بىر ـ ئىككى كۈن ئۇبدانلا ئىسسىق بولۇپ، يەر ـ زېمىن كۆكىرىشكە باشلىغانىدى. تۇرۇپلا ھاۋا تۇتۇلۇپ يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. بۇ يامغۇر خۇددى زېمىنغا چۈشكۈسى كەلمىگەندەك ئەزمىلىك بىلەن ئاستا ياغاتتى، بەزىدە يامغۇر توختاپ تاغ جىلغىسىدىن ئاچچىق شامال چىقىپ قوياتتى. لېكىن ھايال ئۆتمەي بۇ شامال تاغ تۆپىسىدىكى قارا بۇلۇتلارنى مەھەللىنىڭ ئۈستىگە ھەيدەپ كېلەتتى ـ دە، ئۇششاق يامغۇر يەنە تامچىلاشقا باشلايتتى. بىر ھەپتىدىن بۇيان توختىماي يېغىۋاتقان بۇ ئاق يېغىن تاغ ئېتىكىگە جايلاشقان قەدىمكى مەھەللىدىكى دېھقانلارنىڭ سوقما تاملىق ئۆيلىرىنى سۇغا چىلاپ قويدى. ھەممە يەردە بىر خىل كۆڭۈلسىزلىك ھۆكۈم سۈرەتتى. مەھەللە كوچىلىرىدا ئادەممۇ كۆرۈنمەيتتى، بۇلاقسايلىقلار قاتتىق زېرىكىش ۋە ئەندىشە ئىچىدە قالدى. ئۇلار ھاۋانىڭ ئېچىلىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈشەتتى، لېكىن يامغۇرنىڭ توختىشىدىن دېرەك يوق ئىدى.

مەسۈم تاران ئىچكەركى ئۆيدىكى كىچىككىنە پەنجىرە تۈۋىدە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغىنىغا خېلى بولدى. تالادا سىم ـ سىم يامغۇر توختىماي يېغىۋاتاتتى. ھاۋا شۇنچىلىك كۆڭۈلسىز، ئۇنىڭ خىياللىرىمۇ ئەلەملىك ئىدى. ئۇ ھەممە دەردىنى تاماكىدىن ئالماقچى بولغاندەك ئۇزۇلدۇرمەي تاماكا چېكەتتى. بىر كەمدە دالان ئۆينىڭ ئىشىكى غىچىرلاپ ئېچىلىپ ئۆيگە ئايالى شەرۋان كىردى. ئۇنىڭ ئۇستىۋاشلىرى يامغۇردا ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ئىچكەركى ئۆيدە ئولتۇرغان ئېرىگە قاراپ قويۇپ چاپىنىنى سېلىپ قوزۇققا ئىلدى، ئاندىن پۇتىدىكى لايدىن تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن ئايىغىنى سېلىۋېتىپ، يىرتىق ساپما كەشىنى كىيگەچ ئېرىگە قاراپ:

— شەمشىلەرنىڭ چايخانا ئۆيى كېچىدىن ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ-
تۇ، — دېدى.
ئايالىنىڭ ئېلىپ كەلگەن خەۋىرى مەسۇم تاراننى چۆچۈتۇ-
ۋەتتى.
— نېمە دەيسەنۇي؟ — دېدى ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، — ئۆزلىرى ساقمىكەن؟
— ئۆزلىرى ساق ئوخشايدۇ، قازان - قومۇچلىرى ئۆينىڭ ئاستىدا قاپتۇ...
— ياپىرىم، — مەسۇم تاران هودۇققىنىچە ئۆينىڭ تورۇ-
سىغا قاراپ قويدى، — نېمە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ، خۇدايىم...
— يارىنىڭ دېيىشىچە، تۈنۈگۈن ئاياغ مەھەللىدىكى ساۋۇر-
كاملارنىڭ ئۆيىمۇ ئۆرۈلۈپ كېتىپتۇ... ۋاي، مەسۇم، — دېدى شەرۋان تورۇسقا قاراپ، — ماۋۇ يەردىن تامچە ئۆتۈۋاتام-
دۇ نېمە؟...
مەسۇم تاران ئىتتىك چىقىپ ئايالى كۆرسەتكەن يەرگە قارد-
دى، كونىراپ قارىيىپ كەتكەن بورىنىڭ ئارىسىدىن سىرغىپ
سۇ چۈشۈۋاتاتتى. تامچە بارغانچە تېزلەشكە باشلىدى. مەسۇم تاران هودۇققىنىچە سۇپىدىكى كىگىزنى بىر چەتكە قايرىۋېتىپ ئايالىغا توۋلىدى:
— نېمىگە قاراپ تۇرىسەن، جاۋۇرنى ئەكەل!
شەرۋان ئىشىك تۈۋىدىكى جاۋۇرنى ئېلىپ تامچە چۈشۈۋاتقان
جايغا قويدى، جاۋۇرنىڭ ئىچىگە ساپسېرىق سۇ رىتىملىق تامچى-
لاپ چۈشۈشكە باشلىدى. مەسۇم تاراننى بىردىنلا غەم باستى،
بۇ كەمگىچە ئۇ ئۆيدىن خاتىرجەم ئىدى. مانا ئىشەنگەن ئۆيمۇ
راست گېپىنى ئېيتقىلى تۇردى. «ئەگەر يامغۇر يەنە مۇشۇنداق
توختىماي يېغىۋەرسە سۇدا قالىمىزمۇ تېخى! شەمشىنىڭ بېشىغا
كەلگەن كۈن مېنىڭ بېشىمغا كەلسە ۋەيران بولغىنىم شۇغۇ،
شەمشىنىڭغۇ ئارسلاندەك ئوغۇللىرى بار، مېنىڭ نېمەم بار؟

بىرمۇ بالا يېنىمدا يوق تۇرسا… ياراتقان ئىگەم ئۆزۈڭ پاناھىڭدا ساقلارسەن، بۇلاقسايلىقلارنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان بۇ ئاپەتتىن ئۆزۈڭ قۇتقۇزارسەن…»

مەزىنىنىڭ جۈمە نامىزىغا چاقىرىپ سوزۇپ ئېيتقان ئەزان ئاۋازى مەسۇم تارانىنىڭ ئەنسىزلىك بىلەن تولغان خىياللىرىنى ئۈزۈۋەتتى، ئۇ خۇددى ئۇمىدكە ئېرىشكەندەك يېنىك تىندى ـ دە، تاھارەت ئېلىش ئۇچۇن مايماق چۆگۈننى كۆتۈرۈپ ھويلىغا چىقتى، سىرتتا ھەممە يەر كۈل رەڭ تۇمانغا پۈركەنگەن بولۇپ، يامغۇر ئېرىنچەكلىك بىلەن سىمىلداپ يېغىپ تۇراتتى. ئۇدا ياغقان يامغۇر ھاۋانىمۇ سوۋۇتۇۋەتكەندى. يالاڭ چىققان مەسۇم تارانىنىڭ ۋۇجۇدى نەم سوغۇقتىن جۇغۇلداپ كەتتى، ئۇ قوغۇشۇن-دەك بۇلۇتلار بىلەن تۇتۇلغان ئاسمانغا ئەلەم بىلەن قاراپ قويدى ـ دە، پاتقاقنى كەچكىنىچە ھويلىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى چولاق تامنىڭ كەينىگە قاراپ ماڭدى…

كونا مەھەللىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىكى دۆڭلۈكتە قەد كۆتۈ-رۈپ تۇرغان بۇ مەسچىت بۇلاقسايلىقلارنىڭ بىردىنبىر ماختىنى-دىغان بىناسى ئىدى. دەرۋەقە، ئەتراپىدىكى پاكار، پېشايۋانسىز دېھقان ئۆيلىرىنىڭ يېنىدا ئۇ راستتىنلا كۆركەم، ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. كونىلارنىڭ دېيىشىچە، ئالدى ـ كەينى بولۇپ ئىك-كى يىلدا پۈتكەن بۇ مەسچىتكە يۈز يىل بولغانمىش، يامغۇر تۇۋرۇكلىرى كۆك خىشتا قوپۇرۇلغان، ئاستى ـ ئۈستى تاختاي-لىق بۇ مەسچىتنىڭ تاملىرىنىمۇ يالاپ ئېرىقچىلارنى چىقىرىشقا ئۈلگۈرگەندى.

مەسۇم تاران يولنىڭ چېتىدىكى يېڭى كۆكىرىپ چىققان چۆپلۈك يەرلەرنى تاللاپ مېڭىپ مەسچىتكە كەلگەندە پېشايۋاننىڭ سۇپىسى لايغا مىلەنگەن ھەر خىل ئاياغ كىيىملىرى بىلەن توشۇپ كەتكەندى. بۇلاقسايلىقلارنىڭ ئادىتى شۇنداق، ئادەتتىكى كۈن-لەردىكى نامازلارغا مەھەللىدىكى چوڭلار كېلەتتى، جۈمە نامىزىغا

بولسا مەھەللىدىكى چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن قالماي كېلەتتى. ئۇلار نامازنى ئۆتەپ بولغاندىن كېيىنمۇ دەرھال تارقاپ كەتمەي مەھەللىدە يۈز بەرگەن ئىشلار، كىمنىڭ كالىسى تۇغقانلىقى، يەنە كىمنىڭ يېڭىدىن ئېشەك سېتىۋالغانلىقى ۋە ياكى بازارغا كىرىپ - چىققان بىرىنىڭ ئەكەلگەن خەۋەرلىرىنى بىر - بىرىگە يەتكۈزۈپ مۇھاكىمە قىلىشاتتى. كەنت باشلىقلىرىمۇ يىغىننى مۇشۇ يەردىلا ئاچاتتى. باشقا چاغدا بۇلاقسايلىقلارنى ئۆي - ئۆيىدىن چاقىرىپمۇ يىغىنغا ئەكېلەلمەيتتى.

بۈگۈنكى پاراڭ ئۆز - ئۆزىدىنلا بىر ھەپتىدىن بۇيان يېغىۋاتقان يامغۇر ئۈستىدە بولدى...

— ھەي شەمشى! — دوغىلاق، سىرلاپ قويغاندەك قاپقارا دېھقان ئەتراپقا ئەلەڭلەپ قاراپ چاقىردى، — سېنىڭ ئۆيۈڭنى ئۆرۈلۈپ كەتتى دەيدىغۇ؟

— ھەئە، — دېدى شەمشى خۇرسىنىپ قويۇپ، — چايخانا كېچىدىن ئۆرۈلۈپ چۈشتى.

— بالا - چاقاڭ ساقتۇ؟

— خۇدا ساقلاپ ئۇلار ساق...

— سەنغۇ ھېچ نەرسە بولمايسەن، — دېدى ئۇ كۈلۈپ، — ئۆگزە بېشىڭغا چۈشسىمۇ تېيىلىپ توختىمايدىغۇ؟...

— سەن ئەمەستە مەچچىدە ئېزىلىپ لاي بولىدىغان، — دېدى شەمشى ئۇنىڭ «داڭگال» دېگەن لەقىمىنى كەلتۈرۈپ.

بۇلاقسايلىقلار مۇشۇنداق، ئۇلار بېشىغا ھەرقانچە كۈلپەت كەلسىمۇ چاقچاق بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتەتتى.

— ھاۋا مۇشۇنداق بولسا بۇلاقسايدا ساق ئۆي قالامدۇ نېمە؟

— ئۆتكەن يىلى قۇرغاقچىلىق بولۇپ بىنەم قۇرۇپ كەتتى، «بۇ يىل بىنەم تازا ئوخشايدىغان بولدى» دېسەك ئۆيگە ئاپەت

كەلدى، قانداق قىلىشارمىز ئەمدى؟

— ھەي، ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ — دېدى ئىلەك ئورنىدىن كۆتۈ-رۈلۈپ، — ناھىيىنىڭ دۇكانلىرىدا ھازىر سۇلياۋ قالماپتۇ دەيدۇ...

— نەچچە ۋاقىتتىن سۇلياۋنى ساتالمىغانلار تازا پۇل تېپىۋا-لىدىغان بولدى ـ دە؟...

— يارىنى سۇلياۋ ئەكەلگىلى كەتتى دەيدىغۇ؟...

— ئەتىگەن دۇكانغا بارغانىدىم، — دېدى ئىلەك، — تېخى يېنىپ چىقماپتۇ.

— سەن سۇلياۋنى نېمە قىلىسەن؟ — دېدى بايىقى «داڭ-گال» لەقىمى بار دېھقان، — يامغۇر توختىغىچە قاسىم بىلەن ئۇ دۇنياغا كېتىپ تۇرامسەن؟...

مەسچىتنىڭ ئىچىدە «پاراققىدە» كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— خالايىق!...

ئىمامنىڭ تونۇش ئاۋازىنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن جىم بولۇش-تى. ئاق يۈزلۈك، مەڭزى قىپقىزىل ناسىر ئىمام بۇلاقسايدا ئەڭ ئابرۇيلۇق ئادەم ئىدى. مەھەللىدە دەرۋازىسى بار بىردىنبىر ھويلىمۇ شۇنىڭ ئىدى. ئۇ ئولتۇرغانلارغا ئېغىر قاپاقلىرى ئاس-تىدىكى يوغان كۆزلىرىنى يۈگۈرتۈپ چىقىپ سۆزىنى تەكرارلى-دى:

— خالايىق، يۇرتىمىزغا ئاپەت يېغىۋاتىدۇ. ئۆتكەن يىلى قۇرغاقچىلىق بولغانتى، بۇ يىل مانا يامغۇر ئاپىتى بولۇۋاتىدۇ. بۇ نېمە ۋەجىدىن؟... بۇمۇ ئاللاتائالانىڭ بىز بەندىلىرىگە بېرىۋات-قان جازاسى. ھازىر ياشلىرىمىز ئىماننى ئۇنتۇپ ھاراق ئىچىدى-غان، شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ بولمىغۇر ئىشلارنى قىلىدىغان بولۇۋالدى، يەنە بەزىلەر ياراتقان ئىگەمنىڭ بەرگەن رىزقىغا شۇ-كۈر ـ قانائەت قىلماي مەھەللىنى تاشلاپ كېتىۋاتىدۇ. قۇدرىتى ئۇلۇغ خۇدا شۇ ۋەجىدىن ماۋۇ كارامەتنى كۆرۈڭلار دەپ يامغۇرنى

ئەۋەتىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا بىز ئۆزىمىز گۇناھكار، بىلىشىمىز كېرەككى، ئاللانىڭ ئىرادىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ، بۇ يامغۇرنى توختىتىدىغانمۇ قۇدرىتى ئۇلۇغ ئاللانىڭ ئۆزى. بىز بەندىلەرنىڭ پەقەت ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن پەرۋەردىگاردىن كەچۈرۈم سوراشتىن ئۆزگە چارىمىز يوق. شۇڭا جامائەت يىغىش قىلىپ زاراخەتمە ئۆتكۈزمەي بولمىدى...

— ئىمام ئاخۇنۇم توغرا دېدى، — ئابدۇل مەزىن دەرھال ئۇن قاتتى، — بىز ئەرۋاھلارنىڭمۇ قارغىشىغا كەتتۇق، مانا مەن مۇشۇ بۇلاقسايدا تۇغۇلۇپ چوڭ بوپتىمەن، بۇ كەمگىچە هازىرقىدەك ئاپەت كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى. مانا ئىككى يىل بولدى، ئاپەت قۇرۇمايۋاتىدۇ. ھەممە بالا - قازا مەھەللىنى كۆچۈرۈشتىن كېلىۋاتىدۇ، بىز بەندىلەر ئاللاتائالا نەگە رىزقىمىزنى چاچسا شۇ يەرگە رازى بولۇپ تۇرۇشىمىز كېرەك. ئاللانىڭ ئىرادىسىگە مۇخالىپ ئىش قىلساق مۇشۇ كۈننى كۆرىمىز، ئەگەر بىز گۇناھىمىزنى تىلەپ دۇئا - تىلاۋەت قىلمىساق ھەممەيلەننىڭ ئۆي - جايى ئۆرۈلۈپ تالادا قالىمىز...

— ئۆتكەن يىلىمۇ نەزىر قىلغانىدۇق، — دېدى ئىلەك ئۆرە بولۇپ، — ھېچبىر پايدىسى بولمىدىغۇ؟

— سەن پۇل بەرمىگەچكە قوبۇل بولمىدى - دە؟ — شەمشى ئۇن قاتتى.

— قاسىمدىن خەۋەر يوقمۇ؟

— جامائەت، — دېدى ئابدۇل مەزىن، — چاقچاقنى قويايلى، خۇدا يولىدىكى ئىشنىڭ گېپىنى قىلايلى.

بىرپەس سۈكۈتتىن كېيىن توپ ئىچىدىن بىرەيلەن ئۇن قاتتى:

— بوپتۇ، قىلساق قىلايلۇق، زاراخەتمىنى قانداق ئۆتكۈزىمىز، ئۆزۈڭ بىرنىمە دەپ باقمامسەن، قانداق دېدىم، جامائەت؟

— توغرا دېدىڭ ... — جامائەت «گۇرررىدە» تۇۋلىدى.

ئابدۇل مەزىن يېنىدا سالاپىتىنى بۇزماي ئولتۇرغان ئىمامغا قاراپ قويدى ـ دە:

— جامائەت، ھەممەيلەن قوشۇلغان بولساق مۇنداق قىلساق، — دېدى گېلىنى قىرىپ قويۇپ، — تىلاۋەت قىلماق قان قىلماق دېگەن گەپ، بىرەر مالنىڭ بېشىنى كەسمىگۇچە زاراخەتمە ئىجابەت بولمايدۇ، بىز بىر كالا ئۆلتۇرسەك دېيىشىتۇق. ئۇنىڭغا قوشۇپ نان ـ توقاچ، چاي ـ تۇز دېگەندەك نەرسىلەرگە كېتىدىغان ۋەجىنى ھېسابلاپ كۆرۈپ چىقتۇق، تۇتۇن بېشىغا ئەللىك تەڭگىدىن توغرا كېلىدىكەن، كالىنىمۇ ئۇقۇشۇپ قويدۇق. ئەمىسە نەق بارلىرىمىز ھازىرلا تاپشۇرۇۋەتسەك بولىدۇ.

مەسچىت ئىچىنى جىمجىتلىق باستى، پەقەت ئاربلاپ كىملەرنىڭدۇر ئېغىر پۇشۇلدىغان ئۈنى ئاڭلىناتتى، ھەممەيلەن يەر ئاستىدىن بىر ـ بىرىگە سوئال نەزىرىدە قارىشىپ قوياتتى.

— قانداق، جىمىپ كەتتۇققۇ؟ — ئابدۇل مەزىن باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇشقان مەسچىت قوۋمىغا قاراپ سورىدى، — خۇدا يولىدىكى ساۋابلىق ئىشقا قىسىنىۋاتىمىزمۇ؟

— ئۇنداقمۇ ئەمەس، ئابدۇللەم، — دېدى مەسۇم تاران بېشىنى كۆتۈرۈپ، — شۇنىسى، ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، ھازىر دېھقانىنىڭ يىلىكى ئۈزۈلگەن چاغ، ئەللىك تەڭگە ئەمەس، بەش تەڭگىگىمۇ زار بولۇپ يۈرىمىز.

— راست دەيسەن، — دېدى شەمشى ئۇنى قۇۋۋەتلەپ، — شۇ تاپتا بۇلاقسايلىقلارنىڭ يانچۇقىدىن پۇل تۇرماق كىر ياغلىقمۇ چىقمايدۇ.

— سەن ھال ئېيتساڭ ياراشماسمىكىن، مەسۇم، — دېدى مەزىن بېشىنى چايقاپ، — ياردەك ماگىزىن ئېچىۋاتقان كۆيئوغلۇڭ تۇرسا ئۇنچىلىك پۇل نېمە ئىدى؟

— ئۇنىڭدىن سەن بېرىپ ئال! — دېدى مەسۇم تاران قوپاللىق بىلەن.

جامائەت ئەمدى تالاش ـ تارتىشقا چۈشۈپ كېتىشتى:

— ھەي، سەۋرىدىن، گەپ قىلمايسەنغۇ؟... قارا باشنى ساتارسەن؟

— قوزىسى تېخى كىچىك تۇرسا، ساتسامۇ بالىسىنى چوڭ قىلىپراق ساتارمەن، سەن ئۆزۈڭچۇ؟

— مەندە نېمە بار دەيسەن، نان دەپ تۇرغان ئالتە بالا بار؟

— ئۆزۈڭنىڭ ھالى شۇنچىلىك بولغاندىن كېيىن نېمە ماڭا ئۆگىتىسەن؟

— كۆپمە ھوي...

باياتىن گەپلەرگە خۇشياقمىغاندەك قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان ناسىر ئىمام ئورنىدىن تۇردى:

— خالايىق! — دېدى ئۇ سۇرلۇك بىر تەلەپپۇزدا، — ھازىر دېھقانلىنىڭ سېرىقتال مەزگىلى ئىكەنلىكى بىزگىمۇ مەلۇم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەپتىدىن بۇيان يېغىۋاتقان يامغۇر ھەممىنىڭ قول ـ پۇتىنى چۈشەپ قويۇۋاتىدۇ، بۇنىمۇ كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز، ئەمما بۇ ئاپەتكە سەۋەب قىلمىساق، قۇدرىتى ئۇلۇغ ئاللادىن مەدەت تىلىمىسەك ئەتە ـ ئۆگۈن بۇنىڭدىنمۇ بەتتەر كۈنگە قالىمىز، بەندىنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان بۇ كۈلپەتنى بىر ئاللادىن بۆلەك ھېچكىم توسالمايدۇ. بىز پەقەت ياراتقان ئىگەمگە ئىلتىجا قىلىپ گۇناھىمىزنى تىلىسەك ھەممىگە قادىر خۇدا بىزنىڭ بېشىمىزنى سىلايدۇ. بىزگە ئاتىغان رىزقىنى بېرىدۇ، بۇنىڭغا شەك كەلتۈر-مەيلى، خۇدا يولىدىكى بۇ ساۋابلىق ئىشقا ئۇنچىۋالا زارلاپ كەتسەك تۈزكورلۇق قىلغان بولۇپ تېخىمۇ چوڭ گۇناھقا پاتىمىز...

ئىمامنىڭ تەئەددى بىلەن ئېيتقان ئاخىرقى سۆزلىرى گويا نەشتەر بولۇپ ئولتۇرغانلارنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى تىلىپ ئۆتكەن-دەك بولدى. ئۇلار قارشى تۇرۇپ تېخىمۇ چوڭ گۇناھقا شېرىك بولۇپ قېلىشتىن قورقۇشتىمۇ، باشقا گەپ ـ سۆز قىلماس-تىن ئەتە ـ ئۆگۈنگىچە بىر ئامالنى قىلىپ پۇلنى تاپشۇرۇشقا

ۋەدە بېرىشتى. باشلىرى چۈشكەن، خىيالغا پاتقان نامازخانلارنى سىرتتا مۈزدەك يېقىمسىز، ئەزمە يامغۇر بىر خىل شىۋىرلاپ قارشى ئالدى.

مەسۇم تاران پېشايۋانغا سىلىپ قويغان ئايىغىنى تەستە تې-پىپ كىيىپ ئۆيگە ياندى، ئۇنىڭ ئۆيى مەسچىتنىڭ يۇقىرىسىدا ئىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس - خىيالى ئۆيدە قالغانىدى. «ئۆي جىم تۇرغانمىدۇ؟» دەيتتى ئۇ ئىچىدە ۋە تەكشى تۇتۇلغان ئاسمانغا ئاچچىق بىلەن قاراپ قويدى. ئۇ مەسچىت قورۇسىدىن چىقىپ ئۆي تەرەپكە قايرىلىشىغا كەينىدىن ئىلەك شىپىرلاپ يېتىپ كەلدى:

— كەنت باشلىقلىرىنىڭ سىلىقىمۇ يېتىپ ئىشۋاتاتتى، — دېدى ئۇ ئەتراپىغا ئەلەڭلەپ قاراپ قويۇپ، — ئەمدى مەسچىتمۇ سىلىق سالغىلى تۇردى، قانداق قىلىشارمىز ئاغىنە؟

— قانداق قىلاتتۇق؟ يامغۇر توختايدىغانلا ئىش بولسا مەيلى ئەمەسمۇ؟...

— بۇ گەپچە، پۇلۇڭ بار ئوخشىمامدۇ؟

— زىغىر چىققۇچە ماي تارتىپ يەرمىز، دەپ تىقىپ قويغان ئازراق زىغىر بار ئىدى، شۇنى ساتسام بولىدىغان ئوخشايدۇ.

— سېنىڭغۇ زىغىرىڭ باركەن، مەن نېمەمنى ساتارمەن؟

— قىزىل خورىزىڭنى ساتامسەن؟

— نەدىكى خوراز؟ — ئىلەك كۈلدى، — ئۇ چۈجىنى كىم پۇلغا ئالىدۇ...

— تېرەكلىرىڭ بارغۇ؟

— ئۇنى ئاسىم بىلەن قاسىمنى ئۆيلەپ قالسام ئۆي سېلىپ بېرەرمەن دەپ ساقلاپ قويغان، «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دەپ ئىشەك هارۋىدىنمۇ ئايرىلدۇق، ئەتە - ئۆتۈن ئۆي ئۆرۈلۈپ بەرمىسە بولاتتىغۇ؟ شۇ كۈندە قايسىبىرىنى قىلىدىغان ئىش-كىنتاڭ؟

— خۇدايىم ئۆزى ساقلار، — دېدى مەسۇم تاران.

ئىككى قوشنا مەسۇم تاراننىڭ ئىشىك ئالدىدا خوشلاشتى، مەسۇم تاران قورۇدىن ئاتلاپ ئىشىككە كېلىشىگە ئۆيدىن جاۋۇردا لىق سۇنى كۆتۈرۈپ چىققان شەرۋان ئەنسىزلىك بىلەن «دالاننىڭ نەچچە يېرىدىن تامچە ئۆتكىلى تۇردى» دەپ خەۋەر قىلدى.

## 22

تاڭغا يېقىن يامغۇر توختاپ، هاۋا سەل - پەل سۈزۈلگەندەك بولدى. نەم ئۆيدە يېتىۋېرىپ ئېزىلىپ كەتكەن مەسۇم تاران قوپۇپ هويلىغا چىقتى. قۇياشنىڭ يۈزىنى كۆرگىلى بولمايتتى. يامغۇردا يەر يۈزى نەم هەم تېيىلغاق بولۇپ كەتكەندى، هۆل بولۇپ كەتكەن دەرەخ يوپۇرماقلىرى هالسىز تەۋرىنەتتى. پاتقاقتا رەسۋا بولغان يول، يامغۇردا ئېزىلىپ شۈمشىيىپ قالغان ئۆيـ لەر، ئادەمسىز كوچىلار تولىمۇ كۆڭۈلسىز مىسكىن كۆرۈنەتتى، مەسۇم تاران ئاۋايلاپ دەسسەپ مېڭىپ قاشانىڭ يېنىدىكى ئۆزى دائىم ئولتۇرىدىغان كۆتەككە كېلىپ ئولتۇرۇپ موخوركا يۆگىـ دى. ئادەتتە بۇ يەرگە ئۆتكەن - كەتكەن قوشنىلار پات - پاتلا يىغىلىشىپ پاراڭ قىلىشىدىغان يەر ئىدى. بۈگۈن بولسا ئىنسۇجىن يوق، جىمجىت ئىدى. مەسۇم تاران ئاچچىق تاماكىنى شورىغاچ يامغۇر سۈيىگە چىلانغان ۋەيرانە قورۇسىغا، يېرىمىغىچە نەم تارتىپ شۈمشىيىپ تۇرغان ئۆيىگە، ئۆگزىدىكى قۇرۇپ دارـ دىيىپ تۇرغان قورايلارغا كۆڭۈلسىز قاراپ قويدى. ئۇ ئۆيلەردىن كۆزىنى ئېلىپ قورۇغا قارىدى. هويلىنىڭ قورۇق تېمى پاكارـ لاپ، بەزى يەرلىرى ئۆرۈلۈپ، مال كىرگۇدەك شورىلار پەيدا بولغانىدى. مەسۇم تاران خىيالىدا بۇ يىل ياز ئۇنى بىر ئاماللاپ يېڭىلىماقچى بولغانىدى. لېكىن، مۇنۇ يامغۇر تامنى قويۇپ ئۇـ نىڭ ئۆيىگىمۇ تەهدىت سالغىلى تۇردى. «ناۋادا···» مەسۇم تاران كاللىسىغا كەلگەن خىيالدىن چۆچۈپ كەتتى··· بۈگۈن نېمە بولدىـ

كىن، بىر ئەندىشە ئۇنىڭ ئىچىنى تاتىلايتتى. لېكىن، ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى، كۆڭلى خۇددى بۇلۇتلۇق ئاسماندەك تۇتۇقلا ئىدى.

كوچا تەرەپتىن خېلى يوغانلا خالتىنى كۆتۈرۈپ ئايالى شەر-ۋان كەلدى. ئۇنىڭ پۇتىغا كىيىۋالغان سېرىق چۇخىيى ئوشۇقد-غىچە لاي بولۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ پاتقاقتىن ئاران سۆرەپ، ئالدىغا ئېڭىشىپ كېلىۋاتاتتى. مەسۇم تاران ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ ئىچى ئاغرىپ قالدى. «شەرۋانغىمۇ تەس بولدى، — دېدى ئۇ كۆڭلى بىرقىسما بولۇپ، — ئۆيىنىڭ ھەممە ئىشى شۇنىڭغا قال-دى، بىر چاغلاردا ئەجەب چاققان ئايال ئىدى، تاڭ سەھەردىن تەڭ كېچىگىچە ئىشلەپ ھارمايتتى. بۇ ئۆيىنىڭ جاپاسى، ئۇنى ئاز دەپ كېسەل ئۇنىمۇ كاردىن چىقىرىۋەتتى. تۇرغان بولغان بولسىمۇ بۇ كەمگىچە كېلىن چۇشۇرۈپ، شۇنى ئىشقا سېلىپ قويۇپ ئولتۇراتتى، قىزلارنىڭ ئەھۋالى بولسا ئاۋۇ... ئەمدى قانداق قىلىدىغان ئىشكىنتاڭ؟...»

— نېمەڭۇي بۇ؟

مەسۇم تاران ئايالى يېقىن كەلگەندە ھەيران بولۇپ سورىدى.

— پەرىدەلەر ئۆگزىگە يېپىڭلار دەپ سۇلياۋ بەردى، — شەرۋان ئېغىر سومكىنى يەرگە قويۇپ ئۇھ تارتتى، — بۇگۇن ئۇلارنىڭ دۇكىنىدا سۇلياۋ دېگەنگە ئوت كېتىپتۇ...

— يامغۇر توختاپ قالدىغۇ؟

— يارى دەيدۇ، يامغۇر يەنە نەچچە كۈن ياغارمىش...

— يارى خۇدامىكەن، يامغۇرنىڭ ياغىدىغان - ياغمايد-غانلىقىنى بىلىدىغان؟

— تېلېۋىزوردا ئۇقتۇرۇپتۇ...

— پوقنى يەيدۇ، — مەسۇم تاران ئايالىنىڭ گېپىنى ئاچچد-قى بىلەن بۆلدى، ئۇ ھەممە ئاچچىقىنى شۇ بىر ئېغىز گەپ بىلەن چىقىرىۋالغاندەك بولۇپ ئايالىغا قاراپ ئالىيىپ قويدى. شەرۋان

هەر قېتىم يارنىڭ گېپىنى قىلسىلا ئۇنىڭ جۇدۇنى ئۆرلەپ قالاتتى. ئۇ يەنە بىرنېمىلەرنى دېمەكچى ئىدى. لېكىن، شۇ ئارىدا ئابدۇل مەزىنىنىڭ سوزۇپ توۋلىغان ئەزان ئاۋازى مەھەللە ئۈستىدە ياڭرىدى. مەسۇم تاران خالتىغا قاراپمۇ قويماستىن تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن بۇلۇڭدىكى چۆگۈننى كۆتۈرۈپ ئۆيىنىڭ كەينىگە ماڭدى.

شەرۋاننىڭ دېگىنى توغرا چىقتى. كۈن پېشىندىن ئۆتكەندىن كېيىن ھاۋا باشقىدىن تۇتۇلۇپ، يامغۇر يەنە سىمىلداپ يېغىشقا باشلىدى. ئەتىگەندىن كۈن كۆرۈپ ئەكچىپ قالغان يەر - جاھان باشقىدىن ئىۋىپ مىچىلداپ كەتتى. مەسۇم تاران پەرىدە ئەۋەتكەن سۇلياۋنى «يامغۇر توختىدى» دەپ ئۆگزىگە يېيىشقا ئۇنىمىغاند- دى، يامغۇر ئەدەپ كەتكەندىن كېيىن، «ياپسام بولغۇدەك» دەپ خېلى ھەپىلىشىپمۇ ئۆگزىگە چىقالمىدى.

بۇلاقسايلىقلار باشقىدىن ئۆيلىرىگە سولاندى. مەسۇم تاراد- نىڭ ئىچى تىت - تىت بولاتتى. ئۇ پەنجىرە ئالدىدا شۇمشىيىپ ئولتۇرغىنىچە تەكشى تۇتۇلۇپ كەتكەن ئاسمانغا، بىر خىلدا سى- مىلداپ چۈشۈۋاتقان ئەزمە يامغۇرغا قارىغىنىچە ئاچچىق تاماكىنى ئۇزمەي چېكەتتى. «ئەگەر يارنىڭ دېگىنى راست بولۇپ يامغۇر يەنە بىر ھەپتە ياغىدىغان بولسا بۇلاقسايلىقلارنىڭ كونا ئۆيلىرىنى تۇپتۇز قىلىۋەتمەمدۇ؟ تېلىۋىزوردا دېگىنى راست چىقتى دېسە... قايسى كۈنى شۇنچە پۇل تاشلاپ قىلغان زاراخەتمە ھېچنې- مىگە دال بولمىدىغۇ؟ ياكى ئابدۇل كاناي يەنە نەزىرنىڭ گۆشىگە قول تەگكۈزۈپ قويغانمىدۇ؟ نەپسىگە ئوت كەتكەن نائەھلىي... ئۆتكەن يازدىمۇ بىرمۇنچە پۇل چىقىرىپ يامغۇر تىلەپ نەزىر قىلغاندۇق، بىكار بولدى، زىرائەتلەر قۇرۇپ كەتتى. بۇ يىل ئەمدى يامغۇرنىڭ ئاستىدا قالدۇق، ئېسەنگە يەنە نېمە ئاپەتلەرنى بېرىدىكىنتاڭ... بۇدا نەزىر قىلايلى دېسە ئۆزۈڭ قىل دەيمەن. بۇلاقسايلىقلارنىڭ يانچۇقىدىن چىقىۋېرىدىغان ئېچىپ قويغان باد-

كىسى يوق. مۇشۇ تاپتا يېگى ئاشقا ئۇلاشقىچە قانداق قىلساق بولىدىكىن؟... ھەممىنى بۇزۇۋاتقان ئاشۇ ئابدۇل دېگەن مۇتتەھەم، ناسىر ئىمامغا ئۇ پېسەندىنىڭ نەرى ياراپ قالدىكىن؟... بولمىسا ئىنقىلابتا ئىمامنى ئالدىغا سېلىپ كوچمۇكوچا سازايە قىلدۇرغاننىڭ بىرى ئاشۇ. ئادەم تېپىلمىغاندەك شۇنى مەزىن قىلىپ قويىدى دېسە، شۇنداقلارنىڭ كاساپىتىدىن بۇلاقسايدا ئاپەت كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ...»

— چاي ئىچەمسىز؟

مەسۇم تاران ئايالىنىڭ گېپىدىن ئېسىگە كەلدى. شەرۋان داستىخان كۆتۈرۈپ كىرىپ ئۇستەلگە سالدى. داستىخاندا ناندىن باشقا ناۋات، قۇرۇق يەل ـ يېمىشلەر بار ئىدى. مەسۇم تاران بۇ نېمە ئىش دېگەندەك ئايالىغا سوئال بىلەن قارىدى.

— پەرىدە ئەۋەتتى، — دېدى شەرۋان ئالدىراپ، — دادام تولا يۆتىلىدۇ، ناۋاتنى دەملەپ ئىچسۇن دەيدۇ، — ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، بىر پارچە ناۋاتنى ئېرىنىڭ چىنىسىگە سېلىپ قويدى.

مەسۇم تاران گەپ ـ سۆز قىلمىدى. ئېرىنىڭ خاپا بولمىغانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلى جايىغا چۈشۈپ خۇش بولغان شەرۋان ئېچىلىپ ـ يايراپ سۆزلەشكە باشلىدى.

— بۇداقى يامغۇر سۇلياۋنىڭ بازىرىنى تازا ئاقتۇرۇپتۇ، پەرىلەر نەچچە كۇندىن بۇيان سۇلياۋدىنلا ئۇچ ـ تۆت مىڭ سوملۇق سېتىپتۇ، قوشنا يېزىلاردىنمۇ كېلىپ ئالغىلى تۇرۇپتۇ، ھازىر ھېچنەدە سۇلياۋ قالماپتۇ، يارى سۇلياۋ ئەكەلگىلى شەھەرگە كېتىپتۇ.

— ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن يامغۇر ئۆتمەپتىمۇ؟

— ئۆتمەدۇ، ئۆيلەر مىتمۇ قىلماپتۇ... پەرى يامغۇر توختىغۇچە بىزنىڭ ئۆيگە يېنىپ كەلسەڭلار بوپتىكەن، دەيدۇ... تېلېۋىزوردا دەپتىچۇ، يامغۇر پات ئارىدا توختىمىغۇدەك، كونا

ئۆيدىن بەك ئەنسىرەۋاتىمەن، دەيدۇ.
— بىكار دەيدۇ، — مەسۇم تاران ئايالىنىڭ گېپىنى بۆل-
دى، — ئاتمىش يىلدىن بۇيان ھېچ نەرسە بولمىغان ئۆي مۇشۇ
ئازراق يامغۇرغا ئۆرۈلۈپ كېتەرمۇ؟
— ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن ھەممە يېرىدىن ئۆتۈۋاتامدۇ؟
— خۇدايىم ساقلايدۇ...
ھويلىدا بىرلىرىنىڭ گۇدۇڭلاشقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ، بىر-
دەمدىن كېيىن ئۆيگە ئىسراپىل بىلەن تېيىپ كىرىپ كەلدى.
— ئەھۋالىڭ قانداق، مەسۇمكا؟ — تېيىپ دالان ئۆيدىلا
گەپ قىلىپ كىردى، — يامغۇردا ئېرىپ كەتمەي دەپ بولۇڭغا
تىقىلىۋاپسەن - دە؟ ياز كېلىۋاتىدۇ، ئەمدى كۇنۇڭ تەستە؟...
تالا - تۈزدىمۇ كۆرۈنمەيسەن؟
— چىقساقمىغۇ چىقاتتۇق، بىر-رەر ياۋا نېمىلەر ئۇسۇپ
سالامدىكىن، دەپ كۆزدىن نېرى تۇرۇۋاتىمىز دېگىنە...
ئۇلار يەنە بىردەم چاقچاق قىلىشقاندىن كېيىن مەسۇم تاران
ئۇلارنى يۇقىرىغا تەكلىپ قىلدى:
— قېنى، يۇقىرىغا ئۆتۈڭلار... ھاي، شەرۋان! كۆرپە
سېلىپ قويغىنا، بۇ يامغۇر ئۆيلەرنىڭ مەسلىھەتىنى قويمى-
دىغۇ؟...
— بىز ئولتۇرمايمىز، — دېدى ئىسراپىل رەھمەت ئېيت-
تىپ، — ئۆيلەرنى ئايلىنىپ كۆرۈۋاتىمىز... ئۆيلەردىن تامچە
تازا ئاققىلى تۇرۇپتۇ، سۇلياۋ ياپمىغانمۇ نېمە؟
— ياپقان، شامال ئۇچۇرۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ، — دېدى
مەسۇم تاران يالغاندىنلا...
— ئۆي سەل خەتەرلىك تۇرىدۇ، مەسۇمكا، — دېدى ئىسرا-
پىل تورۇسقا قاراپ قويۇپ، — بۇ ئۆيدە ياتمىساڭلار بولامدىكىن.
— ئۆيدە ياتمىساق نەدە ياتىمىز؟
ئىسراپىل «پەرىدەلەرنىڭ ئۆيىچۇ» دېمەكچى بولدىيۇ، لې-

كىن بۇ ئادەمنى رەنجىتىپ قويماي دەپ گەپنى ئۆزگەرتتى.
— ناھىيىدىن بىزنىڭ كەنتكە چېدىرلارنى بەردى، سىزگە بىرنى بېرەيلى، يامغۇر توختىغۇچە شۇنىڭدا يېتىپ تۇرامسىلەر؟
— ۋاي، قويساڭا، — دېدى ئۇ بېشىنى چايقاپ، — ئۇنى ئىلەككە بېرىڭلار.
— ئۇنىڭغىمۇ بەردۇق.
— ھېچنېمە بولمايدۇ، — دېدى مەسۇم تاران ئۇنىماي، — بۇنچىلىك تامچە بۇرۇنمۇ ئۆتكەن، كوممۇنا ۋاقتىدا ئۇدا ئون كۈن يامغۇر ياغقان، شۇ چاغدىمۇ ھېچنېمە بولمىغان ئۆي بۇ.
— ئۇ چاغ بىلەن ھازىر ئوخشاشمايدۇ، يىگىرمە نەچچە يىل ئۆتتى، ئۆيلەرمۇ كونىرىدى.
— خۇدايىم ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ.
— خۇدايىممۇ سەۋەب قىلغاننى ساقلايدۇ، — دېدى تېيىپ سەل تېرىكىپ، — كۆرۈۋاتقانسەن، ساڭا ئوخشاش ھەممىنى خۇداغا تاپشۇرغان نەچچىسىنىڭ ئۆيلىرى ئۆرۈلۈپ چۈشتى. ئەگەر بىرەر خەتەر يۈز بەرسە كىم مەسئۇل، يۇقىرىدىن بىزنى تۇتىدۇ، بىلەمسەن؟...
— مەنسېپىمدىن ئايرىلىپ قالىمەن، دەپ غەم قىلىۋېتىپسەن، ھە؟
— ساڭا ئوخشاش تەرسا ئادەمدىن جاھاندا ئىككىنچىسى بارمىدۇ؟... — دېدى تېيىپ تېرىكىپ، — يۈرە، ئىسراپىل، بۇنىڭغا گەپ قىلغىنىڭ بىكار، باشقا ئۆيلەرنى كۆرۈپ باقايلى!...
— مەسۇمكا، — دېدى ئىسراپىل يەنە، — ئۆي خەتەرلىك تۇرىدۇ، بۈگۈن كېچە ياتماڭلار جۇمۇ!...
مەسۇم گەپ - سۆز قىلمىدى. ئىسراپىل بىلەن تېيىپ ئۇنىڭدىن زۇۋان چىقمىغاندىن كېيىن قايتىپ ماڭدى. «ماڭا تەشۋىق قىلىپ كەتكىنىنى كۆرمەمدىغان؟ — مەسۇم تاران دىمى-

غىنى ئاچچىقى بىلەن قىقىپ قويدى، — شۇنداق دەپ بۇ ئۆيدىن كۆچۈرۈپ چىقىرىۋەتمەكچىغۇ، سىلەرنىڭ ھىيلەڭلەرنى كىم بىلـمەيدۇ، مەسۇم تاران سىلەرنىڭ قاپقىنىڭلارغا دەسسەيدىغان ئەخـمەق ئەمەس، مەن ئاتا ـ بوۋىلىرىم ياققان چىراغنى ئۆچۈرمەيـمەن، بۇ ئۆيدىن ھېچنەگە بارمايمەن... خەتەرلىكمىش، بىر ئوبدان تۇرمامدۇ؟...»

ئىسراپىللارنى ئۇزىتىپ كىرگەن شەرۋان ئەنسىز توۋلىدى:

— ۋاي، خۇدايىم! ماۋۇ بۇلۇڭدىنمۇ ئاققىلى تۇردىغۇ؟

— جاۋۇرنى قوي! — دېدى مەسۇم تاران.

— نەدىكى جاۋۇرنى قويىمەن؟

— چېلەك بارغۇ؟

— ۋاي، خۇدايىم! كۇن بولدىغۇ؟ — شەرۋان ئىنجىقلاپ يۈرۈپ چېلەكنى تېپىپ ئەكېلىپ قويدى. تامچە قۇرۇق چېلەككە بىر خىل رىتىمدا تاراسلاپ چۈشۈشكە باشلىدى.

— مەسۇم! — دېدى شەرۋان ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، — بۇگۈن كۆڭلۈم بىرقىسما بولۇپ ئىغىپلا تۇرىدۇ. نىمە ئىشتۇ؟

— ھېچ گەپ يوق، — دېدى مەسۇم تاران پەنجىرىدىن سىرتقا قاراپ قويۇپ، — يامغۇرمۇ پەسلەپ قېلىۋاتىدۇ...

ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيىشكە ئۇلگۇرمىدى. دالان ئۆيدىن قاراسلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. چۆچۈپ كەتكەن مەسۇم تاران يۇگۈرۈپ ئورنىدىن قوپۇپ دالانغا چىقتى. دالاننىڭ ئىشىكى تەرىپىدىكى تېمى ئاجراپ ئۆگزىنىڭ لىمى پەسلەۋاتاتتى.

— شەرۋان، قاچايلى! — دېدى ئۇ ۋە ئىشىككە ئۆزىنى ئاتتى، ئۇ ئىشىكتىن پۇتىنى ئېلىپ چىقىشىغا كەينىدىن «گۇپۇر!» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. مەسۇم تاران كەينىگە ئۆرۈلۈپ شەرۋاننى كۆرەلمىدى. كۆزنى ئېچىپ ـ يۇمغىچە يۈز بەرگەن بۇ پاجىئەدىن مەسۇم تاران ئۆزىنى يوقىتىپ قويدى. ئۇ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى:

— شەرۋان! قېنى سەن شەرۋان!... خالايىق، قۇتقۇزۇڭلار!... — مەسۇم تاران خۇددى سارالڭ بولۇپ قالغان ئادەمدەك ئۆرۈلگەن ئۆينى تاتىلاپ پەرياد سالاتتى.

بىردەمدە ئادەملەر يىغىلدى، تېخى ئۇزاپ كەتكۇدەك بولمىغان ئىسرائىل بىلەن تېيىپمۇ يۈگۈرۈشۈپ كەلدى، تېيىپ ئەھۋالنى ئۇقۇپ توۋلىدى:

— نېمىگە قاراپ تۇرىمىز، كەتمەن ئەكېلىڭلار!

ئېسىنى يوقاتقان مەسۇم تاران قولى بىلەن ئۆينىڭ لايلىرىنى تاتىلاپ ناله قىلاتتى:

— شەرۋان! قېنى سەن؟...

كىشىلەر ئۆرۈلگەن ئۆگزىنى ئېچىپ شەرۋاننى تاپتى. ئۇ يوغان بىر لىمنىڭ ئاستىدا ياتاتتى. ئۇنىڭ بېشىدىن ئاققان قان لايلارنى قىپقىزىل بويىۋەتكەنىدى. لىمنى ئېلىپ تاشلاپ ئۇنى كۆتۈرۈپ دەرەخنىڭ تۈۋىگە ئەكېلىپ ياتقۇزۇشتى. ئۇنىڭ تېنى ئاستا - ئاستا سوۋۇپ كېتىۋاتاتتى. مەسۇم تاران ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئېتىپ قۇچاقلىغىنىچە ھۆڭرەك ئېيتىپ يىغلىۋەتتى:

— ۋاي، مۇرەببىم! سېنىڭ جېنىڭغا زامىن بولدۇمغۇ مۇرەببىم! سەن ئۆلگۈچە مەن ئۆلسەم بولمامتى مۇرەببىم!...

ھايال ئۆتمەي ئۆڭسۈلى يوق پەرىدە يۈگۈرۈپ كەلدى. قورۇدا باشقىدىن يىغا - زار باشلاندى. پەرىدەنىڭ نالىسى يىغىلغان ھەممە ئادەمنىڭ يۈرەك - باغرىنى ئېزىۋەتتى. تېيىپ بىلەن ئىسرائىل چوڭلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ شەرۋاننىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئىسرائىل كۆپچىلىككە قاراپ مۇنداق دېدى:

— قېرىنداشلار! بۈگۈنكى پاجىئەنى كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، بىز نەچچە ۋاقىتتىن سىلەرگە نېمە دەپ تەشۋىق قىلىۋاتىمىز. بىز تېخى بايىلا مەسۇمكامغا ئۆي خەتەرلىك دېگەنىدۇق. لېكىن بەزىلەر قۇلاق سالمايۋاتىسىلەر... ھازىر كونا مەھەللىدە سەككىز

ئادەمنىڭ ئۆيى ئۆرۈلۈپ بولدى. ئەتە ـ ئۆگۈنگىچە يەنە قانچە ئۆيلەر ئۆرۈلىدۇ، بىلىپ بولمايدۇ. بىز سىلەرنى بىكارغىلا كۆچۈڭلار دەۋاتقىنىمىز يوق، بۇ ئۆيلەر ھەقىقەتەن كونا، خەتەرلىك بولۇپ قالدى. ئەگەر يەر تەۋرەش بولۇپ قالسا بىر ئۆيمۇ ساق قالمايدۇ. بىز تەشۋىقاتنى ھارماي قىلدۇق، ئەمدى گەپ قىلىپ ئولتۇرمايمىز. بۇ يىل يازچە كونا مەھەللىدە بىرمۇ ئۆينى قالدۇرماي كۆچۈرىمىز...

مىيىتنى پېشىن نامىزىغا ئۇلگۇرتۇپ يەرلىككە قويدى. قولۇم ـ قوشنىلار بىردىن ـ ئىككىدىن تارقىلىشتى، ۋەيرانە بولغان قورۇدا مەسۇم تاران بىلەن ئۇنىڭ ئىككى قىزى قالدى، مەسۇم تاران ئېسىنى يوقاتقان ئادەمدەك بىر دۆۋە توپىغا ئايلانغان ئۆيگە قاراپلا تۇراتتى... «نېمە ئىش بۇ؟ — دەيتتى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە، — مەن شۇنچە تارتىشقان زېمىن بىردەمدىلا غايىب بولدىغۇ؟ ئۇ ئۆزى بىلەن قەدىناس ھەمراھىمنى ئەكەتتى. بۇ نېمە كارامەت؟...» ئۇنىڭ كۆزلىرى شۇنچە ئېچىنىشلىق، قايغۇ ـ ھەسرەتلىك ئىدى، ئۇ لام ـ جىم دېمەيتتى، خېلى ئۇزاقتىن كېيىن كۆچلۈك بىر ئېسەدەش پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى جۇغۇلدىتىۋەتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياش سىرغىپ چىقىپ، قارامتۇل مەڭزىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشتى.

— دادا، — دېدى خۇرشىدە ئۇنى يۆلەپ، — يۈرۈڭ، كېتەيلى!

مەسۇم تاران ۋۇجۇدىدا جان قالمىغاندەك بوشىشىپ كەتكەنىدى، ئۇ ئېسەدەيتتى، ئاھ ئۇراتتى. ئىككى قىز ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلەپ ئاران تۇرغۇزدى...

## 23

بۇلاقسايدا ئون نەچچە كۈن ياغقان يامغۇر تۇنۇگۈن توختاپ، كۈن ئېچىلدى. داكىدەك غۇۋا نۇرغا پۈركەنگەن مەھەللە ئۈستىدە

كىشىلەر زارىققان قۇياش كېزەتتى. ئوچۇق جىيەكلىرىدە توپ - توپ بولۇپ ئىسىلىپ تۇرغان ئايىئاق بۇلۇتلارنىڭ ئاستىدا كۆپكۆك ئوتلاقلار ئېتەك يايغانىدى، قۇياش نۇرىغا چۆمگەن چىمەنلىكلەردىن ئوت ۋە گۇللەرنىڭ نەمخۇش ھىدى كېلەتتى. پەرەڭدەك تاۋلىنىپ تۇرغان قۇياش ئۆزىنىڭ سېخىي نۇرىنى يەر - جاھانغا ئايىماي چېچىشقا باشلىدى... قۇياشقا زار بولغان ئەرلەر زەي تارتىپ كەتكەن ئۆيلەردىن چىقىپ ئېتىزلىققا مېڭىشتى. ئاياللار بولسا ئۆيدىكى كىگىز، يوتقان - كۆرپىلەرنى ئېلىپ چىقىپ ئاپتاپقا سېلىشقا باشلىدى. كوچىلاردا ئۇششاق بالىلارنىڭ خۇشخۇي چۇرقىراشلىرى ئاڭلىناتتى، بۇلاقسايدا ھايات يەنە باشلاندى.

بۇ قېتىمقى يامغۇر بۇلاقسايلىقلارغا يەتكۇدەك زىيان سالدى. ئون يەتتە ئائىلىنىڭ ئۆيى ئۆرۈلدى، بىر ئادەم قازا قىلدى، بەش ئادەم ياردار بولدى، كونا مەھەللە خۇددى بىر مەيدان ئۇرۇش بولغان جايدەك خارابە تۇسكە كىرىپ قالغانىدى. شەرۋاننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن كونا مەھەللىدىكىلەر ئۆيدە يېتىشتىن قورقۇپ، ناھىيىدىن بەرگەن چېدىرلارنى تىكىشىپ شۇ يەردە يېتىپ - قوپۇشتى. شۇڭا ئۆلۈم - يېتىمۇ قايتا يۈز بەرمىدى. يامغۇرنىڭ ۋەيرانچىلىقىدىن جاق تويۇشقان بۇلاقسايلىقلار كۆن ئېچىلغاندىن كېيىن يېڭى مەھەللىدىن ئۆي ئېلىشنىڭ تەرەددۇتىغا كىرىشتى. قارتا مەيدانىمۇ ئادەم كەلمەي چۆلدەرەپ قالدى.

بۇ كۈنلەردە ئىسراپىل ھەممىدىن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. «ئۆي ئالىمىز» دېگەنلەر ئۇنىڭ بىلەن تېپىپنى ئارام ئالدۇرمايدىغان بولدى، ھەربىر ئادەمنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى، تەلەپلىرىگە لايىق، ئۇلار قانائەت قىلغۇدەك تەقسىملەش ئاسانغا چۈشمىدى، بۇنىڭدىن باشقا، يېڭىدىن سېلىنىۋاتقان مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشى، يولغا قارىماي ياتقۇزۇشنىڭ تەييارلىق ئىشلىرى، خىز-

مەتلەر چاچتىنمۇ تولا ئىدى. ئىسراپىل بەزى كۆنلىرى ھېرىپ ياتاققا ئارانلا كېلەتتى. لېكىن، ئۇ بۇلاقسايدا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزسىلا ھارغىنلىقىمۇ تارقاپ، ۋۇجۇدىغا جان كىرەتتى. مانا ئۇ بۇلاقسايغا كەلگىلى توپتوغرا بىر يىل بولۇپتۇ، بۇ بىر يىل بىكار ئۆتمەپتۇ، ساناپ كەلسە بىرمۇنچە ئىشلارنى قىلىپتۇ. ھەممىدىن بۇرۇن توكنى ئەكەلدى، يېڭى مەھەللىنىڭ ئۇلىنى قۇرۇپ، ئون نەچچە ئائىلىنى بىخەتەر ئۆيلەرگە كۆچۈرۈپ چىقتى. يېزىغا بارىدىغان چوڭ يولنى تۈزلەپ ياساپ قارىماي ياتقۇزغۇدەك قىلىپ قويدى، ئۇلارنىڭ بىخەتەر ئۆي قۇرۇلۇشى ناھىيىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى، ھازىرقى سۈرئەت بويىچە ماڭسا كۆزگىچە كونا مەھەللىدىكىلەرنىڭ كۆچۈپ بولۇشىدا گەپ يوق ئىدى. ئۇ چاغدا بۇلاقسايىنىڭ قىياپىتىمۇ تۈپتىن ئۆزگەرگەن، ئىسراپىلمۇ ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغان بولاتتى...

ئەلۋەتتە، بۇ ئۆزگىرىشلەر ئاسانغا چۈشكىنى يوق، بۇلاقسايىنىڭ ئادەملىرىنى گەپكە كىرگۈزۈش ئىسراپىلغا خېلى تەسكە توختىدى. تېخى تۈنۈگۈنلا يولۇققان ئىشنى ئويلىسىلا ئۇنىڭ كۈلگىسى كېلەتتى. ئىسراپىل، تېيىپ ئىككىسى يېڭى سېلىنىۋاتقان ئۆيلەرنى ئارىلاپ كۆرۈۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ قېشىغا ئىلەك ھاسىراپ كەلدى. ئۇنىڭ قاپاقلىرى چۈشۈپ كەتكەنىدى.

— ئىلەككا، نەگە ئالدىراپ ماڭدىڭ؟ — تېيىپ ئۇنىڭدىن سورىدى.

— ماڭا نەدىن ئۆي بېرىدىغان بولدۇڭلار؟

— سېنىڭ ئۆيۈڭ ئىككىنچى كوچىنىڭ بېشىدا...

— ئۇ يەردە ئولتۇرمايمەن، — دېدى ئۇ قولىنى سىلكىپ.

— نېمىشقا؟

— مەرۇپ قاپاق بىلەن قوشنا قىلىپ قويۇپسىلەر.

— قوشنا بولساڭ نېمە بوپتۇ؟
— قوشنىدارچىلىقتا يارىمايدىغان نېمە... بالىلىرى ئوغرى...
بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىسرائىل بىلەن تېيىپ كۈلۈۋەتتى.
— هەي، سېنىڭ قايسىبىر مال - دۇنيايىڭنى ئوغرىلاپ كېتەر؟ — دېدى تېيىپ تېرىككەن هالدا.
— «زادى قوشنا ئولتۇرمايمەن» دېدىمۇ ئولتۇرمايمەن.
— خوش، — دېدى تېيىپ ئۇنى گەپكە سېلىپ، — ئۇنداق بولسا كىم بىلەن قوشنا بولغۇڭ بار؟
— مەسۇم بىلەن قوشنا ئولتۇراي...
— مەسۇمكامنىڭ يېنىدا شەمشىكام بار.
— ئۇ تاز بىلەن مەسۇمنىڭمۇ خۇشى يوق، ئۇنىڭغا باشقا يەردىن بەرسەڭلار بولدى.
— نەچچە ئېغىز ئۆينى ئالىسەن؟
— نەچچە ئېغىز سېلىپ بەرسەڭلار ياق دېمەيمەن.
— گېپىڭ يامان چوڭغۇ؟ — دېدى تېيىپ، — غايىبتىن پۇل كېلىپ قالدىمۇ نېمە؟
— پۇل دەيسەنغۇ، قىزىق گەپ قىلىسەنغۇ؟
— ئەمىسە نەدىكى پۇلغا ئالىسەن؟
— سىلەر سېلىپ بېرىسىلەر - دە! — دېدى ئىلەك كۈلۈپ قويۇپ، — ماڭا ئوخشاش بەش كېپىللەرگە تەشكىل سېلىپ بېرىدىغان بوپتۇغۇ؟
— هەي، سەن قاچانغىچە بەش كېپىل بولىسەن؟ — تېيىپ ئاچچىقى بىلەن دېدى، — ئۆيۈڭدە ئۆكۈزدەك ئوغۇللىرىڭ تۇرسا.
— مېنىڭ ئۇ بالىلىرىمنى ئەمگەك قىلىدۇ دەمسەن؟ تەييار ناننى ئوڭشاپ يېيىش قولىدىن كەلمەيدىغان تۇرسا...
— قىلالمايدۇ دېسەڭ قىلمايۋېرىدۇ، سەن دادا بولغاندىكىن

ئۆگەتمەمسەن، ئەتە - ئۆگۈن خوتۇن ئالسا قانداق قىلىدۇ؟
— مەن ئۇ ئىككىسىنىڭ خوتۇن ئېلىپ، بىر ئۆينىڭ موردىسىدىن ئىس چىقىرالىشىغا كۆزۈم يەتمەيدۇ.
— مۇنداق قىلايلى، — دېدى ئىسرايىل ئۇنىڭ ئەزمە گەپلىرىدىن ئىچى پۇشۇپ، — تەشكىلمۇ ياردەم قىلىدۇ، ئەمما ئىككى ئوغلۇڭ قۇرۇلۇشقا ئىشلىسۇن بولامدۇ؟
— ئۇلار نېمە ئىش قىلار؟
— لاي ئېتىدىغان، تاش - كېسەك توشۇيدىغان ئىشلارنى قىلىدۇ. ھازىر ئادەم يېتىشمەيۋاتىدۇ.
— سىلەر ئىشقا سالالىساڭلار مەيلى، — دېدى ئىلەك بېشىنى چايقاپ.
ئىلەكنىڭ دېگىنىدەك بولدى. ئاسىم يېرىم كۈن ئىشلەپلا «چۇشتىن كېيىن قوشنا مەھەللىدە نەزىر بار ئىكەن» دەپ كېتىپتۇ، قاسىم بولسا «ئاغرىپ قالدىم» دەپ يېتىۋاپتۇ، ئاخىر ئىسرايىل بىلەن تېيىپ مەسلىھەتلىشىپ ئۇنىڭغا تەشكىل ئىگە بولۇپ ئۆي سېلىپ بېرىدىغان بولدى. بۇ گەپ بىردەمدىلا پۈتۈن بۇلاقسايغا پۇر كەتسە بولىدۇ. ھەممىدىن ئاۋۋال رېھىم شاھ ئىسرايىلنىڭ ئالدىغا كەلدى.
— ئىلەككە تەشكىل ئۆي سېلىپ بېرىدىغان بوپتۇ؟
— كىم دەيدۇ؟
— ئۆزى ماگىزىندا دېدى...
«ئەستاغپۇرۇللا، — دېدى ئىسرايىل بۇ گەپنى ئاڭلاپ، — مۇنۇ شۇمەك باش ئاغرىقنى تاپتۇغۇ، تۇنۇگۈن ئاغزىڭنى يۇمۇپ يۈر، دەپ قويساق بوپتىكەن، ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟...»
— ئىلەكنىڭ ئۆيى يامغۇردا ئۆرۈلۈپ كەتتى، — دېدى ئىسرايىل ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ، — ئۇنىڭغا تەشكىل ياردەم قىلمىسا قانداق قىلىدۇ؟

— ئۇنىڭغا ياردەم قىلغان يەردە بىزگىمۇ ياردەم قىلىڭلار، ھەممىمىز ئوخشاش ئادەم...

ئىسرائىل كۇلۇۋەتتى.

— سەن ئىلەك بىلەن ئوخشاشمۇ؟

— ئوخشاشمايچۇ؟ ئىلەكنى ھۆكۈمەت بىر ئۆمۈر باقتى، بىزچۇ؟ مۇشۇ كەمگىچە ھۆكۈمەتتىن ئون تىيىن ياردەم ئېلىپ باقمىدۇق، پارتىيىنىڭ غەمخورلۇقىنى تەڭ كۆرسەك بولار؟

— ھەي، رېھىمكا، نومۇس قىلساڭچۇ؟ — دېدى ئىسرائىل بېشىنى چايقاپ، — بۇلاقسايدا كىم باي دېسە سەن، ئەمدى ئاشۇ ئىلەك بىلەن ئۆزۈڭنى تەڭ قىلىۋاتامسەن؟ ماۋۇ گەپنى باشقىلار ئاڭلىسىمۇ شاڭخوغا قالىسەن، بولسا، سەن ئىلەكتەك نامراتلارغا ياردەم قىلىدىغان يەردە... ھە، راست، مەسچىتنى كۆچۈرىدىغان بولدۇق، خەۋىرىڭ باردۇ؟

— كۆچۈرسەڭلار كۆچۈرمەمسىلەر.

— يېڭىدىن سالىدىغان ئىش، — دېدى ئىسرائىل، — ھۆكۈمەت مەسچىت سېلىشقا پۇل بەرمەيدىكەن، شۇڭا جامائەتتىن يىغىش قىلىپ سالىدىغان بولدى، سېنىڭدىن ئون مىڭ سوم ئالساق دەپ تىزىملاپ قويدىغۇ؟

— نېمە؟... — رېھىم شاھنىڭ چىرايى شۇ ھامان ئۆزگەردى، — ئون مىڭ سوم؟...

— ھەئە، ئاز بولۇپ قاپتۇمۇ؟

— ئون تىيىنمۇ يوق، مەسچىت ماڭا پۇل تېپىشىپ بېرىپتىمۇ؟

— ساۋابلىق ئىش، رېھىمكا، جامائەتنىڭ دۇئاسىنى ئالدىسەن، ئۆزۈڭمۇ ناماز ئوقۇغىلى بارىسەن ئەمەسمۇ؟

— بولدى، بۈگۈندىن تارتىپ مەسچىتىڭگىمۇ بارماپتىمەن، بېرىدىغان پۇلۇممۇ يوق ... — رېھىم شاھ تېرىكىپ بوغۇلغىنىچە خوشمۇ دېمەستىن كېتىپ قالدى.

ئىسرائىل توقۇغان چاقچىقىنىڭ كارغا كېلىپ، رېھىم شاھ-
دىن ئاسانلا قۇتۇلغىنىغا خۇش بولدى. ئۇ رېھىم شاھنىڭ كەيند-
دىن كۈلۈپ قويۇپ ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا تېيىپ ئالدىراپ يېتىپ
كەلدى. ئۇنىڭ ئويناپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ بىرەر خۇش
خەۋەرنى پەرەز قىلغان ئىسرائىل چاقچاق بىلەن سورىدى:
— بۈگۈن زورە قوناق پىشۇرۇپ بەردىمۇ نېمە؟ ئاياغلىرىڭ
چاققانغۇ؟...
— يۈرە، بولە چاققان، — دېدى تېيىپ ئۇنى قولىدىن
تارتىپ.
— نەگە؟
— يارى شەھەردىن بىر لاۋبەننى باشلاپ چىقىپتۇ، ئۇ بۇلاق-
سايىنى سەيلىگاھ قىلىپ ئاچىدىغانىنىڭ گېپىنى قىلىدۇ، ئۇ چوڭلا
بىر گەپنى قىلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن سەن سۆزلەشمىسەڭ مەن
ئۇقالمىدىم...
تېيىپنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئىسرائىل خۇش بولۇپ كەتتى.
نەچچە كۈندىن بۇيان ئۇنىمۇ ئويغا سېلىۋاتقان ئىش مۇشۇ ئىدى.
ئۇ ناھىيىنىڭ باشلىقلىرىنىڭ ئالدىدا «بۇلاقسايىنى سەيلىگاھ قىل-
ماقچىمىز» دەپ گەپنى چوڭ قىلىپ قويۇپ ئەندىشىگىمۇ چۈشۈپ
قالدى، بۇلاقسايدا سەيلىگاھنى ئاچقۇدەك كۈچمۇ، ئىقتىسادمۇ
يوق، ناھىيىگە يەنە ھال ئېيتىپ دەۋىرىشكە ئەمدى تىلى
بارمايتتى. ھېلىمۇ ناھىيە توكنى ھەل قىلىپ بەردى، يولنى
قارىماي قىلىپ بېرىدىغان بولدى، دېھقانلارنىڭ ئۆي قۇرۇلۇشى-
غىمۇ ياردەم قىلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭدىن ئوشۇق تەلەپ قىلىشمۇ ئە-
قىلگە سىغمايدۇ. ئۇمۇ بىرەر تىجارەتچىنىڭ مەبلەغ سېلىشىنى
قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن شەھەردىكى گېزىت - تېلېۋىزورلاردا
خېرىدار چاقىرىپ ئېلان بەرگەن، ئۈچراشقان تونۇش - بىلىشلى-
رىگىمۇ پىلانىنى ئېيتقانىدى. «چوقۇم ئېلانىنى كۆرگەن بىرەرى
بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلىدى ئۇ تېيىپنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ

ۋە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئالدىراپ ماڭدى...

تېيىپ ئۇنى يارمۇھەممەدنىڭ ئۆيىگە باشلاپ كەلدى. ئۇلار كىرگەندە يارمۇھەممەد تۆردە ئولتۇرغان مېھمانغا ھەدەپ بىر نەرسىلەرنى دەۋاتقانىكەن، ئۇ ئىسراپىلنى كۆرۈپ ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى.

— كېلىڭ، ئىسراپىلكا، — دېدى ئۇ تۆۋەنگە چۈشۈپ.

ئاڭغىچە مېھمانمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ سالام قىلدى، ئىسراپىل ئۇنىڭغا سەپسالدى. ئۇ ئوتتۇرا بوي بولۇپ كالتە بۇرۇت قويغان، كىيىنىشى ئاددىيلا ئىدى. تۇرقىدىن بايەدەكمۇ كۆرۈنمەيتتى، «بۇ بايغىمۇ ئوخشاشمايدۇ، قويمىچى بولۇپ يۈرمىسۇن يەنە» دېگەن ئوي ئىسراپىلنىڭ كاللىسىغا لىپ قىلىپ كەلدى.

يارمۇھەممەد مېھمانغا ئىسراپىلنى تونۇشتۇرۇپ بولۇپ، ئاندىن مېھماننى تونۇشتۇردى.

— بۇ ياق شەھەردىكى «تۇلپار» شىركىتىنىڭ خوجايىنى زۇنۇن ھاجىم بولىدۇ، بەلكىم بۇ شىركەتنى سىزمۇ ئاڭلىغان بولغىيتتىڭىز؟

ئىسراپىل بۇ شىركەتنىڭ نامىنى تېلېۋىزوردا، گېزىتلاردا كۆرگەنىدى. شۇنداق چوڭ شىركەت خوجايىنىنىڭ بۇلاقسايغا قىزىقىپ قالغانلىقىغا سەل ھەيران بولدى.

— ئاڭلىغان، — دېدى ئۇ مېھمانغا قاراپ قويۇپ.

— ھاجىمكامنىڭمۇ تېگى بۇلاقسايلىقكەن، — دېدى يارمۇھەممەد.

— نېمە دېدىڭ؟ — تېيىپ ھەيران بولۇپ قايتۇرۇپ سوردى.

ئاڭغىچە زۇنۇن ھاجىم ئۆزى چۈشەندۈردى:

— مېنىڭ چوڭ بوۋام بۇلاقسايدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەنىكەن...

— بوۋىڭىز كىم دېگەن ئادەم بولىدۇ؟ — تېيىپ كوچىلاپ سورىدى.

— چوڭ بوۋامنىڭ ئىسمى ئەكرەمباي، ئۇۋچى ئادەم ئىكەن. دۇق، ئۇ ياش چېغىدا سادىر پالۋاننىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ قوزغىلاڭچىلارغا قاتنىشىپ كېيىن شەھەردە ئولتۇراقلىشىپ قاپتىكەن، دادامنىڭ دېيىشىچە، چوڭ بوۋىمىز بۇلاقسايىنى بىر كۆرسەم بولاتتى دەپ ئارماندا ئۆلۈپ كېتىپتۇ.

— ۋاھ، بۇ گەپچە، ئۆز ئادىمىمىز ئىكەنسىزغۇ؟ — تېيىپ خۇش بولۇپ كەتتى، — مانا ماۋۇ ئىسراپىلمۇ بۇلاقسايلىق...

— مەن نەچچە زاماندىن بۇلاقسايىنى بىر كۆرسەم دېگەن ئارمىنىم بار ئىدى، —دېدى زۇنۇن ھاجىم، — لېكىن زادى پۇرسەت بولماي كەتتى. قايسى كۈنى گېزىتتىن سىلەرنىڭ بەرگەن ئېلانىڭلارنى كۆرگەنىدىم. تۈنۈگۈن ئىنىمىز يارمۇھەممەد شىركەتكە بىر ئىش بىلەن بارغانىدى. ئۇ بۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى دەپ بېرىۋېدى، كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ باقاي، دەپ چىقىپ قالدىم، باياتىن يارمۇھەممەد بۇلاقسايىنى ئايلاندۇرۇپ كەلدى.

— قانداقراقكەن؟

— مەن سودا ئىشلىرى بىلەن نۇرغۇن ئەللەردە بولدۇم، جىق يەرلەرنى كۆردۈم، — دېدى زۇنۇن ھاجىم ھاياجانلىنىپ، — لېكىن ئۇلارنى يەنە بۇلاقسايغا تەڭ قىلمىدىم. تولىمۇ گۈزەل ئىكەن، يارمۇھەممەدنىڭ دېيىشىچە، بۇلاقساي ناھىيە بويىچە ئەڭ نامرات كەنتكەن، مەن ھەيران قالدىم. بۇرنۇڭلارنىڭ تېگىدە تۇرغان بايلىقنى كۆرمەي يۈرۈپسىلەر ئەمەسمۇ؟

ئىسراپىل مېھمانغا توكنىڭ يېڭى تارتىلغانلىقىنى، يولنىڭمۇ ئەمدى ياسىلىپ بولغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

— توك تارتىلىپ چوڭ ئىش بوپتۇ، — دېدى زۇنۇن ھاجىم ماقۇللاپ، — توك بولمىسا ھېچ نەرسە قىلغىلى بولمايدۇ، يولنىمۇ يېقىن ئارىدا قارىماي قىلماقچى دەيدۇ...

— شۇنداق، — دېدى ئىسراپىل.

— مېنىڭچە، شارائىت تەييار بوپتۇ، سىلەر قانداق پىلان-

لىدىڭلار ئۇقمىدىم، مېنىڭچە، بۇ يەرنى چوقۇم سەيلىگاھ قىلىپ ئېچىش كېرەك.

— بىزمۇ شۇنى ئويلىشىپ، دېھقانلارنى دۆڭگە كۆچۈرۈۋاتىمىز، لېكىن بۇلاقساينىڭ بۇنچىلا چوڭ سەيلىگاھنى ئاچقۇدەك كۈچى يوق.

— ئەگەر ئىقتىسادنى مەن چىقارسامچۇ؟

— ئۇ چاغدا تولىمۇ ياخشى بولاتتى.

— مەن بۇلاقساينى كۆرمىگەن چاغدا بۇنچىلىك دەپ ئويلىمىغانىدىم. باياتىن كۆرۈپ كەلگەندىن كېيىن كاللامغا جىق پىلان كېلىۋاتىدۇ. مېنىڭچە، بۇ يەرنى ئوبدان پىلانلاپ ياسىسا داڭلىق سەيلىگاھ قىلغىلى بولغۇدەك، بۇلاقسايلىقلارمۇ مۇشۇنىڭ كىرىمى بىلەن كۆتۈرۈلىدۇ.

— ئىلاھىم، دېگىنىڭىزدەك بولار، — دېدى تېيىپ خۇش بولۇپ.

— مۇنداق قىلايلى، — دېدى زۇنۇن ھاجىم سەل تۇرۇۋېلىپ، — مەن راست گەپنى قىلسام بۇ يەرگە قىزىقىپ قالدىم. ناۋادا يۇقىرىدىن ئۇنى سەيلىگاھ قىلىشقا قوشۇلسا ئاندىن قانداق قىلىشنى مەسلىھەتلەشسەك، قانداق؟

— ناھىيە قوشۇلۇپ بولغان، بۇنىڭدا توسالغۇ يوق، — دېدى ئىسراپىل.

— ئۇنداق بولسا ئىجارىگە بەرمەكچىمۇسىلەر؟

— شۇنداق...

— ئۇنداق بولسا بولدى، مەن خېرىدار بولدۇم، باھاسىنى ئالدىرىماي كېلىشىۋالارمىز، ھەر ھالدا زىيان تارتمايسىلەر، ئەتە - ئۆگۈن بىزنىڭ تېخنىكلار چىقىپ كۆرۈپ باھالاپ باقسۇن، ئاندىن توختام تۈزسەك قانداق؟

— قوشۇلىمىز، — دېدى ئىسراپىل، — لېكىن...

— باشقا شەرتىڭلارمۇ بارمۇ؟

— كەمبەغەل دېگەننىڭ دەردى تولا بولىدىغان گەپكەن، ھاجىم، — دېدى ئىسراپىل كۆلۈپ تۇرۇپ، — بىزنىڭ يەنە بىر ئىلتىماسىمىز بار ئىدى.

— خوش، ئاڭلايلى...

— بۇلاقسايىنىڭ تېرىلغۇ يېرى ئاز، ئادەم كۆپ، ياشلاردىن بىكار يۈرۈۋاتقانلار جىق، ئەگەر ئىمكانىيەت بولسا سەيلىگاھقا مۇشۇ مەھەللىنىڭ ئادەملىرىدىن خىزمەتچى ئالسا دېمەكچىمىز.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ، — دېدى زۇنۇن ھاجىم ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — باياتىن يارمۇھەممەد ئىككىمىز مۆلچەرلەپ كۆردۇق. ئەگەر بۇ يىل ساياھەتنى يولغا قويالىساق ئاز دېگەندىمۇ يىگىرمە خىزمەتچى ئىشلىشى كېرەك. بىز چوقۇم مۇشۇ يەرلىك ياشلارنى ئىشلىتىمىز... ئاندىن بۇگۈن مەن يەنە بىرنېمىگە قىزىقىپ قالدىم. جىلغىنىڭ ئىچىدە قارىقات، ياۋا ئالما، تاڭقوراي دېگەندەك مېۋىلەر باركەن، ھازىر بۇ نەرسىلەرنىڭ بازىرى ناھايىتى ئىتتىك، كېيىنچە كىچىكرەك زاۋۇت قۇرۇپ مۇراببا ئىشلىسىمۇ بولغۇدەك... مۇشۇمۇ بۇلاقسايلىقلار قىلىدىغان ئىش... ئاندىن بىر گەپ، مەن بۇ يەردە دائىم بولالمايمەن. بىز يارمۇھەممەدنى بىزنىڭ شىركەتكە ۋاكالەتچى قىلىپ تەكلىپ قىلدۇق. ئۇ مېنىڭ ئورنۇمدا سەيلىگاھنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ...

بۇ گەپنى ئاڭلاپ تېيىپنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

— قانداق، يارمۇھەممەد ئىشلىسە بولىدىغۇ؟ — دېدى زۇنۇن ھاجىم تېيىپقا قاراپ.

— بۇ سودىگەرنىڭ قولىغا قالساق بۇلاقسايلىقلارنى ئىشلىتىپ قۇرۇق ئۇستىخان قىلىپ قويارمىكىن؟

— يارمۇھەممەد دەيدۇ، — دېدى زۇنۇن ھاجىم كۈلۈپ، — ماڭا بەرسىڭىز ئىككى يىلغا قالماي بۇلاقسايىنى باي قىلىمەن دەيدۇ.

— شۇنداق، شۇنداق، — دېدى تېيىپ، — بۇنىڭغا قويۇپ

بەرسىڭىز ئىككى يىلغا قالماي كەنتنىڭ مۇدىرلىقىنى ماڭا ئۆتكۈزۈ دەيدۇ بۇ.

— تېيىپنى ئەنسىزچىلىككە سېلىپ قويدىڭىزدە، ھاجىم، — دېدى ئىسرائىل كۈلگىنىچە، — ئەمدى بۇ خاتىرجەم ئۇخلىيالمايدىغان بولدى.

— خاتىرجەم بول، تېيىپكا، — دېدى يارمۇھەممەد قىزىرىپ، — مۇدىرلىقىڭنى بىكارغا بەرسەڭمۇ ئالمايمەن.

— قىزىمىزنى بىكارغا ئالغىنىڭمۇ يېتىپ ئاشار.

دەل جايىغا كەلگەن چاقچاقتىن ھەممەيلەن ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈشتى.

— شەھەردىكى چاغدا، — دېدى زۇنۇن ھاجىم گەپ باشلاپ، — چوڭ بوۋىمىزنىڭ نەۋرە تۇغقانلىرى بار دەپ ئاڭلىغانىدىم، شۇلارنى تېپىپ كۆرۈشۈپ قوياي دېگەنىدىم...

— كىم بولغىيتتى؟ — دېدى تېيىپ ئىتتىك سورىدى، — مەن بولۇپ يۈرمەي...

— ئۇلارمۇ ئېنىق ئۇقمايدىكەن، مەرۇپ باخشى... دېگەندەك قىلغانىدى.

— ئۇنداق بولسا ئىلەك بولدىغۇ؟ — دېدى تېيىپ ھەيران بولۇپ، — مەرۇپ باخشىنىڭ شۇ بىر تال ئوغلى بار. ئۇنىڭ بىلەن قانداق تۇغقان بولىسىلەر؟

— ئۇ ئادەم بوۋامنىڭ نەۋرە ئىنىسى بولىدىكەن.

— ھاجىم، سىزنى تۇغقاندىن تازا ئېيتىپتىكەن ـ دە؟ — دېدى تېيىپ كۈلۈپ، — ئىلەك بۇنى ئاڭلاپ قالسا مەھەللىنى بېشىغا كىيىدۇ ـ دە...

ئىسرائىل ئۇنىڭغا ئىلەكنىڭ ئۆيىنىڭ يامغۇردا ئۆرۈلۈپ كەتكەنلىكىنى، كەنتنىڭ ئۇنىڭغا ياردەم قىلىپ ئۆي سېلىپ بەرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى، زۇنۇن ھاجىم ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى:

— بىر ئۆيگە قانچىلىك پۇل كېتەر؟

— ئۈچ - تۆت مىڭ بىلەن راۋۇرۇس ئۆي پۈتىدۇ.

— بولدى، ھېلىمۇ سىلەر شۇنچە يىللاردىن ئۇنىڭغا ياردەم قىلىپ كەپسىلەر. شۇنىڭغىمۇ رەھمەت، ئۆيىنىڭ چىقىمىنى، بولدى، مەن ئۈستۈمگە ئالاي، بوۋامنىڭ روھى خۇش بولۇپ قالار...

— ئۇنداق قىلسىلا بىزمۇ باش ئاغرىقىدىن قۇتۇلىدىغان بولدۇق، — دېدى تېيىپ.

ھاجىم قايتماقچى بولۇپ قوزغالغانىدى، يارمۇھەممەد بىر پاقلاننى يېتىلەپ ئەكىرىپ قالدى:

— ھاجىمكا، دۇئا قىلىپ بېرىڭ، — دېدى.

— رەھمەت، ئۇكا، بۇ ھاجەت ئەمەس، — دېدى زۇنۇن ھاجىم.

شۇ ئارىدا تېيىپ ئارىغا كىردى.

— بۇلاقسايىنىڭ يېڭى ئىگىسىنىڭ كۆڭلىنى ياندۇرماڭ، ھاجىم، — دېدى ئۇ ئاندىن پاقلانغا قاراپ قويۇپ، — بۇ نېمەڭ-دىن گۆش چىقارمۇ؟ — دېدى.

— بولسا كالا سويسام بولاتتى، بۈگۈن ئالدىراش بولۇپ قالدى.

— ھوي، مۇنۇنىڭ ھېلىتىنلا تىلى چىققىلى تۇردىغۇ؟ — دېدى تېيىپ ئۆزىنى چاقچاقتا بابىلىغىنىغا ھەيران بولۇپ، — ئەتە - ئۆگۈن ئىش بارمۇ نېمە؟

— تېيىپ، ئەمدى ھېزى بولمىساڭ بولمىدى، — دېدى ئىسرايىل.

— ئەسلىدە يارى «تۆگە سويسام بولاتتى» دېمەكچىدى، سېنى ئاياپ قويدى، ئەتە - ئۆگۈن قاراپ تۇر، ئۇنىمۇ دەيدۇ بۇ...

ھەممەيلەن تەڭلا كۈلۈشتى.

## 24

ياز تۇيدۇرمايلا يېتىپ كەلدى، پىژغىرىم تىنچىق ھاۋا كەڭ زېمىن ئۈستىدە قايناپ، خۇددى ئېرىقتا پىلتىڭلاپ يۈرگەن بېلىقتەك نۇر چاقنىتىپ يېيىلماقتا. يىراقتا، كىشىنىڭ كۆزى يەتكۈدەك تاغ قاپتاللىرىدا كۆكۈچ ۋە ئاپئاق نۇرلار ئەكس ئېتىپ چاقنىماقتا. ھەممە يەر يېشىللىققا پۈركەنگەنىدى، تۆۋەندە ئېدىرلىقتا قۇياش نۇرىغا چۆمگەن بىنەملىك ئېتىزلاردا بولۇق ئۆسكەن مايسىلار كۆل سۈيىدەك چايقىلاتتى. بۇ يىل يامغۇر مول يېغىپ بەرگەچكىمۇ زىرائەتلەر ياخشى ئوخشىدى. بۇلاقسايلىقلار بىنەمدىكى مايسىلىرىغا قاراپ ھاردۇقى چىققاندەك بولۇشتى-دە، ئەتىيازدا تارتقان ھەممە جاپا-مۇشەققەتلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىشتى.

مەسۇم تاران شەرۋانىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن بىردىنلا شۈكلەپ، تالا-تۈزگىمۇ چىقمايدىغان بولۇۋالدى. ئۇنىڭغا قېرىلىق يەتكەندەك مۈكچىيىپلا قالدى. ئايالىنىڭ يەتتە نەزىرىنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ پەرىدەنىڭ «ئەمدى بىز بىلەن تۇرغىن!» دەپ يالۋۇرۇشلىرىغا ئۇنىماستىن كەنتتىن قۇتقۇزۇشقا دەپ بەرگەن چېدىرنى تۈگمەنگە يانداپ تىكتى-دە، شۇ يەردە يېتىپ-قوپتى. «كۈيئوغلىنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان كۈنگە قالغۇدەك بولمىدىم. بىر جېنىمنى باقالايمەن» دەيتتى ئۇ ئىچىدە. پەرىدە: «يېڭى مەھەللىدە ئۆي سېلىۋاتىمىز، شۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگىن!» دېسىمۇ ئۇنىماي قويدى. ئۇ كۈن-كۈنلەپ چېدىرىدىن چىقماي ياتاتتى. بۇرۇنقىدەك قارتا ئوينايدىغانلارنىڭ قېشىدىغىمۇ كەلمەس بولدى. پەرىدە ئامال قىلالماي ئاخىر ئۇنىڭغا كۈن ئارىلاپ تاماق، يەيدىغان نەرسىلەرنى توشۇپ تۇرۇۋاتاتتى.

ئۇ بۈگۈن ئەتىگەنلىك چېيىنى قايىنتىپ ئىچىپ بولغاندىن كېيىن چېدىرنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۆتەكتە بىردەم ئولتۇردى.

بۈگۈن ھاۋا شۇنچىلىك ياخشى، چىمەندەك سۈزۈك ئاسماندا بىر
پارچىمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى، تۈگمەننىڭ ئەتراپىدىكى چىمەن-
لىكلەردىن ئوتلارنىڭ ۋە گۈللەرنىڭ خۇش پۇراق ھىدى كېلەت-
تى، مەسۇم تاران تاماكا چەككەچ خىيالغا چۆمدى: «يازدىغۇ بۇ
يەردە كۈنۈم ئۆتەر، ئەتە - ئۆگۈن قىش كەلسە قانداق
قىلارمەن؟... پەرىدەلەر سالدۇرغان ئۆيگە كۆچىدىغان گەپمى-
كىن؟... ئاشۇ يارى دېگەن كاززاپنىڭ سېلىپ بەرگەن ئۆيىدە
ئولتۇرىمەنمۇ؟... تۇرغان يېنىمدا بولغان بولسىمۇ بۇ كەمگىچە
بىر ئۆي سېلىۋالاتتۇق. تېپىپلارغا دەپ باقسام بولامدىكىن،
لېكىن پەرىدە ئاڭلاپ قالسا ھەرگىز ئۇنىمايدۇ. ئۆتكەندە ئىسرا-
پىللار دېگەندە، پەرىدە: ‹بىز تۇرۇپ دادامنى تەشكىلنىڭ قولىغا
قاراتمايمىز› دېدى. توۋا، ئاخىر مەنمۇ ئىلەكنىڭ كۈنگە قالد-
مەنمۇ نېمە؟...» ئەلەملىك، ئاچچىق خىياللار مەسۇم تاراننىڭ
يۈرىكىنى ئېزىۋەتتى. ئۇ خىياللارنى نېرى قىلىش ئۈچۈن قوپۇپ
تۈگمەننىڭ ئۈستىدىكى دۆڭگە چىقتى. قويۇق شىۋاق ئۆسۈپ
كەتكەن بۇ دۆڭ ئۇ كىچىك چاغلىرىدا مەھەللىدىكى باللار بىلەن
قىش كۈنلىرى ئۆزلىرى ياسىۋالغان چانىلاردا تېيىلىپ ئوينايدى-
غان يەر ئىدى. بۇ يەردىن مەھەللىنىڭ ئۆيلىرى شۇنداق ئېنىق
كۆرۈنەتتى. ئۇ دۆڭدە تۇرۇپ تۆۋەنگە كۆز يۈگۈرتتى. ئۇ يەردە
ھازىر كونا ئۆيلەر ئاساسەن تۈگەپ، ئۇ يەر - بۇ يەردە بىرەر
ئۆگزىلەر چوقچىيىپ تۇراتتى. «ئاۋۇ باغنىڭ كەينىدىكى قوراي،
مەڭگەن دۆۋىلەكلىك رېھىم شاھنىڭ ئۆيى شۇغۇ، — دېدى
ئۇ كۆزلىرىدە مۆلچەرلەپ، — ئۇنى كۆچكىلى ئۇنىمايۋاتىدۇ،
دەۋاتاتتى، ھەرقاچان ئۆيىگە يۇقىرى باھا قويۇپ تۇرۇۋاتىدىغۇ،
بۇلار ئۇنى كۆچۈرۈش ئۈچۈن خېلى تەرلەپ باقىدىغۇ، ئۆتكەنكى
يامغۇرمۇ ئۆرۈۋەتمىدى، ئاپەت دېگەنمۇ كەمبەغەلنى باسىدى-
كەن - دە؟... مونۇ خەقلەرمۇ جىقلا بىرنېمىلەرنى ياسىۋەتكەندەك
قىلامدۇ نېمە؟...»

مەسۇم تاران سەيلىگاھنى كۆرۈپ باققۇسى كېلىپ تۆۋەنگە چۈشتى. ئۇ يەردە بىرمۇنچە ئادەملەر ئىشلەۋاتاتتى. بەزىلەر باغ- نىڭ ئىچىگە راۋاق ياساۋاتاتتى. بەزىلەر كىگىز ئۆيلەرنى تىكىۋا- تاتتى. يەنە بىرنەچچەيلەن يوللارنى تۈزلەپ شېغىل يېيىتىۋاتاتتى. شەمشىنىڭ ئۆيىنىڭ ئورنىغا تۆمۈر قاڭالتىردىن ياسالغان چوڭ بىر ئۆي پەيدا بولغانىدى. مەسۇم تاران ئۇنى «ئاشخانا ئوخشايدۇ» دەپ پەرەز قىلدى. شۇ ئارىدا ئۆيدىن قولىنى كەينىگە تۇتۇپ ئىلەك چىقىپ كەلدى. ئۇ زۇنۇن ھاجىم بىلەن تۇغقان چىققاندىن بۇيان بۆلەكچە ئۆزگىرىپ كەتتى. ھاجىم ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئۇق- قاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆيىنى سېلىپ بەرگەندىن باشقا، يارمۇ- ھەممەدكە دەپ سەيلىگاھنىڭ يۇگۇر - يېتىم ئىشلىرىغا ياردەم- لەشسۇن دەپ قويۇپ كەتكەنىدى. شۇنىڭدىن بۇيان ئىلەككە بو- لۇپ بەردى، ئۇ ئەتىگەندىن - كەچكىچە بۇ يەردىن چىقمايتتى.
ئۇ مەسۇم تاراننى كۆرۈپ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى:
— كونا مەھەللىنى كۆرۈپ كېلەي دەپسەن - دە؟ — دېدى ئېچىلىپ - يايراپ، — ئۆزگىرىپ كېتىپتۇمۇ؟ ھاجىم پۇلنى ئايىماي خەجلەۋاتىدۇ جۇمۇ، ماۋۇ ئاشخانا، — دېدى ئۇ تۆمۈر ئۆينى كۆرسىتىپ، — شەھەردىن ئۇستا ئاشپەزلەرنى ئەۋەتىپتۇ، مۇشۇ ئاشپەزلەرنىڭ ئايلىقى قانچە دېمەمسەن؟
— قانچە ئىكەن؟
— قورۇما قورۇيدىغىنى ئىككى مىڭنى ئالىدىكەن، ئاڭلاپ «توۋا!» دەپ ياقامنى تۇتۇپلا قاپتىمەن، بۇ كۈندە قىلىدىغان ھۈنەر ئاشپەزلىك ئىكەن جۇمۇ! مەن ھاجىمغا: «بىر ئاشپەزگە بۇنچىلىك ئايلىق بەرسەڭلا زىيان بولمامدۇ» دېسەم، «پۇل پۇلنى تاپىدۇ» دەيدۇ، سودىگەر خەق بىلىدىغان ئوخشايدۇ.
— سەنمۇ ئاشپەزلىك قىلىدىغان بولدۇڭمۇ؟ — مەسۇم تاران ئۇنىڭ گەپلىرىدىن زېرىكىپ سورىدى.

— ياقەي... ھاجىم مېنى مۇشۇ يەرنىڭ ئىشلىرىغا كۆز ـ قۇلاق بولۇپ يۇرسەڭ دېگەنتى، يارىغۇ باشقۇرۇۋاتىدۇ، لېكىن ئۇمۇ ياش ئەمەسمۇ؟

«پاھ، ماۋۇ شۇمەكنىڭ ئادەم بولۇپ كەتكىنىنى كۆرمەمدىغان، ئەمدى بۇنىڭغا بولۇپ بەردى ـ دە! ... تووا، ئامەتنىڭ مۇشۇنىڭ بېشىغا قونغىنىنى دېسە! ... بۇمۇ خۇدانىڭ ئىلتىپاتى...»

— ئوغۇللىرىڭمۇ مۇشۇ يەردە ئىشلەۋاتامدۇ؟ — مەسۇم تاران سورىدى.

— ئۇلارنىڭ گېپىنى قىلما جۇمۇ! — ئىلەك قولىنى سىلكىدى، — بولمىسا، ھاجىم مۇشۇ يەردە ئىشلىسۇن دېگەندى، ئاسىم بىر كۈن ئىشلەپ، «ئىشى ئېغىركەن!» دەپ بازارغا كىرىپ كەتتى، ئاڭلىسام نەدە توي، نەزىر بولسا شۇ يەردە دەپ ئاڭلايمەن، قاسىمغۇ دەسسەپمۇ قويمىدى.

— يەنە ئۇ دۇنياغا كېتىپ قالدىمۇ؟

ئىلەك مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

— ئوسمان قارىيدىن تەلىم ئالغىلى كەتتى. ئۇنىڭ باخشى بولغۇسى بار... مەنمۇ كۆزۈمدىن نېرى بولۇشىغىمۇ مەيلىلا دېدىمغۇ ... — ئۇ بىر دەم ئۇلارنىڭ ئۈستىدە قاقشاپ بولۇپ گەپنى يۆتكىدى، — مەسۇم، قارا، بەزى ئىشلارغا قاراپ «تووا!» دېگۈڭ كېلىدۇ، بۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرى پۇللىرىنى خەجلەيدىغان يەر تاپالمايدىغان بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ جۇمۇ؟... ئالايىتەن سايىدايمىز دەپ بىرمۇنچە پۇلغا كىرا قىلىپ مۇشۇ يەرگە چىقىدىكەن دېسە، بىر چاغلاردا ئاڭلايدىغان، ئۇجمىنىڭ سايىسىنى ساتقان باي دەپ ئويلىسام، شۇنىڭ ئۆزى ئىكەن، بۇ كۈندە سايىمۇ پۇل بولىدىغان بوپتۇ...

ئۇ ئىلەك بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ ئۆيى بار يەرگە كەلدى. ئۆيىنىڭ ئورنى تۇپتۇز قىلىپ تۈزلەنگەن، ھويلىنىڭ قورۇق تام-

لىرى چېقىلىپ تەكشى قىلىۋېتىلگەنىدى. باغنىڭ ئىچىگە يېڭى-
دىن چوڭ بىر كىگىز ئۆي تىكىلگەنىدى. مەسۇم تاران يېقىن
بېرىپ ئۆينىڭ ئىچىگە قاراپ باقتى. كىگىز ئۆينىڭ ئىچىگە
تاختايدىن سۇپا چىقىرىلىپ ئۇستىگە يېپيېڭى پالاس سېلىنغان،
ئۆينى ئايلاندۇرۇپ كۆرپە - يوتقانلار تىزىپ قويۇلغانىدى. ئۆي
مېھمان باشلىغۇدەك قىلىپ ياساپ قويۇلغانىدى. باغدىكى دەرەخ-
لەر ئاۋۋالقى پېتى، پەقەت ئىشىك ئالدىدىكى بۇرۇنقى
ئېگىز - پەس يول تۈزلىنىپ شېغىل ياتقۇزۇلۇپتۇ. ئۇنىڭ كۆز
ئالدىدا شۇ ھامان شەرۋان كەلدى. مانا مۇشۇ قورۇدا ئۇنىڭ
ئوتتۇز يىل ئۆمرى ئۆتتى. شۇ يىللار ئىچىدە ئۇ ناھىيە بازىرىغا
نەچچە قېتىملا بارغانىدى. ئۇنىڭ كۈنى ھويلا - ئارامنى
سۇپۇرۇش، ئاش - تاماق ئېتىش بىلەنلا ئۆتەتتى. ئەتىيازدا ئۇ
ئۆينىڭ ئالدىدىكى ئازراق يەرنى چاناپ گۈللەرنى تېرىپ قوياتتى.
ئۇ پۈتۈن يازنى شۇ گۈللەرگە قاراش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. «ئەجەب
سېنىڭ قەدرىڭنى بىلمەپتىكەنمەن. بىرەر قېتىم شەھەرنىمۇ كۆر-
سىتىپ چىقماپتىمەن، ئاخىر جېنىڭغا زامىن بولدۇم. ھاياتىنىڭ
خوپلۇقىنى كۆرمەي كەتتىڭغۇ، مېنى كەچۈرگىن، سەن بولمىۋې-
دىڭ مانا مېنىڭ كۈنۈممۇ تەس بولدى، ياراتقان ئىگەم ئامانىتىنى
ئالغان بولسىمۇ سېنىڭ قېشىڭغا كەتكەن بولسام...» مەسۇم
تاراننىڭ بىردىن كۆڭلى بۇزۇلۇپ، كۆزىگە ياش كەلدى. ئۇ
يىغلاپ سالماسلىق ئۈچۈن قوپۇپ ماڭدى. ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ نېرى-
سى ئېقىننىڭ ئورنى بولۇپ، ھەر يىلى تاغدىن كەلكۈن كەلگەندە
ئۇنىڭ ئۆيىگە ۋەھىمە سالاتتى. ھازىر ئۇ يەردە ئىككى توپا قېزىش
ماشىنىسى ئېقىننى كولاۋاتاتتى.

— بۇ يەرگە كۆل ياسايدىكەن، — دەپ چۈشەندۈردى
ئىلەك.

— كۆلنى نېمە قىلىدىكەن؟

— كۆلنى نېمە قىلاتتى، بېلىق باقىدىكەن، مەن ھاجىمغا

«بۇ جىلغىنىڭ كەلكۈنى يامان، بەزى يىللىرى كەلكۈن ئەتراپتىكى ئۆيلەرنىمۇ سۇپۇرۇپ ماڭىدۇ، بۇنىڭ چارىسىنى قىلىش كېرەك» دېگەنىدىم، ھاجىم: «ئۇنداق بولسا بۇ يەرگە كۆل قازايلى، كەلكۈننىڭ ئالدىنىمۇ ئالغىلى بولىدۇ، سەيلىگاھقىمۇ ئىشلەتكىلى بولىدۇ، بۇ ياخشى مەسلىھەت بولدى» دەپ مۇشۇنى قىلىۋاتىدۇ...

مەسۇم تاران ئىلەكنىڭ ئېتىۋاتقان پولىرىدىن زېرىكىپ، قايتماقچى بولۇپ ماڭدى.

— نەگە بارىسەن؟ — دېدى ئىلەك ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ، — تۈگمەنگە بارامسەن، مەسۇم؟ ئەمدى تۈگمىنىڭنى تاشلىساڭمۇ بولاتتى...

— نېمىشقا؟

— بەربىر ئۇنى چېقىۋېتىدۇ، بۇ كۈندە ئۇنى كىم ئىشلىتىدۇ دەيسەن؟

— راست شۇنداق قىلارمۇ؟

— ئۇ ئەسكى تۈگمەننى قويۇپ قويىدۇ دەمسەن؟ كۆرۈۋاتىسەنغۇ، ھەممە كونا ئۆيلەرنى تۈزلەۋاتامدۇ؟... ماڭا قارا، مەسۇم، مەن زۇنۇن ھاجىمغا دەي، تۈگمىنىڭگە ئازراق پۇل بەرسۇن... تۈگمىنىڭنى كۆرۈپ باقايچۇ، قانچىلىك پۇلغا يارايدىكىن...

ئىلەك مەسۇم تارانغا ئەگىشىپ تۈگمەنگە كەلدى. ئۇ خۇددى تۈگمەننى ئۆزى ئالىدىغاندەك ئۇنىڭ ھەممە سايمانلىرىنى كۆرۈپ چىقىپ ياراتمىغاندەك بېشىنى چايقىدى:

— ھەي مەسۇم، بۇ تۈگمىنىڭ پۇلغا يارىمىغۇدەك جۇمۇ!

... ئەگەر ھاجىم تۆت - بەش يۈز سوم بېرەي دېسە ماقۇل دەۋەتسەڭ بولغۇدەك جۇمۇ...

ئۇنىڭ سۆزىنى سىرتتا بىرىنىڭ توۋلىغان ئاۋازى بۆلۈۋەتتى، مەسۇم تاران تۈگمەندىن چىقىپ، ئىشىك ئالدىدا تۇرغان

ئىسراپىل بىلەن تېيىپنى ھەم ئۇلار بىلەن تۇرغان كادىر سۇپەت ناتونۇش ئادەمنى كۆرۈپ يۈرىكى «قارت!» قىلىپ قالدى. ئىلەك ناتونۇش ئادەمنىڭ ئالدىغا بېرىپ قول بېرىپ كۆرۈشۈپ كەتتى.

— مەسۇمكا، — دېدى تېيىپ ئادىتى بويىچە چاقچاق قىلىپ، — سالقىن دەپ مۇشۇ يەرگە كېلىۋاپسەندە، ھە، ئۇگۇت كېلىۋاتامدۇ؟

— ئۇگۇت كەلمىدى، — دېدى مەسۇم تاران كۈلۈپ قويۇپ، — خېرىدار كېلىپ قالامدىكىن، دەپ تۇردۇم.

— ساڭا خېرىدار ئېلىپ كەلدۇق، — دېدى ئۇ ۋە يېنىدىكى ناتونۇش ئادەمنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇردى.

مەسۇم تاران نەچچە ۋاقىتتىن داڭقىنى ئاڭلاپ يۈرگەن ئادەمگە باشتىن - ئاياغ قارىۋەتتى - دە، ئۇنىڭ سالىمىغا ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا جاۋاب قايتۇردى. «سېنىڭدىن پايدا چىقىدىغاندەك قىلمايدۇ. شەھەرنىڭ سودىگەرلىرى ئادەم ئالداشقا ئۇستا دەۋاتاتتى، قېنى، ئاۋۋال بۇنىڭ زۇۋانىنى ئاڭلاپ باقاي...»

زۇنۇن ھاجىم تۇگمەنگە بىرقۇر قارىۋېتىپ مەسۇم تاراندىن سورىدى:

— بۇ تۇگمەنگە قانچە يىللار بولغاندۇ؟ سايمانلىرىغا قارىغاندا خېلى كونىدەك قىلىدۇ؟...

«سەن كونىغا چىقىرىپ باھاسىنى چۈشۈرمەن دەۋاتىسەنغۇ؟ قارا بۇنى... سودىگەر دېگەن قالتىس - دە؟...» مەسۇم تاران ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ جاۋاب بەردى:

— قانچە يىل بولغانلىقىنى تازا ئېنىق ئۇقمايمەن، لېكىن بىز بەش ئەۋلاد مۇشۇ تۇگمەننى ماڭدۇرۇپ كېلىۋاتىمىز...

— بەش ئەۋلاد دەمسىز؟ — زۇنۇن ھاجىم سەل ھەيران بولۇپ سورىدى، — تارىخى خېلى بار ئىكەن، كەم دېگەندە ئىككى يۈز يىل بولغان ئوخشايدۇ.

— شۇنداقمىكىن...

— ھازىر ماڭدۇرماپتۇققۇ، بۇزۇلۇپ قالدىمۇ؟

— ئازراق سايمانلىرى كەم، شۇنى سەپلىسەك ماڭىدۇ.

زۇنۇن ھاجىم تۇگمەننىڭ ئىچىگە كىرىپ تەپسىلىي كۆرۈپ چىقتى. ئىلەك ئۇنىڭ كەينىدىن سايىدەك ئەگىشىپ يۈرەتتى، قايتىپ چىقىۋاتقاندا مەسۇم تاران ئىلەكنىڭ ھاجىمنىڭ قۇلىقىغا: «ئۈچ يۈز سوم بېرىۋەتسىڭىز بولار» دەپ پىچىرلىغىنىنى ئاڭلاپ قالدى.

— مەن تۇگمەن دېگەننى ئاڭلايتتىم، لېكىن ھازىرغىچە كۆرۈپ باقمىغان، — دېدى زۇنۇن ھاجىم ئىلەكنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلماي، — بۈگۈن تۇنجى كۆرۈشۈم، بۇنىڭدا ئۇنى قانداق تارتىدۇ، ماڭا چۈشەندۈرۈپ بېرەمسىز؟

مەسۇم تاران سەل ھەيران بولغاندەك ئىسراپىل بىلەن تېز-يىپقا قاراپ قويۇپ مېھماننى تۇگمەننىڭ ئىچىگە باشلاپ كىرىپ، بىر - بىردىن چۈشەندۈرۈپ چىقتى. ھاجىمنىڭ قىزىقىشى ئۇنى ئارىسالدى قىلىپ قويدى. «بۇ ئاداش تۇگمەننى مەندىن ئېلىۋې-لىپ ئۆزى ماڭدۇرماقچىمۇ نېمە؟ سودىگەر خەق بىر تىيىن پايدا چىقىدىغان ئىشنىمۇ قولدىن بەرمەيدۇ، بۇ مۇشۇنىڭدىن بىر پايدىنى پەملەپ قالدىغۇ دەيمەن، باھانى ئۆرە قويسام بولغۇدەك جۇمۇ!...»

زۇنۇن ھاجىم تىنماي ئۇنى - بۇنى سورايتتى، ئۇ مەسۇم تاراندىن بۇۋىلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈردى. مەسۇم تاران ئۆزى بىلىدىغان تارىخنى ئالدىرىماي سۆزلەپ بەردى:

— دادامنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئۆز ۋاقتىدا مۇشۇ ئەتراپتا بەش تۇگمەن بار ئىكەندۇق. مۇشۇ تۇگىرەكنىڭ ھەممىسى مۇ-شۇ تۇگمەنلەرگە كېلىپ ئۇگۇت تارتقۇزۇپ كېتەتتىكەن... ئۇ چاغلاردا بۇ يەر تولىمۇ ئاۋات بوپتىكەن، ئازاد بولغان يىللىرى تۇگمەندىن ئىككىسى ۋەيران بولۇپ ئۈچى قالىدۇ. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» غىچە نۇرشا موللامنىڭ تۇگمىنى مېڭىپ تۇرغاند-

دى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا ئۇنى چېقىۋەتتى...

— بۇ تۇگمەن قانداق قىلىپ ساق قالغانتى؟ — ھاجىم قىزىقىپ سورىدى.

— بۇ تۇگمەننى ساقلاپ قالغان مۇشۇ مەسۇمكام، — دېدى تېيىپ گەپ قىستۇرۇپ، — بولمىسا، شۇ چاغدىلا تۇپتۇز بولۇپ كېتەتتى...

— قانداق ساقلاپ قالدىڭىز؟

— ھەي، ئۇنى سوراپ نېمە قىلىسىز؟ — دېدى مەسۇم تاران ئىلەككە قاراپ قويۇپ.

— قـانداق سـاقلاپ قالاتتى؟ — دېدى تېيىپ چۈشەندۈ-رۈپ، — مەسۇمكام نەچچە ئاي تۇگمەننى بېقىپ ياتتى. ئىنقىلاب-چىلار بۇ دېگەن كونىلىق دەپ چاققىلى كەلگەندە، مەسۇمكام تۆمۈر ئارىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇۋېلىپ، قايسىڭ يېقىن كېلىشسەڭ قارنىڭغا سانجىيمەن!» دەپ قورقۇتىپتىكەن، شۇنداقمۇ، ئىلەك-كا؟

— مەن باللارنى توستۇم، بولمىسا... — دېدى ئۇ ھىجايغى-نىچە.

— بۇگۇنغۇ ئۇ ئارالىق يوقتۇ، مەسۇمكا؟ — دېدى ئىسراپىل كۇلۇپ.

— ئارا بولمىغان بىلەن قېرى جېنىم بار...

— ئۆلۈكۈڭنى ساتىمەن دېگىنە؟ — تېيىپ بېشىنى چايقى-دى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، مەسۇمكا، — دېدى زۇنۇن ھاجىم ئۇنى دولىسىغا قېقىپ قويۇپ، — مەن تۇگمەننى چاقمايمەن!

مەسۇم تاران تېگىرقىغاندەك ھاجىمغا قاراپ قويۇپ سورى-دى:

— نېمە قىلماقچى؟

— تۇگمەننى ساقلاپ قويىمىز، — دېدى زۇنۇن ھاجىم

خۇشخۇي كۈلۈپ، — بۇ ياخشى بولدى، ساياھەت ئورۇنلىرىدا ئەسلىدە مۇشۇنداق قەدىمكى يادىكارلىقلار، ئاسارئەتىقىلەر بولسا سەيلىگاھنىڭ قىممىتى تېخىمۇ ئاشىدۇ، مەن ئۆتكەن يىلى تۇرپانغا بېرىپ ئالايىتەن كارىزنى كۆرگىلى چىقتىم. ئۇنى كۆرىدىغانلار شۇنچىلىك جىق ئىكەنكى، ئۇلار شۇنىڭدىنلا يىلىغا نەچچە يۈز مىڭ كىرىم قىلىدىكەن، ھازىرقى ياشلار تۈگمەن دېگەننى ئاڭلىغىنى بىلەن ئۇنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ئىچكىرىدىن، چەت ئەلدىن كەلگەنلەر تېخىمۇ ئۇقمايدۇ. بىز مانا مۇشۇ تۈگمەن ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ تارىخىنى، مەدەنىيىتىمىزنى ئۇلارغا تونۇشتۇرىمىز، بۇنىڭ قىممىتى پۇلدىنمۇ مۇھىم...

زۇنۇن ھاجىمنىڭ ھاياجان بىلەن قىلغان سۆزلىرىگە ھەممىسى ھەيران قالدى. مەسۇم تاران بولسا ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇ ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەيلا قېلىۋاتاتتى. چۈنكى، مۇنۇ ھاجىم ئۇ ھازىرغىچە ئاڭلىمىغان، لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى گەپلەرنى قىلىۋاتاتتى. بۇ راست دەۋاتامدۇ، چاقچاق قىلىۋاتامدۇ؟...

— ئەمما، مەسۇمكا، — دېدى زۇنۇن ھاجىم تۈگمەنگە قاراپ قويۇپ، — بۇ تۈگمەننى راۋۇرۇس ياسىمىسا بولمايدىكەن، سايمانلىرى كونىراپ چىرىپ كېتىپتۇ، سىز بۇنىڭ تىلىنى ئوبدان بىلىسىز، سىز ياساتسىڭىز دەيمەن، ھەممە چىقىمنى بىز كۆتۈرىمىز، قانداق؟

مەسۇم تاران ھاياجانلانغىنىدىن گەپ قىلالماي قالدى.

— ماقۇل دېمەمسەن، مەسۇمكا، — دېدى تېيىپ ئۇنى نوقۇپ، — مۇشۇ باھانىدا تۈگمىنىڭمۇ يېڭىلىنىپ قالىدىغان بولدى.

— ئۇكا، — دېدى مەسۇم تاران ھاجىمغا قاراپ، — چاقچاق قىلىۋاتمايدىغانسەن؟

— مانا بۇلار گۇۋاھ بولسۇن، — دېدى زۇنۇن ھاجىم

ئىسراپىل بىلەن تېيىپنى كۆرسىتىپ، — تۈگمەن سىزنىڭ ئۆزىڭىزنىڭ مۈلكىڭىز بولىشۋېرىدۇ ... مەن تۈگمەنگە يانداپ بىر ئېغىز ئۆي سالساقمىكىن دەيمەن. ئۇ يەرگە تۈگمەننىڭ تارىخىنى يېزىپ چاپلاش كېرەك. ئەگەر خالىسىڭىز ئۆزىڭىز مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۈگمەنگە قارىغاچ، كەلگەن ساياھەتچىلەرگە ئۆز ئاغزىڭىز بىلەن چۈشەندۈرۈپ بەرگەن بولسىڭىز تېخىمۇ ياخشى بولاتتى.

— مەن رازى ... — دەۋەتتى مەسۇم تاران ئالدىراپ.

— ئەمىسە شۇنداق قىلىشتۇق...

ئۇلار بىردەم تۈگمەننى قانداق ياساش توغرۇلۇق مەسلىھەت قىلىشقاندىن كېيىن زۇنۇن ھاجىملار قايتماقچى بولۇشتى. مەسۇم تاران بۈگۈن يۈز بەرگەن ئىشتىن ھاياجانلىنىپ ئېسىنى يوقىتىپ قويايلا دېدى. ئۇنىڭغا بۇ گويا بىر چۈشتەكلا تۇيۇلۇپ ھېچ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى، ئۇ ئۆزىگە ئەڭ قەدىرلىك بولغان تۈگمەننىڭ كەلگۈسى قىياپىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئىچ-ئىچىدىن خۇشال بولدى. «شەرۋان ھايات بولغان بولسا قانچە خۇش بولۇپ كېتەر ئىدى...» دېدى ئۇ ئىچىدە. بۈگۈن ئۇ تۇنجى قېتىم كۆڭلى يايراپ خۇش بولدى.

ئىلەك ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ھىجايغىنىچە:

— بايام ھاجىمغا «تۈگمەن تۇرۇپ تۇرسۇنمىكىن» دېگەنتىم قارا...

مەسۇم تاران ئۇنىڭغا قاراپ ئالايغىنىچە:

— يوقال كۆزۈمدىن، شۇمەك!... — دېدى.

## 25

كونا مەھەللىدە ئەمدى بىرلا ئۆي — رېھىم شاھنىڭ ئۆيى قالدى. ئۇ خۇددى مازارلىقتىكى خارابە قەبرىدەك سايىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوقچىيىپ تۇراتتى. ئىسراپىل بىلەن تېيىپ كۆچۈش

توغرىسىدا ئۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە قېتىم سۆزلەشتى. رېھىم شاھ بولسا ھەر قېتىم قويۇن يانچۇقىدىن دائىم ئايرىمايدىغان، سارغىيىپ تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن بىر توپ تالونلارنى كۆرسىتەتتى ــ دە:

— مەن بۇ ئۆينى سالغۇچە مۇشۇنچىۋالا چىقىم قىلغان، تەشكىل مۇشۇنى تۆلەپ بەرسە ئاندىن كۆچىمەن، — دەپ تۇرۇۋالدى.

ئاخىر ئۇلارمۇ زېرىكىپ تاشلىۋەتتى.

رېھىم شاھنىڭ ئۆيى قارىماققا كاتتا ئۆيلەردىن بولمىسىمۇ، لېكىن قورۇسى چوڭ ئىدى. كونا مەھەللىدە ناسىر ئىمامنىڭ ئۆيىدىن قالسا بىردىنبىر دەرۋازىلىق قورۇمۇ شۇنىڭ ئىدى. ئۇنىڭ قورۇسىدا ئۆيدىنمۇ ئامبار بىلەن لاپاس جىق ئىدى. ئۇنىڭ ئامبىرىدا دۇنيادىكى بار نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى — تراكتور بىلەن ھارۋىنىڭ سايمانلىرى، تۆمۈر ــ تەرسەك، ئۇزۇن ــ قىسقا ياغاچ، ۋېلىسىپىتنىڭ كونا راملىرى، يىرتىلىپ كەتكەن بالونلار، كونا ئاياغ كىيىملەر... ھەممىسى تېپىلاتتى. رېھىم شاھنىڭ ئادىتى شۇنداق، ئۇ قەيەردە بىرنېمە ئۇچراپ قالسا، «لازىم بولىدۇ» دەپ ئېلىپ ئامبارغا ئەكىرىپ قوياتتى. شۇنداق يىغقاچقا ئۇنىڭ ئامبىرىدا پۇت تىققۇدەك يەر قالمىغانىدى. ئۇنىڭ لاپاسلىرىنىڭ ئۈستىدە بولسا ئالدىغا نەچچە يىللار بولغان قۇرۇپ ــ چىرىپ كەتكەن ئوت ــ چۆپ، سامانلار بېسىقلىق ئىدى.

يېقىندىن بۇيان كەنتنىڭ باشلىقلىرىمۇ ئۇنى ئىزدىمەيدىغان، «كۆچەمسەن قانداق؟» دەپ سۈيلىمەيدىغان بولۇۋالدى. رېھىم شاھ باشتا بۇنىڭدىن خۇش بولدى، «مېنىڭدىن قورقتى» دەپ خاتىرجەم بولدى، لېكىن كۈنلەر ئۆتكەنچە تۇرۇپ ئەنسىرەپمۇ قالدى، «بۇلار مېنى ئۇنتۇپ قالدىمۇ نېمە؟ ئەجەب كەلمەس بولدىغۇ؟... ياكى باشقا بىر پىلان تۈزۈۋشۇۋاتامدۇ ــ يا؟...» ئۇ شۇنى ئويلاپ كېچىدىن بىئارام بولۇپ چىقتى. ئۇ ئەتىگەنلىك

چايدا قىزى زىبادىن مەھەللىدە نېمە گەپلەر بولۇۋاتقانلىقىنى سو-
راي دەپ تۇرۇشىغا زىبا ئۆزى ئېغىز ئاچتى:
— ھەممە خەق يېڭى مەھەللىگە كۆچۈۋاتىدۇ، دادا، — دېدى
ئۇ، — بىز مۇشۇ يەردە تىكەندەك يالغۇز ئولتۇرىمىزمۇ؟
رېھىم شاھ خۇشياقمىغاندەك تەرىنى تۈرۈپ قويدى.
— بىر ئوبدان زېمىننى تاشلاپ نەگە بارىمىز؟ — دېدى ئۇ.
— بۇ يەردە يا تـوك بولمىسا... خەقلەر يېڭى مەھەللىدە
تېـلېۋىزور كـۆرىدىكەن، بىـز تېخىچە قارا چىراغدا ئولتۇرۇۋا-
تىمىز...
— تېلېۋىزور دېگەننىڭ نېمىگە پايدىسى بار؟ — رېھىم شاھ
قاپىقىنى تۈردى، — ھەممە ئەسكى ئىشلار شۇ بىرنېمىنى تولا
كۆرگەندىن چىقىۋاتىدۇ.
— ئەمىسە جالالكام تېلېۋىزور كۆرمەيمۇ جىنايەتچى بولدىغۇ
ئەمىسە؟
رېھىم شاھ قىزىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرەلمەي پۇشۇلدىدى.
— دادا، — دېدى زىبا يالۋۇرغاندەك قىلىپ، — ياز ئۆتۈپ
كېتىپ بارىدۇ، ئۇنداق قىلماي بىزمۇ يېڭى مەھەللىگە كۆچەيلى،
بىز بۇ يەردە ئولتۇرساق خەقلەرمۇ ھەرقىسما گەپ قىلىدىكەن...
— خەقلەر نېمە دەۋاتىدۇ؟ — رېھىم شاھ سەگەكلەشتى.
— رېھىم شاھ شۇنچىلىك ھاللىق تۇرۇپ بىر ئۆيگە چىدىماي-
ۋاتىدۇ، دەيدىكەن...
— بار دەپ چېچىۋېرىدىغان ئىش ئەمەس، ھۆكۈمەتنىڭ
بەلگىلىمىسى بولغاندىن كېيىن بۇ ئۆيگە رازى بولغۇدەك پۇل
بەرسۇن، يا بولمىسا ئورنىغا ئۆي سېلىپ بەرسۇن.
— دادا، سىز بەش كېپىل بولمىغاندىن كېيىن ئۇ تەلەپنى
قـويسىڭىز ئاقامدۇ؟ — دېدى زىبا بېـشىنى چـايقاپ، — دادا،
پۇل - دۇنيانى تاپقاندىن كېيىن راھىتىنىمۇ كۆرۈش كېرەك
ئەمەسمۇ؟ بىزمۇ باشقا خەقلەرگە ئوخشاش ياشايلى.

قىزنىڭ ئاخىرقى گېپى رېھىم شاھنىڭ زەردىسىگە تەگدى.

— خەقتەك ياشىماي نېمە بولدى؟ — رېھىم شاھ تېرىكتى، — قورسىقىڭلار ئاچ قېلىۋاتامدۇ، يالىڭاچ قېلىۋاتامسىلەر، سىلەرگە يەنە قانداق قىلىپ بەرسەم بولىدۇ؟... مېنىڭچۇ، بىكارغا چاچىدىغان پۇلۇم يوق، ئۇلار مېنى رازى قىلمىسا بۇ ئۆيدىن كۆچمەيمەن!...

زىبا دادىسىغا گەپ ئۆتمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ئۇھ تارتىپ قويدى-دە:

— بوپتۇ، سىلەر كۆچمىسەڭلار ئولتۇرۇۋېرىڭلار، مەن مەكتەپتىن ياتاق ئېلىپ كۆچۈپ كېتىمەن.

رېھىم شاھ قىزىدىن بۇنداق گەپنى چىقىدۇ، دەپ ئويلىمىغانىدى، ئۇ چەكچەيگىنىچە تۇرۇپلا قالدى. زىبا چاينىمۇ ئىچمەستىن، قوپۇپ مەكتەپكە ماڭدى. ئۇ ئىشىكتىن چىقىۋېتىپ:

— بۇ گۆرگە ئوت كەتكەن بولسىمۇ... — دېدى. رېھىم شاھ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىسىمۇ ئاڭلىماسلىققا سېلىپ چېيىنى سۇمۇردى.

رېھىم شاھ ئۇچىنچى ئاپقۇر چاينى ئىچىپ بولۇپ تويغانلىقىنى بىلدۈرۈپ سوزۇپ كېكىرىپ قويدى-دە، تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ بۇگۈن قىلىدىغان ئىشلىرىنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. «قوناققا سۇ قۇيۇش كېرەك، بۇغداينى سامىنىنى توشۇۋېتىدىغان گەپ ئىدى، بولمىسا، خاماندىن ئوغرىلاپ ئارام بەرمەيدۇ... ساماننى نەگە باسسام بولار؟... كالا قوتىنىنى ئوڭشاش كېرەك ئىدى، تامىنىڭ نەچچە يېرى يامغۇردا ئاجراپ ئۆرۈلۈپ كەتتى. قايسىبىرىگە يېتىشەرمەن؟ ئادەم سالسام بولارمىكىن؟ جالال يامان چاغدا تۇرمىگە كىرىپ كەتتى، تراكتورمۇ بىكار ياتتى، خېلىلنى ئىشقا سالاي دېسەم ئوقۇۋاتىدۇ، ئالدىمىزدىكى كۈزدىن باشلاپ ئوقۇمىسۇنمىكىن؟ ئەسلىدە بۇ يىل مەكتەپكە ئەۋەتمىسەم بولغانىكەن، دېھقاننىڭ بالىلىرى ئوقۇپ نەگە بارالايتتى؟ زىبامۇ

ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگىتىپ نېمە بولدى، ئاران كەنتنىڭ مەكتى-پىگە ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچى بولدى، ئالىدىغىنى ئىككى يۈز سوم، ئۆزىنىڭ كىيىمىدىن ئاشامدۇ؟... بۈگۈن ئەجەب بىر گەپنى قىلىدۇ - يا؟ راستىنلا ئۆينى تاشلاپ چىقىپ كېتەرمۇ؟ بۇنىمۇ ۋاقتىدا ئەرگە بېرىۋەتمىسەك بولمىغۇدەك...»

رېھىم شاھ داستىخان يىغىۋاتقان ئايالىدىن سورىدى:

— زىباغا ئەلچىلەرنىڭ كەلگەنلىكىنى دېدىڭمۇ؟

— دېدىم... ئۆزىمۇ سېزىپ بوپتىكەن.

— ھە، ماقۇل بولدىمۇ؟

— نېمىنى... «ئۇ قارىغۇغا تىرىكىم تەگمەيدۇ» دەيدۇ.

رېھىم شاھنىڭ گۆشلۈك قاپىقى تۈرۈلدى.

— ئەخمەق، دۆت! ...— دېدى ئۇ ئاچچىقى بىلەن، — كەلگەن ئامەتنىڭ قەدرىنى بىلمەيدىغان كالۋا... سەۋىردىنلەرنىڭ قانداق باي ئىكەنلىكىنى دېسەڭ بولمامدۇ؟

— دېدىم... دېسەم، «مەن مال - دۇنياغا تەگمەيمەن» دەيدۇ.

— ئەمىسە كىمگە تەگكۈدەك؟... ئاۋۇ مەسۇم دېگەن يالاڭ تۆشكە كېلىن بولماقچىمۇ؟ ئىت ئۇرغۇچىغا ئامراق دەپ شۇنىڭ بالىسىنى ساقلاۋاتامدۇ - يا؟...

— تاڭەي...

— بۇ كۈنىنىڭ بالىلىرى نېمە بولۇۋاتىدۇ؟... تەييار راھەتنى كۆرۈشنى بىلمەيدۇ، مەسۇمنىڭ نېمىسى بار؟ ئۇنىڭ قۇرۇق جېنى قالدى... زىباغا ئوبدانىراق گەپ قىل، غوپۇردەك لايىق چىققىنىغا خۇش بولسا بولىدۇ جۇمۇ! ... بولسا كۈزگە توينى قىلىۋېتىمىز...

ئۇربۇۋى گەپ - سۆز قىلمىدى. قورايدەك ئورۇق، قاراما-تۇل بۇ ئايال رېھىم شاھتىن ئون ياش كىچىك بولسىمۇ، قارد-ماققا ئۇنىڭدىن چوڭ كۆرۈنەتتى. يۈز - كۆزىنى تىلىم - تىلىم

قورۇق بېسىپ كەتكەن، بەللىرى ئېگىلگەن بۇ ئايال تىنماي يۆتىلىپ تۇراتتى.

— يۆتەل كېچىدىن بېرى ئۇخلاتمىدى، — دېدى ئۇ ئېرىگە يەر ئاستىدىن قاراپ قويۇپ، — دوختۇرغا كۆرۈنۈپ باقسام بولامدىكىن؟

رېھىم شاھنىڭ قاپىقى ساڭگىلىدى.

— قوي مېيىنى قىزىتىپ ئىچىپ باق دېمىدىممۇ؟ — دېدى ئۇ، — سوغۇقتىن بولۇۋاتقان يۆتەل بۇ.

— ئىچتىم... توختىمايۋاتسا؟

— بىرەر قاتار ئىچكەنگە بولامدۇ، ئۈچ ۋاخ ئىچمەمسەن؟

... دوختۇرنىڭ دورىسى دېگەنبىلەن سوغۇق كېلىدۇ... ھە دېسىلا دوختۇر دەپ قالىدىكەنسىلەر، ئۇ خەقچۇ، تۆت تال دورىنى بېرىپ قويۇپ پالانچى پۇل دەيدۇ...

رېھىم شاھنىڭ ئادىتى شۇنداق ئىدى. ئۇ ھەرقانچە ئېغىر كېسەل بولۇپ قالسىمۇ دوختۇرغا بارمايتتى: «دوختۇر دېگەن قىپقىزىل بۇلاڭچى» دەيتتى ئۇ ۋە كېسەل بولسا ئۆزى بىر سەۋەب-لەرنى قىلىپ ساقىيىۋالاتتى. قايسىبىر يىلى ئەتىيازدا ئۇنىڭ بىر پۇتى ئاغرىپ يەر دەسسىيەلمەي قالدى، بالىلىرى زورلاپ يۆلەپ دوختۇرغا ئاپارغانىدى. دوختۇرلار بىرمۇنچە ئاپپاراتلارغا سېلىپ تەكشۈرگەندىن كېيىن دورا، ئوكۇل يېزىپ بەردى. رېھىم شاھ پۇل تۆلەيدىغان چاغدا «ئالته يۈز كوي تاپشۇرۇڭ!» دېگەندە ھوشىدىن كەتكىلى قىل قالدى ۋە بالىلىرىنىڭ يالۋۇرۇشلىرىغا ئۇنىماي، ئوكۇل بىلەن دورىنى ئالماستىن قايتىپ كەتتى. ئەتىسى ئۇ سۆگەتبۇلاقتىكى ئوسمان باخشىنى چاقىرتىپ كېلىپ دەم سالدۇردى. باخشىنىڭ قاتتىق مۇجۇپ تۇتۇشلىرى ئۇنىڭ پۇتلى-رىنىڭ ئۇگىلىرىنى غىدىقلاپ، قانلىرىنى راۋانلاشتۇردىمىكىنتاڭ ئەيتاۋۇر، رېھىم شاھ ھەپتىگە قالماي يەر دەسسەپ ماڭدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ دوختۇرغا ئۆزىمۇ بارمايتتى، ئۆيىدىكىلەر-

نىمۇ ئەۋەتمەيتتى...
— ئوسمان موللىغا بېرىپ باقامسەن - يا؟ — دېدى ئۇ بىردەم تۇرۇپ كېتىپ.
— ۋاي، بولدىلا، — دېدى نۇربۇۋى كۆڭلى قېلىپ، — ئۆزۈم سەۋەب قىلاي...
رېھىم شاھ خاتىرجەم بولغاندەك بولۇپ پەگاھقا چۇشۇپ ئۆياق - بۇياققا قاراپ سورىدى:
— پايپاق قېنى؟
— تاپىنى تېشىلىپ كېتىپتىكەن، زىبا تاشلىۋەتتى.
— كىيگىلى بولاتتى، — دېدى رېھىم شاھ ئۇھ تارتىپ تۇرۇپ كېتىپ يەردىكى چۇخەينى قولىغا ئالدى. سىرىق چۇخەي تەر بىلەن توپىدىن قارامتۇل رەڭگە كىرىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭدىن كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرىدىغان بەتبوي پۇراق كېلەتتى. ئۇ ئىنجىقلاپ تۇرۇپ چۇخەينى قوڭالتاقلا پۇتىغا كىيىپ، ئۇنىڭ نەچچە يەردىن چىگىلگەن بوغقۇچىنى تەستە باغلىدى.
— يېڭى بىر ئاياغ ئېلىۋالسىڭىز بولاتتى، — دېدى نۇربۇۋى ئۇنىڭ پۇتىدىكى چۇخەيگە قاراپ تەرىنى تۇردى، — كۆڭلىكىڭىزگىمۇ قاراپ بېقىڭا...
رېھىم شاھ بولسا ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغانغا سېلىپ قوپۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئۆيدە ئەمدى نۇربۇۋى يالغۇز قالدى. ئۇنىڭ ئۆيدە قىلىدىغان ئىشلىرى جىق، هويلا - ئارامنى يىغىشتۇرۇش، كالىنىڭ تېزەكلىرىنى يىغىپ تامغا چاپلاش، كىر يۇيۇش ... «بۇگۈن ئۆيدە نان تۇگەپتۇ، تونۇرغا خېمىر يۇغۇرۇش كېرەك» ئۇ شۇلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۇرۇپ هارغىنلىق بىلەن ئۇھ تارتىپ قويدى، ئۇنىڭ بۇگۈن مىدىرلىغۇدەك هالى يوق، يېنى يەر تارتىپلا تۇراتتى.
نۇربۇۋىنىڭ مۇشۇ قورۇدىكى يىگىرمە بەش يىللىق هاياتى مۇشۇنداق ئۆتتى. تاڭ يورۇغاندىن تارتىپ ئەلياتقۇ بولغۇچە ئۇ-

نىڭ ئىشى تۈگىمەيتتى. ئۇ مۇشۇ ياشقا كىرگۈچە بار - يوقى ئۈچ قېتىملا ناھىيە بازىرىغا كىرىپ باقتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن دۇنيا مۇشۇ بۇلاقساي ئىدى. بەزىدە تۇرۇپلا ئۇنىڭ خىيالىغا قىز چاغلىرى خىرە - شىرە كېلەتتى. ئۇزاقتا قالغان ئاشۇ كۈنلەرنى ئويلىسىلا كۆڭلى يېرىم بولۇپ، كۆزىگە يىغا ئولىشاتتى...

ئۇ چاغلار ھېلىقى ئىنقىلاب يىللىرى ئىدى. كۈز كۈنلىرى-نىڭ بىرىدە بۇلاقسايغا ئۇرۇمچىدىن بەش - ئالتە زىيالىي ياشلار كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ تەربىيىسىنى ئېلىپ چې-نىققىلى كەلدى. ئەترەت ئۇلارنى نۇربۇۋىلەرنىڭ بىر ئېغىز ئۆيى-گە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. نۇربۇۋىنىڭ ئاپىسى ئۇلارنىڭ تامى-قىنى ئېتىپ بېرەتتى، نۇربۇۋى بولسا ئاپىسىغا ياردەملىشىپ بېرەتتى. ئۇ چوڭ شەھەردىن كېلىشكەن بۇ يىگىتلەرگە، ئۇلار-نىڭ گەپ - سۆزلىرىگە قىزىقىپ قۇلاق سالاتتى. بولۇپمۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تەلئەت ئىسىملىك ئوتتۇرا بوي، قويۇق بۇدۇر چاچلىق يىگىت ئۇنىڭ كۆزىگە باشقىچە يېقىملىق كۆرۈنەت-تى. تەلئەتمۇ نۇربۇۋىگە بۆلەكچە يېقىنچىلىق قىلاتتى. ئۆزى بىلەن بىللە ئەكەلگەن كىتابلىرىنى ئوقۇشقا بېرەتتى، نۇربۇۋى باشقىلارغا تۇيدۇرماي ئۇنىڭ كىيىملىرىنى يۇيۇپ بېرەتتى. كۈن-لەر ئۆتكەنسېرى، نۇربۇۋى ئۇنى بىر كۈن كۆرمىسە تۇرالمايدى-غان، قولى ئىشقا بارمايدىغان بولۇپ قالغىلى تۇردى. تەلئەت ئۇنى ئۆزىگە ئۈنسىز باغلىۋالغانىدى.

ئەترەت تەلئەتكە قوي بېقىشنى تاپشۇرغانىدى. ئۇ ئەتىگىنى قويلارنى تاغ باغرىدىكى شىۋاقلىققا ھەيدەپ باراتتى - دە، قويلار-نى ئوتقا قويۇۋېتىپ ئۆزى يېتىپ كىتاب ئوقۇيتتى. يازنىڭ بىر كۈنى تەلئەت قويلىرىنى ئېگىزلىققا ئوتلىغىلى قويۇۋېتىپ كىتاب ئوقۇپ ئولتۇراتتى. بىر كەمدە ئۇنىڭ يېنىغا قولىدا بىر تۈگۈن-چەكنى كۆتۈرۈپ نۇربۇۋى كەلدى، ئۇنىڭ تاماق ئەكەلگەنلىكىنى بىلىپ تەلئەت خۇش بولۇپ كەتتى.

— ئاپام كاۋا مانتىسى ئەتكەنىدى، «سىزنى يەۋالسۇن!» دەپ ئەۋەتتى، — دېدى نۇربۇۋى داستىخاننى ئۇنىڭ ئالدىغا يېيىپ تۇرۇپ.

تەلئەت بۇ سەھرالىقلارنىڭ كاۋا مانتىسىغا ئامراق ئىدى، ئۇلار گۆشسىزلا، جىگىردەكنى ئارىلاشتۇرۇپ ئېتەتتى، ئەمما شۇنچىلىك تەملىك، يېيىشلىك ئىدى. تەلئەت قاچىدىكى تىترەپ تۇرغان مانتىنى كۆرۈپ ئاغزىغا سېرىقسۇ يىغىلدى. ئۇ قاچىنى ئالدىغا تارتتى ـ دە، ئالدىراپ يېگىلى تۇردى.

— سىزمۇ يېمەمسىز؟ — دېدى تەلئەت مانتىدىن ئۇچنى يەپ بولغاندىن كېيىن ئالدىدا قىزنىڭ بارلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ.

— مەن يەپ كەلدىم، — دېدى نۇربۇۋى ئۇنىڭ ئىشتىھا بىلەن يەپ كېتىۋاتقانلىقىغا زوقلىنىپ، — سىزگە ئەكەلگەن مانتىلارنى مەن تۈگدۈم.

— ئوخشاپتۇ...

نۇربۇۋى ئۆزى ئەتكەن تاماقنىڭ يىگىتكە يارىغانلىقىغا چەك-سىز خۇرسەن ئىدى. ئۇ ئىچىدە: «ئەگەر تەلئەت مۇشۇ يېزىدا قالسا ئۇنىڭغا ئۆمۈرۋايەت ئوخشىتىپ تاماق ئېتىپ بېرەتتىم» دەپ ئويلىدى. تەلئەت مانتىنى پاك ـ پاكىز يەپ بولدى. نۇربۇۋى ئاچ كەلگەن بولسىمۇ تەلئەتنىڭ ئىشتىھا بىلەن يېگەنلىكىنى كۆ-رۈپ ئۆزىمۇ تەڭ يېگەندەك خۇش بولدى.

— ئۇرۇمچىدە يىل ـ يىللاپ يېيەلمەيمىز، — دېدى تەلئەت كالپۇكىنى يالاپ قويۇپ، — بۇلاقسايغا كېلىپ نەچچە يىل يېمى-گەننى بىراقلا توشتۇردۇم.

— ئۇرۇمچىدە كاۋا تېرىمامدۇ؟

— تېرىمايدۇ، بولمايدىغان ئوخشايدۇ.

— ئۇنداق بولسا بۇلاقسايدىن كەتمەڭ!... — نۇربۇۋى شۇن-داق دېدى ـ دە، ئۆزىچىلا قىزىرىپ كەتتى. ئۇنىڭغا تەلئەت ئۇنى زاڭلىق قىلىپ كۈلىدىغاندەك تۇيۇلدى. تەلئەت بولسا ئۇنىڭ

كۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇپ كېتىپ قىزنىڭ قولىنى «شاپپىدە» تۇتۇپ ئۆزىگە تارتتى ـ دە:

— كەتمەيمۇ؟ — دېدى ھاسىراپ تۇرۇپ...

شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى نۇربۇۋى ئاڭقىرالمىدى، ھەممە نەرسە ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتكەندەك، ئۆزىنى گويا يېگى بىر ئالەمگە بېرىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭغا بۈگۈن كۆكتە پارلاپ تۇرغان قۇياشمۇ يېقىملىق، كۇلۇپ بېقىۋاتقاندەك گۈزەل تۇيۇلماقتا ئىدى. ئۇ ھاياتىدا بۇنچىلىك ھوزۇر سۈرۈپ باقمىغانىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھەر كۈنى دېگۇدەك تەلئەتكە تاماق توشۇيتتى، ئۇنىڭ قۇچىقىدا يېتىپ تاتلىق خىياللارنى سۈرەتتى. تەلئەتنىڭ ئوقۇپ بەرگەن شېئىرلىرىنى چۈشەنمىسىمۇ زەن قويۇپ تىڭشايتتى، ئۇ مۇشۇ كۈنلەرنىڭ مەڭگۈ داۋاملىشىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن، كەچ كۈزنىڭ بىر ئەتىگىنى تەلئەت ئۇنىڭغا شۇم خەۋەرنى ئېيتتى:

— ئۇرۇمچىدىن خەت كەلدى، دادامنىڭ ئەھۋالى ئېغىر ئىكەن، — دېدى ئۇ.

— قانداق قىلىسىز؟

— بارمىسام بولمايدۇ... ھازىر رۇخسەت سوراپ چىقتىم.

— قاچان ماڭىسىز؟

— ھازىر ماڭىمەن...

نۇربۇۋىنىڭ يۈرىكى مۇزلاپ كەتتى.

— يېنىپ كېلەرسىز ـ ھە؟ — دېدى ئۇ تەلئەتكە تەلمۈرۈپ.

— دادام ياخشىراق بولغاندىن كېيىن كېلىمەن...

ئارىدا بولۇنغان گەپ شۇ بولدى. تەلئەت شۇ كەتكەنچە بۇلاقسايغا يېنىپ كەلمىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن زىيالىي ياشلارمۇ بىردىن ـ ئىككىدىن كېتىپ تۈگىدى. نۇربۇۋى بىرنەچ-

چە ئايغىچە تەلئەتتىن خەت كۈتۈپ يۈردى. لېكىن، ئۇنىڭ كۈت-كىنى بىكار بولدى. تەلئەت خۇددى سۇغا چۆشكەن تاشتەك يوق بولدى. نۇربۇۋى ئۈچۈن تەلئەت بىللە ئۆتكەن چاغلار خۇددى بىر چۈشتەكلا تۇيۇلۇپ، ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇلۇشقا باشلى-دى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ھاياتنىڭ ئەڭ مەنىلىك كۈنلىرى تۈگىگەن-دەك، يۈرىكىدىكى ھەممە ئوت كۆيۈپ تۈگىگەندەك تۇيۇلاتتى. شۇڭا ئۇ رېھىم شاھنىڭ ئۆيىدىن ئەلچى كەلگەندىمۇ تارتىنىپ تۇرمايلا رازى بولدى. ئۇنىڭغا ئەمدى ھاياتنىڭ ھېچبىر قىزىقى قالمىغاندەك پەقەت كۈن ئۆتكۈزسىلا بولاتتى. تويدىن كېيىن ئۇ رېھىم شاھنىڭ مىجەزىنىمۇ ئېغىر ئالماي ئۆتۈۋەردى...

نۇربۇۋى شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ ھەسرەت بىلەن «ئۇھ» تارتىپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ تونۇرغا خېمىر يۇغۇرۇپ قويۇپ، ھويلىغا چىقىپ نەچچە كۈندىن يىغىلىپ قالغان كالىنىڭ تېزەكلىرىنى سۇ قۇيۇپ يۇمشىتىپ پۇتى بىلەن يۇمشات-قاندىن كېيىن، ئۇنى قولىدا كۇملاچ قىلىپ تاملارغا چاپلاپ چىقتى. بۇ ئىشلارنى قىلىپ بولغۇچە دېمى سىقىلىپ، پۇت ـ قولى تىترەپ كەتتى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ سۇپىدا بىردەم ئولتۇردى. بۇگۈن نېمىشقىدۇر ئەزايى ـ بەدىنىدە جان يوقتەك ھېرىپلا تۇراتتى. «قېرىلىق يەتكەن ئوخشىمامدۇ؟» دەپ ئويلىدى ئىچىدە ۋە كۆڭلى يېرىم بولدى. تۇرۇپلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا تەلئەت كەلدى، «ھازىر ھايات بارمىدۇ؟ قانداقراق ئايال ئالغاندۇ؟ ھەر-قاچان ئوقۇغان كادىر ئايالدۇ؟ بىرەر قېتىم بولاقسايغا كەلگەن بولسىمۇ، بىر كۆرۈۋالغان بولسام...»

نۇربۇۋى باش ـ ئۈچى يوق خىياللار بىلەن ئۇزۇن ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا بۇگۈن بۆلەكچىلا ھاردۇق يەتكەندەك ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ ئېسىگە خېمىر كېلىپ ئورنىدىن تۇردى، خېمىر بولۇپ تېشىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئالدىراپ تونۇرغا ئوت سالدى. ئۇلارنىڭ تونۇرى لاپاسنىڭ يېنىدا ئىدى. ئۇ تونۇرغا ئوتۇن،

شاخ ـ شۇمبىلارنى سىلىپ كۆسەي بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قويۇپ، ناننى ئاچقىلى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. شۇ ئەسنادا جىلغا تەرەپتىن تۇيۇقسىزلا بوران كېلىپ ئۇلارنىڭ قورۇسىغا باستۇرۇپ كىردى ۋە هويلىنىڭ ئىچىدە قۇيۇندەك ئايلىنىپ ئەخلەت ـ چاۋارلارنى ئۇچۇرتۇپ هەر تەرەپكە ئۇرۇشقا باشلىدى. بوران بىر كەمدە تونۇردىكى ئوتنى ئۇچۇرتۇپ چىقىپ ئەتراپقا چېچىشقا باشلىدى. بىر پارچە ئوت ئۇچۇپ چىقىپ لاپاستىكى سامانغا چۈشتى. نەچچە يىلدىن ئاپتاپتا تۇرۇپ قۇرۇپ كەتكەن سامان بىلەن قورايلار ماي قۇيغاندەك چاراسلاپ كۆيۈشكە باشلىدى. نۇربۇۋى گۇرۇلدىگەن ئاۋازدىن كۆڭلى ئېغىپ ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقتى ۋە كۆيۈۋاتقان لاپاسقا قاراپ بىردەم داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. قىپقىزىل يالقۇن چېچىپ كۆيۈۋاتقان ئوت ئۆي تەرەپكە قاراپ يامىراشقا باشلىدى. قورقۇپ كەتكەن نۇربۇۋى يۈگۈرگىنىچە كوچىغا چىقىپ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى:

— ئوت كەتتى، قۇتقۇزۇڭلار!...

ئەتراپتا ئادەم كۆرۈنمەيتتى. نۇربۇۋى يېڭى مەهەللە تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى ۋە بار ئاۋازى بىلەن:

— ئوت كەتتى، قۇتقۇزۇڭلار!... — دەپ ۋارقىرايتتى. ئۇ شۇنچە يۈگۈرسىمۇ، قەدىمى كەينىگە كېتىۋاتقاندەك بولۇپ يېڭى مەهەللىگە يېتەلمەيتتى.

خېلىدىن كېيىن يېڭى مەهەللە تەرەپتىن بىرقانچە ئادەملەر يۈگۈرۈشۈپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىسراپىل بىلەن تېيىپمۇ بار ئىدى. ئاڭغىچە سەيلىگاهتا ئىشلەۋاتقان ئىشچىلارمۇ يېتىپ كېلىپ سۇ چاچقىلى تۇردى. ئوت ئۆيلەرنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە ئاران ئۆچۈرۈۋېلىشتى. ئامبار بىلەن لاپاسلاردىكى ئوت ـ سامانلار پاك ـ پاكىز كۆيۈپ كەتتى.

— تراكتورى كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — دېدى بىرەيلەن ئەتراپقا قاراپ.

— ئۇنى رېمونتقا ئاپىرىمەن دەۋاتاتتى.
— نېمە بولسىمۇ تەلىيى بار ئىكەن...

بىر دەمدە ۋېلىسىپىتنى شالدىرلىتىپ ھەيدەپ رېھىم شاھ يېتىپ كەلدى. ئۇ كۆيۈپ كۆلگە ئايلانغان ھويلىغا قاراپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ گۆشلۈك يۈزى لىپىلداپ، كۆزلىرى ئالايدى ۋە جايىدىلا ئوڭدىسىغا يىقىلدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن كۆپۈك قايناپ، سېمىز گەۋدىسى خۇددى جان تالىشىۋاتقان كالىدەك سىلكىنەتتى، ئەتراپتا تۇرغانلار چۆچۈپ كېتىشتى.

— ھارۋا تېپىپ كېلىڭلار! — دېدى ئىسراپىل تېيىپقا.

بىر دەمدىن كېيىن ئۇنى ھارۋىغا سېلىپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ ماڭدى. رېھىم شاھ شۇ كىرگەنچە بىر ئايدىن ئۇشۇق دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى. دوختۇرلار مېڭىسىگە قان چۈشكەن، دەپ دىئاگنوز قويۇشتى. ھەر ھالدا دوختۇرلار رېھىم شاھنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالدى، لېكىن ئۇنىڭ بىر قولى بىلەن پۇتى پارالىچ بولدى.

ئۇ ساقىيىپ چىققاندىن كېيىن ئىسراپىل بىلەن تېيىپقا ئارام بەرمەيدىغان بولدى:

— ئۆيۈمنى تۆلەپ بېرىڭلار، — دەيتتى ئۇ ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسىۋېلىپ.

ئاخىرى ھۆكۈمەت قۇتقۇزۇش قىلىپ يېڭى مەھەللىدىن ئۆي سېلىپ كۆچۈرۈپ قويدى، لېكىن رېھىم شاھ بۇنىڭغا رازى بولماي ئىككى كۈندە بىر ناھىيىگە ئەرز قىلىپ باراتتى، بۇلاقسايلىقلار ئەمدى ئۇنىڭغا «دەۋاگەر» دەپ لەقەم قويۇپ قويدى.

## 26

ئىنسان بەزىدە ئۆيدىكى چىراغ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەن پەرۋانىگە ئوخشايدۇ، ئۇ چىراغ نۇرىنى ئايلىنىپ ئۇچۇدىيۇ،

لېكىن قانچە قىلىپمۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ، قاچاندا چىراغ نۇرى ئۆچۈپ ئۆي ئىچى قاراڭغۇ بولغاندا پەرۋانە سىرتتىن كىر-گەن يورۇقتا ئەگىشىپ ئۇچۇپ چىقىپ كېتىدۇ. ئەسلىدە ئاشۇ چىراغ نۇرى ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ تۇرىدۇ ۋە ئۇنى سىرتقا چىقارمايدۇ، چىراغ نۇرى ئۆچكەن ھامان ئۇ چىقىش يولىنى تېپىۋالىدۇ...

سەلىمەنىڭ تەقدىرىمۇ شۇنداق بولدى. ئۆتكەنكى قانلىق جې-دەلدىن كېيىن، ئۇ بەكرى بىلەن ئادا - جۇدا بولدى. بەكرى سەلىمەنى ھارغۇچە ئۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن خېلى كۈنلەرگىچە بۇلاقسايغا دەسسىمىدى. سەلىمە بولسا ئۇنىڭ ئۈچ تالاق دېگىنىنى ئاچچىقتا دېدىمىكىن، دەپ تازا ئىشەنمىگەنىدى. ئاردىن ئىككى ھەپتە ئۆتكەن بىر كۈنى ئۇ تۇيۇقسىزلا ئۆيگە كىرىپ كەلدى، ئۇنى كۆرۈپ سەلىمەنىڭ ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولاشتى.

— مەن لەۋزىمدە تۇرىدىغان ئوغۇل بالا، — دېدى ئۇ باشقا گەپ - سۆز قىلماستىنلا، — سەن ماڭا ۋاپا قىلمىدىڭ، ماڭا ھارام بولدۇڭ، شۇڭا خېتىڭنى بېرەي دەپ كەلدىم... يۇر، يېزىغا بارايلى...

سەلىمەنىڭ كۈتكىنىمۇ شۇ ئىدى. ئۇلار نېرى - بېرى دېيىشمەيلا ئاجراشتى.

— ئۆينى قانداق كېلىشتىڭلار؟ — دەپ سورىدى خەت كەسكۈچى.

— يات ئەرنىڭ ئايىغى تېگىپ نامەھرەم بولغان ئۆينى مۇشۇ-نىڭغا بەردىم، بېشىمدىن سەدىقە، — دېدى بەكرى.

بەكرى ئۆيگە كېلىپ ئۆزىنىڭ نەرسىلىرىنى ئېلىپ كەتتى. سەلىمە يېنىك تىن ئالدى. ئۆزىنى قەپەستىن قۇتۇلغان قۇشتەك ئەركىن، ئازادە ھېس قىلدى. ئۇ شۇ كۈنى كېچىسى راھەتلىنىپ تۇرۇپ ئۇخلىدى. ئۇ ئەمدى ئۆتكەن ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتىشنى، تۇرمۇشنى يېڭىۋاشتىن باشلاشنى نىيەت قىلدى. لېكىن، ھازىر

ئۇنىڭ كاللىسى قوپقۇرۇق بولۇپ قانداق قىلىشىنى بىلمەيتتى. دوختۇرخانىدىن يېنىپ كەلگەندىن كېيىن تېيىپ بىر قېتىم كې-لىپ ئەھۋال سوراپ كەتكەندىن بۇيان، سەلىمەنىڭ يېنىغا دەس-سەپ قويمىدى، سەلىمەنى كۆنلەر ئۆتكەنسېرى ئۈمىدسىز خىيال-لار باسقىلى تۇردى: «بىلىۋاتىمەن، ئۇ مېنىڭدىن ئۆزىنى تارتى-ۋاتىدۇ... ئەر كىشى دېگەن شۇ ئىكەنغۇ؟... لېكىن ئۇ بىچارىگىمۇ تەس... ھېلىمۇ دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ جېنىمنى قۇتقۇزۇپ قال-دى. دوختۇر پۇلىنى تۆلىدى. ئۇنىڭدىن يەنە نېمە تەلەپ قىلى-مەن، مەھەللىدە بىزنىڭ ئۇستىمىزدە ئاز گەپ چىقمىدى. ئۇ بەلكىم شۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلىۋاتقاندۇ؟... ئىككىمىزنى باغلاپ تۇرغان باللىمۇ يوق بولدى... ئەمدى مەن ئۆزۈمنىڭ كۈنىنى ئۆزۈم ئېلىشىم كېرەك، نەچچە ۋاقىتتىن بەكرى ئاز - تولا بولسىمۇ پۇل بېرىپ تۇراتتى. تۇرمۇشۇمدىن خەۋەر ئالاتتى، ئەمدى بۇمۇ يوق بولدى، بۇنىڭدىن كېيىن كىمگە يۆلىنىپ كۈن ئۆتكۈزىمەن؟...»

سەلىمە نەچچە كۈنگىچە ئويلاندى. «نېمە ئىش قىلسام بو-لار؟» دەپ باش قاتۇردى. بىر تۇرۇپ، بۇ يەردىن كېتىشنى، ئۆزىگە تۇغىمەس يۇرەك يارىسى ھەدىيە قىلغان بۇ مەھەللىدىن بېشىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشنىمۇ ئويلىدى. ئۇنىڭ ناھىيىدە ئوقەت قىلىدىغان نەۋرە ئاكىسى بار ئىدى، ئۇ: «شۇنىڭ يېنىغا بارسام ئەڭ بولمىغاندا كوچا سۈپۈرىدىغان ئىشقىمۇ بولسا تونۇش-تۇرۇپ قويار» دېگەن نىيەتكىمۇ كەلدى، شۇنداق چاغدا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا تېيىپ كېلىۋالاتتى. تېيىپ ئۇنىڭغا «مېنى مۇشۇن-داق تاشلاپ كېتەمسەن؟» دەيدىغاندەك تۇيۇلۇپ، بۇ نىيىتىدىن يېنىپ قالاتتى. ئۇ شۇنداق ئىككى تايىن بولۇپ يۈرگەن كۈنلەر-نىڭ بىرىدە بىر كۈنى تېيىپ ئۇنى يوقلاپ ئۆيگە كەلدى، ئۇنى كۆرۈپ سەلىمەنىڭ قەلبىدە ئۈمىد چىرىغى يانغاندەك بولدى.

— ئەھۋالىڭ قانداق؟ — دېدى تېيىپ سۇپىغا كېلىپ ئول-تۇرۇپ.

— يامان ئەمەس...

سەلىمە ئۇنىڭ بېشىدىن ـ ئايىغىغىچە سەپسالدى، ئۇنىڭ كۆزىگە تېيىپ ئورۇقلاپ قالغاندەك تۇيۇلدى، تېيىپ يانچۇقىدىن تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇردى، سەلىمە ئۇنىڭ كەيپىياتىدىن ھېچ نەرسىنى چۈشىنەلمەي بىئارام بولدى: «ئۇ ماڭا بىر گەپنى دېمەكچى ئوخشايدۇ، نېمىنى دەيدىغاندۇ؟ سەلىمە، بۇرۇن ياش-لىق قىلىپتۇق، ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىپتۇق. ئەمدى بولدى قىلايلى، ئۆتكەن ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەت، سەنمۇ مۇشۇنداقراق ۋاقىتىڭدا ئۆزۈڭنىڭ يولىنى تېپىۋالغىن...» دەيدىغاندەك تۇيۇلۇپ يۈرىكى مۇزلاپ كەتتى. ئۇ تېيىپنىڭ ئېغىز ئېچىشىنى تەقەززا-لىق بىلەن كۈتتى، تېيىپ بولسا نەق گەپنى دېمەستىن مەھەللىدە قىلىنىۋاتقان ئىشلارنى ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق سۆزلەپ كەتتى. ئاخى-رى ئۇمۇ سەلىمەنىڭ ھالىتىنى سېزىپ قالدىمۇ، گەپنى يۆتكىدى:

— بەكرىدىنمۇ تۇگەشتىڭ، — دېدى ئۇ سەلىمەگە قاراپ قويۇپ، — ئەمدى قانداق قىلاي دەۋاتىسەن؟

— نېمىنى دەيسىز؟ — سەلىمە چۈشىنەلمەي سورىدى.

— تۇرمۇشۇڭنى قانداق ئۆتكۈزىسەن دەيمەن، قورساقنى بېقىش كېرەككۇ؟

— بىلمىدىم، — دېدى ئۇ يەرگە قارىغىنىچە ۋە تېيىپ نېمە دەيدىكىن، دەپ قوشۇپ قويدى، — شەھەرگە كېتەيمى-كىن دەيمەن...

— شەھەردە نېمە ئىش قىلىسەن؟

— مەن قىلغۇدەك بىرەر ئىش چىقار... كوچا سۈپۈرسەممۇ مەيلى...

— سەن شۇ ئىشقا كۆنەلەرسەنمۇ؟

— باشقا كەلگەندە كۆنمەي نېمە ئامالىم بار...

تېيىپ تاماكىسىنى يەرگە تاشلاپ پۇتىدا ئېزىپ ئۆچۈردى

ۋە خىلىغىچە چەيلەنگەن تاماكا قالدۇقىغا قاراپ تۇرۇپ كەتتى.
— مەن ساڭا بىر ئىشنى مەسلىھەت قىلغىلى كەلگەندىم، — دېدى ئۇ ئاخىرى بېشىنى كۆتۈرۈپ، — بىكارغا كەلگەن ئوخشايمەن.
— نېمە ئىش ئىدى؟
— بىز ئىسراپىل بىلەن مەسلىھەتلىشىپ مەھەللىدىكى ئاياللارنى تەشكىللەپ بىرەر ئىش قىلىپ باقايلى دېيىشكەن...
— مەسىلەن قانداق ئىشنى؟ — سەلىمە كوچىلاپ سورىدى.
— سەنمۇ بىلىسەن، جىلغىنىڭ ئىچىدە قارىقات، تاڭقوراي، ياۋا ئالما دېگەنلەر جىق، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ھازىر شەھەردە بۇنىڭ بازىرى ناھايىتى ئىتتىك دەيدۇ. بىز شۇنىڭدىن مۇراببا قايناتتىپ سېتىپ باقسامىكىن دېيىشكەن، ئاياللاردىن سورىسام مۇراببا قىلىشنى مەسۇمكامنىڭ شەرۋانە ھەدەم بىلىدىكەندۇق، ئۇ ئايال ئۆلۈپ كەتتى، بەزىلەر سېنىمۇ بىلىدۇ، دەيدۇ، راست بىلەمسەن؟
— مەنمۇ شەرۋانە ھەدەمدىن ئۆگەنگەن، ئۇنى قىلىش ئانچە تەس ئەمەس...
— شۇنى قىلىپ باقساڭلار بولمامدۇ؟ ئېقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.
— ئۇنى مەن يالغۇز قانداق قىلالايمەن؟ بۇرۇن بىز ئۆزىمىز يەيدىغانغىلا قىلاتتۇق، بازارغا ساتقۇدەك قىلماق تەستە؟
— سەنچۇ قولى كېلىدىغان ئاياللار بىلەن سۆزلىشىپ ماقۇل دېسە، ئۇلارنى يېنىڭغا ئالىسەن. تېرىپ ئەكېلىشنى ياشلارنى تەشكىللەيمىز، پۇل بەرسە كىم قىلمايدۇ؟...
— مۇراببانىغۇ قايناتتۇق، ئۇنى نەگە ئاپىرىپ ساتىمىز؟
— مەن يارى بىلەن سۆزلەشتىم، ئۇ شەھەرگە ئاپىرىپ سېتىپ بېرىدىغان بولدى. كېيىنچە ئاستا ـ ئاستا يول تاپىدىغان گەپ.

سەلىمە يەنە ئىشەنچ قىلالمىدى.

— ئۇنىڭغا كورا ـ قازان، شېكەر... كېتىدۇ، بوتۇلكىلارنى تېپىش كېرەك، مەندە ھېچ نەرسە بولمىسا؟...

— شۇلارنى سەن بىلەن مەسلىھەتلەشكىلى كەلدىمغۇ؟ — دېدى تېيىپ چۈشەندۈرۈپ، — ئۆيدە بار نەرسىلەرنى ئۆيدىن ھەل قىلساڭلار، شېكەرنى سېتىۋالماي بولمايدۇ... پۇلنى ئامانەت قەرزدىن ھەل قىلغىلى بولىدۇ...

بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەلىمەنىڭ كۆڭلى يورۇپ كەتكەندەك بولدى. «تېيىپنىڭ كۆڭلىدە يەنە مەن بار ئىكەنمەن، ئۇ مېنىڭ غېمىمنى قىلىۋېتىپتۇ، مەن ئۇنىڭدىن بىكارلا رەنجىپ يۈرۈپتىمەن، ئەگەر ئۇ مەدەت بەرسە نېمىشقا قىلمايمەن؟... تېيىپ بىر يېرىنى بىلىدۇ، بەلكىم مۇشۇنىڭ بىلەن كۆنۈم ياخشىمۇ بولۇپ كېتەر؟...»

— قانداق؟ قىلىپ باقامسەن؟ — تېيىپ قايتىلاپ سورىدى.

— ئەگەر سىز شۇنداق دېسىڭىز بوپتۇ قىلاي... — دېدى سەلىمە كۆپ ئويلىنىپ تۇرمايلا.

— ئەمىسە سەن ئاياللار بىلەن سۆزلىشىپ باق... مېنىڭچە، مۇرابىبا قايىنىتىدىغانغا ھازىرچە ئۆزۈڭدىن باشقا ئۈچ ئايال بولسا يېتەر، قانداق؟

— يېتەر... ئۇنى نەدە قىلارمىز؟

— مۇشۇ قورۇيۇڭدا قىلساڭمۇ بولىدىغۇ؟... ئەگەر لازىم دېسەڭ كەنتتە ئاپەتكە دەپ بەرگەن چېدىرلار بار، شۇنى تىكىپ بېرەيلى، ئەمدى سېنى نېرى تۇر، بېرى تۇر دەيدىغان ئادەممۇ يوقتۇ؟

— شۇنداق قىلساقمۇ بولغۇدەك...

— ھـازىر قارىقاتلار پىشاي دەپ قالدى دېگىنە، شۇڭا دەرھـال ھەرىكەت قىلمىساڭ بولمايدۇ، نـاۋادا بـۇ ئىش ئېقىپ قالسا ئاستا ـ ئاستا كېڭەيتەرسەن...

ئۇلار ئىككىسى مۇراببا قىلىشقا لازىملىق سايمانلار، كېتىدىغان ماتېرىيال، خىراجەت ھەققىدە ئۇزاق مەسلىھەت قىلىشتى. سەلىمە ھاياجانلىناتتى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ رايىچە بولسا بېرىپ تېيىپنى قۇچاقلىغۇسى، ئۇنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ خۇشاللىق يېشىنى تۆكۈۋالغۇسى بار ئىدى. ئىنسان دېگەن شۇنداق نەرسە، ئۇ بىرىنى چىن يۈرىكىدىن ياخشى كۆرۈپ قالدىمۇ، بولدى، ئۇنىڭ قۇلى بولۇپ قالىدۇ، سەلىمەمۇ شۇنداق بولدى، تېيىپ نېمە دېسە شۇنىڭغا ماقۇل دەيتتى...

— مېنىڭ كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇ، — دېدى تېيىپ سەلىمەگە ئىلھام بېرىپ، — بۇ ئىش يۇرۇشۇپ كېتىدىغاندەكلا تۇرىدۇ.

— شۇنداق بولارمۇ؟... ئىلاھىم، دېگىنىڭىزدەك بولار.

— ئۆتكەندە زۇنۇن ھاجىم شۇنداق بىر گەپنى قىلىپ قالدى: ئۇ جىلغىنىڭ ئىچىدىكى قارىغات، ياۋا ئالمىلارنى كۆرۈپ، «ئەگەر مۇشۇ نەرسىلەرنى جايىدا پىششىقلاپ ئىشلىسە قالتىس پۇل تاپقىلى بولىدۇ» دېگەنىدى. سودىگەر خەق بىر يېرىنى بىلىپ دەيدۇ، كىم بىلىدۇ، ئەتە - ئۆگۈن مۇشۇنىڭ بىلەن لاۋەن بولۇپ كېتەمسەن، ئۇ چاغدا بىزلەرگە قارايدىغان كۆزۈڭ بولماي قالارمىكىن؟...

— تېيىپ، سىز ماڭا تېخىچە ئىشەنمەمسىز؟

— كىم بىلىدۇ، پۇل دېگەن يامان نەرسە.

— مېنىڭ كۆڭلۈمدە پەقەت سىزلا بار، تېيىپ، سىز مېنى نېمىشقا چۈشەنمەيسىز؟

— راست - ھە؟...

سەلىمەنىڭ تاقىتى تۈگىدى. ئۇ ئۆزىنى تېيىپنىڭ قۇچىقىغا ئاتتى - دە، ئۆكسۈپ يىغلىغىنىچە پىچىرلىدى:

— جېنىم تېيىپ، سىز نېمە دېسىڭىز مەن رازى... پەقەت مېنى تاشلىۋەتمىسىڭىزلا بولىدۇ، سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي...

بولاقسايىنى گۇگۇم پەردىسى قاپلىغان چاغدا تېيىپ سەلىمە-

نىڭ ئۆيىدىن قايتىپ چىقتى... سەلىمە ئەتىسىلا بىرنەچچە ئاياللار بىلەن سۆزلىشىۋېدى، ئۇلار دەرھال ماقۇل بولدى:

— قولىمىز پۇل كۆرىدىغانلا ئىش بولسا قىلىمامدۇق، بولدى، ئۆيدە بىكار ئولتۇرۇپمۇ ئېرىمىزنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قالغىلى تۇردۇق، — دېيىشتى ئۇلار.

سەلىمەنىڭ قورۇسىدا مۇرابىا تەييارلىقى باشلاندى، بەزىلەر ئۆيلىرىدىن كورىلىرىنى، چېلەكلىرىنى ئاچىقتى، ئوچاقلار سىپىلىندى. قورۇنىڭ ئىچى تويىنىڭ تەييارلىقىدەك قىزىپ كەتتى. سەلىمە ھەممە ئىشلارنى ئۆزى كۆرۈپ تەكشۈرۈپ تۇراتتى، شۇڭداقىمۇ، ئۇنىڭ كۆڭلى دەككە ـ دۈككىدىن نېرى بولمايتتى، ئاخىرى تۇنجى مۇرابىا تەييار بولدى. يارمۇھەممەد ئۇنى ئالغىلى كەلدى.

— سەلىمە ھەدە، — دېدى يارمۇھەممەد مۇراببالارنى كۆرۈپ چىقىپ، — بۇنىڭ باھاسى قانچىدىن بولدى؟

— مەن نەدىن بىلەي، — دېدى سەلىمە.

— سىز قالتىس سودىگەر ئىكەنسىزغۇ؟ — دېدى يارمۇھەممەد كۈلۈپ، — مەن شەھەردە ئۇقۇشۇپ باقتىم، بوتۇلكىسىنى پارچە ساتسا ئون بىر ـ ئون ئىككى سومدىن بولۇۋېتىپتۇ، بىز ئون سومدىن توپ ئۆتكۈزسەك قانداق؟

سەلىمە ئىچىدە ھېسابلاپ كۆردى ـ دە، ماقۇل بولدى. كەچتە يارمۇھەممەد سەلىمەگە مىڭ سومنى ئەكېلىپ تۇتقۇزدى:

— مەن بىرنەچچە دۇكان بىلەن سۆزلىشىپ قويدۇم، ئۇلار قانچە بولسا ئەكەلگىن، دېدى. ئالدىڭىز ئوچۇق ئىكەن جۇمۇ، سەلىمە ھەدە؟

سەلىمە تاراقلاپ تۇرغان پۇلنى نەچچە قېتىمدىن ساناپ چىقتى. كەتكەن چىقىمنى ھېسابلاپ كۆرۈۋېدى، يېرىمدىن جىق ساپ پايدا بولۇپتۇ. خۇشاللىقتا يېرىم كېچىگىچە كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. «تۇۋا! ... — دەيتتى ئۇ، — ئەجەب نەچچە ۋاقىتتىن

مۇشۇنى قىلىش نېمىشقا ئېسىمىزگە كەلمىگەن بولغىيتتى؟ ھېچ-قانچە چىقىم قىلمايلا شۇنچىلىك پۇل تاپتۇق، ئەتە خوتۇنلارغا دېسەم قانچە خۇش بولۇپ كېتەر - ھە؟...»

سەلىمەنىڭ قىلىۋاتقان ئىشى بىر دەمدىلا پۈتۈن مەھەللىگە پۇر كەتتى، ئۇنىڭ قورۇسى تاماشا كۆرگۈچى ئاياللار بىلەن توشتى، ئۇلار سەلىمەلەرنىڭ ھە دېمەيلا مىڭ سوم كىرىم قىلىش-قانلىقىنى ئاڭلاپ ئۆز قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەيتتى:

— توۋا، سەلىمەگە بۇ ئەقىل نەدىن كەلگەندۇ؟

— بەكرىنىڭ ئەلىمى جېنىدىن ئۆتۈپ كېتىپتىكەندە بىچارد-گە، شۇنىڭدىن ئايرىلىپلا يولى ئېچىلىپ كەتتى دېسە...

— ئۇنى يۆلەۋاتقان تۇۋرۇكى باردە، شۇڭا...

— بىڭسى بار ئىكەن، يۆلەۋېتىپتۇ. سەن بىلەن بىزنى كىم يۆلەيدۇ؟

— يۆلەيدىغان چىقسا ئۆزۈڭنى ئاتامسەن نېمە؟

— مەيلى دەيتتىم...

— بېشىڭنى يە، قېلىن...

سەلىمە ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىسىمۇ ئاڭلىماسلىققا سال-دى... نەچچە كۈن ئۆتۈپ ئۇلارنىڭ يېنىغا ئىسراپىل بىلەن زۇنۇن ھاجىم كەلدى، سەلىمە ئۇلارنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ كەتتى.

— مەن ناھىيىدە يىغىندا بولۇپ ئىشىڭلارنىڭ بېشىدا بولال-مىدىم، — دېدى ئىسراپىل سەلىمە بىلەن كۆرۈشۈپ، — سىز بۇلاقسايدا ھېچكىم قىلمىغان ئىشنى باشلاپسىز، بۇلاقساينىڭ ئاياللىرى ئۈچۈن ئۈلگە تىكلەپ بەردىڭىز، سىزگە رەھمەت...

سەلىمە ماختاشنى ئاڭلاپ قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى. ئۇ ئىسراپىل بىلەن زۇنۇن ھاجىمغا مۇرابباللارنى تەييارلاش جەر-يانىنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى، زۇنۇن ھاجىم قاچىلىنىپ تەييار-لانغان مۇرابباللارنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ كۆردى، چىنىگە ئېلىپ

قويغان مۇراببانى تېتىپ باقتى.

— ئەسلىدە بۇ ئوقەتنى مەن قىلارمەن، دېگەن خىيالىم بار ئىدى، — دېدى زۇنۇن هاجىم ئىسرايىلغا قاراپ، — سەلىمە خانىم مېنىڭدىن بالدۇر چىقىپتۇ، خەير بوپتۇ، دېمەك، بۇلاق-سايلىقلارمۇ ئويغىنىپ پۇل تېپىشنىڭ يولىغا كىرىپتۇ، بۇ ياخشى باشلىنىش، ھەرقانداق ئىش مۇشۇنداق كىچىكتىن باشلىنىدىغان گەپ، ياخشى بوپتۇ...

— بىزمۇ قارىسىغىلا قىلىۋاتىمىز، — دېدى سەلىمە، — بولمىغان يېرىنى دەپ بەرسىڭىز بوپتىكەن...

— هازىر بازارنىڭ تەلىپى كۈندىن - كۈنگە يۇقىرىلاپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى زۇنۇن هاجىم، — رىقابەت كۈچلۈك، ئەگەر سىلەر مۇشۇ هالەتتە ئىشلەپ بازارغا سالساڭلار ئۇزاققا قالماي مۇراباڭلار كاساتلىشىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەلىمە چۆچۈپ كەتتى.

— مۇرابا بولماپتۇمۇ؟

— مۇراببانىڭ تەمىدە گەپ يوق، گەپ قاچىلاشتا. قاچىلاش، ئوراش بولسا بەك ئاددىي، قوپال ئىكەن، ئۆلچەمگە لايىق ئەمەس، — زۇنۇن هاجىم تەييارلانغان بىر بوتۇلكىنى ئېلىپ كۆرسەتتى، — مانا قاراڭلار، بۇنىڭ ئاغزى هىم ئەمەس. بۇنداق بولغاندا ئاسانلا بۇزۇلۇپ قالىدۇ. يەنە بىرى، بۇنىڭدا هېچقانداق ماركا يوق، سىپىسىدامىلا، هازىر ماركىسىز تاۋارغا خېرىدارلار ئىشەنمەيدۇ... سودا دېگەندە تولاراق قاپاق پۇل ئەمەس، باراك پۇل بولىدۇ...

ئىسرايىل زۇنۇن هاجىمنىڭ تاپقان ئېۋەنلىرىنى ياراتمىغاندەك قىلىپ گەپ قىستۇردى:

— بۇلار دېهقانلار، هاجىم. سىز دېگەن تەلەپكە يېتىش ئۈچۈن مەلۇم جەريان كېتىدۇ.

— ئۇنى مەنمۇ بىلىپ تۇرىمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن خەتەرنىمۇ ئەسكە سېلىپ قويۇۋاتىمەن، سودا قىلغان ئادەم پايدا ئالغان كۈنى ئەتە زىيان چىقىپ قېلىشى مۇمكىن، دەپ تەييارلىق قىلىشى كېرەك...

— بۇ دېگىنىڭىز توغرا...

— ئەمما، ئۇنىڭ چارىسىنىمۇ قىلغىلى بولىدۇ، — دېدى زۇنۇن هاجىم.

— قانداق قىلساق بولىدۇ؟ — سەلىمە ئالدىراپ سورىدى.

— ئەگەر بايا مەن دېگەندەك قىلساق ماۋۇ بىر قۇتىنى ئون سوم ئەمەس، ئون بەش سومغا ساتقىلى بولىدۇ.

— لېكىن، بىزدە ئۇنچىلىك شارائىت يوق ئەمەسمۇ؟

— سىلەردە بولمىسا بىزدە بار، بىز بىرلىشىپ قىلىمىز، قانداق؟

— مەن بۇنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيدىكەنمەن، — دېدى سەلىمە قىزارغىنىچە.

— مەسىلەن دېسەك، هازىر ھەممىدىن بۇرۇن بوتۇلكا قاچىلاش ماشىنىسى ئېلىش كېرەك، ماركىنى تەييارلاش كېرەك، بۇ ئىشلارنى مەن بېجىرىمەن، پايدىنىڭ مەلۇم پىرسەنتىنى مەن ئالىمەن، بىز شېرىك ئىش قىلىمىز...

سەلىمە قانداق قىلاي دېگەندەك ئىسراپىلغا قارىدى. ئىسراپىل:

— بۇ ئىشلارنى ئويلىشىپ ئاندىن بىرنېمە دەرسىز، — دېدى سەلىمەگە ۋە، — ئىشلىرىڭىز ئىلگىرى باسسۇن، ھەرگىز بەل قويۇۋەتمەڭ... قىيىنچىلىقلىرىڭىز بولسا تېيىپ بىلەن ماڭا دەڭ...

تېيىپنىڭ ئېتىنى ئاڭلاپ سەلىمەنىڭ ۋۇجۇدى شېرىن بىر تۇيغۇغا چۆمدى، يۈزى ئوت بولۇپ ياندى...

## 27

بۇ كۈنلەردە يارمۇھەممەد ھەممىدىن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. زۇنۇن ھاجىم «مېنىڭ ۋاقتىم يوق» دەپ سەيلىگاھنىڭ ھەممە تەييارلىق ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ قويدى. ھاجىم ھەپتە ـ ئون كۈندە بىر چىقىپ ئىشلارنى كۆزدىن كەچۈرەتتى. دىتىغا ياقمىغانلىرىنى بۇزدۇرۇپ باشقىدىن ياستاتتى، خىيالىغا كەلگەن يېڭى ـ يېڭى مۇلازىمەت تۈرلىرىنى قاتاتتى.

— قورقما، پۇل كەملىسە ماڭا دېگىن، — دېدى ئۇ بۇ دورەم چىققىنىدا يارمۇھەممەدكە، — ھەرگىز ئاددىي، چاكىنا بولۇپ قالمىسۇن، ھازىرقى زامانغا لايىق بولسۇن، قاراپ تۇر، بۇلاقساي بىر ـ ئىككى يىلغا قالماي داڭلىق سەيلىگاھ بولىدۇ.

زۇنۇن ھاجىمنىڭ دېگەنلىرى بويىچە سەيلىگاھ قۇرۇلۇشى تېخىمۇ چوڭىيىپ كەتتى. يارمۇھەممەد بولسا ئىشلىتىدىغان ماتېرىيالدىن تارتىپ چوڭ ـ كىچىك ھەممە ئىشلارغا ئۆزى چاپاتتى. ھېلىمۇ ياخشى، زۇنۇن ھاجىم «يۇگۇر ـ يېتىمغا ئىشلەتكىن!» دەپ بىر تۇرمۇش ماشىنىسىنى شوپۇر بىلەن بەردى. شۇڭا ئۇ دۇكانغا قارىغۇدەك چولىسى بولماي ئۇنى پەرىدەگە تاشلاپلا بەردى. ئۇلار كۈندۈزلىرى كەمدىن ـ كەم كۆرۈشەتتى، ئەمدى پەرىدەنىڭ كۈنلىرىمۇ ئالدىراشلىقتا ئۆتىدىغان بولدى...

بۈگۈنمۇ يارمۇھەممەد چىيىنى چالا ـ بۇلا ئىچتى ـ دە، ئورنىدىن تۇردى:

— بۈگۈن نەگە بارىسىز؟ — دەپ سورىدى پەرىدە داستىخاننى يىغىۋېتىپ.

— شەھەرگە، زۇنۇن ھاجىم «كەلگىن!» دەپ تېلېفون قىلىپتۇ، ئاشخانىغا ماتېرىيالمۇ كېرەك ئىكەن...

— دۇكانغىمۇ ئازراق مال ئالغاچ چىقىسىڭىز بوپتىكەن.

— نېمە مال؟ ئۆزۈڭ بىللە بارامسەن ـ يە؟
— مۇشۇ تۇرقۇمدا مەن قانداق بارىمەن؟ — پەرىدە تومپىدىيىپ چىققان قورسىقىنى سىلاپ قويۇپ دېدى.
يارمۇھەممەدمۇ ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويدى ـ دە:
— ئەمىسە مالنىڭ تىزىملىكىنى بەرگىن، — دېدى.
پەرىدە بىر پارچە قەغەزگە ئەكېلىدىغان ماللارنى يېزىپ ئۇنىڭغا تەڭلىدى، يارمۇھەممەد قەغەزگە كۆز يۈگۈرتۈپ بولۇپ پەرىدەگە قولىنى سوزدى.
— نېمە؟ — پەرىدە چۈشەنمەستىن سورىدى.
— پۇلچۇ؟... «پەرىدە ئەۋەتتى» دېسەم بىكارغا بەرمەس؟
پەرىدە شۇ چاغدىلا ئېسىگە كېلىپ ئىشكاپنىڭ تارتمىسىدىن بىرتۇتام پۇلنى ئېلىپ ساناپ بەردى.
— كىراسىچۇ؟ — يارمۇھەممەد پۇلنى ساناپ چىقىپ پەرىگە قارىدى، — بىكارغا توشۇيمەنمۇ؟
— نېمە كىرا؟... كىراغا پۇل يوق.
— سەن مېنى بەك قويۇپ كەتكىلى تۇردۇڭ جۇمۇ! — دېدى يارمۇھەممەد كۈلۈپ تۇرۇپ، — بۇنداقلىقىڭنى بىلگەن بولسام ...
— ھە، نېمە قىلاتتىڭىز؟
— دۇكاننى ئۆتكۈزۈپ بەرمەس ئىكەنمەن.
— چىداڭ! — دېدى پەرىدە ئەركىلەپ.
يارمۇھەممەد پۇلنى قول سومكىسىغا سېلىۋېتىپ دېدى:
— كېچىدىن تۇرغان چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ دېسە...
— ئاكام كېلىپ قالامدۇ ـ يە! قانداق كۆرۈپسىز؟
— نەدىكى يول ئىكىن، پەرق قىلالمىدىم. كېتىۋاتسام، ئالدىمدا قولىدا قۇرۇق سومكىسى بار تۇرغان پىيادە كېلىۋاتقۇدەك، تۇرغاننى كۆرۈپ ئالدىغا يۈگۈرۈپتىمەن، لېكىن پەقەتلا يېتەلمىگۈدەكمەن، ئاشۇنداق يۈگۈرۈپ ئويغىنىپ كەتتىم.

— يولنى چۈشگىنىڭىزگە قارىغاندا كېلىپ قالام-
دۇ - يە؟…
— مەنمۇ شۇنداق بولامدىكىن دەيمەن.
شۇ ئارىدا سىرتتا ماشىنىنىڭ سىگنالى ئاڭلاندى.
— ئەمىسە مەن كەتتىم، — دېدى يارمۇھەممەد ۋە پەردەنى
قۇچاقلاپ سۆيۈپ قويدى.
— تىنچ - ئامان بېرىپ كېلىڭ!…
پەردە ئۇنى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. يارمۇھەممەد
كابىنكىنىڭ قېشىغا بارغاندا پەردەگە قاراپ خوش دېگەندەك قو-
لىنى سىلكىپ قويۇپ ماشىنىغا چىقتى. ماشىنا يېنىك چاڭ
توزۇتۇپ ماڭدى - دە، هايال ئۆتمەي يېڭى مەھەللىنى كەينىگە
تاشلاپ سايلىققا چىقتى. قارىماي ياتقۇزۇلغان يولدا ماشىنا سىلىق
سىلكىنىپ كېتىۋاتاتتى. يارمۇھەممەد ئالدىدا قارا ئارغامچىدەك
سوزۇلۇپ ياتقان يولغا قارىغىنىچە خىيالغا چۆمدى.
«هايات دېگەن ئاجايىپ بولىدىكەن، — دېدى ئۇ ئۆز -
ئۆزىگە، — تىرىشساڭ، جاپا - مۇشەققەتكە چىدىساڭ يول تاپىدى-
كەنسەن، تۇرمۇشنى قانداق ئۆتكۈزۈش ئۆزۈڭگە باغلىق ئىش
ئىكەن. سەلىمە ھەدەمنى ئاشۇنداق ئىشلارنى قىلىدۇ، دەپ كىم
ئويلىغان، مانا ئۆزىنىڭ يولىنى تاپتى، مەنمۇ ئۆز ۋاقتىدا ئۇرۇمە-
چىگە بېرىپ پۇل تېپىپ كەلمىگەن بولسام دۇكاننى ئاچال-
مايتتىم. مۇنۇ كۇنگىمۇ ئېرىشەلمەيتتىم. هازىر كۆڭۈللۈك ئا-
ئىلەم بولدى، ئىش - ئوقىتىممۇ ئىلگىرى بېسىۋاتىدۇ. ئەتە -
ئۆگۈن سەيلىگاھقا بىر دۇكان قۇرۇۋالسام، پەردە ئىككىمىز
ئىككى دۇكاننى ئاچساق خاتىرجەم ياشايتتۇق، زۇنۇن هاجىم
نېمىگە چاقىرتتىكىنا؟…»
شوپۇر يىگىتنىڭ ئىچى پۇشتىمۇ، ئۇنئالغۇنى قويۇپ قوي-
دى. كابىنكىنىڭ ئىچىنى بىر ئايالنىڭ مەردانە ئېيتقان ناخشىسى
بىر ئالدى:

جاپانى كىم تولا چەكسە،
گۆھەرنى شۇ ئالۇر تاشتىن،
گۆھەر ئالغۇچى شۇ تاشتىن
نە سەۋدا ئۆتەر باشتىن...

«نېمىدېگەن مەنىلىك سۆزلەر؟... جاپا چەكمىگۇچە ھالاۋەتكە يەتكىلى بولمايدىكەنغۇ، مەن نېمە كۇنلەرنى كۆرمىدىم؟...» دەر- ۋەقە، يارمۇھەممەد ئۇچۇن بۇ كۇن ئاسانغا توختىمىدى. ئاتا - ئانىسىنىڭ تىكەندەك يالغۇز ئوغلى بولغان يارمۇھەممەد ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدا دادىسى بىلەن ئاپىسى ئارقا - ئارقى- دىن ئۆلۇپ كەتتى، تۇيۇقسىز كەلگەن مۇسىبەت يارمۇھەممەدنى گاڭگىرىتىپ قويدى. تېخى ئون بەش ياشقا كىرمىگەن يارمۇھەم- مەد يورۇق ئالەمدە تىكەندەك يالغۇز قالدى. ئۇ كۇندۇزلىرى قوشنىلارنىڭ ئىش - كۇشلىرىنى قىلىپ بېرەتتى. ئۇلار ئۇنىڭغا بىرەر قاچا تاماق، ئىچى ئاغرىغانلار قولىغا بىرەر سوم پۇل تۇتقۇزۇپ قوياتتى. مەھەللىدە ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن ئاغىنىسى مە- سۇم تاراننىڭ ئوغلى تۇرغان ئىدى. تۇرغان ئۇنى ھەر كۇنى يوقلاپ تۇراتتى. بەزىدە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ يېنىدا قونۇپمۇ قالاتتى. مەسۇم تارانمۇ ئۆيدە تاماق ئەتكەن كۇنلىرى تۇرغاننى «يارمۇھەممەدنى چاقىرىپ كەل!» دەپ ئەۋەتەتتى. ئۇ شۇنداق يۇرۇپ ئىككى يىلنى ئۆتكۇزدى. ئۇ بەزىدە كېچىلىرى ئۇيقۇسى كەلمەي ئۇزاقتىن - ئۇزاق خىياللارنى سۇرەتتى. كەلگۇسىدە ئۆزىنى قانداق تەقدىرلەر كۇتۇۋاتقانلىقىنى خىيالەن قىياس قىلات- تى، ئۇ بۇلاقسايدا كۇن ئۆتكۇزۇشكە كۆزى يەتمەي قالدى، ئۇ بۇ يەردە نېمە قىلالايدۇ، دېھقانچىلىققا قولى كەلمەيدۇ. بىرەر ئوقەت قىلاي دېسە يانچۇقىدا تىيىن يوق، چوڭ بولغانچە كىشى- لەرنىڭ ئىشىكىدە يۇرۇشتىن نومۇس قىلىدىغان بولۇپ قالدى.

شۇنداق يۈرگەن كۈنلەردە ئۇنىڭغا دادىسىنىڭ توغقىنى ئۇچراپ ئۇنىڭ بىلەن تۇرغاننى ئۇرۇمچىگە ئېلىپ ماڭدى...

«ئەگەر شۇ چاغدا تەۋەككۇل قىلمىغان بولسام بۇ كۈنگىمۇ ئېرىشەلمەس ئىكەنمەن، — دېدى يارمۇھەممەد شۇلارنى كۆڭ-لىدىن ئۆتكۈزۈپ، — ئۈرۈمچىگە بېرىپ قانداقلا بولمىسۇن سودىنىڭ يولىنى ئۆگەندىم، كۆزۈم ئېچىلدى، ئىلگىرى بۇلاق-سايدەك بۇنداق نامرات مەھەللىدە پۇل تاپقىلى بولىدۇ، دەپ كىمنىڭ خىيالىغا كەلگەن؟ مانا مەن مۇشۇ يەردە پۇل تاپتىم، سەلىمە ھەددەممۇ پۇل تاپقىلى باشلىدى. ئەگەر سەيلىگاھ مېڭىپ كەتسە پۇل دېگەن ئۆزىلا كېلىدۇ. ھازىر خەقلەرگە نېمە بولدى-كىن، سەيلە ـ ساياھەتكە ئائىيماي خەجلەيدىغان بولۇپتۇغۇ-تاڭ؟...» ئۇنىڭ ئېسىگە بىر ئاي بۇرۇنقى بىر ئىش كەلدى: زۇنۇن ھاجىم ئۇنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ قوشنا ناھىيىدىكى قوشتېرەك سەيلىگاھىنى كۆرۈپ كېلىشكە بارغانىدى. قوشتېرەك ئىلگىرى بۇلاقسايغا ئوخشاش تولىمۇ نامرات مەھەللە ئىكەندۇق. بۇ مەھەللىمۇ تاغنىڭ باغرىغا جايلاشقان بولۇپ، مەنزىرىسى تولى-مۇ چىرايلىق، سۈيىمۇ مول ئىكەن، بۇ مەھەللىگە ئۇنىۋېرسى-تېتتا ئوقۇپ كەلگەن ياش بىر يىگىت باشلىق بولۇپ كەلگەندىن كېيىن مەھەللىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، سەيلىگاھ قۇرۇشقا بەل باغلايدۇ. ئۇ يېزىنىڭ يېرىنى گۆرۈگە قويۇپ، بانكىدىن قەرز ئېلىپ سەيلىگاھنى ياسايدۇ. ئىككى يىل ئۆتۈپ ھازىر بانكىنىڭ قەرزىنى قايتۇرغاندىن سىرت، بىرەر مىليونغا يېقىن كىرىم قىلىپتۇ. ئۇ بۇ يىل سەيلىگاھنى تېخىمۇ كېڭەيتىشنى پىلان قىلىۋېتىپتۇ. ئۇ يەرنى كۆرۈپ يارمۇھەممەدنىڭ ئىشەنچىسى تې-خىمۇ ئاشتى.

يارمۇھەممەد خىيال بىلەن شەھەرگە كىرىپ قالغىنىنى تۇي-ماي قالدى. سەھرانىڭ جىمجىتلىقىغا ئۆگىنىپ قالغان يارمۇ-ھەممەدكە شەھەر خۇددى ھەرە ئۇۋىسىدەك تۇيۇلدى، مىغىلداپ

يۈرگەن ئادەملەر، ماشىنىلارنىڭ ئاۋازى، دۇكانلاردىكى ياڭراتقۇ-دىن چىقىۋاتقان قۇلاقنى يارغۇدەك ناخشا - مۇزىكىلارنى ئاڭلاپ يارمۇھەممەدنىڭ بېشى قايغاندەك بولدى. ئۇنىڭغا شەھەرنىڭ ھا-ۋاسىمۇ بۆلەكچە تىنچىق تۇيۇلدى: «شەھەرلىكلەرمۇ شۇ شاۋقۇن-دىن بىزار بولۇپ سەھراغا چىقمىمىز دەيدىكەن - دە! دېمىسىمۇ بۇ يەردە ئادەم تۇنجۇقۇپ قالغۇدەكقۇ؟... ئادەم دېگەنمۇ ئاجايىپ مەخلۇقتە... بەك جىمجىتلىق بولسا ئۇنىڭدىنمۇ زېرىكىدۇ، ۋاراڭ - چۇرۇڭ بولسا ئۇنىڭدىنمۇ بىزار بولىدۇ، ئادەم زادى ھېچنېمىگە قانائەت قىلمايدىكەن...»

ماشىنا ئىشىك بېشىغا «تۇلپار» دەپ يوغان خەت يېزىلغان ۋىۋىسكا ئېسىقلىق ئۈچ قەۋەتلىك بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. يارمۇھەممەد بۇ يەرگە پات - پات كېلىپ تۇرغاچقا، شىر-كەتنىڭ خىزمەتچىلىرى بىلەنمۇ تونۇشلۇق بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ئىشىكتىن كىرىشىگە دېجورنى بۆلۈمىدە ئولتۇرغان بۇرۇتلۇق يىگىت ئىتتىك قوپۇپ سالام قىلدى.

— ھاجىمكام كەلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى يارمۇھەممەد ئۇ-نىڭدىن.

— كەلدى، ئىشخانىسىدا...

يارمۇھەممەد ئىككىنچى قەۋەتتىكى زۇنۇن ھاجىمنىڭ ئىش-خانىسىغا چىقتى. ئۇ كىرگەندە ھاجىم تېلېفوندا سۆزلىشىۋاتات-تى. ئۇ يارمۇھەممەد بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ سالاملىشىپ، ئۇنى ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى. ئۇ سۆزلىشىپ بولۇپ قوپۇپ يارمۇھەممەدنىڭ ئۇدۇلىدىكى ساپاغا كېلىپ ئولتۇرۇپ:

— خوش، ئىشلار قانداقراق؟ — دەپ سورىدى.

يارمۇھەممەد سەيلىگاھنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىنى قىسقىچە دوكلات قىلدى.

— ياخشى، — دېدى زۇنۇن ھاجىم مەمنۇن بولۇپ، — ھازىر بىزنىڭ سەيلىگاھنىڭ خەۋىرى شەھەرگە پۇر كەتتى دېگە-

نە، ئىدارە ـ جەمئىيەتلەر، تونۇش ـ بىلىشلەر: «قاچان ئاچىدىسىلەر!» دەپ ئالدىرىتىۋاتىدۇ. شۇڭا تەييارلىقنى تېزلەتسەك بولىدىغان ئوخشايدۇ، مۇلازىمەتچىلەرنى تاللاپ بولدۇڭمۇ؟
— بىرقۇر تاللاپ قويدۇم.
— قانچە ئادەم؟
— هازىرچە بەش قىز، بەش ئوغۇلنى ئىشلەتسەك بولار.
— يېتەمدۇ؟
— يېتىپ قالار دەيمەن.
— يەتمىسە يەنە كۆرەرمىز، ئۇلارنى ئەتىلا شەھەرگە ئەۋەتىكىن، بىر ھەپتە ئۆگىنىپ مەشىق قىلسۇن، سېنىڭچە، مۇشۇ ئايىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە سەيلىگاھنى ئاچقىلى بولارمۇ؟...
— ئاچمىساق بولمايدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن قالساق يازمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ...
— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن... — ھاجىم رازى بولغاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى، — ھېلىقى سەلىمە دېگەن ئايالنىڭ مۇراببىسى قانداق بولۇۋاتىدۇ؟
— قىزىق ئىشلەۋاتىدۇ، خېلى بازار تېپىپ قالدى.
— مەن ئۇرۇمچىدىكى بىر مۇراببا زاۋۇتى بىلەن ئالاقىلىشىپ باقتىم، ماشىنا بار ئىكەن، ئەكەلدۇرىدىغان بولدۇق، ئۇلار مەن بىلەن شېرىك بولۇشقا تازا قىزىقمايۋاتامدۇ قانداق؟ ھېچبىر خەۋىرى بولمىدىغۇ؟
— ئۇلار دېھقان دەڭا، ھاجىمكا! سودا دېگەننى تازا بىلىپ كەتمەيدۇ، شۇڭا چوڭراق ئىش قىلىشقا كۆزى قورقىدۇ...
— ئۇ دېگىنىڭمۇ راست، مېنىڭ مەقسىتىم ئۇلارنى چوڭراق بىر ئىش قىلسا دېمەكچى ئىدىم. ئۇلار زۇنۇن ھاجىم بۇ ئىشنى بىزدىن تارتىۋالىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ قالدىغۇ دەيمەن؟...
— ئۇ ئەندىشىمۇ يوق ئەمەس...
— شۇڭا سەن ئۇلارغا ئوبدانراق چۈشەندۈرگىن... ئەگەر

ئاشۇ نەرسىلەرنى بازارغا لايىق قىلساق تېخىمۇ جىق پۇل تاپقىلى بولاتتى.

— بولىدۇ، — دېدى يارمۇھەممەد، — ھاجىكا، سىز بىلەن بۇرۇنراق تونۇشقان بولساق بولاتتىكەن، بۇ كەمگىچە بۇلاقساي خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالاتتىكەن.

— ھېلىمۇ كەچ ئەمەس، مۇشۇ ئىشلار يولغا چۈشۈپ كەتسە بۇلاقساي باشقىچە بولۇپ كېتىدۇ.

— دېگىنىڭىزدەك بولار، — دېدى يارمۇھەممەد ھاياجانلىنىپ، — سىز بىزنىڭ كۆزىمىزنى ئېچىپ قويدىڭىز.

— مەن ساڭا راست گەپنى قىلسام، مەنمۇ ئۆز ۋاقتىدا سودىغا يۈز سوم پۇلنى دەسمايە قىلىپ كىرىشكەن، مەن قىلمىغان ئىشلار يوق، دوللارچىلىقمۇ قىلدىم، دەللالمۇ بولدۇم، تېرىچىلىكمۇ قىلدىم... ھەربىر ئىشنى قىلغان چېغىمدا كاللامغا بىر ئەقىل كىرىدىكەن، سودىنى سودا جەريانىدا ئۆگەندىم، مەن نامراتلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان ئادەممەن، شۇڭا ئۇلارغا ئاز - تولا بولسىمۇ ياردەم قىلغۇم كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلاقساي بوۋىلىرىمنىڭ ماكانى ئىكەن. ئاز - تولا قولۇمدىن كەلگەن ياردىمىمنى قىلسام شۇلارنىڭ روھى خۇش بولامدىكىن دەيمەن...

— ئەلۋەتتە، شۇنداق بولىدۇ.

زۇنۇن ھاجىم سائەتتىن قاراپ قويۇپ گەپنى يۆتكىدى:

— بۈگۈن سېنى چاقىرتىشىمدا مۇنداق بىر ئىش ئىدى، — دېدى ئۇ، — ھازىر شىركەتنىڭ ئىشلىرى بېسىق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، يېقىندا ئۈرۈمچى تەرەپكە سەپەر قىلىدىغاندەك تۇرىمەن، ئۇ يەردىكى ئىشلار قاچان تۈگەيدۇ، ئۇقمايمەن. شۇڭا سەيلىگاھنىڭ ئىشلىرىغا چولام تەگمەيدىغاندەك قىلىدۇ. بىز شىركەتتىكىلەر مەسلىھەت قىلىشىپ سېنى بۇلاقسايدىكى سەيلىگاھنى باشقۇرۇشقا تەكلىپ قىلىدىغان بولدۇق، بۇنىڭغا

نېمە دەيسەن؟

يارمۇھەممەد بۇ تۇيۇقسىز خەۋەردىن تېڭىرقاپ قالدى.

— ئايلىقىڭ ھازىرچە مىڭ سوم بولىدۇ، — دېدى زۇنۇن ھاجىم، — ئەگەر سەيلىگاھنىڭ تاپاۋىتى ياخشى بولسا مۇكاپات ئايرىم، ھە، راست، ماشىنىنى شوپۇر بىلەن داۋاملىق ئىشلىتىسەن…

— ھاجىكا، — دېدى يارمۇھەممەد نېمە دېيىشىنى بىلمەي، — مەن بۇنچىلا چوڭ ئىگىلىكنى باشقۇرۇپ كېتەلمەيمەن، بولسا، شىركەتتىن تەجرىبىلىك بىرەيلەن دىرېكتور بولسا مەن ياردەملىشىپ بېرەي…

— نەچچە ۋاقىتتىن بىر ئوبدان باشقۇرۇۋاتىسەنغۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن دېگەن يەرلىك، ئەھۋالنى ئوبدان بىلىسەن، شۇڭا سېنى لايىق تاپتۇق، قالغىنىنى ئاستا ـ ئاستا ئۆگىنىپ كېتىسەن، ئايالىڭ رازى ئەمەسمۇ ـ يە؟

— ياق، ئۇنىڭ كارى يوق…

— ئەمدى دۇكاننى ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بەر!…

— ھازىرمۇ شۇ ئېچىۋاتىدۇ، مەن ئارىلاشمىدىم.

— ئەگەر دۇكاننى ئاچقۇڭ كەلمىسە ئايالىڭغا سەيلىگاھتىن بىر ئىش تېپىپ بېرەرسەن.

— دۇكاننى تاقىمايمىز، — دېدى يارمۇھەممەد، — مېنى مۇشۇنچىلىك قىلغان ئاشۇ دۇكان.

زۇنۇن ھاجىم ماقۇللىغاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— ئەمىسە شۇنداق بولدى، — دېدى ھاجىم ئورنىدىن تۇرۇپ، — دادىل ئىشلەۋەر، مەن ساڭا ئىشىنىمەن… رەسمىيەتلىرىڭنى مالىيىدىكىلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىمەن… بىز ئالاقىلىشىپ تۇرىمىز…

يارمۇھەممەد زۇنۇن ھاجىمنىڭ يېنىدىن ھاياجانلىنىپ چىقتى. ئۇ ماشىنا بىلەن سەيلىگاھقا كېرەكلىك ماتېرىيال بىلەن

پەردەنىڭ بۇيرۇغان ماللىرىنى ئېلىپ بولغۇچە پېشىندىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ شۇ چاغدىلا قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى ھېس قىلىپ شوپۇرغا «تاماق يەۋېلىپ ماڭايلى» دېدى.

— نېمە يەيمىز؟ — شوپۇر سورىدى.

— لەڭمەن يەيلىمۇ؟

— ئۇنداق بولسا ئارقا كوچىدا بىر ئاشخانا بار، لەڭمىنى بەك ئوخشايدۇ.

— ئەمىسە شۇ يەرگە ئارت! — دېدى يارمۇھەممەد.

شوپۇر بىر كوچىدىن ئۆتۈپ، ياندىكى تار كوچىغا قايرىلىپ قاتار ئاشخانىلارنىڭ بىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

— مۇشۇ ئاشخانا شۇ، — دېدى شوپۇر چۈشۈپ. شۇ ئەسنادا شوپۇرنىڭ يانفونى سايراپ كەتتى، شوپۇر بىردەم سۆزلەشكەندىن كېيىن ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ يارمۇھەممەدكە قارىدى:

— ئۆيدىكىلەر تېلېفون قىلىپتۇ، — دېدى ئۇ، — چوڭ ئۆيگە ئاپىرىدىغان بىر نەرسە بار ئىكەن، مەن غاچچىدە ئاپىرىۋې-تىپ كېلەي، سەن تاماقنى يەپ تۇرغىن!...

يارمۇھەممەد ئاشخانىنىڭ ئالدىغا كەلدى، بىر قەۋەتلىك كونا ئۆينىڭ ئالدى لاپاس بولۇپ، ئۇنىڭ ئاستىدا بىر چەتتە قاسقانلار تىزىقلىق ئوچاق، يەنە بىر چەتتە كاۋاپدان قويۇلغان ئىدى. پاكار بىر كاۋاپچى كاۋاپ پىشۇرغاچ ۋارقىراپ خېرىدار چاقىرىۋاتاتتى. يارمۇھەممەد تالادىكى چوڭگۇندە قولىنى يۇيۇپ بولۇپ، ئاشخانى-نىڭ ئىچىگە كىردى. ئاشخانىنىڭ ئىچى چوڭ ئەمەس ئىدى. تام ياقىلىتىپ قويۇلغان بەش - ئالتە ئۈستەل بولۇپ، ئۇ يەردە بىرنەچچە ئادەم تاماق يەپ ئولتۇراتتى. يارمۇھەممەد چەتتىكى ئادەم يوق بىر ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ كۈتكۈچى ئەكې-لىپ بەرگەن قىزىق چاينى ئىچكەچ بۈگۈنكى زۇنۇن ھاجىم بىلەن قىلىشقان پاراڭلارنى ئەسلىدى. ئۇنىڭغا بۇ ئىشلار گويا چۈشتەك تۇيۇلۇپ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. «توۋا، بۈگۈن ئويلىمىغانلا بىر

ئىش بولدىغۇ؟... مەن شۇنچىۋالا سەيلىگاھنى باشقۇرۇپ كېتەلەر-مەنمۇ؟ ئۇ دېگەن دۇكان ئەمەستە؟... ھازىرغۇ ھەممە ئىشلار تونۇشلۇق بولۇپ قالدى، لېكىن... قالغان ئىشلارنى كېتىپ بېرىپ ئۆگەنمەيمەنمۇ؟... زۇنۇن ھاجىممۇ تۈزۈك ئوقۇمىغان ئادەم ئىكەن، شۇنچە چوڭ شىركەتنى باشقۇرۇۋاتىدىغۇ، بۇمۇ ماڭا كەلگەن ئامەت. مىڭ سوم ئايلىق ئاز ئەمەس - دە. ھازىر ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئوقۇپ چىققانلارمۇ ئۇنچىلىك ئايلىق ئالالماي-دۇ. توۋا... ئادەمگە ئامەت كەلسىمۇ بىردەملىك ئىش ئىكەن. مېنىڭ سەيلىگاھقا دىرېكتور بولغانلىقىمنى پەرىدە ئاڭلىسا قانچە خوش بولۇپ كېتەر؟... مەن تېخى سەيلىگاھنىڭ ئىچىگە بىر دۇكان ئاچساممىكىن، دەپ ئويلاۋاتاتتىم، بۇ گەپچە، سەيلىگاھ-تىكى دۇكانغا باشقا بىر ئادەم ياللىسام بولىدىغان ئوخشايدۇ... ئەگەر ھاجىم سەلىمە ھەدەملەرنىڭ مۇراببا زاۋۇتىنى كېڭەيتىدى-غان ئىش بولسا قالتىس بولاتتى - دە. بۇلاقسايلىقلارنىڭ ھەممى-سىگە قىلىدىغان ئىش تېپىلاتتى. نامراتلىقتىنمۇ قۇتۇلاتتى... بىز نەچچە ۋاقىتتىن ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز كەمبەغەل قىلىپ يۈرۈپ-تىكەنمىز دېسە، ئىسراپىلكام كېلىپ توكنى ھەل قىلدى، يولنى ياساپ بەردى، زۇنۇن ھاجىم سەيلىگاھنى قۇردى. ئەتە - ئۆگۈن يەنە نېمە ئىشلار بولىدۇ...»

يارمۇھەممەد شۇ خىياللار بىلەن بولۇپ، ئاشخانىنىڭ ئىچىدىن بىر چېلەكتە لىق يۇندىنى كۆتۈرۈپ چىققان ئادەمگە دىققەت قىلمىدى. ئۇ يېقىن كەلگەندە يارمۇھەممەد بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى - دە، داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. يۇندىنى كۆتۈرۈپ چىققان يىگىتمۇ يارمۇھەممەدنى تونۇپ قېلىپ ھودۇقۇپ كەتتى. يارمۇھەممەد ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە:

— تۇرغان! بۇ سەنمۇ؟ — دېدى ئۇ ۋارقىراپ، — ئاداش، سەن بۇ يەردە نېمىش قىلىسەن؟...

— تۇرغان ئاداش، بۇ سەنمۇ؟

يارمۇھەممەد ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ياندۇرۇپ سورىدى. ئۇ ئۆز كۆزىگە زادىلا ئىشەنمەيتتى، تۇرغاننى بۇ يەردە، مۇشۇ تۇرقىدا ئۇچرىتىمەن، دەپ پەقەتلا ئويلاپ باقمىغانىدى. ئۇ ئالدىدا تۇرغان دوستىغا باشتىن ـ ئاياغ سەپسالدى. ئۇنىڭ ئۇستۇېشى شۇنچىلىك مەينەت، ئالدىغا تارتىۋالغان پەرتۇقى يۇندا يۇقىدا قاپقارا بولۇپ كەتكەنىدى. يارمۇھەممەد ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپلا ئەھۋالنى چۈشەندى.

— كېلە ئاداش! — دېدى يارمۇھەممەد ئۇنى قولىدىن تارتىپ ئۇستەلگە ئېلىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭغا سوئاللارنى ياغدۇرۇۋەتتى، — نەچچە ۋاقىتتىن نەلەردە يۈردۈڭ؟... شەھەرگە قاچان كەلگەنتىڭ؟... بۇ يەرگە كەلگەن ئادەم نېمىشقا بۇلاقسايغا چىقمىدىڭ؟... ئۆينى سېغىنمىدىڭمۇ؟...

تۇرغان دەرھال جاۋاب بەرمىدى. ئۇمۇ بۇ تاسادىپىيلىقتىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇۋاتقاندەك قىلاتتى، دوستىنى كۆرۈپ كۆڭلى بۇزۇلدىمۇ، بىردىن ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدا لىغىرلاپ ياش پەيدا بولدى. ئۇ ئېتىلىپ كېتىدىغاندەكلا قىلىپ تۇراتتى. ئاڭغىچە ئاشخانىنىڭ ئىچىدىن قورساق سالغان يوغان بىر ئادەم چىقىپ ئۇنىڭغا ۋارقىرىدى:

— تۇرغان! قېنى سەن، سەي ئاقلىمامسەن؟

تۇرغان چۆچۈگەندەك ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، يارمۇھەممەدكە قارىماستىن ئاشخانىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئۇ شۇ كىرىپ كەتكەنچە خېلىغىچە چىقمىدى. ئۇ قايتىپ چىقمىغانچە يارمۇھەممەدنىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشتى. «تۇرغان مېنى كۆرۈپ ئۆزىنى قاچۇردىمۇ نېمە؟ باياتىنقى كەيپىمۇ بىرقىسمىلا،

كىرىپ قاراپ باقايچۇ؟...» يارمۇھەممەد ئاشخانىغا كىرىپ تۇر-
غاننى كۆرەلمىدى. ئۇ كەينى ئىشىك بىلەن ئارقا ھويلىغا چىقتى
ۋە چۆچۈپ كەتتى، ھېلىقى يوغان قورساق ئادەم تۇرغانغا دېۋەي-
لەپ تىللاۋاتاتتى:
— ئىشلىسەڭ تۈزۈك ئىشلە، بولمىسا يوقال كۆ-
زۈمدىن!...
— بولدى، ئىشلىمەيمەن. بىر ئاي ئىشلىگەن ھەققىمنى
بەر!
— نېمە ھەق؟... بىر ئايدىن بۇيان قورسىقىڭنى باقتىم،
ياتاق بەردىم، يەنە نېمە دەيسەن؟
تۇرغان يارمۇھەممەدنى كۆرۈپ قېلىپ ئوڭايسىزلىنىپ قال-
دى. يارمۇھەممەد ئەھۋالنى چۈشىنىپ ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ قو-
لىدىن تارتتى:
— يۈره، ئاداش، بولدى، بۇ يەردىن كېتەيلى!...
تۇرغان بولسا خوجايىن بىلەن سوقۇشىدىغاندەكلا قىلىپ
تۇراتتى، يارمۇھەممەد تۇرغانغا يالۋۇرۇپ يۈرۈپ سىرتقا ئېلىپ
چىقتى ـ دە، ئۇنى يان كوچىدىكى باشقا بىر ئاشخانىغا باشلاپ
كىردى. تۇرغان بولسا غال ـ غال تىترەيتتى. يارمۇھەممەد
ئۇنىڭغا بىرھازا كۆڭۈل ئېيتىپ ئاچچىقىنى ياندۇردى. بىرئازدىن
كېيىن تۇرغانمۇ ئۆزىگە كەلدى.
— بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر تىنچ ـ ئامانمۇ؟ — دەپ سورىدى
يارمۇھەممەدتىن.
يارمۇھەممەد ئۇنى ئاپىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن خەۋەرسىز ئىكەن-
لىكىنى سېزىپ ئۇنىڭغا ھازىرچە دېمەسلىكنى لايىق تاپتى.
— ھەممىسى تىنچلىق، سېنىڭ يولۇڭغا قاراپ تۇرۇشىدۇ.
— پەرىدەچۇ؟
— ئۇمۇ ياخشى، — دېدى يارمۇھەممەد ۋە قوشۇپ
قويدى، — بىز توي قىلدۇق.

تۇرغان ئىتتىك بىشىنى كۆتۈرۈپ ھەيران بولغاندەك بىر مىنۇتچە يارمۇھەممەدكە قاراپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ قارىشىدا تەئەججۇپمۇ، ئىشەنمەسلىكمۇ چىقىپ تۇراتتى.

— قاچان توي قىلدىڭلار؟

— ئۆتكەن كۈزدە...

— خۇرشىدەچۇ؟

— خۇرشىدە مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ، بۇ يىل ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرمەكچى.

تۇرغان خۇرسىنىپ قويۇپ جىم بولدى، ئۇ نىمىدۇر دىمەكچى بولۇپ، كالپۇكىنى مىدىرلاتقاندەك قىلاتتىيۇ، لىكىن گىپىنى ئىچىگە يۇتۇۋىتەتتى. يارمۇھەممەد ھەيران بولدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئۇ بىلىدىغان بۇرۇنقى تۇرغانغا ئوخشاشمايدىغان غەلىتىلا بىرى ئولتۇراتتى.

— تۇرغان، چاي ئىچكىنە، — دىدى يارمۇھەممەد.

تۇرغان چايدىن بىر يۇتۇم ئوتلاپ قويۇپ جىم بولدى.

— تۇرغان! — دىدى ئاخىرى يارمۇھەممەد ئىچى پۇشۇپ، — ئىككى يىلدىن بۇيان نەلەردە يۈردۈڭ؟ شەھەرگە قاچان كەلگەنتىڭ؟...

تۇرغان دەرھال جاۋاب بەرمىدى. ئۇ يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ ئىزلىپ كەتكەن بىر قاپ تاماكىنى ئىلىپ، بىر تالنى سۇغۇرۇۋىلىپ تۇتاشتۇردى. يارمۇھەممەد ئۇنىڭ تاماكا تۇتقان قولىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلىگە دەھشەتلىك ئوي كەلدى: «تۇرغان ئاق چىكەمدۇ نىمە؟... ئۆزىمۇ ئورۇقلاپ كىتىپتۇ، چىرايىمۇ بىرقىسمىلا... شۇڭا قايتىپ كىلەلمەپتىكەندە؟...»

تۇرغان تاماكىنى قىنىپ بىر - ئىككى شوراپ تارتقاندىن كىيىن ئۆزىنى سەل بىسىۋىلىپ گەپ قىلدى:

— نەلەردە يۈردۈڭ دەمسەن؟... مەن يۈرمىگەن يەر ئاز قالدى... — دىدى ئۇ خۇرسىنىپ قويۇپ، — ئۆز ۋاقتىدا سىنىڭ

گېپىڭگە كىرمەي يامان قىپتىكەنمەن، نېمە ئەخمەقلىق قىلغان بولغىيتتىمكىن؟... ئىككى يىلدىن بۇيان مەن يۈرمىگەن يەرلەر، قىلمىغان ئىشلار قالمىدى...

— ئىمام قاپاقلار سېنى ئالداپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ؟

— ئۇ گۇيلار ماڭا يالغان ئېيتىپتۇ، ئەسلىدە ئۇلار ئاق تاماكا سودىسى قىلىدىغانلار ئىكەن...

— ئاق تاماكا؟ — يارمۇھەممەد چۆچۈپ كەتتى.

— ھەئە... مەن ئۇنى گۇاڭجۇغا بارغاندىن كېيىن ئاندىن بىلدىم...

— ئەمىسە شۇ چاغدىلا قايتىپ كەلسەڭ بولماتتى؟

— قايتىپ كەلگىلى بولمىدى ئەمەسمۇ؟... مەن ئەخمەق ئۇلار ئۇنئالغۇ يۆتكەيمىز دېسە ئىشىنىپ ھەممە پۇلۇمنى بېرىۋې-تىپتىمەن، ئۇلار ماڭا «بىز زاۋۇتتىن توپلا ئالىمىز، ساڭمۇ ئەرزان ئېلىپ بېرىمىز» دېدى ئەمەسمۇ، بىز گۇاڭجۇغا بېرىپ بىر سارايغا چۈشتۇق، بۇ سارايدا ساپلا شىنجاڭلىق ئوقەتچىلەر تۇرىدىكەن، ئىمام ئەتىسى: «مەن زاۋۇتقا بېرىپ، مالنى ئۇقۇ-شۇپ كېلەي» دېدى. مەنمۇ بىللە باراي دېسەم: «سەن بارساڭ ئىشەنمەي باھانى ئۆرلىتىۋالىدۇ، سەن ياتاقتا تۇرۇپ تۇر!» دەپ كەتتى. قالغانلارمۇ مال ئۇقۇشىمىز دەپ چىقىپ كېتىشتى. بىر كۈن ئۆتتى، ئىككى كۈن ئۆتتى، ئىمامدىن خەۋەر يوق، ياتاقتىن چىقىپ يېقىن ئەتراپنى ئايلىنىپ ئىزدەپ باقتىم، يىراقراق بې-رىشقا قورقىمەن، «مېنى قويۇپ كېتىپتۇدە، ئەمدى قانداق قىلارمەن؟» دەيمەن، ئۈچ كۈن ئۆتكەندە ئىمام پەيدا بولدى. ئۇنى كۆرۈپ دادامنى كۆرگەندەك خوش بولۇپ كەتتىم. لېكىن ئۇ ماڭا مەن كۈتكەندىن باشقا خەۋەر يەتكۈزدى:

— زاۋۇت مالنى ئۇلگۇرتۇپ بېرەلمەيدىغان بولدى، — دېدى ئۇ، — ئىشلىگەنلىرىنى بىزنىڭ ئالدىمىزدا باشقىلار ئەكېتىپتۇ.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دېدىم مەن.

— بىر ئاي ساقلايدىغان بولدۇق...

ئۇنىڭ گېپىگە تازا ئىشەنمىدىم.

— مەن بىر ئاي ساقلىيالمىغۇدەكمەن، — دېدىم مەن، — بولدى، پۇلۇمنى قايتۇرۇپ بەرسەڭلار، مەن قايتىپ كېتەي.

— پۇلنى زاۋۇتقا تاپشۇرۇۋەتتۇق، ئەمدى قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ، — دېدى ئىمام ۋە، — زېرىكىپ كەتكەن بولساڭ باشقا ئوقەتلەر بار، شۇنى قىلىپ تۇرغىن، — دېدى. مەن شۇ چاغدىلا پۇلۇمدىن ئايرىلىپ قالغىنىمغا كۆزۈم يەتتى. ئەمدى قانداق قى-لىمەن؟ كېتەي دېسەم يول كىراسىغىمۇ پۇلۇم يوق. بوپتىلا، ئۆزۈم تاپقان چاتاق بولغاندىن كېيىن قارا ئىش بولسىمۇ قىلاي، پۇلۇمنى تىرىلدۇرۇۋالسام قايتىپ كېتەرمەن، دېگەن نىيەتكە كېلىپ ماقۇل بولدۇم. ئەتىسى ئىمام مېنى باشلاپ شەھەردىن خېلى يىراق بىر ناھىيىگە ئېلىپ باردى. بىر سارايغا كىرىپ ياتتۇق، ئىمام يانفوندا بىرلىرى بىلەن سۆزلىشەتتى، مەن خەنزۇ-چىنى بىلمىگەچكە ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئۇقۇپ كېتەلمەيتتىم، ئەتىسى كېچىدە ئۇ چاققانلا بىر سومكىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەل-دى.

— ھازىر مۇنۇنى ئېلىپ شەھەرگە قايتىسەن، — دېدى ئۇ سومكىنى ماڭا بېرىپ، — مەن قايتىپ بارغۇچە بۇنى ساقلاپ ياتاقتا تۇر، بۇنى كىيىم ئىشكاپىنىڭ ئىچىگە تىقىپ قويۇپ ھېچ-كىمگە تىنغۇچى بولما، — دېدى.

— بۇ نېمە نەرسە؟ — دېسەم، ئۇ:

— بۇنى سورىما، ئۆزۈڭمۇ ئاچما، مېنىڭ يەنە ئازراق ئىشىم بار، ئەتىگىچە بارىمەن، — دېدى. مەن سومكىنى ئېلىپ ماڭدىم. يولدا بارغۇچە يۈرىكىم سۇ، سومكىنى تېشىدىن تۇتۇپ باقتىم. لېكىن نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇقالمىدىم. ئانچىمۇ ئېغىر ئەمەس ئىدى. ياتاققا تىنچ - ئامان كەلدىم - دە، سومكىنى ئىشكاپىنىڭ ئاستىغا تىقىۋەتتىم. ياتاقتا ئولتۇرۇشتىنمۇ قورقى-

مەن، ھېلىلا بىرلىرى كىرىپ «چىقار سومكىنى!» دەيدىغاندەكلا تۇيۇلاتتى. ئاخىرى بولماي سىرتقا چىقتىم. قورسىقىممۇ ئېچىپ كەتكەنىدى. بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ غۇلجىلىقلار ئاچقان ئاشخانىغا كىردىم. تاماق بۇيرۇتۇپ قويۇپ چاي ئىچىپ ئولتۇراتتىم. بىر چاغدا يېنىمغا ئوتتۇرا ياشلاردىكى پاكىز كىيىنگەن بىر ئادەم كېلىپ ئولتۇردى ـ دە، مېنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىمنى سورىدى. مەن دەپ بەرىۋىدىم، ئۇ ماڭا بىر قاراۋېتىپ:

— مەنمۇ سەھرالىقمىكىن دەپ پەرەز قىلغانىدىم، كىم بىلەن كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى. مەن راست گەپنى دەپ بەردىم، نېمىشقىدۇر بۇ ئادەم كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ قالدى، ئۇ مېنىڭ كۆزۈمگە قاراپ قويۇپ:

— ئۇكا، چاتاق ئادەملەرگە ئارىلىشىپ قاپسەن، ئۇ ئىمام قاپاق دېگەنلەر ئاق سودىسى قىلىدىغانلار، — دېدى. مېڭەمدىن تۇتۇن چىقىپ كەتتى، مەن ئۆزۈممۇ شۇنداقمىكىن، دەپ گۇمان قىلغانىدىم. ئەمدى مېنى بۇلاردىن قانداق قىلىپ قۇتۇلۇش غېمى باستى.

— پۇلۇڭنى بىكار بېرىپسەن، ئەمدى ئۇلاردىن ئالالمايسەن، — دېدى ئۇ ئادەم، — ئەگەر پۇل دېسەڭ سېنى ئاق ساتتى، دەپ ساقچىغا تۇتۇپ بېرىشتىن يانمايدۇ، بۇلارنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدىغان نېمىلەر... سەن ياخشىسى ئاستا قېچىپ كەت!...

«مەن قانداق قېچىپ كېتىمەن، يانچۇقۇمدا بىر تىيىن پۇل يوق، نەگە بېرىپ نەدە تۇرىمەن؟...» ئاخىرى ئۇ ئادەمگە يالۋۇردۇم، «بولسا، مېنى يولغا سېلىپ قويسىڭىز!» دېدىم، ئۇنىڭ ئالدىدا! يىغلاپ تاشلاپتىمەن، ئۇ مېنىڭ ھالىمغا ئىچى ئاغرىپ قالدىمۇ، بىلمىدىم. ئاخىرى:

— شەھەرگە يېقىن بىر ناھىيىدە كاۋاپچىلىق قىلىۋاتقان بىر يۇرتلۇق تونۇشۇم بار، ئۆتكەندە ياۋاشراق ئادەم بولسا تېپىپ

بەرسەڭ دېگەنىدى. مەن سېنى شۇنىڭغا تونۇشتۇرۇپ قوياي، بىرنەچچە ئاي ئىشلىسەڭ يول كىرايىڭنى تېپىۋالارسەن، — دېدى. مەن جان دەپ ماقۇل بولدۇم. ئۇ ئادەم شۇ كۈنىلا تونۇشنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى. ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش سەھرالىق ئىكەن. شۇنىڭ يېنىدا ئىشلىدىم. كاۋاپ دېگەننى شۇ ياقتىلا يەيدىكەن، ئاخشىمى گۆشنى توغراپ زىخقا ئۆتكۈزۈپ تەييار قىلىۋالىمىز، ئەتىسى چۈشتىن كېيىن بازارغا چىقىمىز، كەچ سائەت توققۇزلارغىچە كاۋاپنى سېتىپ بولىمىز، خوجايىن ئىنساپلىق چىقتى. بىر ئاي توشقاندا قولۇمغا مىڭ سومنى نەق تۇتقۇزدى. مەن خىيالىمدا يەنە بىر ـ ئىككى ئاي ئىشلەپ ئىمالار قويۇپ كەتكەن پۇلۇمنىڭ يېرىمىنى بولسىمۇ تېپىۋالسام، دېگەن نىيەتكە كەلدىم. لېكىن، خوجايىن يىگىت يۇرتىغا بېرىپ توي قىلىدىغان بولۇپ قايتماقچى بولدى. مېنىڭ كاۋاپچىلىق ئوقىتىممۇ تۈگىدى. مەن بېشىمنىڭ ئامان چېغىدا كېتىۋالاي، دەپ پويىز ئىستانسىسىغا باردىم، ئادەم بەك جىق ئىكەن، قىستىلىپ يۈرۈپ تۆشۈكنىڭ ئالدىغا بېرىپ يانچۇقۇمنى ئاختۇرسام قۇپقۇرۇق. قايسى جەللىگۇر پۇلۇمنى سوقۇپ كەتتىكىن ئۇقالماي قالدىم... يەنە گاڭسا ـ جىسا بولدۇم. «ئەمدى قانداق قىلارمەن؟» دەيمەن، ئېسىمگە كاۋاپ سېتىپ يۈرگەندە تونۇشۇپ قالغان بىر ئاشپەز يىگىت كېلىپ شۇنىڭ ئاشخانىسىغا بېرىپ ئەھۋالىمنى دېگەنىدىم، «بوپتۇ، مۇشۇ يەردە ئىشلە!» دېدى. ئىش ھەققىمنى تۆۋەنرەك بەردى. نېمە بولمىسۇن، قورسىقىم تويىدىغان، ياتىدىغان يەرنى تاپتىم، قىشنى شۇ ئاشخانىدا ئۆتكۈزدۈم، ماڭا پايدىسى — بىرنەچچە خىل قورۇما قورۇشنى ئۆگىنىۋالدىم، ھۈنەرلىك بولۇپ قالدىم. ياز چىققاندىن كېيىن، «ئەمدى ئۈرۈمچىگە بېرىپ بىرەر ئاشخانىدا ئاشپەز بولۇپ ئىشلىسەممۇ بولىدۇ» دەپ خوجايىنغا: «ئۆيدىن خەت كەپتۇ. قايتمىسام بولمايدۇ» دېسەم يولغا سېلىپ قويدى، ئۈرۈمچىگە كېلىپ كالىلامغا يېڭى خىيال

كەلدى، «ئۆيگە مۇشۇ ئازغىنا پۇل بىلەن بارسام سەتقۇ، يەنە ئازراق پۇل تاپاي» دەپ ئىش ئىزدىدىم. تەلىيىمگە يۇك باسىدى- غان ئىش چىقىپ قالدى. ئايلىقىمۇ يامان ئەمەسكەن، خوجايىن مەرد ئادەم ئىكەن، ئاز كۈن ئۆتمەي ئۇنىڭ بىلەن ئاغىنە بولۇپ كەتتىم. ئۇنىڭ سودىسى ياخشى ئىدى. بەزىدە كۈنىگە تۆت - بەش ماشىنا يۈكنى ماڭدۇراتتۇق. خوجايىن پۇلنىمۇ تاپاتتى، سورۇپمۇ ۋېتەتتى، ئۇنىڭ بىرلا ئەمىكى ئاخشىمى تاپقان پۇلنى ئېلىپ قىمار ئوينايتتى، كېيىنچە ئۇ قىمار ئوينىغۇسى كەلگەندە مېنى باشلىۋالىدىغان بولدى. مەن ئۇنىڭ پۇللىرىنى ساقلاپ بېرەتتىم، قىمار دېگەنمۇ قالتىس نېمىكەن، بەزىلەر ئون مىڭ، يىگىرمە مىڭ دېگەننى بىر ئاخشامدىلا يوق قىلىۋېتەتتى. مېنىڭ خوجايىنىممۇ تولا چاغلاردا ئۇتتۇرۇۋېتەتتى. بىر كۈنى خوجايىن يىگىرمە مىڭنى ماڭا تۇتقۇزۇپ قىمار ئوينىغىلى باردى. مەن ئىچىمدە: «بۈگۈن مۇشۇ پۇللارنى بىكارغىلا ئۇتتۇرۇۋېتەر- مۇ؟» دەيمەن. ئۇلار باشتا تاماق يەپ هاراق ئىچىشتى، ئاندىن سەل قىزىغاندىن كېيىن قىمارغا تۇتۇش قىلدى. دەسلەپ خوجا- يىن خېلى ئۇتتى، لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي ئۇتتۇرغىلى تۇردى. ئاخىرى هەممە پۇلنى ئۇتتۇرۇۋېتىپ يەنە ئون مىڭ قەرز بولۇپ قالدى. ئەتىسى ئۇ مېنى يېنىغا چاقىرىپ قولۇمغا ئون مىڭ سومنى تۇتقۇزۇپ ئۇتۇۋالغان قىمارۋازغا ئاپىرىپ بېرىشىمنى ئېيتتى. قوينۇمدا تاراقلاپ تۇرغان ئون مىڭ سوم... كوچىغا چىقىپ نىيىتىم بۇزۇلدى: «بۇ بىز يۇك باسقۇچىلارنىڭ تەر تۆكۈپ تاپقان پۇلىمىز، بۇنى قاراپ تۇرۇپ ئاشۇ قىمارۋاز ئەكېتەمدۇ! ؟ ئۇنىڭدىن مۇشۇ پۇلنى ئېلىپلا يۇرتۇمغا كەتمەيمەن- مۇ؟ بۇ قىمارۋاز مېنى نەدىن تاپالاتتى؟» دەيمەن، يانچۇقۇمدىكى پۇل ئەقلىمنى ئازدۇردى. مەن ئۇدۇل ئاپتوبۇس بېكىتىگە بار- دىم، غۇلجىنىڭ ماشىنىسى يېرىم سائەتتىن كېيىن ماڭىدىكەن، بېلەتنى ئېلىپ بىر بۇلۇڭدا ئولتۇردۇم. كۆزۈم ئەتراپتا، خوجا-

يىن كەينىمدىن ئىزدەپ كېلىدىغاندەكلا تۇيۇلۇپ يۈرىكىم ئاغات-تى، خۇداغا شۈكۈر، ماشىنا ماڭىدىغان بولۇپ يولۇچىلار ماشى-نىسىغا چىقىشتى. قارىسام، خوجايىن كۆرۈنمىدى، مەنمۇ ماشى-نىغا چىقتىم، ئارىدا نەچچە مىنۇتلا ئۆتكەندى. ماشىنا ئەمدى قوزغىلاي دەپ تۇرۇشىغا ماشىنىغا بىر ساقچى بىلەن خوجايىنىم چىقىپ كېلىۋاتامدۇ، يۈرىكىم «قارت!» قىلىپ قالدى. ساقچى ئۇدۇل كەلگىنىچە مېنى چاقىرىپ ماشىنىدىن ئېلىپ چۈشتى. بايام خوجايىن مېنى سىناپ باقماقچى بولۇپ پۇلنى بەرگەنىكەن. ئۇ مېنىڭ بېكەتكە ماڭغىنىمنى كۆرۈپ ساقچىنى باشلاپ كېلىپ-تۇ، بىر ئاي تۈرمىدە ياتتىم، چىققاندىن كېيىن: «ئەمدى ئۇ-رۇمچىمۇ ماڭا هارام بولدى، پۇلنىمۇ تېپىپ بولدۇم، بولدى، نېمە كۆرسەممۇ يۇرتۇمغا كېتەي» دەپ غۇلجىغا قايتىپ كەلدىم...

— بۇ يەرگە كەلگىنىڭگە قانچە ئۇزاق بولدى؟ — يارمۇھەممەد ئۇنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ بولۇپ سورىدى.

— بىر ئايدىن ئاشتى.

— بۇ يەرگە كەلگەن ئادەم ئۆيگە يېنىپ بارساڭ بولمامتى؟

— مەھەللىگە قايسى يۈزۈم بىلەن بارىمەن؟... خەقلەر نېمە دەيدۇ؟... ئەڭ بولمىسا ئىككى - ئۈچ مىڭ سوم بولسىمۇ تېپىپ ئاندىن باراي دېگەنىدىم.

— ھەي، ئاداش، — دېدى يارمۇھەممەد بېشىنى چاي-قاپ، — ئۆزۈڭنى مۇشۇنچىلا قىيناپ نېمە قىلاتتىڭ؟... ئۆتكەندە ناھىيىدە بىرى سېنى ئۈرۈمچىدە كۆرۈپ قالدىم دېگەنتى، بىز تېخى سېنى كېلىپ قالار دەپ يولۇڭغا قاراپ تۇراتتۇق...

— ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلاقسايدا نېمىش قىلارمەن دەيمەندە...

— ھازىر سەن كۆرگەن بۇلاقساي يوق، ئۆزگىرىش قالتىس...

تۇرغان ئىشەنمىگەندەك يارمۇھەممەدكە قاراپ قويدى، يار-مۇھەممەد ئۇنىڭغا بۇلاقسايدىكى يېڭىلىقلارنى سۆزلەپ بېرىپ:

— مەن بىلەن قايت! ھازىر بۇلاقسايغا ساڭا ئوخشاش ئادەم تازا لازىم، — دېدى.

تۇرغان باشتا ئۇنىمىدى، لېكىن يارمۇھەممەد: «سېنى ئېلىپ كەتمىگۈچە قايتمايمەن!» دەپ چىڭ تۇرۇۋالغاچقا ئاخىرى ماقۇل بولدى. ئۇلار ئاشخانىدىن چىققان چاغدا يارمۇھەممەد ئۇنىڭغا:

— ئۆيگە بۇ تۇرقۇڭ بىلەن بارساڭ بولماس، يۈرە، ماگىزىنغا بېرىپ بىرقۇر كىيىم ئالايلى، — دېدى ۋە تۇرغاننىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي ماگىزىنغا ئېلىپ باردى.

ئۇلار كۈن قايرىلغان چاغدا بۇلاقسايغا قاراپ يولغا چىقتى. تۇرغان تونۇش يوللارغا خىيالچان بېقىپ گەپ قىلماي ئولتۇراتتى، ماشىنا بۇلاقسايغا قايرىلىدىغان ئاچالغا كەلگەندە، ئۇ ھەيران بولۇپ سورىدى:

— پاھ، يوللار كاتتا بولۇپ كېتىپتۇغۇ؟

— بۇ يىل ئەتىيازدا ياسىدى، — دېدى يارمۇھەممەد ئۇنىڭغا، — ھازىر بۇلاقساي يېقىنلاپ كەتتى، ئەنە مەھەللىگىمۇ كېلىپ قالدۇق...

گۈگۈم قوينىغا چۆمگەن مەھەللە قارىيىپ كۆرۈنەتتى. يارمۇھەممەد يېنىدا ئولتۇرغان دوستىغا ئاستا سەپسالدى، تۇرغاننىڭ كۆزلىرىدە ياش پەيدا بولۇپ ئەندىكىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ يارمۇھەممەدكە قارىماستىن سورىدى:

— زىبانى كۆرەمسەن؟

— كۆرۈپ تۇرىمىز، — دېدى يارمۇھەممەد ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە كەلگەن كۈلپەتنى سۆزلەپ بەردى ۋە ئاخىرىدا، — زىبا تېخى ياتلىق بولمىدى، — دېدى.

— راستمۇ؟ — تۇرغاننىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى.

ماشىنا يېڭى مەھەللىنىڭ كوچىسىغا كىرىپ كەلدى. تۇرغان ئىككى ياندىكى رەت - رەت خىشلىق ئۆيلەرگە قاراپ ئاغزى

ئېچىلىپ قالدى. يارمۇھەممەد ماشىنىنى ئۆينىڭ ئالدىغا ئەكەل-
گۈزۈپ سىگنال بەرگەنىدى، قورۇدىن پەرىدە چىقىپ كەلدى ۋە
كابىنكىدىن چۈشكەن يارمۇھەممەدنىڭ ئالدىغا ماڭغاچ:
— ئەجەب كېچىكىپ كەتتىڭىزغۇ، ئەنسىرەپ بىر بول-
دۇم، — دېدى.
يارمۇھەممەد ئۇنىڭغا كابىنكىنى ئىشارەت قىلىپ:
— قارا، كىم كەلدى؟ — دېدى.
كابىنكىدىن تۇرغان ئاستا چۈشتى. ئاكىسىنى كۆرگەن پە-
رىدە بىر مىنۇتچە ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي تۇرۇپ كەتتى - دە،
ئاندىن يۈگۈرگىنىچە كېلىپ ئۇنىڭ بوينىغا گىرە سالدى - دە:
— ئاكا، جېنىم ئاكا!... — دەپ ھۆڭگىرەپ تارتىپ يىغلى-
ۋەتتى، — ئاپامنىڭ كۆزى كەينىدە كەتتىغۇ ئاكا! سېنى كۆرەل-
مىدىغۇ ئاكا!...
پەرىدەنىڭ يىغىسىدىن كۆڭلى بىر شۇملۇقنى سەزگەن تۇر-
غان بىردەم ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى - دە، ئۇمۇ قوشۇلۇپ
يىغلاشقا باشلىدى. ئاكا - سىڭىلنىڭ يىغىسى ئۇزۇنغىچە توختى-
مىدى، تۇرغان ئۆزىنى يوقىتىپ قويايلا دېدى. يارمۇھەممەد
ئۇلارغا كۆڭۈل ئېيتىپ يىغىدىن ئاران توختىتىپ ئۆيگە باشلاپ
كىردى. تۇرغان تېخىچىلا ئېسەدەشتىن ئۆزىنى توختىتىۋالالماي-
ۋاتاتتى. پەرىدە ئۇنىڭغا «ئاپام كېسەل بىلەن تۈگەپ كەتتى» دەپلا
قويدى...
— دادامنىڭ يېنىغا باردىڭمۇ؟ — يارمۇھەممەد پەرىدەدىن
سورىدى.
— ھەئە، چۈشتە تاماق ئاپىرىپ بەرگەنىدىم.
— دادام نەدە؟ — دېدى تۇرغان ھەيران بولۇپ.
پەرىدە ئۇنىڭغا تۈگمەننىڭ ئىشلىرىنى دەپ بەردىم.
— ئەمىسە، مەن بېرىپ دادامنى ئەكېلەي، — دېدى يارمۇ-
ھەممەد.

— دادامنىڭ ئالدىدا ئۆزىڭىزنى ئاقلىۋالىدىغان بولدىڭىز-
دە؟ — دېدى پەرىدە.
— ھېلىمۇ ئىككى يىل ناھەق قارىلاندىم ئەمەسمۇ؟... ئەمدى
ئاقلىنىدىغان بولدۇم...
«تۇرغان قايتىپ كەپتۇ» دېگەن خەۋەر بىردەمدە بۇلاقسايغا
پۇر بولدى، پەتىچىلەر بىردىن - ئىككىدىن كۆرۈشكىلى كېلىشكە
باشلىدى.

## 29

ئىلەككە ئامەت قوشلاپ كەلدى. زۇنۇن ھاجىم تۇغقاندارچى-
لىقنى يەتكۈزۈپ ئۇنىڭغا يېڭى مەھەللىگە ئىككى ئېغىز ئۆي
سالدۇرۇپ بەردى. ئۇ ھېچبىر جاپا تارتمايلا يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ
كىرىۋالدى. ئۇنىڭ بالىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇققان زۇنۇن ھاجىم
يارمۇھەممەدكە دەپ ئېيىغا تۆت يۈز سوم بېرىدىغان بولۇپ سەيلد-
گاھنىڭ دەرۋازىسىغا قارايدىغان كۆزەتچى قىلىپ قويدى.
— ئاڭلىسام، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا جۇسادۇي بولۇپ ئادەم
باشقۇرغان دەيدىغۇ؟ — دەپ سورىدى بىر كەلگەندە زۇنۇن ھا-
جىم.
— شۇنداق، — دېدى ئىلەك ماختىنىپ تۇرۇپ، — ئۇ
چاغلاردا ئاكىڭىز پۈتۈن بۇلاقسايىنى چۆرگەن دەڭا... دادۇيجاڭ،
شۇجى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى مېنىڭ قول ئاستىمدا ئىشلەيتتى،
نېمىگە بۇيرۇسام شۇنى قىلاتتى...
— خېلى ئەمەل تۇتۇپسىز كەندە؟
— تۇتۇپ باققان... مىنبىڭلارغىمۇ باشلىق بولغان...
— ئەتە - ئۆگۈن ساياھەت باشلىنىپ كەتسە بۇ يەرگە ھەر
خىل ئادەملەر كېلىدۇ دەڭا، — دېدى زۇنۇن ھاجىم كۈلۈپ
قويۇپ، — سىزنىڭ تەجرىبىڭىز بولغاندىن كېيىن دەرۋازىنى

باشقۇرۇپ بەرسىڭىز قانداق؟

— چاتاق يوق... — دېدى ئىلەك خۇش بولۇپ.

ئىلەككە شۇ گەپنىڭ ئۆزى يېتەرلىك ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندىلا سەيلىگاھتا ئۇنىدىغان بولدى. ئۇ ئۆزىنى خوجايىنلارچە تۇتۇپ، قولىنى كەينىگە تۇتۇۋالاتتى ـ دە، ھەممە يەرنى ئالدىرىماي ئارىلايتتى. ئىشچىلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىدىن ئېۋەن تېپىپ، ئۆزىچە بۇيرۇقلارنى بېرەتتى. گېپىدىنى ئاڭلىمىغانلار بىلەن سوقۇشۇپ، «ھاجىمغا دەيمەن» دەپ پوپوزا قىلاتتى.

بۈگۈنمۇ ئۇ چېيىنى چالا ـ بۇلا ئىچتى ـ دە، سەيلىگاھتا پەيدا بولدى. ئۇ قاتار قىلىپ تىكىۋەتكەن كىگىز ئۆيلەرنى بىردىن كۆرۈپ چىقىپ بولۇپ، ئاشخانا قىلغان چېدىرغا كېلىپ، ئۇ يەردىكى ياسالغان نەرسىلەرنى بىردىن تەكشۈرۈپ چىقتى. ئۇ يەردە ئىشلەۋاتقانلار ھەر كۈنى كېلىپ بىرەر تاماشا كۆرسىتىپ كېتىدىغان بۇ ئادەمنىڭ بۈگۈن نېمە ئويۇن چىقىرىدىغانلىقىنى كۈتۈپ قارىشىپ قويدى. ئىلەك ھەممىنى كۆرۈپ بولۇپ بىر چەتتە ئوچاق سېلىۋاتقان ئۇستامنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ يېقىن كېلىپ ئوچاقنىڭ ئىچىگە ئېڭىشىپ قاراپ تۇرۇپ كېتىپ ياراتمىغاندەك بېشىنى چايقىدى.

— بۇ قانداق ئوچاقۋۇي، — دېدى ئۇ ئۇستامغا قاراپ تەرىنى تـۇرۇپ، — بـۇ نېمەڭدە قانداق تاماق ئەتكىلى بولىدۇ؟...

بۇرۇتلۇق ئۇستام ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويدى ـ دە.

— سەن بىلمەيدىغان ئىشلار جىق دېگىنە، ئىلەككا، — دېدى.

ئۇستامنىڭ گېپى ئىلەكنىڭ كۆڭلىگە تىك كەلدى.

— ھەي، ماڭا قارىغىنا، — دېدى ئىلەك ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — ئەجەب بىلەرمەنلىك قىلىسەنغۇ؟ ئوچاق سېلىشنى

مېنىڭدىن سورا جومۇ، مەن دېگەن كوممۇنا ۋاقتىدا پۈتۈن بۆلاق-ساينىڭ ئادىمى تاماق يەيدىغان ئاشخانىنىڭ ئوچىقىنى سالغان، نېمە دەۋاتىدۇ ماۋۇ…

— ھەرقاچان، ئوماچ ئېتىدىغان قازاننىڭ ئوچىقىدۇ؟

— پولومۇ ئەتكەن…

— بۇ گېپىڭ يالغان بولۇپ قالدىغۇ دەيمەن، ئىلەككا، — دېدى ئۇستام ئەتراپتىكىلەرگە كۆزىنى قىسىپ قويۇپ، بېشىنى چايقاپ، — ئۇ چاغلاردا پولو نېمىش قىلىدۇ؟

— يوقىرىدىن كادىرلار كەلگەندە ئەتكەن، — دېدى ئىلەك قىزىشىپ، — شۇ ئوچاقنى مەن سالغان دېگىنە، ئالامەت تارتىدىغان ئوچاق بوپتىكەن… ئوتۇننى ئوچاقنىڭ ئاغزىغا ئەكېلىپ بولغۇچە ئۆزى تارتىپ ئەكىرىپ كېتەتتى، بايقىمىسا ئادەمنىمۇ سۆرەپ كېتەتتى…

— بىزمۇ ئاڭلىغان، — دېدى بورۇتلۇق ئۇستام ئۇنى بىر-دەم گەپكە سالماقچى بولۇپ، — بۇلاقسايدا ئادەمنى دەم تارتىدىغان ئوچاق بار ئىكەن، دەپ. شۇ ئوچاقنى سەن سالغان ئىكەنسەن-دە؟

— مەن سالغان… ئايىمنى تارتىپ كېتىپ تاس قالغان كۆيۈپ كەتكىلى.

— ئايىم كىچىك قىزىمىدى؟

— ياق، سېنىڭدەك ئىككى چىقىدىغان خوتۇن ئۇ، — دېدى ئىلەك ئۆزىنىڭ ئوخشىتىشىدىن مەمنۇن بولغاندەك كۈلۈپ قو-يۇپ، — ئايىم ئاشخانىدا تاماق ئېتەتتى، بىر كۈنى دۈيجاڭ مېنى چاقىرىپ: «سېنى ئوچاق سېلىشتا پەيزى بار دەيدۇ، بۈگۈن ئايىمگە بىر ئوچاق سېلىپ بەرگىنا» دېدى. «بوپتۇ، بۇلار ھۈنىرىمنى بىر كۆرۈپ قويسۇن» دەپ سالدىم دېگىنە، ئوچاقنى ساپتىمەن، لېكىن ئايىمگە ئوت قالىغاندا ھېزى بولغىن دەپ قويماپتىمەندە، ئۇ بىر قۇچاق مەڭگەننى ئەكېلىپ شۇنداقلا

ئوت يېقىپتىكەن، ئايزىمنى مەڭگەن بىلەن قوشۇپ ئوچاقنىڭ ئىد-
چىگە سۆرەپتۇ ئەمەسمۇ، ھېلىمۇ يوغان خوتۇن بولغاچقا ئوچاق-
نىڭ ئاغزىدىن پاتماي قاپتۇ، بولمىسا...
— تۇرخۇندىن چىقاتتىكەن دېگىنە؟...
— ئاپاڭ چىقاتتى... — ئىلەك ئۇستامنىڭ ئۆزىنى گەپكە
سېلىپ تاماشا كۆرۈۋاتقانلىقىنى ئۇقۇپ تېرىكتى، ئاندىن چىرايى-
غا جىددىي تۈس بېرىپ، — ماۋۇ ئوچىقىڭ بولماپتۇ، بۇنىڭ
نەرىگە قازان ئاسىسەن؟ — دېدى.
— بۇ دېگەن قورۇما قورۇيدىغان ئوچاق، — دېدى
ئۇستام، — بۇ ئوچاق مۇشۇنداق بولىدۇ.
— بۇ نېمەڭدىن ئىككى ئادەم تويغۇدەك قورۇما چىقماي-
دۇ،... سەنزە، زۇنۇن ھاجىمنىڭ كۆزىنى بوياي دەپتىكەنسەندە،
ماۋۇ يەردە مەن بار جۇمۇ، ساڭا ئوخشاش ھىيلىگەرلەرنى كۆپ
كۆرگەن، ئوچاقنى باشقىدىن سال!
— ئىلەككا! — دېدى ئۇستام كۈلۈپ قويۇپ، — سەن ماڭا
پۇتلاشماي بېرىپ دەرۋازاڭنى باقساڭ بوپتىكەن.
— قانداق، كارامىتىڭ ئاشكارا بولدىمۇ؟ قىلالمايدىغان ئا-
دەم راست گېپىڭنى قىلساڭ بولمامتى؟
ئۇستامنىڭ سەۋرى تۈگەپ ھۆرپەيدى.
— تولا بېشىمنى ئاغرىتماي يوقالغىنا كۆزۈمدىن، — دېدى
ئۇ.
— نەگە يوقالغۇدەكمەن؟ ۋاھ... — ئىلەكمۇ بوش كەلمەي
تىركەشتى، — مەن دېگەن زۇنۇن ھاجىمنىڭ ئاكىسى بولىمەن،
بىلىپ قوي...
شۇ ئارىدا ئاشخانىغا يارمۇھەممەد كىرىپ قالدى. ئۇ بولغان
جېدەلنى ئاڭلاپ ئىلەكنى تالاغا باشلاپ چىقتى.
— ئىلەككا! — دېدى ئۇ كايىپ، — ساڭا نەچچە قاتار
دېدىم، بۇ يەردىكى ئىشلارغا ئارىلاشما دەپ، نېمانداق گەپ ئاڭلى-

مايسەن، سەن بىرىپ دەرۋازىدا «جىممىدە» ئولتۇرغىنا.
— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن زۇنۇن ھاجىمغا زىيان سېلىۋاتـ-
امدۇ؟... سالغان ئوچىقىنى قاراپ باققىنا... شەھەرنىڭ ئادەملىـ-
رىچۇ، سەللا بوش تۇرساڭ سېنى بابلايمەن دەپلا تۇرىدۇ.
— قـانداق ئوچاق سـالىدۇ ئـۇستام ئۆزى بىلىدۇ، سەن
ئارىلاشما، — دېدى يارمۇھەممەد.
— ئاشۇنداق كۆز بوياپ ئىش قىلسا مەيلىمۇ؟
ئۇنىڭغا گەپ يېگۈزەلمىگەن يارمۇھەممەد ئۇنى بۇ يەردىن
نېرى قىلىش ئۈچۈن گەپنى ياستىدى:
— دادامنىڭ تۈگمىنىگە بىرىپ باقتىڭمۇ؟ ئالامەت ياسىۋەتـ-
تى، شەمشىكاملارمۇ شۇ يەردىغۇ دەيمەن؟
يارمۇھەممەدنىڭ گىپىنى ئاڭلاپ ئىلەك تۇرالمايلا قالدى.
«شەمشىلەر قارتا ئوينىغىلى كەپتۇ ـ دە، ئاۋۇ تازىنىڭ مېنى ھايت
دەۋالمىغىنىنى قارا... توختا، بىرىپ باقايچۇ؟...» ئىلەك ئەمدى
ھېچنېمىگە قارىماستىن تۈگمەنگە قاراپ ئالدىراپ ماڭدى. ئۇنىڭـ-
دىن قۇتۇلغىنىغا خۇش بولغان ئۇستام:
— ھاجىمنىڭمۇ ئالامەت تۇغقىنى بار ئىكەندە، ئامان بولساق
بۇ يۆگمەچ بىلەن بۇ يەردە خېلى ئويۇن قويۇپ باقىمىزغۇ، —
دېدى يارمۇھەممەدكە.
ئىلەك خۇددى بازارغا كەچ قالغان مەدىكاردەك تۈگمەنگە
يېتىپ كەلگەندە مەسۇم تاران يالغۇز ئۆزى تۈگمەننىڭ ئالدىنى
تازىلاپ سۇپۇرۇۋاتاتتى. زۇنۇن ھاجىمنىڭ ئۆتكەنكى گېپىدىن
كېيىن يارمۇھەممەد ياغاچچى، تامچىلارنى باشلاپ كېلىپ ھەممىـ-
نى يېڭىدىن ياساتقۇزدى، تۈگمەنگە يانداپ چوڭ بىر ئېغىز ئۆينى
سېلىپ، ئۇنىڭ تېمىغا بۇ تۈگمەننىڭ تارىخىنى يېزىپ چاپلاتتى،
يەنە بىر تامغا بۇ يەردە ئىلگىرى بولغان تۈگمەنلەرنى تونۇشتۇرۇپ
يازدى، تۈگمەنگە كېلىدىغان يولنى ياساپ شېغىل ياتقۇزدى،
شۇنىڭ بىلەن بۇ يەرنىڭ قىياپىتى تۈپتىن ئۆزگىرىپ كەتتى.

مەسۇم تاران تۇگمەننىڭ قەدىر تاپقىنىنى كۆرۈپ ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال ئىدى. ئۇ شۇڭا تىنىم تاپماي ھەممە يەرنى رەتلەپ تازىلاپ تۇراتتى. ئۇ ھاسىراپ يېتىپ كەلگەن ئىلەكنى كۆرۈپ: «بۇ يەنە نېمە شۇم خەۋەر ئەكەلگەندۇ؟» دەپ جىددىيلەشتى.

— ھە، ئالدىراپ نەگە ماڭدىڭ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

ئىلەك تۇگمەنگە بويۇنداپ قاراۋېتىپ:

— شەمشىلەر كەلمىدىمۇ؟ — دېدى.

— ئۇلار بۇ يەردە نېمىش قىلىدۇ؟

— ئۇلارنى قارتا ئويىنغىلى كەتتى دېگەنتا؟… يارى دېگەن ھارامزادە مېنى ئالداپتۇ ـ دە، خەپ؟…

— قارتىنى سېغىنىپ قاپسەندە ـ ھە؟

— ئۇزۇن بولدى ئوينىمىدۇق، سەنمۇ تۇگمەنگە چىقىپ يېتىۋالدىڭ.

— ھازىر قارتا ئوينايدىغان نەدە چولا.

— شۇ ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئىلەك بېشىنى چايقاپ، — ھازىر بۇ ئىشلارنىڭ ئالدىراشلىقى، زۇنۇن ھاجىم ئۇنىمىسام ئىشلەپ بەرسەڭ دەپ يالۋۇرۇپ تازا بىر ئىشقا تىقىپ قويدى دېگىنە، ھەممىگە كۆز ـ قۇلاق بولۇپ تۇرمىساڭ بولمىغان، ياق دەي دېسەم تۇغقان ئادەم…

«پاھ، مۇنۇ شۇمەك ئەمدى زەي سالماي ئاتىدىغان بوپتۇغۇ، سېنىمۇ سۆزلىتىۋاتقان ئادەم ئاشۇ ھاجىمدە، توۋا… خۇدايىم… ‹قارىغۇنى كۆزدىن ئايرىسىمۇ ھاسىسىدىن ئايرىماپتۇ› دېگەن راست ئىكەن، نەچچە زاماندىن بۇنى تەشكىل بېقىپ كەلدى. بۈگۈنگە كېلىپ زۇنۇن ھاجىمدەك باي تۇغقىنى چىقىپ قالدى. ئۇنىڭ قاچانلا بولسا ئامىتى كېلىپلا تۇرىدۇ دېسە؟…»

— سېلىپ بەرگەن ئۆيىنىڭ بولسىمۇ يۈزىنى قىلارسەن؟ — دېدى مەسۇم تاران.

— ساڭا مۇنۇ تۇگمەننىمۇ ياساپ بەردىغۇ، ئاڭلىسام ئىككى مىڭدىن ئوشۇق خەجلىدى دەمدۇ نىمە؟

— تۇغقىنىڭ ساڭا باققاندا ئىنساپلىق ئادەم ئىكەن، سەن مۇشۇ تۇگمەننىڭ ئۇننى يەپ تۇرۇپ كۇپۇرلۇق قىلغانتىڭ، ھېلىقى چاغدا قويۇپ بەرگەن بولسام تۇزلىۋېتەتتىڭلار ـ ھە؟

— ئۇ ۋاقىتتىكى سىياسەت شۇ ـ دە؟ — دېدى ئىلەك ھىجىيىپ، — شۇ چاغدا مەن ئۇ ئىنقىلابچىلارغا تەربىيە بېرىپ قايتۇرۇپ كەتتىم، بولمىسا ئۇلارنىڭ پەيلى يامان ئىدى جۇمۇ!

«ھازىر شۇنداق دەيسەن ـ دە! بالىلارنىڭ ئالدىغا چىقىۋېلىپ شوئارنى توۋلىغان سەن ئىدىڭغۇ؟...» مەسۇم تاران ئاچچىق كۈلۈپلا قويدى، ئىلەك بولسا مەسۇمنىڭ مەدەنىيەت ئىنقىلابى ۋاقتىدىكى ئىشلارنى يۈزىگە سېلىشىدىن ئەنسىرەپ گەپنى يۆتكىدى:

— زۇنۇن ھاجىم تۇگمەننى ياسىتىپ قويدۇم دەۋاتاتتى، مۇشۇنى كۆرگۈدەكمۇ چولا بولماي كەتتى، كۆرۈپ باقايچۇ؟ — دېدى ـ دە، تۇگمەننىڭ ئىچىگە قاراپ ماڭدى. مەسۇم تاران ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى. ئىلەك تۇگمەننىڭ ئىچىگە كىرىپ ھەيران قالدى. ئۇ يەردىكى ھەممە سايمانلار يېڭىلانغان، ئازادە، رەتلىك ئىدى.

— پاھ، قالتىس بولۇپ كېتىپتۇغۇ؟ — دېدى ئۇ خامچىنىڭ ياغىچىنى تۇتۇپ كۆرۈپ، — يېڭىدىن ياساپتۇدە، مانا قارا، قارىغاينىڭ تاختىيى ئوخشىمامدۇ؟ تازىمۇ چوڭ ئىكەنا؟ بۇنىڭغا ئىككى مىشكاپ ئۇن چەتتىن پاتقۇدەك جۇمۇ!

ئۇنىڭ كەينىدە تۇرغان مەسۇم تاراننىڭ بۇرنىغا «گوپپىدە» ئېچىپ كەتكەن سېسىق پۇراق ئۇرۇلۇپ كۆڭلى ئېلىشىپ كەتتى. ئىلەك بولسا ھېچ ئىش بولمىغاندەك ھەدەپ تۇگمەننىڭ جابدۇقلىرىنى ماختاۋاتاتتى.

— ماۋۇ ئۆيىنىمۇ يېڭىدىن سېلىپ بېرىپتۇ ـ ھە؟ — دېدى

ئۇ ياندىكى ئۆيگە قاراپ، — كۆرۈپ باقايچۇ، قانداق سالدىكىن؟

— بولدى، ئۇنى كۆرمەيلا قويغىنا، — دېدى مەسۇم تاران بۇرنىنى تۇسۇپ.

— نېمە بولدى؟

— ئۇنى كۆرسەڭ چىچىۋېتىدىغان ئوخشايسەن.

مەسۇمنىڭ گېپىگە ئىلەك ئۆزىمۇ كۈلۈۋەتتى.

ئۇلار ئىشىكنىڭ ئالدىغا چىقىپ تۇرۇشىغا، شەمشى بىلەن جەپە پەيدا بولدى. ئىككىسىنى كۆرۈپ ئىلەك يايراپ كەتتى.

— ئىككىڭلار نەدە يۈرۈيسەن؟ — دەپ سورىدى ئىلەك.

— ۋاھ، سېنى بىرى سوراقچى قويدىمۇ؟ — دېدى شەمشى مەنسىتمەي، — دەرۋازىنى باقماي ئۆزۈڭ بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرۈيسەن؟

— زۇنۇن ھاجىم: «تۇگمەننى ياسىدۇق، بېرىپ كۆرۈپ باققىن، بوپتۇمۇ؟» دېگەنىدى، شۇنىڭغا كەلدىم.

— قانداق بوپتۇمۇ؟

— مەن بىر ئىشقا ئەقلىم يەتمىدى، — دېدى ئىلەك گەدىنىنى تاتىلاپ قويۇپ، — ھاجىم بۇ كونا تۇگمەننى ياساپ نېمە قىلىدىغاندۇ؟

— سەن بىلەن بىزنىڭ ئەقلىمىز يەتكەن بولسا ھازىرقىدەك كۆك نامرات بولۇپ كەتمىگەن بولاتتۇق، — دېدى شەمشى خۇرسىنىپ قويۇپ، — زۇنۇن ھاجىم ئۆتكەندە نېمە دېدى: بۇلاقسايلىقلار سىلەر تاپىنىڭلارنىڭ ئاستىدىكى پۇلنى كۆرمەي يۈرۈپسىلەر دېگەنتى... ھازىر ئويلاپ باقساق راست ئىكەن، باشقىسىنى قويۇپ مۇشۇ جىلغىنىڭ ئىچىدىكى قارىقات، تاڭقوراي دەمسەن، ياۋا ئالما دەمسەن، نەچچە زاماندىن ئۇنى ئاياللار ئاز - تولا تېرىپ مۇراببا قايناتمىسا مال يەپ سېسىپ تۈگەيتتى. ئۆتكەن شەنبە بازارغا كىرگەنىدىم، بازاردا قارىقاتنىڭ مۇراببasىنى سېتىۋېتىپتۇ، قىزىقىپ سورىسام، قانچە دەيدۇ دېمەمسەن؟ بىر قۇتىسىنى

ئون ئىككى سوم دەيدۇ... بىزنىڭ جىلغىدىكى قارىقاتلارنى يىغساق نەچچە مىڭ قوتا ياسىغۇدەكمىز، دەپ قالدىم، ئۇنىڭغا ھېچقانچە دەسمايە كەتمەيدىكەنغۇ؟...

— بــاياتىن يارى دەيــدۇ، — دېــدى جەپە سۆز قىستۇ-رۇپ، — زۇنۇن ھاجىم سەلىمەلەر بىلەن بىرلىشىپ مۇرابىا ئىشلەيدىغان بىر زاۋۇت قۇرىدىغان بولۇۋاتىدۇ دەيدۇ...

— ئۇ ئىشنى ھاجىم ماڭا دېگەنىدى، — دېدى ئىلەك ئالدىراپ، — مەن «بوپتۇ، قۇرۇڭ!» دېگەنىدىم...

— پاھ، — دېدى شەمشى كۈلۈپ، — ھاجىم سېنى مەسلى-ھەتچى قىلىپتۇ - دە؟ سەن ئۇنىڭغا ئەقىل ئۆگەتسەڭ زاۋۇت زىيانغا ياتارمىكىن؟

— قۇرۇق شۇمەك بولۇپ قالىدۇ دېگىنە، — دېدى مەسۇم تاران...

— مــەن تېخى قــارىقــاتچىلىق قىلىپ باقايمىكىن دېگەنىد-دىم، — دېدى شەمشى.

— سەنغۇ ئۇنى بىلەرسەن، — دېدى مەسۇم تاران چاقچاق قىلىپ، — جەپە قارىقاتنى بىلەرمۇ؟ قارىقات دەپ ئىت ئۈزۈمنى تېرىپ كەلمىسە بولاتتىنغۇ؟

— مەنغۇ قاراپ بىر ئىش قىلارمەن، — دېدى جەپە، — بۇنىڭغا شەمشى ئارىلىشىپ يامان قىلدى، بۇنىڭ قولى تەگكەن يەر قۇرۇپلا كېتىدۇ دېگىنە.

— قارىقاتنى مۇز سوغۇق دەمدۇ نېمە؟

— دائىم يەپ بەرسە تازلارغا چاچ چىقىرىدىكەن.

— كۆزنىمۇ روشەن قىلىدۇ دەمدۇ نېمە؟

— ساڭا ئوخشاش شۇمەكتەك بولۇپ قالغانلارغا «ئەت قوندۇرىدۇ» دەيدۇ.

ئۇلار بىردەم بىر - بىرىنى ئوخشىتىپ چاقچاق قىلىشتى، ئاندىن شەمشى يانچۇقىدىن يىپىپېڭى قارتىنى چىقىرىۋىدى، ئىلەك-

نىڭ كۆزلىرى ئويناپ كەتتى.

— پەيزىلىڭ بارغۇ، شەمشى. كىم بەردى؟ — دەپ سورىدى.

— كىم بېرەتتى، قارىقات سېتىپ ئالدىم.

— هال - كۇنۇڭ ياخشى بولۇپ قاپتۇ جۇمۇ!

— ئۇزاق بوپتۇ، خۇماردىن چىققۇدەك ئويىنماپتۇق. بۇگۈن بىر ئوينايلى. ئىلەك، سەن بېرىپ دەرۋازاڭنى باقامسەن؟

— دەرۋازا هېچ يەرگە كەتمەيدۇ، ئەكەلگىنە مەن شىلاي؟

كونا ئۇلپەتلەر مەسۇم تاراننىڭ ئۆيىگە كىردى - دە، ئويۇننى باشلىۋەتتى.

## 30

بۈگۈن بۇلاقسايىنىڭ يېڭى مەكتەپ هويلىسى بايرام تەنتەنىسىگە چۆمگەنىدى. پىششىق خىشتىن قاتار قىلىپ سېلىنغان سىنىپلارنىڭ ئۆگزىلىرىگە رەڭگارەڭ بايراقلار قادالغان. قىزىل لاتىلاردىن لوزۇنكىلار ئېسىلغانىدى. مەيداننىڭ ئۇدۇلىدىكى ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانىسىنىڭ ئالدىغا بىر قاتار ئۇستەل - ئورۇندۇقلار قويۇلغان بولۇپ، ئۇستەلنىڭ ئالدىدىكى يەرگە پىچىتى بۇزۇلمىغان تېلېۋىزورلار رەتلىك قىلىپ تىزىپ قويۇلغانىدى.

مەيدان ئادەملەر بىلەن تولدى، مەيداندا چوڭلاردىنمۇ تولا ئۇششاق باللار جىق ئىدى. ئۇزاق يىللاردىن بۇيان بۇلاقسايدا بۇنچىلىك چوڭ يىغىلىش بولۇپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىلەك تۇنۇگۈن ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ: «ناهىيىدىن جىق تېلېۋىزور بېرىپتۇ، بىكارغا تارقىتىدىكەن» دەپ خەۋەر قىلىۋەتكەچكە بىر-مۇنچە ئادەملەر «بىز گىمۇ تېگىپ قالار» دېگەن ئۈمىدتە كەلگەنىدى. توپنىڭ ئەڭ ئالدىدا ئىلەك تۇراتتى، ئۇ شەمشى بىلەن جەپەنى كۆرۈپ يېنىغا چاقىردى:

— تۇنۇگۈن سەيلىگاهقا شەهەردىن ئىككى ماشىنىدا ئادەم

چىقتى، قارا، — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، — ئۇلارنى كۆرۈپ يارىنىڭ بېشى پىرقىراپلا كەتتى، «قانداق قىلىمىز» دەيدۇ. مەن ئۇنىڭغا «قورقما، ئۇكا، بىر قوللۇق ئۇزىتىۋېتەمىز» دەپ ئۆزۈم ئورۇنلاشتۇرۇۋەتتىم. ئۇلار شەھەرگە يىغىنغا كەلگەنلەر ئىكەن، يىغىننى بىر كۈن ئېچىپلا بۇ ياققا چىقىپتۇ، هازىر يىغىن دېگىنىڭنىمۇ ساياھەت قىلىپ ئاچىدىغان پەدە چىقىپتۇ...

— يىغىن ئاچتىمۇ؟

— نېمە يىغىن؟... ئۆي - ئۆيلەرگە بۆلۈنۈپ ئىچىشكىلى تۇردى، ئۆزلىرىنىڭ سازەندىلىرى بار ئىكەن، ناخشا دېگەننى توۋلاپ ئۇسسۇل دېگەننى چاڭ كەلتۇرۇۋەتتى.

— سەنمۇ ئوينىغانسەن؟

— خويمۇ ئوينىغۇم بار ئىدى، ئەمما يارى: «سەن كىرمە!» دەپ ئۇنىمىدى.

— سەن ئوينىغان بولساڭ مېھمانلار قاچ - قاچ بولاتتى - دە.

— شەھەرنىڭ خوتۇنلىرىمۇ قالتىس ئىكەن جۇمۇ، — دېدى ئىلەك مۇھىم بىر خەۋەرنى دېمەكچىدەك كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، — هاراق دېگەننى سۇدەك ئىچىدىكەن.

— ماڭغىناۋۇي، ئۇسسۇزلۇق ئىچسە شۇنى هاراق دەپسەن‐دە؟

— بوتۇلكىلاردىن قۇيۇپ ئىچىشتى، كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.

— مەست بولۇشتىمۇ؟

— مەست بولمىدى دېسە... بىرى بار ئىكەن، كاساپەت، ئۇسسۇل دېگەننىمۇ ئويناپ قويىدىكەن... بىردەمدىن كېيىن ئۆزى دۇتار چېلىپ ناخشا ئېيتقانىدى، ئاغزىغا قاراپلا قاپتىمەن...

— بىكارغا بىرمۇنچە ئويۇن كۆرۈۋاپسەنده؟ بىزنىمۇ چاقىرىپ قويساڭ بولماتتى؟

— تۈزۈمگە توغرا كەلمەيدۇ... يارى دەيدۇ، كېيىنچە ئۆزد-مىزمۇ سەنئەت قۇرۇپ، كەلگەن مېھمانلارغا ئويۇن قويۇپ بېرد-مىز دەيدۇ...

ئۇلارنىڭ يېنىغا مەسۇم تاران كەلدى.

— كېلە، مەسۇم، — دېدى ئىلەك، — بالدۇرراق كەلسەڭ بولمامتى؟

— نېمە بولدى؟

— بىرەر قول تارتىشىپ تۇراتتۇق دەيمىنا.

— كورت بولۇپ تويماپسەنده ـ ھە؟ — دېدى مەسۇم تاران ئاندىن سەھنىگە قاراپ قويۇپ سورىدى، — نېمىلەر ئۇ؟

— تېلېۋىزور تارقاتقۇدەك، — دېدى ئىلەك چۈشەندۇرۇپ.

شۇ ئارىدا تېيىپ ئۇستەلنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ توۋلىدى:

— كۆپچىلىك، تىنچلىنايلى، — دېدى ئۇ ئۇستەلنى چې-كىپ تۇرۇپ، — ھازىر يىغىننى باشلايمىز... يېقىندا ناھىيىلىك تېلېۋىزىيە ئىدارىسى بىلەن مەدەنىيەت ئىدارىسى بۇلاقسايغا توك-نىڭ ئۇلانغانلىقىنى ئۇقۇپ بىزگە يىگىرمە دانە تېلېۋىزورنى تەقدىم قىلدى. بۈگۈن مۇشۇ تېلېۋىزورلارنى تارقىتىپ بەرمەك-چىمىز، ئاۋۋال ئىسراپىل سىلەرگە بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلىدۇ...

ئىسراپىل ئورنىدىن تۇرۇپ كۆپچىلىككە قاراپ قويۇپ سۆ-زىنى باشلىدى:

— بۈگۈن بۇلاقسايلىقلار ئۈچۈن خاسىيەتلىك بىر كۈن بولدى. ھەرقايسىڭلار كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، بىز ناھىيىنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى بىلەن مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشنى پۈتكۈ-زۈۋالدۇق. بىزنىڭ باللىرىمىز ئەمدى خېيىمخەتەرسىز، زامانغا لايىق سىنىپلاردا ئوقۇيدىغان بولدى. بۇ بۇلاقسايدىكى يەنە بىر يېڭىلىق. بۇ ئىككى يىلدىن بۇيان بۇلاقسايدا جىق ئۆزگىرىشلەر بولدى، ناھىيىنىڭ ياردىمى بىلەن توكنى ئەكېلىپ قارا چىراغ-

تىن قۇتۇلدۇق. يولنى ياسىدۇق، يېڭى، زامانىۋى ئۆيلەرگە كۆچۈپ چىقتۇق. ئۆتكەن ھەپتە سەيلىگاھنى رەسمىي ئاچتۇق. بىزنىڭ بىر تۈركۈم ئادەملىرىمىزگە قىلىدىغان ئىش تېپىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، سەلىمە باشلىق ئاياللار مۇرابىبا ئىشلەپ كىرىم يولىنى ئاچتى. دېمەك، بولاقسايلىقلار ئەمدى ئويغاندى، تۇرمۇ-شىنى ياخشىلاش يولىغا قەدەم قويدى. بىز ئەگەر تىرىشىپ ئىش-لەيدىغان، ئەقىل - پاراسىتىمىزنى ئىشقا سالىدىغانلا بولساق، ئۇزاققا قالمايلا نامرات دېگەن قالپاقنى چۆرۈپ تاشلىۋېتەلەي-مىز... بۈگۈن ناھىيىلىك تېلېۋىزىيە ئىدارىسى بىلەن مەدەنىيەت ئىدارىسى بولاقسايلىقلارغا ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلىپ يىگىرمە تېلېۋىزورنى تەقدىم قىلدى. بىز ئىلگىرى توك بولمىغاچقا تېلې-ۋىزورنى كۆرەلمىگەنىدۇق. ھازىر بۇ شارائىتىمىز بولدى، ھازىر جەمئىيەت ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. بىز مۇشۇ تېلېۋى-زورلاردىن جىق بىلىملەرنى، ئۇچۇرلارنى ئۆگىنىمىز، مەن كۆپ-چىلىكنىڭ قارتىنى قويۇپ، تېلېۋىزورنى كۆپرەك كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئاخىرىدا بولاقسايلىقلارغا ۋاكالىتەن بۇ ئورۇن-لارغا چىن كۆڭلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمەن...

ئىسراپىلنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن، تېيىپ ئورنىدىن تۇردى:

— تېلېۋىزور ھەممە ئادەمگە يەتمەيدۇ، — دېدى ئۇ ئەھۋال-نى چۈشەندۈرۈپ، — بىز قايتا - قايتا مۇزاكىرە قىلىش ئارقى-لىق، بىرى، قىيىنچىلىقى ئېغىر ئائىلىلەرگە، يەنە بىرى، ئەتىيازدىكى يامغۇردا ئۆيى ئۆرۈلۈپ كەتكەن ئائىلىلەرنى ئاساس قىلىپ تەقسىم قىلدۇق. ھازىر مەن ئىسمىنى ئوقۇيمەن، ئىسمى چىققانلار ئالدىغا چىقسا بولىدۇ.

ئۇ قولىدىكى قەغەزنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئوقۇدى:

— شەمشى!

شەمشى چۆچۈگەندەك بولۇپ بېشىنى كۆتۈردى.

— بىشىڭغا ئامەت قوندى، — دېدى جەپە ئۇنى نوقۇپ، — ماڭ، يوگور!

— جەپە!...

— سەن ئۇنى قانداق كۆرەرسەن؟ — دېدى كىمدۇر بىرى.

— جەپەگە يېرىمىنى كېسىپ بەرسە بولىدۇ...

يەنە بىرقانچە ئىسىملار چاقىرىلدى. ھەممىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان ئىلەك: «تېيىپنى ئاڭلىسۇن» دېگەندەك يۆتىلىپ قويدى. لېكىن، تېيىپ ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماستىن باشقىلارنىڭ ئېتىنى چاقىرىۋاتاتتى. ئىلەك ئاخىرى چىدىماستىن توۋلىدى:

— ھەي، تېيىپ! مېنى ئۇنتۇپ قالمىغانسەن؟

تېيىپ ئۇنىڭغا قاراپ چىرايىنى ئۆزگەرتمەستىن:

— ساڭا بۇ قېتىم يېتىشمەيدۇ، — دېدى.

— نېمىدەپ ماڭا بەرمەيسىلەر؟

— ھېلىمۇ ئازاد بولغاندىن بۇيان ھۆكۈمەت ساڭا بېرىپلىۋاتىدۇ، ئەمدى بۇ قېتىم باشقىلارمۇ ئالسۇن.

ئىلەكنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

— ھەي تېيىپ! — دېدى ئۇ تىترەپ تۇرۇپ، — مەن دېگەن ھۆكۈمەتنىڭ دەپتىرىدە بار ئادەم، بىلىپ قوي، ئۇستۇڭدىن ئەرز قىلىمەن جۇمۇ! ئۆي سېلىپ بېرىڭلار دېسەم ئۇنىڭغا ياردەم قىلمىدىڭلار، يۇقىرىدىن ئاپەتكە دەپ بەرگەن كىيىم - كېچەكتىنمۇ تۇزۇك بىرنېمە بەرمىدىڭ، ھەممىنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويدۇم جۇمۇ!

— ئۇچ يوتقاننى ئالدىڭغۇ؟

— يوتقان بولامدۇ ئۇ نېمەڭ، پاختىسى نېپىز ئىكەن.

ئەتراپتا تۇرغانلار ئۇنىڭغا چاقچاق قىلغىلى تۇردى.

— ئىلەكنىڭ ھازىر ئوقۇرى ئېگىز بولۇپ قالدى، ئۇنداق - مۇنداقنى ياراتمايدۇ.

— باي تۇغقىنىنى تېپىۋالدى - دە، مامۇقتىن يوتقان ئەكې-

لىپ بەردى دەيدىغۇ؟...

— تېلېۋىزورنى نېمە قىلىسەنۋي، قاسىم ئۇ دۇنياغا ئەكە-تەرمىكىن؟

— ئىلەكمۇ بوش كەلمەيدۇ، ئۇ دۇنيانىڭ يولىنى بىلىۋال-دى، ئۇ ياقتىنمۇ قۇتقۇزۇش بېرەمدىكەن؟

ئىلەك تەرەپ - تەرەپتىن يېغىۋاتقان چاقچاقلارغا ئېرەنمۇ قىلمىدى. ئۇنىڭ كۆزى ئىسرائېل بىلەن تېيىپتا ئىدى. ئىسرا-پىل تېيىپنىڭ قۇلىقىغا بىرنېمە دەپ پىچىرلىغانىدى، تېيىپ قوپۇپ كۆپچىلىكنى تەرتىپكە چاقىردى:

— بۇ قېتىم ئەسلىدە ئىلەككە تېلېۋىزور بېرىلمەيتتى، لېكىن ھەممىڭلار بىلىسىلەر، زۇنۇن ھاجىم بۇلاقسايغا چوڭ ئىلتىپات قىلىۋاتىدۇ ھەم بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بىزگە ياردەم قىلى-دىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ. شۇڭا شۇ ئادەمنىڭ يۈزىنى قىلىپ تېلېۋىزور بېرەيلى دېدۇق. لېكىن، ئىلەك، بۇ ئاخىرقى-سى جۇمۇ! ... بۇنىمۇ بالىلىرىڭ ئويۇنچۇق قىلىپ ئوينىماس -ھە؟ ! ...

ئىلەكنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. ئۇ قوپۇپ ئالدىغا مېڭىپ تۇراتتى، توپ ئىچىدىن بىرەيلەننىڭ قوپال ۋارقىرىغان ئۇنى ئاڭلاندى:

— ماڭچۇ؟ ...

ھەممەيلەن ئاۋاز چىققان تەرەپكە بۇرۇلدى. رېھىم شاھ قاپىقىنى تۈرگەن ھالدا سەھنىدىكىلەرگە يەۋەتكۇدەك قاراپ تۇراتتى.

رېھىم شاھ ئۆيىگە ئوت كەتكەندىن كېيىن بىر مەزگىل ئېلىشىپ قالغاندەك بولۇپ يۈردى. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندە بىر بولسا ئىسرائېلنىڭ ياتىقىنىڭ ئالدىدا ئولتۇراتتى، ئىسرائېل بولماي قالسا تېيىپنىڭ ئالدىنى توسۇپ ماڭدۇرمايتتى. ئۇنىڭ دەيدىغىنى بىرلا گەپ ئىدى:

— مال ـ دۇنيايىمنى تۆلەپ بەرمىسەڭلار كۆچمەيمەن، ئۇستۇڭلاردىن مەركەزگىچە ئەرز قىلىمەن...

ئىسرائىل بىلەن تېيىپ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ هاردى، ئاخىرى ئۇلار «رېھىم شاھ كېلىشۋاتىدۇ» دېسە قاچىدىغان بولۇشتى. زۇنۇن هاجىم ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئۇققاندىن كېيىن ئىسرائىل بىلەن تېيىپقا ئۇنىڭغا تەشكىلدىن ئۆي سېلىپ بېرىشنى، ئۆيىنىڭ ھەممە چىقىمىنى ئۇ ئۇستىگە ئالىدىغانلىقىنى دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى مىڭ تەسلىكتە يېڭى ئۆيگە كۆچۈرۈپ قويدى. ئەمما، رېھىم شاھ رازى بولمىدى.

— مېنىڭ ئۆيۈم بەش ئېغىز تۇرسا، نېمىدەپ ئۈچ ئېغىز بېرىدىكەن، — دەيتتى ئۇ ئۇنىماي. ئۇ مال، قوتان، لاپاسىنىمۇ ئۆيگە ھېساب قىلدى. ئۆيدىكى كىگىز ـ كىچەكلەرگىچە پۇلغا سۇندۇرۇپ جىقلا بىرنېمىنى تەلەپ قىلاتتى. ئۇنىڭ دەۋاسىنى كەنتتىكىلەر تىڭشىمىغاندىن كېيىن ئۇ يېزىغا، ئاندىن ناھىيىگە باردى. ناھىيىدىكىلەرمۇ ئۇنىڭدىن زېرىكتى. ئەمما، رېھىم شاھ ئەرزدىن توختىمىدى. ئۇ ھەپتىدە بىر قېتىم ناھىيىگە باراتتى ۋە يولدا ئۇچراشقانلا تونۇشلارغا تارتقان زىيانلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى. زىبا دادىسىنىڭ قىلىقلىرىدىن نومۇس قىلىپ نەچچە قاتار سوقۇشتى، لېكىن رېھىم شاھ ئەرزدىن توختىمىدى، ئۇ نەچچە كۈندىن بۇيان بۇلاقسايدا كۆرۈنمىگەنتى، ئۇنىڭ تۇيۇقسىزلا پەيدا بولۇشى بۇلاقسايلىقلارنى ھەيران قالدۇردى. رېھىم شاھ تۇرغانلارنى ئۇياق ـ بۇياققا ئىتتىرىپ ئالدىغا ئۆتتى:

— ماڭچۇ؟ — دېدى ئۇ تەكرارلاپ ۋە قولى بىلەن ئىلەكنى كۆرسىتىپ توۋلىدى، — ئىلەككە بېرىپ ماڭا بەرمەمسىلەر؟

ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئىلەكنىڭ جان ـ پېنى چىقتى.

— ھوي چورۇق! — دېدى ئىلەك ئۇنىڭغا قاراپ ئاچچىقى بىلەن، — ئۆيۈڭگە مەن ئوت قويدۇممۇ، نېمە مېنى چىشلەيسەن؟

— ساڭا نېمىدەپ بېرىدۇ؟

— بېرىدۇ قانداق؟ ئەمدى ئۆيۈڭدىن ئېشىپ ئىچىڭگە ئوت كېتىۋاتامدۇ؟ ساڭا ئوخشاش پىخسىقنى خۇدايىم شۇنداق جۆندەيدۇ.

— ماڭا بەرمىسەڭلار ئەرز قىلىمەن.

— ئەرز قىل، ئەمدى سەن ئەرز قىلمىغان مۇشۇ تېلېۋىزور قالدى...

شەمشى يېنىدا تۇرغان مەسۇم تارانغا دېدى:

— بۇرۇن قۇتقۇزۇش يەيدىغان بىر ئىلەك ئىدى. ئەمدى بۇنىڭغا ماۋۇ چورۇق قېتىلدىمۇ نېمە؟

— بۇ ئۆمرى دۇنياغا تويماي ئۆتىدىغان بولدى ـ دە؟ — دېدى مەسۇم تاران بېشىنى چايقاپ.

— ئاڭلىسام، بانكىدا يۈز مىڭدىن ئوشۇق پۇلى بار دەيدۇ بۇنىڭ، شۇ پۇللىرىنى نېمە قىلىدىغاندۇ؟

— گۆرىگە ئەكەتمەمدۇ؟

— پۇلىغىمۇ بىر ئوت كەتكەن بولسىمۇ بۇ ئىمانسىزنىڭ، — دېدى شەمشى، — ناسىر ئىمامغا نېمە دېگىنىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟

— ياق، نېمە دەپتۇ؟

— ناسىر ئىمام يېڭى مەھەللىگە مەسچىت سالماقچىمىز، ھەممەيلەن قول ئىلكىدە بارىنى بېرىۋاتىدۇ، سەن باي بولغاندىن كېيىن ئاتىغىنىڭ باردۇ دېسە، مەسچىت ماڭا نېمە قىلىپ بەردى، مەسچىتىڭگىمۇ كىرمەيمەن، دەپتۇ.

— ئىمانىنىمۇ يوقىتىپتۇغۇ بۇ.

— بۇ ياخشى كۈن كۆرمەيدۇ جۇمۇ!... سىنىڭ ئىتىڭ چىقمايدىغۇ؟

— مەن نېمە قىلىمەن ئۇنى؟ — دېدى مەسۇم تاران بېشىنى چايقاپ.

— نېمىشقا؟ تۇرغان ئۇرۇمچىدىن ئەكەلدىمۇ ـ يە؟
— تۇرغان ئۆزىنىڭ جېنىنى ئاران ئەكەلدى...
شۇ ئارىدا تېيىپ مەسۇم تارانىنىڭ ئېتىنى چاقىردى.
— بار، مەسۇم! — دېدى شەمشى ئۇنى نوقۇپ، — سېنىڭ ئېتىڭنى چاقىرىۋاتىدۇ.
مەسۇم تاران ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ سەھنىنىڭ ئالدىغا باردى.
— ماۋۇ يەرگە قولۇڭنى قويغىن! — دېدى تېيىپ قەغەزنى كۆرسىتىپ.
لېكىن، مەسۇم تاران قولىنى قويماستىن تۇرۇپ كېتىپ، تېيىپ بىلەن ئىسراپىلغا قاراپ بېشىنى چايقىدى:
— مەن كېيىنچە ئېلىۋالارمەن، بۇنى باشقىلارغا بېرىڭلار، — دېدى.
— مەسۇمكا، ياراتمايۋاتامسەن؟ — دېدى تېيىپ ھەيران بولۇپ.
— ياق، ئەمدى...
— مەسۇمكا، ئۇنداق دېمە، — دېدى تېيىپ، — بۇ قېتىم بۇ ئىئانىنى ئۆيۋاقى ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنى ئاساس قىلىپ بېرىۋاتىمىز، سەن ھەممەيلەندىن جىق زىيان تارتقان ئادەم، جىق نېمەڭدىن ئايرىلدىڭ، شۇڭا سەن ئالمىساڭ بولمايدۇ.
— مەنمۇ ئاپەتكە ئۇچرىدىمغۇ؟ — دېدى رېھىم شاھ يەنە، — مېنىڭ تارتقان زىيىنىم ئازمۇ؟
— ساڭا تۆلەم تۆلەپ ئۆي سېلىپ بەردىغۇ؟ — دېدى تېيىپ.
— زىيانغا چىقىشمايدۇ...
— ھەي رېھىمكا! — دېدى تېيىپ چىدىماي تېرىكتى، — ئىنساپ قىلغىن جۇمۇ، كۆيگەن بولسا سېنىق مەڭگىنىڭ كۆيدى، يىغىپ كەلسە مىڭ تەڭگىگە يارىمايدۇ، شۇنىڭ ئېزىغا

پىششىق خىشتىن ئۆچ ئېغىزلىق ئۆينى سېلىپ بەردى، يەنە نېمە كۆكەرمىلىك قىلىسەن؟

— سىلەر كەم باھالىدىڭلار، — دېدى ئۇ تۇكۇرۇكىنى چاچرىتىپ تۇرۇپ، — مەن ئەرز قىلىمەن.

— ئەمىسە نەگە بېرىپ ئەرز قىلساڭ قىل!

— ماڭا تېلېفونۇر بېرىسىلەر!

— بەرمەيمىز!

رېھىم شاھ بىردەم گۆلىيىپ تۇرۇپ كەتتى - دە، كەينىگە بۇرۇلۇپ «لوك - لوك» دەسسەپ چوڭ يولغا چۈشۈپ ماڭدى. ئۇ كېتىۋېتىپ ساق قولىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ بىرنېمىلەرنى دەيتتى.

مەسۇم تاران ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇرۇپ يېنىدىكى شەمشىگە دېدى:

— بۇ تۇرقىدا ناھىيىگە ئەرزگە ماڭدىمۇ نېمە؟

— ئەمدى ئۇنى رېھىم دەۋاگەر دېسەك بولغۇدەك.

ئەتراپتىكىلەر ماقۇللىغاندەك كۈلۈشتى...

## 31

تۇرغاننىڭ بۇلاقسايغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى يارمۇھەممەدتىن ئاڭلىغان مەسۇم تاران ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي تۇرۇپ كەتتى. شەرۋاننىڭ ۋاپاتى، ئوغلىنىڭ ئىز - دېرەكسىز يوقىلىشى، ئۇستى - ئۇستىلەپ كەلگەن دەرد - ئەلەملەردىن ئۇ ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قويايلا دېگەنىدى. قېرىغاندا يولۇققان بۇ قىسمەتلەر ئۇنى ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزدۈردى. بۇنى ئاز دەپ پەرىدە يارمۇھەممەد بىلەن قېچىپ كېتىپ ئۇنىڭ يۈزىنى تۆكتى. ئۇ كېچىلىرى بەزىدە شۇلارنى خىيال قىلىپ ھەسرەت بىلەن ئۇنىسىز ياش تۆكەتتى: «ھەي خۇدا! — دەيتتى ئۇ نالە قىلىپ، — مەن

سىنىڭ ئالدىڭدا نېمە گۇناھ قىلدىم، چوڭ بولۇپ ھازىرغىچە پەرزلىرىڭنى قازا قىلماي ئادا قىلىپ كەلدىم. كىشىنىڭ ھەققىگە كۆز سالمىدىم، گۇناھدىن يىراق يۈرۈپ كەلدىم. يەنە نېمىدەپ ماڭا مۇشۇ كۈلپەتلەرنى سېلىۋاتىسەن؟... بۇنداق كۈننى كۆرسەتـكۈچە ئامانىتىڭنى ئالساڭ بوپتىكەن...» لېكىن ئۇ قانچە زارلاپ تىلىسىمۇ ئەجەل ئۇنىڭغا كەلمىدى، يارمۇھەممەد بىلەن پەرىدە ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن مەسۇم تارانىنىڭ كۆڭلى يېرىم ئىدى. ئۇ پەرىدەلەر بىلەن بىللە تۇرۇشقا قەتئىي ئۇنىمىدى، ئۇنىڭ يارمۇھەممەدكە بولغان ئاچچىقى يانماي قويدى. شەرۋانىنىڭ يەتتە نەزىرنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ تۈگمەنگە بېرىپ يېتىۋالدى. ئۇنىڭ تەلىيىگە زۇنۇن ھاجىم تۈگمەننى ياساپ بېرىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئۈمىد بېغىشلىدى. ئۇنى چوڭ بىر غەمدىن ئازاد قىلدى. ئۇ ئەمدى ئالدىراش بولۇپ كەتتى. تۈگمەننىڭ باشقىدىن ماڭغانلىقىنى ئاڭلىغان تاغدىكى چارۋىچىلار ئارىلاپ ئۇنىڭغا قوناقلارنى ئەكېلىپ يارما قىلدۇرۇپ ئەكېتەتتى. تۈگمەن ئۇنىنى سېغىنغان بۇلاقسايلىقلارمۇ بۇغداي، قوناقلىرىنى ئەكېلىپ تارتقۇزۇپ كېتەتتى. تۈگمەن ئۇنىڭ ھاياتىدىكى بىردىنبىر تەسەللى تاپىدىغان ئەمگىكى بولدى...

يارمۇھەممەد تۇرغانىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ كەلگەندە ئۇ تۈگمەندە خامىنى سۈپۈرۈپ تازىلاۋاتاتتى. يارمۇھەممەدنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۇ بىردەم تېڭىرقاپ تۇرۇپ كەتتى. «خاتا ئاڭلىدىمۇ؟» دېگەندەك ياندۇرۇپ سورىدى. يارمۇھەممەد ئۇنىڭغا تۇرغان بىلەن قانداق ئۇچراشقانلىقىنى دەپ بەرگەندىن كېيىن ئۇ جىددىيلىشىپ كەتتى.

— تۇرغان ئۆزى قېنى؟ — دېدى ئۇ ئىشىككە قاراپ.

— بىزنىڭ ئۆيدە.

مەسۇم تاران قىلىۋاتقان ئىشىنى تاشلاپ تۈگمەنگە قۇلۇپ سالدى ـ دە، ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدى. ئۇ شۇنچىلىك تېز ماڭاتتى-

كى، يارمۇھەممەد ئۇنىڭغا يېتىشەلمەي قالدى. ئۆيگە يېقىن كەل-
گەندە ئۇ توختاپ:
— تۇرغان ئاپىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىنى ئۇقتۇمۇ؟ — دەپ
سورىدى.
— مەن يولدا كەلگۈچە دېمىگەنتىم، پەرىدە يىغا - زارە
قىلىپ ئېيتىپ قويدى.
مەسۇم تاران خۇرسىنىپ قويدى - دە، گەپ قىلماستىن
ئۆيگە كىردى. بۇ چاغدا يىغىدىن كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن
تۇرغان پەرىدە بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى، مەسۇم تاران ئوغ-
لىنى كۆرۈپ پۇت - قولى بوشىشىپ ئۆزىنى ئۇنىڭغا ئاتتى:
— تۇرغان!… جېنىم بالام!…
— دادا!… — دېدى تۇرغان ئۇنى قۇچاقلىغىنىچە ۋە ھۆڭ-
رەك ئېيتىپ يىغلىۋەتتى.
دادا - بالا بىرھازاغىچە يىغا - زار قىلىشتى. يارمۇھەممەد
ئۇلارغا كۆڭۈل ئېيتىپ ئاران پەس قىلدى.
— دادا، — دەيتتى يارمۇھەممەد ئۇنىڭغا، — كۆڭلۈڭىزنى
بۇزماڭ، مانا ئوغلىڭىزمۇ قايتىپ كەلدى…
مەسۇم تاران بولسا بۇ تاسادىپىيلىقتا تازا ئىشەنمەيۋاتقاندەك
تۇرغاندىن كۆز ئۈزمەي قاراپ ئولتۇراتتى. بۈگۈن ھەممىدىن
پەرىدە بەك خۇش بولدى. ئۇ يۈگۈرۈپ يۇرۇپ چاي تەييارلىدى،
ئاندىن كەينىدىنلا بىر تەخسىدىن لەغمەن ئېتىپ كىردى:
— ئالدىراپلا ئەتتىم، — دېدى ئۇ دادىسى بىلەن تۇرغانغا
تاماقنى قويۇۋېتىپ، — ئارقىدىن ئەتكەنچاي ئېتىپ بېرىمەن،
بولاقسايىنىڭ ئەتكەنچىيىنى سېغىنغانسەن، ئاكا!
— ئۇنى بىردېمە؟… — دېدى تۇرغان بېشىنى چايقاپ.
— خۇرشىدە ئاڭلىدىمۇ؟ — مەسۇم تاران پەرىدەدىن سورى-
دى.
— يارى مەكتەپكە تېلېفون قىلدى، شۇ تاپتا يولدا كېلىۋا-
تامدىكىن!

پەردەنىڭ گىپى تۇگىمەي تۇراتتى، ھويلىدا خۇرشىدەنىڭ چاقىلىدىغان ئۈنى ئاڭلىنىپ، ئىشىكتىن ئوقتەك ئېتىلىپ خۇر-شىدە كىرىپ كەلدى.

— ئاكا!... — دەپ كەلگىنىچە تۇرغانغا ئېسىلدى.

تۇرغان ئۇنىڭغا قاراپ ھەيران بولدى، ئۇ مەھەللىدىن كەت-كەن چاغدا خۇرشىدە كىچىككىنە بالا ئىدى. ھازىر ئۇنىڭ ئالدىغا چوپچوڭلا، رەڭ تۇزىگەن بىر قىز كېلىۋاتاتتى. ئۇ تۇرغانغا سوئاللارنى ياغدۇرۇۋەتتى:

— ئاكا، ئىچكىرى قانداق ئىكەن؟ قايسى شەھەرلەرگە بار-دىڭ، ئايروپىلاندىمۇ ئولتۇردۇڭمۇ؟ ماڭا نېمە ئەكەلدىڭ؟...

— خۇرشىدە! — پەردە ئۇنىڭغا قاراپ شەرەت قىلدى، — ئاكام تامىقىنى يەۋالسۇن، سەن چىقىپ قولۇڭنى يۇيۇپ كەلگىن!

— قولۇم پاكىز...

— يۇرە، ماڭا ئاش پىشۇرۇپ بەر!

خۇرشىدە خۇشياقمىغاندەك چىرايىنى پۈرۈپ قويۇپ، پەرد-دەنىڭ كەينىدىن چايخانىغا چىقىپ كەتتى.

— خۇرشىدە چوڭلا قىز بولۇپ قاپتۇ، — دېدى تۇرغان ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ.

مەسۇم تاران بېشىنى چايقاپ قويدى.

— بوي تارتقىنى بىلەن يەنىلا كىچىك بالا...

بۈگۈن مەسۇم تاراننىڭ خۇشاللىقى زىيادە ئىدى. شەرۋاز-نىڭ يوقلۇقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا بالا - چاقىلىرى جەم بولدى، ھايات باشقىدىن ئەسلىگە كەلدى. ئۇنىڭ ئائىلىسى بۇ ئۈچ يىل مابەينىدە تۇرمۇشنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن توزۇپ كەتمىدى. مەسۇم تاراننىڭ مۇشۇ كۈن-لەرگە يېتىشكە كۆزى يەتمەي قالغانىدى. لېكىن، تەقدىر ئۇنىڭ-غا ئوڭ كۆزىدە قارىدى. ئۇ پەقەت شەرۋاننىڭ مۇشۇنى كۆرەلمە-گەنلىكىگە ئېچىناتتى.

تاماقتىن كېيىن تۇرغان دادىسى بىلەن يالغۇز قېلىپ، ئۇ-زىنىڭ بۇ ئۈچ يىل جەريانىدا بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى بىرىنى قويماي سۆزلەپ بەردى.

— شۇ چاغدا يارىنىڭ گېپىگە كىرگەن بولسام بۇ ۋەيرانلىق-نىمۇ تارتماس ئىكەنمەن، — دېدى ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، — بىر ھېسابتىغۇ بۇمۇ بىر ساۋاق بولدى، بۇرنۇمغا سۇ كىردى...

ئوغلىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ مەسۇم تاران ئوڭايسىزلىنىپ قالدى.

— ئەمدى كەتمەسسەن؟ — مەسۇم تاران ئالدىراپ سورىدى.

— ياق، ھەممىنى كۆردۇم، ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت ئىكەن، ئەمدى سىلەرنى تاشلاپ ھېچنەگە بارمايمەن.

ئوغلىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ مەسۇم تاراننىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشتى.

ئەتىسى چايدىن كېيىن تۇرغان گەپنى تەشتى:

— دادا! — دېدى ئۇ، — ئۆيمۇ ئۆرۈلۈپ كېتىپتۇ، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

مەسۇم تاران دەرھال بىرنېمە دېمىدى. ئۇ: «مېنىڭ تۇغ-مەندە ئۆيۈم بار!» دېمەكچى بولدىيۇ، لېكىن ئاغزىدىن چىقىرال-مىدى. ئۇ ئۆيگە تۇرغاننىڭ بارمايدىغانلىقى ئېنىق، خۇرشىدەغۇ نەچچە ۋاقىتتىن پەردەنىڭ يېنىدا تۇردى، لېكىن بۇنداق چېچەك-لىپ يۈرۈشمۇ كۈن ئەمەس ـ دە. لېكىن، ئۆينى نېمىسى بىلەن سالىدۇ؟... ئۆز ۋاقتىدا يارمۇھەممەدلەر ئۇنىڭغا دەپ ئۆي سېلىپ بېرەيلى دېگەندە ئۇ رەت قىلدى. «يارى دېگەن خۇمسىنىڭ قولىغا قارىمايمەن!» دېگەنىدى. ھازىر بىلدىكى، يارمۇھەممەد ئوغلىغا يامانلىق قىلمىغان ئىكەن، ئۇنىڭ گۇمانى خاتا ئىكەن. لېكىن ھازىر يارمۇھەممەدكە ئۆي سېلىپ بەر دېيەلەمدۇ. تۇرغانمۇ ئاراڭ-لا كەلگەندەك تۇرىدۇ... قانداق قىلىدىغان ئىش ئىكەن؟...

— دادا! — دېدى تۇرغان ئۇنىڭ جىمىپ كەتكەنلىكىگە ئىچى

پۇشۇپ، — يارى بىلەن پەرىدە بىزگە دەپ قوپۇرۇپ قويغان ئۆي بار ئىكەن، شۇنىڭ كەم - كۈتىلىرىنى ئوڭشاپ كىرسەك قانداق؟

— ئۇنى نېمە بىلەن ياسايمىز؟ — دېدى مەسۇم تاران.

— مەنمۇ ئازراق پۇل تېپىپ كەلدىم.

— يەتمىسە بىزمۇ بار، — دېدى يارمۇھەممەد قېيناتىسىغا قاراپ قويۇپ، — ئۆي بۇزۇلۇپ كەتكىلى تۇردى، تېپىپكام قانداق قىلىسىلەر، دەپ ماڭا نەچچە قاتار دېدى، تەييار ئۆي تۇرسا...

مەسۇم تاران بىردەم ئولتۇرۇپ كەتتى، ئۇ ئەمدى قارشىلىق قىلىشىنىڭ ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىمۇ:

— بوپتۇ، سالايلى! — دېدى ئاخىرى.

دادىسىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ ئۆيدىكى ھەممىسى يېنىك تىن ئالدى. چايدىن كېيىن مەسۇم تاران «تۇگمەنگە بېرىپ باقاي!» دەپ كەتتى، يارمۇھەممەد تۇرغاننى باشلاپ ئۆيىنى كۆر- سەتكىلى ماڭدى، يارمۇھەممەد ئۇنى يېڭى مەھەللىنى ئارىلىتىپ ئېلىپ ماڭدى. قىپقىزىل خىشتا سېلىنغان قاتار - قاتار ئۆيلەرنى كۆرۈپ تۇرغان ھەيران قالدى.

— ئۈچ يىلدىن بۇيان جىق ئۆزگىرىشلەر بولۇپ كېتىپتۇ جۇمۇ! — دېدى ئۇ، — مەن بۇلاقسايىنى بۇنچىلىك بولۇپ كەتتى دەپ پەقەتلا ئويلىماپتىكەنمەن.

— سەيلىگاھنى كۆرسەڭ ھەيران قالىسەن، باغچىدەك بو- لۇپ كەتتى... زۇنۇن ھاجىم پۇل دېگەننى ئايىماي خەجلىۋەتتى، مەن: «ئاشۇ پۇللىرىنى تېپىۋالارمۇ؟» دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن.

— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن ھازىر ساياھەتتىن ياخشى پۇل تاپقىلى بولىدىكەن، مەن ئىچكىرىدىكى ۋاقتىمدا بىر قېتىم بىر باغچىغا كىرىپ باققانتىم. چۈشەندۈرۈشنى ئوقۇسام، ئۇ يەر بۇرۇن شەھەر ئەتراپىدىكى بىر تاشلاندۇق يەر بولۇپ، ئەخلەت مەيدانى ئىكەندۇق. پۇل تاپقان بىر باي شۇ يەرنى ئېلىپ نېمە

قىلىپتۇ دېسەڭ، باغچە قىلىپ ياساپتۇ، ئىچىگە دۇنيادىكى مىلـ-لەتلەرنىڭ ئۆيلىرىنىڭ نۇسخىسىنى ياساپ چىقىپتۇ، شەھەر كېـ-ڭەيگەندىن كېيىن بۇ باغچە ئاۋات بولۇپ كېتىپتۇ، باغچىغا كىـ-رىش بېلىتى قانچە ئىكەن دېمەمسەن؟ ئەللىك سوم، كۆنگە ئەللىك مىڭ سوم ئەتراپىدا كىرىم قىلىمىز دەيدۇ، بۇلاقسايمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش داڭلىق ساياھەت ئورنى بولۇپ كېتەمدۇ تېخى...

— ھە، راست، — دېدى يارمۇھەممەد توختاپ، — سەن ئەمدى نېمە ئىش قىلاي دەۋاتىسەن، دادام نېمە دەيدۇ؟

— ئۇقمىدىم، دېھقان بولغاندىن كېيىن دېھقانچىلىق قىلار-مەن.

— سەيلىگاھتا ئىشلىسەڭ بولمامدۇ؟

— مەن ئۇ يەردە نېمە ئىش قىلىمەن؟

— ئىش دېگەن جىق، قارا... ئاشخانىنى باشقۇرساڭ قانداق؟... ئۆزۈڭمۇ نەچچە ۋاقىتتىن ئاشخانىلاردا ئىشلەپسەن، ئىپى - جىپىنى بىلىسەن، شۇ يەرگە جايىدا ئادەم تاپالمايۋاتىمىز...

— ئاۋۋال ئۆينى جۆندۈۋالسام بولامدىكىن، — دېدى تۇرغان ئىككى تايىن بولۇپ.

— ئۆينى سەن جۆندەپ يۈرمەيسەن، — دېدى يارمۇھەممەد ئۇنىڭغا، — قورۇلۇش ئەترىتى بىلەن توختام تۈزىمىز، ئۇلار بىر ئايغا قالماي تەييار قىلىدۇ.

— شۇنداقمۇ؟ مەن تېخى «قانداق قىلارمەن؟» دەپ بېشىم قاتقانىدى، بۇنداق بولسا ئاسان ئىش ئىكەنغۇ؟

— ئاشخانىدا ئىشلەمسەن؟

— قېنى ئاۋۋال كۆرۈپ باقاي...

ئۇلار مەھەللىنى ئارىلاپ كېلىۋاتاتتى، ياندىكى كوچىدىن زىبا چىقىپ قالدى، ئۇ تۇرغان بىلەن يارمۇھەممەدنى كۆرۈپ

ھودۇقۇپ كەتتى. ئۇ يا ئالدىغا مېڭىشنى، يا كەينىگە يېنىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى. تۇرغان ئۇنى كۆرۈپ قەدىمىنى تېزلەتتى.
— زىبا، ياخشىمۇسىز! — دېدى تۇرغان ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ.
تۇرغاننىڭ تونۇش ئاۋازى قىزنىڭ يۈرىكىنى ئويىنىتىۋەتتى.
— ياخشىمۇسىز؟... — دېدى ئۇ ئەندىكىپ تۇرۇپ، — بار ئىكەنسىز - ھە؟
زىبا ئاشۇ بىر ئېغىز سۆزى بىلەن ئۇنى زارىقىپ كۈتكەن كۈنلەر ۋە تۈنلەردىكى سېغىنىش ئازابىنى ئىپادىلىگەندەك بولدى. تۇرغان ئوڭايسىزلىنىپ قالدى، يارمۇھەممەد كەيپىياتنى ئوڭشاش ئۈچۈن گەپ قىستۇردى:
— ئۆيگە كۆچۈۋالدىڭلارمۇ؟
— ھەئە، شۇنى جىمىقتۇرۇپ بولالمايۋاتىمىز.
— رېھىمكامنىڭ ئەھۋالى قانداق؟
— دادام بىر خىلدا...
يارمۇھەممەد سائىتىگە قاراپ قويۇپ تۇرغانغا قايرىلدى:
— ئېسىمدىن چىقىپ قاپتۇ، — دېدى ئۇ، — بۈگۈن بىر گۇرۇپپا مېھمان چىقماقچى ئىدى، مەن سەيلىگاھقا بېرىپ باقاي جۇمۇ، ئەگەر بىكار بولۇپ قالساڭ شۇ ياققا بارارسەن...
يارمۇھەممەد ئۇلار ئىككىسىنى خالىي قالدۇرۇش ئۈچۈن شۇ باھانىنى تېپىپ ماڭدى. تۇرغان بىلەن زىبا يالغۇز قالدى. تۇرغان بىردەمگىچە گەپنى نېمىدىن باشلاشنى بىلمەي تۇرۇپ كەتتى.
— زىبا، — دېدى ئاخىرى ئۇ دۇدۇقلىغىنىچە، — قانداق تۇرۇۋاتىسىز؟
— قەدىر ئەھۋال، بۇلاقسايدىن چىقماي يۈردۈم.
— مەن سىزنى ئەرگە تېگىپ كەتتىمىكىن دېگەنىدىم.
— ھەممە ئادەمنى ئۆزىڭىزدەك ۋاپاسىز چاغلايدىكەنسىز دە؟
— زىبا، مەن سىزنى بىر كۈنمۇ ئۇنتۇغىنىم يوق.

— ۋايىەي... — دېدى زىبا ئاچچىق كۈلۈپ، — يالغاننى خېلى قاملاشتۇرۇپ سۆزلەيدىغان بولۇپسىز - ھە؟... ئۇنداق ئادەم مەن بار دەپ ئىككى ئىلىك خەت يېزىپ قويمىدىڭىزغۇ؟
— مېنىڭ كۆرگەن كۈنلىرىمنى بىلمەيسىز، خەت يېزىشقا نومۇس قىلدىم.
— يېنىپ كەلسىڭىز بولمامتى؟
— قۇرۇق يېنىپ كېلىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمىدى.
يىراقتا بىر ئايال زىبانى چاقىردى.
— ئاپام چاقىرىۋاتىدۇ، — دېدى زىبا، — مەن قايتاي...
— زىبا، — دېدى تۇرغان ئالدىراپ، — سىزگە جىق گەپلىرىم بار، كەچتە چىقالامسىز؟
— كەچتە مەكتەپتە دەرس تەييارلايمەن.
— مەن سىزنى شۇ يەردە كۈتىمەن.
زىبا ئۇنىڭغا قاراپ جىلمىيىپ قويدى - دە، ئۆيىگە قاراپ كەتتى. تۇرغان كەچتە پەردە ئەتكەن سۇيۇقئاشنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى.
— نەگە بارىسەن؟ — دېدى پەردە ئەندىكىپ.
— سىرتقا چىقىپ كېلەي...
پەردە بىرنېمە دېمەكچى بولغانىدى، يارمۇھەممەد ئۇنىڭغا «گەپ قىلما» دېگەن ئىشارەتنى قىلدى ۋە تۇرغان چىقىپ كەتكەندىن كېيىن پەردەگە ئەتىگەن تۇرغاننىڭ زىبا بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى دەپ بەردى، بۇنى ئاڭلاپ پەردەنىڭ كۆڭلى تىندى.
تۇرغان مەكتەپ قورۇسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى. مەكتەپنىڭ ئىچى جىمجىت. پەقەت نېرىدىكى قاتار دېھقان ئۆيلىرىدىن ئىتلارنىڭ ھاۋشىغىنى، ئىشكلەرنىڭ ئېچىلىپ - يېپىلغىنى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تۇرغان يانچۇقىدىن تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇردى. ئۇ ھېلىدىن - ھېلىغا يولغا قاراپ قوياتتى. ئەمما، يولدا ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. «زىبا

كەلمەيمۇ قويارمۇ؟ — تۇرغان نۆۋەتتىكى تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرۇپ ئەنسىزلىك بىلەن ئويلىدى، — بايا ئېنىق بىرنېمە دېمەدى، ياكى باشقا بىرىنى تېپىۋالدىمۇ - يە؟ مەنمۇ تازا ئالدىراپ كېتىپتىمەن، ئاۋۋال پەردە ئارقىلىق گەپ ئېلىپ باقسام بوپتىكەن... ئۇ قانداقلا بولمىسۇن جالالنىڭ سىڭلىسى، پەردە ئۇنىڭغا ئۇنىمىغاندىن كېيىن مېنىمۇ كۆڭلىدىن چىقىرىۋەتتىمىكىن؟... ھەممە گۇناھ ئۆزۈمدە...» يولدا زىبانىڭ قارىسى كۆرۈنمىگەنچە ئۇمىدسىز خىياللار ئۇنىڭ كۆڭلىنى ساراسىمىگە سالغىلى تۇردى. ئۇ ئۈچىنچى تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتى، يىراقتا بىر قارا گەۋدە پەيدا بولۇپ، مەكتەپ تەرەپكە تېز - تېز كېلىشكە باشلىدى. تۇرغان ئۇنىڭ زىبا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېنىك تىن ئالدى.

— ساقلاپ كەتتىڭىزمۇ؟ — دېدى زىبا ھاسىرىغىنىچە ئەتراپقا ئەلەڭلەپ قاراپ، — ماڭاي دەپ تۇرسام قوشنىمىزنىڭ قىزى رەيھان كىرىپ ئولتۇرۇۋالدى، ھازىر ماڭدى... يۈرۈڭ، بۇ يەردە خەق كۆرىدۇ، ئىشخانىغا كىرەيلى!

زىبا تۇرغاننى مۇئەللىملەر ئىشخانىسىغا باشلاپ كىردى.

— چىراغنى ياقايمۇ؟ — دېدى ئۇ تۇرغانغا قاراپ.

— يېقىپ نېمە قىلىسىز، ئۆيىنىڭ ئىچىمۇ يورۇق ئىكەنغۇ؟

دەرۋەقە، دېرىزىدىن چۈشۈۋاتقان ئاي يورۇقى ئۆينى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى.

— قاچاندىن بۇيان مەكتەپتە ئىشلەۋاتىسىز؟ — تۇرغان ئۈستەلدىكى دەپتەرلەرگە قاراپ قويۇپ سورىدى.

— بىر يىل بولاي دېدى... يېزىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى بۇ يەرگە كەلگىلى ئۇنىماي ئوقۇتقۇچى ياللايدىغان بولدى، ئەسلىدە مېنىڭ ئورنۇمغا ئادالەت دېگەن ئوقۇتقۇچى كېلىپ دەرس ئۆتمەكچى ئىدى. ئۇنىڭ ئەمچەكتە بالىسى بولغاچقا، «مېنىڭ ئورنۇمدا دەرس ئۆتۈپ بەرسىڭىز» دەپ كەپتىكەن،

بىكار يۈرگۈچە دەپ شۇنىڭ دەرسىنى ئۆتۈۋاتىمەن.
— مەن تېخى سىزنى ئۇنىۋېرسىتېتقا كەتتىمىكىن دېگەندىدىم.
— بىزگە ئۇنداق تەلەي كەلمىدىغۇ؟ — دېدى زىبا ئۇھ تارتىپ ۋە گەپنى يۆتكىدى، — ئۈچ يىلدىن بۇيان نەلەردە يۈردىڭىز، ئۇ يەرلەر قانداق ئىكەن، دەپبېرىڭا؟!...
تۇرغان ئۇچۇن ئاشۇ قاباھەتلىك كۈنلەرنى ئەسلەش تولىمۇ ئېغىر ئىدى، ئۇ بولارنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ كېتىشنى ئارزۇ قىلاتتى، ئەمما زىبا ئۇنى يەنە ئېسىگە سالدى، تۇرغان بىردەمگىچە ئىككى تايىن بولۇپ ئولتۇردى. «زىبا مېنىڭ دېگەنلىرىمگە ئىشىنەرمۇ؟ — دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، — مەيلى، نېمە دېسە دېسۇن، مېنىڭ نېمە ئۇچۇن خەت - خەۋەر ئەۋەتمىگەنلىكىمنىڭ سەۋەبىنى ئۇقسۇن!...» تۇرغان ئاخىرى شۇ نىيەتكە كېلىپ، بۇلاقسايدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىنكى كۈنلىرىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. زىبا بولسا ئۇنىڭ گەپلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇردى، بەزىدە تۇرۇپ ئەندىكىپ كېتەتتى، ھەيران بولغاندەك كۆزلىرى چەكچىيىپ، چىرايى ئۆڭۈپ قالاتتى. تۇرغان ھېكايىسىنى سۆزلەپ بولۇپ، ئاخىرى:
— زىبا، مېنىڭ كۆرگەن كۈنلىرىم مۇشۇ، — دېدى ئۇ خۇرسىنىپ قويۇپ، — سىرتقا چىقمىغان ئادەم يۇرتنىڭ قەدرىنى بىلىپ كەتمەيدىكەن، كېيىنكى كۈنلەردە ئۇخلىسام بۇلاقساينى چۈشەيدىغان بولۇپ قالدىم. مۇشۇ يەردە ئۆتكەن كۈنلەرنى سېغىندىم...
— ئۇنداق ئادەم بالدۇرلا قايتىپ كەلسىڭىز بولماتتى؟
— مەن سىزنى چوقۇم ئەرگە تېگىپ كەتتى، دەپ ئويلىدىم.
— ئۆزىڭىزدەك ۋاپاسىز چاغلاپسىز - دە؟
— پەقەت ياردىن ئۇققاندىن كېيىنلا كۆڭلۈم جايىغا چۈشتى، زىبا! — دېدى ئۇ ھاسىراپ تۇرۇپ، — مەن سىزنى دەپ كەلدىم.

تۇرغاننىڭ ئاخىرقى سۆزىنى ئاڭلاپ زىبانىڭ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلغاندەك بولۇپ تىنالماي قالدى. ئۇ شۇنچە يىللاردىن بۇيان تۇرغاننىڭ ئاشۇ بىر ئېغىز سۆزىنى كۈتكەن ۋە شۇ ئۈمىدتە قانچە ـ قانچە كېچىلەرنى شېرىن بىر ئازابتا ئۆتكۈزگەنىدى. ئۇ نېمىشقىدۇر «تۇرغاننى قايتىپ كېلىدۇ!» دەپ ئىشىنەتتى. دې-مەك، ئۇنى يۈرىكى ئالدىمىغان ئىكەن، بۇنى تۇرغاننىڭ مۇھەب-بەت، سېغىنىش ئوتى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى سۆزلەپ تۇرۇپ-تۇ، قىزنىڭ ۋۇجۇدى ئوت بولۇپ ياندى.

— يەنە كېتەرسىز؟ — دېدى ئۇ ئەندىكىپ.

— ياق، قەسەم قىلىپ بېرەيمۇ؟

— ياق، ياق، بولدى، — دېدى زىبا تىترەپ، — دادام نېمە دەيدىكىن؟

— دادىڭىز ئۇنىمىسا ئەپقاچىمەن!...

زىبا تىترەپ كەتتى ۋە كۆڭلى تىنغاندەك بولۇپ، تۇرغاننىڭ كۆكسىگە بېشىنى قويدى. ئىنتىزارلىقتا چاڭقىغان ئىككى يۈرەك بىر تەن، بىر جان بولدى، ئۇلارنىڭ بۇ ھاياجانلىق مىنۇتلىرىغا تولۇن ئاي گۇۋاھ بولدى. زىبا تۇرغاننىڭ سۆيۈشلىرىدىن تىن ئالالماي قالدى. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدى مۇھەببەتنىڭ لەززى-تىدىن مەست بولغانىدى...

## 32

خۇرشىدە مەكتەپتىن كۆڭۈلسىز كەيپىياتتا قايتىپ كەلدى. ئۇ ئۆينىڭ ئىشىكىدە سېلىقلىق قۇلۇپنى كۆرۈپ دۇكانغا كىر-دى. پەرىدە دۇكاندا يېڭى ئەكەلگەن ماللارنى جاۋەنگە تىزىۋاتاتتى. ئۇ سىڭلىسىنى كۆرۈپ يېنىغا چاقىردى:

— ئەجەب ئوبدان كەلدىڭا، ماۋۇ نەرسىلەرنى تىزىشىپ بەرگىنە، — دېدى ئۇ ئۇھ تارتىپ.

خۇرشىدە ھەدىسىنىڭ تومپىيىپ چىققان قورسىقىغا قاراپ قويۇپ ئىتتىك كېلىپ يەشكىتكى ماللارنى ئېلىشقا باشلىدى.
— يارىكام قىلىشىپ بەرسە بولمامدۇ؟
— يارى بىلەن ئاكام ئىككىسى ئۆي سېلىۋاتقان يەرگە كەت-تى، بۇگۇن ئىشكىلەرنى بېكىتىدىغان ئوخشايدۇ.
— ئۆي پۈتۈپ بوپتۇمۇ؟
— شۇنداق دەيدىغۇ.
— ئەمىسە بىرەر ئايغا قالماي يېڭى ئۆيگە كۆچكۈدەكمىز دە؟ تۇرغان ئاكامنىڭ كەلگىنىمۇ ئوبدان بولدى، بولمىسا، دادام بۇ يىلمۇ ئۆينى سالمايتتى.
— ئاكامنى ئالدىرىتىۋاتقانلارمۇ بار ئوخشايدۇ.
خۇرشىدە چۈشەنمىگەندەك ھەدىسىگە قارىدى:
— نېمە دېگىنىڭ؟
— ئاكام تويغا ئالدىراۋاتىدۇ.
— كىم بىلەن؟
— كىم بولاتتى، زىبا بولمامدۇ؟ ئۇ بىكارغا ئولتۇرماپتىد-كەن، تۇرغان ئاكامنى ساقلاپ تۇرۇپتىكەن، قايسى كۈنى زىبا-نىڭكىگە ئەلچى كىرگۈزىدىغانىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىدۇ.
— رېھىمكام ئۇنىماسمىكىن، سېنىڭ قىلغىنىڭنى قايتۇرىد-دۇ جۇمۇ، قاراپ تۇر.
— مەنمۇ شۇنداق قىلامدىكىن دەيمەن، دادامغۇ: «رېھىم شاھنىڭ ئالدىغا ئادەم ئەۋەتمەيمەن، تۇرغان ئاۋارە بولماي باشقا يەردىن قىز تاپسۇن!» دەپتۇ.
— ئاكام نېمە دەيدۇ؟
— ئۇ زىبادىن بۆلەك ھېچكىمگە ئۆيلەنمەيمەن دەيدۇ؟
— ئۇنداق بولسا زىبامۇ سېنى دورايدىغان ئوخشايدۇ ـ دە. قىزىق ئىش ـ ھە؟ بولاقسايىنىڭ قىزلىرى قېچىپ ئەرگە تەگمىسە خۇماردىن چىقمايدىغان بولۇپ قالدىغۇ؟

— سەنمۇ چوڭ گەپ قىلما، بىشىڭغا كەلگەندە كۆرىمىز.
— خۇدايىم ساقلا...
— بۇگۈن بالدۇرلا يېنىپ كەپسەنغۇ؟ — دېدى پەرىدە گەپنى يۆتكەپ، — ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئۇقتۇرۇشى كەپتۇمۇ؟ سوراپ باقتىڭمۇ؟
خۇرشىدە دەرھال جاۋاب بەرمىدى. ئۇنىڭ سولغۇن كەيپىياتىغا قاراپ پەرىدەنىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشتى.
— نېمىشقا گەپ قىلمايسەن، تىزىملاتتىڭمۇ، يوق؟ — پەرىدە جىددىيلىشىپ سورىدى، — راستىڭنى ئېيت!
— ھەدە، — دېدى خۇرشىدە يەرگە قارىغىنىچە، — ئالىي مەكتەپتە ئوقۇمىسام بولمامدۇ؟
— نېمىشقا؟
— ئوقۇش پۇلى بەك يۇقىرى ئىكەن.
— قانچە ئىكەن؟
— ئوقۇش پۇلىلا تۆت مىڭ سوم دەيدۇ، ياتاق، تاماقنى قوشقاندا ئون مىڭغا يېقىن بارغۇدەك.
— قانچە بولسا بولمامدۇ؟
— بۇ يىل ئۆي سېلىۋاتساق، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاكام توي قىلىمەن دەۋاتسا قايسى پۇل بىلەن ئوقۇيمەن؟
— ئۇنىڭ بىلەن سېنىڭ كارىڭ بولمىسۇن، — دېدى پەرىدە تېرىكىپ، — ئوقۇش پۇلۇڭنى مەن بېرىمەن.
— سەن ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن يارىكام نېمە دەيدۇ؟
— يارى ھېچنېمە دېمەيدۇ، ئۇمۇ سېنى ئوقۇسۇن دەۋاتىدۇ. بۇلاقسايدىن تىزىملاتقانلار خېلى بارمۇ؟
— بىزنىڭ مەھەللىدىن تىزىملاتقانلار يوق ئىكەن. تولىسى ئوقۇش پۇلىنى كۆتۈرەلمەيدىكەنمىز دەۋاتىدۇ.
پەرىدە چۈشەنگەندەك خۇرسىنىپ قويدى.
— ئۇنىڭ ئۇستىگە، — دېدى خۇرشىدە، — ھازىر ئوقۇپ

كەلگەنلەرمۇ خىزمەت تاپالماي يۈرۈيدۇ. ئۇنىڭدىن بىرەر يەردە ئىشلىسەك دېيىشىۋاتىدۇ.

— سەنمۇ ئىشلەي دەپسەن - دە؟

— سەيلىگاھتا ئىشلىسەم بولمامدۇ؟

پەرىدە سىڭلىسىنى ئالدىغا ئولتۇرغۇزدى.

— ماڭا قارا، — دېدى ئۇ، — ئۆز ۋاقتىدا مېنىڭ شۇنداق ئوقۇغۇم بار ئىدى. لېكىن ئۇ چاغدا سەنمۇ بىلىسەن، ھال - كۈنىمىز ناچار بولدى، ئامال يوق قالدىم. ھازىر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيالمىغىنىمغا ئۆكۈنىمەن. ئوقۇغان ئادەم يەنە باشقىچە بولىدۇ. باشقىسىنى دېمەي، يېزا باشلىقى ئىسراپىلكامغا قارىغىنا، ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن بىر يېزىنى باشقۇرۇۋاتىدۇ، ئوقۇغان ئادەم ھامان يەردە قالمايدۇ، بىزنىڭ ئۆيدىن بۇ كەمگىچە ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان بىرەر ئادەم چىقماپتۇ، سەن بولساڭمۇ ئوقۇپ چىققىن!

— دادام ئۇنىماسمىكىن، ھەدە؟ — دېدى خۇرشىدە بوشىشىپ.

— دادامنى كۆندۈرىمىز.

خۇرشىدە دېگەندەك، مەسۇم تاران كەچتە بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ گەپنى ئۈزۈۋەتتى.

— قىز بالا شۇنچىلىك ئوقۇسا بولدى، — دېدى ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ، — بىز ئاران جەم بولدۇق، ئەمدى بۇ كېتىپ قالسا نەدىن تاپىمىز؟...

تۇرغان بىلەن پەرىدە خېلى چۈشەندۈرۈپ باققان بولسىمۇ، مەسۇم تاران ئۆزىنىڭ دېگىنىدە چىڭ تۇرۇۋالدى. «كۆزدىن يىراق، كۆڭۈلدىن يىراق، — دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، — ئەنە، تۇرغان ‹سودا قىلىمەن› دەپ چىقىپ كېتىپ نېمە بولدى؟ جېنىنى ئاران كۆتۈرۈپ يېنىپ كەلدى. ئۇغۇ ئوغۇل بالا، قىز بالىغا كىم كۆز - قۇلاق بولىدۇ، ئاۋۇ ئىلدىرىم توكۇرنىڭ

قىزىمۇ «ئوقۇيمەن!»، دەپ كېتىپ نېمە بولدى؟ ئاڭلىساق، «تانىسخانىدا ئۇسسۇل ئويناپ يۈرىدۇ» دەيدۇ. خۇدا ساقلىسۇن، قېرىغاندا ئۇنداق نام - ئاتاقنى كۆتۈرۈپ يۈرمەي...»

دادىسىنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلىدىغان پەرىدە دادىسى تۇگ-مەنگە كەتكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى دېدى:

— دادامغا ھازىر گەپ يېگۈزگىلى بولمايدۇ، — دېدى ئۇ تۇرغان بىلەن يارمۇھەممەدكە، — خۇرشىدە ئىمتىھاننى بېرىۋەر-سۇن، ئۇنىڭ نەتىجىسى چىققۇچە خېلى ۋاقىت بارغۇ، ئاڭغىچە دادامغۇ يۇمشاپ قالىدۇ.

— دادام يۇمشارمۇ؟ — تۇرغان ئىككى تايىن بولدى.

— يۇمشايدۇ، ئۇنچۇ، ئاكا، سەن يۈرەكئالدى قىلىپ قويدۇڭ، شۇنى كۆڭلىدىن چىقىرالمايۋاتىدۇ.

— ھەممىگە مەن گۇناھكار - ھە؟ — دېدى تۇرغان ئاچچىق كۈلۈپ، — سىلەرچۇ، سەنمۇ ئاز خاپا قىلمىغانسەن؟

— مەن نېمە قىلدىم؟

— ماڭا يارى بىلەن ئىككىڭلارنى بىر كېچە تىللاپ بەردى.

— دادامنىڭ رايىغا بارسام جالالغا بېرەتتى، مۇشۇ يەردە تاياق - توقماقتىن نېرى بولماي يۈرەتتىم.

— ئەمما، ئاكامغا پايدالىق تېگەتتى - دە، — دېدى خۇرشىدە كۈلۈپ، — ئاڭلىدىڭمۇ، ئاكامنىڭ مەقستى باشقا، جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا جۇمۇ!

— ھە، راست - ھە؟ — پەرىدە خۇرشىدەنىڭ گېپىنى چۈشىنىپ كۈلۈۋەتتى، — ئەگەر رېھىمكام ئەلچىلەرگە «ياق» دېسە قانداق قىلارسەن؟

— يارىكامنى دورايدۇ - دە؟ — دېدى خۇرشىدە.

— زىبا نېمە دەيدۇ؟

تۇرغان «بىلمىدىم» دېگەندەك مۈرىسىنى قىسىپ قويدى.

— بىزدە مۇشۇنداق ئادەت قاچان تۈگەيدىكىنتاڭ؟ — پەرىدە

ھەسرەت بىلەن ئۇھ تارتىپ قويدى، — ئاتا - ئانىلار ھەممە ئىشقا ئارىلىشىۋالغان، ئۆزلىرىگىمۇ ئارتۇقچە جاپا... شۇڭىمۇ خۇرشىدەنى «ئوقۇغىن» دەۋاتىمەنغۇ، بىلىملىك بولساڭ ئۆزۈڭنىڭ ئىستىقبالىڭنى ئۆزۈڭ يارىتىسەن، ئەركىن بولىسەن، بولمىسا سەنمۇ بىر كۈنلىرى قاچارسەن...

— ھەدە، — دېدى خۇرشىدە قىزىرىپ، — بولدىلا، ئوقۇسامىلا بولدىغۇ؟

— ئەمىسە بۇگۈنلا بېرىپ تىزىملىتىسەن!

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتتى، بۇ ئارىلىقتا مەسۇم تارانىنىڭ ئۆيىمۇ پۈتۈپ، كۆچۈپ كىردى. لېكىن، مەسۇم تاران نېمىشقىدۇر بۇ ئازادە ئۆينى ئۆزىنىڭ ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان كونا ئۆيگە تەڭ قىلمايتتى. شۇڭىمۇ ئۇ تولىراق كۈنىنى تۈگمەندە ئۆتكۈزەتتى. خۇرشىدەنىڭ ئىمتىھان نومۇرى خېلى يۇقىرى چىقتى. ئەمدى ئۇ مەكتەپنىڭ ئۇقتۇرۇشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈشكە باشلىدى. پەرىدە بولسا دادىسىغا ئۇقتۇرماي ئۇنىڭ تەييارلىقلىرىنى قىلىپ يۈرەتتى. لېكىن، مەكتەپتىن بولسا تېخىچىلا خەۋەر يوق ئىدى. تاقىتى تاق بولغان خۇرشىدە بىر - ئىككى قېتىم ناھىيىگە بېرىپمۇ سۈرۈشتۈردى.

— ئانكېتىنى خاتا توشتۇرۇپ قويمىغان بولغىيتتىڭ؟ — تۇرغان گۇمان قىلىپ سورىدى.

— ياق، ئېنىق يازدىم.

— نومۇرۇڭ توشقان تۇرۇپ نېمىشقا چاقىرىق كەلمەيدۇ؟

— سېنىڭ ئورنۇڭغا باشقا بىرىنى سەپلىۋەتمىگەندۇ- ھە؟ — پەرىدە ئەنسىرەپ دېدى، — ھازىر شۇنداق ئىشلار جىق دەيدىچۇ...

— كىم بىلىدۇ...

دەل شۇ چاغدا قورۇدا تېيىپنىڭ تونۇش ئاۋازى ئاڭلاندى.

— مەسۇمكا! قېنى سەنۇي، مەسۇمكا! — دەپ توۋلىدى

ئۇ ئىشىككە كېلىپ.

تۇرغان ئىشىككە چىقىپ ئۇنى ئۆيگە باشلىدى.

— كېلە، تېيىپكا!

— دادالڭ قېنى؟ — دېدى ئۇ ئۆيگە كىرىپ.

— تۇگمەنگە كەتكەنىدى.

— خۇش خەۋەرنى ئۆز ئاغزىم بىلەن دەپ سۆيۈنچە ئالاي دېگەنىدىم، بولمىدى ـ دە، — دېدى ئۇ يانچۇقىدىن بىر كونۋېرت-نى چىقىرىپ خۇرشىدەگە قايرىلدى، — ئۇرۇمچىدىن چاقىرىق كەپتۇ ساڭا، — دېدى.

خۇرشىدە يۈگۈرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— قېنى، تېيىپكا؟

— ئەتىگەن يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بارغانىدىم، مائارىپ كادى-رى بەردى، — دېدى ئۇ كونۋېرتنى بېرىپ، — «ئالىي مەكتەپ-تىن كەپتۇ» دەيدىغۇ، راستمۇ؟

خۇرشىدە قەغەزگە ئىتتىك كۆز يۈگۈرتۈپ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى.

— يارايسەن، خۇرشىدە، — دېدى تېيىپ قىزنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويۇپ، — بۇلاقسايدىن خېلى يىللار بولغان ئالىي مەك-تەپكە باللار چىقمىغانتى، سەن مانا بىرىنچى بولۇپ باشلاپ بەردىڭ، ئوغۇل بالا... مەسۇمكام بۇنىڭغا چاي بەرمىسە بولمايدۇ، قېنى ئۆزى؟

— دادام تېخى خۇرشىدەنىڭ ئىمتىھان بەرگىنىنى ئۇقمايدۇ، — دېدى تۇرغان.

— نېمىشقا؟

— ئۇ ھېچنەگە ئەۋەتمەيمەن دەيدۇ.

— ئوقۇش پۇلىغا چىدىماپتۇ ـ دە؟ — دېدى تېيىپ، — بولدى، مەسۇمكام چىدىمىسا تەشكىل بىز ئوقۇتىمىز.

شۇ ئارىدا ئۆيگە مەسۇم تاران كىرىپ كەلدى. ئۇ تېيىپنىڭ

گېپىنى ئاڭلاپ ھەيران بولدى.

— مەسۇمكا، خۇش خەۋەر، — دېدى تېيىپ ئۇنىڭغا قاراپ، — قىزىڭ ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپتۇ، چاي بەرمىسەڭ بولمايدۇ جۇمۇ!

مەسۇم تاران ئۇنىڭ گېپىنى چۈشەنمىگەندەك تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى.

— نېمە دەۋاتىسەن؟

— خۇرشىدە ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپتۇ...

مەسۇم تاران قايرىلىپ خۇرشىدەگە سوئاللىق قارىدى. خۇرشىدە قولىدىكى كونۋېرتنى مىجىقلىغىنىچە دادىسىغا ئىلتىجا بىلەن تەلمۈرۈپ تۇراتتى، مەسۇم تاران ھەممىنى چۈشەندى. ئۇنىڭ شالاڭ قاشلىرى يىمىرىلىپ، قاتمال چىرايى سۇرلۇك تۈس ئالدى. ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلگەنلىكى چىرايىدىن چىقىپ تۇراتتى.

— سەن قاچانلاردا ئىمتىھان بېرىپ يۈرۈيسەن؟ — دېدى ئۇ خۇرشىدەگە قاراپ، — مەن نېمىشقا ئۇقمىدىم؟

— دادا!... — تۇرغان ئېغىزىنى ئاچقانىدى، مەسۇم تاران ئۇنى سىلكىۋەتتى:

— مەن سەندىن سورىمىدىم، — دېدى ئۇ قوپال قىلىپ، — مېنىڭدىن يوشۇرۇن ئىش قىلىدىغان بولۇپ كەتتىڭلار-مۇ؟... سەن ماڭا گەپ قىلماي ئىچكىرىگە كەتتىڭ، ئاۋۇ سىڭلىڭمۇ ماڭا دېمەي قېچىپ كەتتى، ئەمدى بۇمۇ ماڭا دېمەي كەتمەكچى بوپتۇدە؟ بوپتۇ، كەت! مېنى سىلەر دادا دەپ تونۇمايدىغان بولدۇڭلار، چوڭ بولۇپ بىلەرمەن بولۇپ كەتتىڭلار!...

— دادا!...

— بولدى.

— مەسۇمكا، — دېدى تېيىپ تېرىكىپ، — نېمانداق گەپ قىلىسەن؟ بۇ دېگەن سېنىڭ ئابرۇيۇڭ...

— سەن ماڭا ئۆگەتمە! — مەسۇم تاران ئۇنى سىلكىۋەتتى

ۋە خۇرشىدەگە قاراپ، — ئەگەر ماڭىدىغان بولساڭ قولۇمنىڭ كەينىدە دۇئا قىلىمەن، — دېدى ۋە كەينىگە بۇرۇلدى - دە، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

مەسۇم تاران شۇ ماڭغانچە تۈگمەنگە كەلدى. ئۇ غەزەپتىن تىترەيتتى، ئۇ تۈگمەننىڭ ئالدىدىكى ئۆزى دائىم ئولتۇرىدىغان كۆتەككە كېلىپ ئولتۇرۇپ تاماكا يۆگىدى، ئۇنىڭ ئىچ - ئىچىدىن بىر ئاچچىق ئۆرلەپ دېمىنى سىقاتتى... «قىز بالىغا شۇنچە يىراقتا نېمە بار؟... ئاتا - بوۋىلىرىمىز بۇلاقسايدىن چىقمايمۇ بىر ئوبدان ياشاپ ئۆتكەن... ماۋۇ كۈنگە كېلىپ نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ؟... تۇرغان چىقىپ كېتىپ ئۈچ يىلدا كەلدى، جېنىنى ئاران قۇتۇلدۇرۇپ كەپتۇ، ئەمدى بۇ قىز كەتسە قاچان كېلىدۇ؟... بۇلاقسايغا كەلمەيدىغانىنىڭ پىلانى بۇ؟ ئەمدى جەم بولدۇقمىكىن دېسەم، بۇنىڭ تاپقان ئىشىنى كۆرمەمدىغان؟...»

مەسۇم تاراننى بىر - بىرىدىن ئاچچىق، ئەلەملىك خىياللار قىينايتتى، ئۇ ئۆيگە كىرىپ سوزۇلۇپ ياتتى. قانداق بولدى بىردەمدىن كېيىن كۆزى ئۇيقۇغا كەتكىنىنى تۇيماي قالدى. ئۇ چۈش كۆردى. چۈشىدە شەرۋان ئۇنىڭ بېشىغا كېلىپ قوللىرىنى سىلاپ تۇرۇپ: «مەسۇم نېمىشقا چېچىلدىڭىز؟» دېگۈدەك، مەسۇم تاران ئۇنىڭغا بالىلارنىڭ ئىشلىرىنى سۆزلەپ بەرگەندى، شەرۋان بېشىنى ئاستا چايقاپ قويۇپ: «ھەي مەسۇم، شۇنىڭغىمۇ چېچىلامسىز؟ خۇرشىدە كەتسە يەنە كەلمەمدۇ... سىز بىلەن مەن نېمىنى كۆردۇق. مۇشۇ سايلىقتىن چىقماي ئۆمرىمىز ئۆتتى، مېنىڭ شەھەرنى شۇنداق كۆرگۈم بار ئىدى. ئاشپۇزۇلنىڭ تامىقىنى يېگۈم بار ئىدى، مېنى بىرەر قېتىممۇ ئاپىرىپ قويمىدىڭىز، ئاخىرى ئارماندا كەتتىم، ھازىر سىز بىلەن بىزنىڭ زامانىمىز ئەمەس، جاھان ئۆزگىرىپ كەتتى. ئاڭلىسام، بالىلارنى چىرايلىق ئۆي سالدى، دەيدۇ. پەرىدە ئېغىرئاياغ بوپتۇ، نەۋرەمنىڭ يۈزىنى كۆرگەن بولسام ئارمىنىم يوق ئىدى. مەن سىزدىن

ئۆتۈنۈپ قالاي، مەسۇم. بالىلارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرمەڭ، سىز ئۇلارنى رەنجىتسىڭىز مەن گۆرۈمدە تىنچ ياتالمايدىكەن. مەن، مەن سىزدىن ئۆتۈنەي...»

مەسۇم تاران چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى، كۈپكۈندۈزدە كۆرگەن بۇ چۈش ئۇنى خىيالغا سېلىپ قويدى. شەرۋان ۋاپات بولۇپ ھازىرغىچە ئۇنىڭ چۈشىگە ئايان بولۇپ باقمىغانىدى: «بۇ نېمە ئىش؟... مەن راستىنلا خاتا قىلىۋاتىمەنمۇ؟ ‹ئادەم ئۆلسىمۇ، روھى تىرىكلەر بىلەن بىللە بولىدۇ›، دەۋاتاتتى. راست ئوخشىمامدۇ؟ بىچارە شەرۋان، راست دېگەندەك ئۇ جاھاننىڭ خوپلۇقىنى كۆرمەي كەتتى. نېمىشقا بىرەر قېتىم شەھەرگە ئاپارمىغان بولغىيتتىم؟ جاپادىن باش كۆتۈرمەيلا ئۆمرۈڭ ئۆتۈپتۇ، كاشكى، باشقىدىن تىرىلگەن بولساڭمۇ...»

مەسۇم تاران بۈگۈن كۈننى چىگىش، ئازابلىق خىياللار بىلەن ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن شەرۋاننىڭ ئىلتىجا بىلەن تىكىلگەن قىياپىتى، يالۋۇرۇپ تۇرۇپ دېگەن ئاخىرقى گەپلىرى كەتمەي قويدى. ئىچىنى نېمىدۇر بىرنەرسە تاتىلاپ ئارام بەرمەيتتى، ئۇنىڭ كۆڭلىگە بالىلار ھەممىسى ئۇنى تاشلاپ يىراقلارغا كېتىپ قالىدىغاندەك، ئۇلاردىن مەڭگۈ ئايرىلىپ قالىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ ئاخىرى ياتالمىدى، ئۆينى تاقاپ يېڭى مەھەللىگە قاراپ يول ئالدى.

ئۇ ئۆيگە كىرىپ كەلگەندە بالىلار ھەممىسى يىغىلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. خۇرشىدەنىڭ كۆزلىرى يىغىدىن ئىششىپ كەتكەنىدى. ئۇلار دادىسىنىڭ تۇيۇقسىز كىرىپ كەلگەنلىكىدىن ھەيران بولۇشۇپ تۇرۇپ قېلىشتى، ھېچكىمدىن بىر ئېغىز زۇۋان چىقمىدى.

— نېمىگە قارىشىپ قالدىڭلار؟ — دېدى مەسۇم تاران سۇپىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، — داداڭلارنى تونۇمايۋاتامسىلەر؟

بالىلار ئۆڭايسىزلانغاندەك بىر - بىرىگە قارىشىپ قويدى. مەسۇم تاران ھەممىسىگە بىر قاراپ چىقىپ:

— خۇرشىدە، يېنىمغا كەلگىنە! — دېدى.
خۇرشىدە قوپۇپ ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى.
— ئوقۇشقا بارغۇڭ بارمۇ؟ — دېدى ئاستا.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇرشىدە يىغلىۋەتتى - دە، «ھەئە» دې-
دى.
— بوپتۇ، بارغىن قىزىم، — دېدى.
— جېنىم دادا! — دېدى خۇرشىدە خۇش بولۇپ ۋە دادىسى-
نىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى.

## 33

بۇلاقسايدا بۇ يىلقى ياز بىلىنمەيلا ئۆتۈپ كەتتى. سېنتەبىر-
نىڭ قۇياشلىق ئوچۇق كۈنلىرى باشلاندى. دېھقانچىلىقنىڭ
ئالدىراش مەزگىلىدىن كېيىنكى داللاردا سالقىن بىر جىمجىت-
لىق ھۆكۈم سۈرەتتى. تاغ ئېتىكىدىكى بوغدىيى ئورۇۋېلىنغان
ئېگىزلىقلارنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىدە سامان دۆۋىلىرى چوقچىيىپ
تۇراتتى، ئۇ يەرلەردە كالا، قويلار ئېرىنچەكلىك بىلەن ئوتلاپ
يۈرەتتى. دالىنى قۇشقاچلارنىڭ ئاۋازى بىر ئالغاندى، ئۇلار
توپ - توپ بولۇشۇپ، خۇددى بىر پارچە بۇلۇتتەك ئېتىزلىقلار-
دىن ھاۋاغا كۆتۈرۈلەتتى - دە، ئارقىدىن يەنە ياغقان مۆلدۈردەك
خامانلارغا چۈشەتتى. يول بويىدىكى ئېگىز ئۆسكەن قورايلارنىڭ
ئارىسىدا چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلداشلىرى ئاڭلىناتتى. كۈن شۇن-
چىلىك ئوچۇق بولسىمۇ يازدىكىدەك كۆيدۈرمەيتتى...
ئىسرايىل بۇ يازنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايلا
قالدى. ئۆتكەن يازدىكى قۇرغاقچىلىقتىن يىلىكى قۇرۇغان بۇلاق-
سايلىقلارنى بۇ يىلقى ياز يامغۇر ئاپتى بىلەن قارشى ئالدى.
ئۇدا ئون بەش كۈن ياغقان يامغۇر بۇ مەھەللىنى خارابىلىككە
ئايلاندۇرۇۋەتتى، ئون سەككىز ئائىلىنىڭ ئۆيى ئۆرۈلدى، نۇر-
غۇن ئۆيلەرگە دەز كەتتى، بىر ئادەم قازا قىلدى. بۇلاقسايىنىڭ

تارىخىدا كۆرۈلمىگەن بۇ ئاپەت ئىسرائىلىنىمۇ ۋەھىمىگە سېلىۋەت-كەندى. ئۇ ئاشۇ قىيامەت ھۆكۈم سۈرگەن كۈنلەرنى قاباھەتلىك چۈشتەك ئەسلەيتتى. ئەمما، ئاشۇ ۋەيرانچىلىق ئۇنىڭغا غەير-رەت - جاسارەت بېغىشلىدى. ئۈمىدسىزلىك، غەم - ئەندىشە، جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە ئۆتكۈزگەن بۇ يازنىڭ ھەربىر كۈنى ھېسابىغا بۇلاقسايدا يېڭى بىر دۇنيا بەرپا بولدى. ئۇلار مۇشۇ يازدا يېگانە تاشلاندۇق ھالەتتىن، نامراتلىق تەقدىرىدىن قۇتۇلدى.

ئىسرائىل بۇلاقسايغا كېلىۋېتىپ خىيالىدىن شۇلارنى ئۆت-كۈزدى. بۈگۈن ئۇ دادىسىنىڭ ئىدارىسىدىكى ئوتتۇزغا يېقىن دەم ئالغىلى چىققان مېھمانلارنى سەيلىگاھقا ئېلىپ كېلىۋاتاتتى. بۇ-لاقساي سەيلىگاھى رەسمىي ئېچىلغىلى ئون نەچچە كۈن بولغاند-دى. ئەڭ باشتا زۇنۇن ھاجىم شەھەردىن بىرنەچچە تۇركۇم مېھمانلارنى ئېلىپ چىقتى. سەيلىگاھ پۈتۈشتىن ئىلگىرى تېلې-ۋىزور، گېزىتلەردە خېلى كەڭ تەشۋىق قىلىنغاچقىمۇ، سەيلى-گاھقا مېھمانلار ئۈزۈلمەي كېلىشكە باشلىدى. بۇلاقساينىڭ نامى خېلى يەرلەرگىچە پۇر كەتتى. بەزى شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى مېھمانلارغا ئورۇنمۇ يېتىشمەي قالاتتى.

ئىسرائىل ناھىيىدىكى ئىدارە، جەمئىيەتلەردىن خېرىدار تې-پىشقا مەسئۇل بولغانىدى. شۇڭا ئۇ ئىككى كۈن بۇرۇن ناھىيىگە كىرىپ، ئىدارە، جەمئىيەتلەر بىلەن ئالاقىلاشتى، سەيلىگاھنى تونۇشتۇردى. بۈگۈن شۇلاردىن بىرىنچى بولۇپ دادىسى ھاشىر-نىڭ ئىدارىسىدىن بىر ئاپتوبۇس ئادەم بۇ يېڭى سەيلىگاھنى كۆ-رۈپ بېقىش ئۈچۈن كېلىۋاتاتتى. ئىسرائىل دادىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا بۇلاقسايدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنى سۆز-لەپ بېرىۋاتاتتى:

— مەن بىزنىڭ دېھقانلىرىمىزغا قايىل بولدۇم، — دېدى ئۇ ئىككى يىلدىن بۇيان بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئىشلارنى ئەس-لەپ، — ئۇلار جاپا - مۇشەققەتكە كۆنۈپ كەتكەن، بارىغا قانائەت

قىلىدىغان خەلق ئىكەن، مەن بۇلاقسايغا يېڭى كەلگەندە ئۇلارنىڭ ياشاۋاتقان تۇرمۇش شارائىتى، ئۆتكۈزۈۋاتقان كۈنلىرىنى كۆرۈپ ھەيران قالغانىدىم. بۇ يۇرتنى ئۆزگەرتىشكە كۆزۈم يەتمەي قالغانىدى. بۇنى ئاز دەپ ئۆتكەن يىلى قۇرغاقچىلىق بولۇپ، تۈزۈك ھوسۇل چىقمىدى، دېھقانلار قىشتىن تولىمۇ تەستە چىققانىدى. «ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپكەندەك» بۇ يىل ئەتىياز يامغۇر ئاپىتى بولۇپ، نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئۆيلىرى ئۆرۈلدى. زىياننىڭ ئۈستىگە زىيان بولدى. لېكىن، ئۇلار شۇنداق ھالدا تۇرۇپمۇ قىلچە زارلىماستىن بىساتىدىكى بار نېمىلەرنىڭ ھەممىسىنى سېتىپ بولسىمۇ يېڭى ئۆيلەرنى سالدى، ھاشارغا ئىشلىدى. بىز نېمە دېسەك ماقۇل دەپ قىلىشتى. ئۆزلىرى ئاچ يۈرگەن بولسىمۇ ئەگەر سەن كىرىپ قالساڭ تىقىپ قويغان بىر ناننى ئاچىقىپ ساڭا چاي قۇيىدۇ. ئويلاپ باقسام، بىزنىڭ قورسىقىمىزنى ئاشۇ دېھقانلار باقىدىكەن، لېكىن ئۆزلىرى بولسا نامرات ياشايدىكەن، ئۇلار ئاققۇزغان تەرلىرى بەدىلىگە بەھرىمەن بولىدىغىنى بەك ئاز ئىكەن، بۇ راستىنلا تەڭسىزلىك ئىكەن...

ھاشىر ئوغلىغا مەنىلىك قىياپەتتە قاراپ قويدى. دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، جەمئىيەتتە كۆپ ئىسسىق - سوغۇقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بۇ ئادەمنى ئوغلىنىڭ دېگەن گەپلىرى ئويلاندۇرۇپ قويدى. «دەرۋەقە، دېھقانلاردەك ياۋاش، قانائەتچان خەلق يوق بولسا كېرەك، مۇشۇ بۇلاقسايىنى ئالىدىغان بولساق ئۇلار تاكى ئۆتكەن يىلغىچە توك كۆرمەي، قارا چىراغتا كۈن ئۆتكۈزۈپ كەلدى. ئۇلار بىر يىل ئىشلىسە ئاران قورسىقىنى تويدۇرغۇدەك ھوسۇل ئالاتتى، باشقا كىرىمى يوق، شۇنىڭغا قانائەت قىلاتتى. مانا مەن نەچچە قېتىم خىزمەت گۇرۇپپىسى بولۇپ يىللاپ تۇرغان چاغلىرىم بولدى. ئۇلارغا نۇرغۇن ۋەدىلەرنى بېرەتتۇق، ئەمما ۋەدە ۋەدە پېتىلا قالاتتى. دېھقانلارمۇ بىزنىڭ قۇرۇق ۋەدىلىرىمىزگە كۆنۈپ كەتكەنىدى. بىزگە قارىغاندا مۇنۇ

ئىسراپىل خېلى ئىشلارنى قىلغاندەك تۇرىدۇ...»

ئىسراپىل ئاۋۋال دادىسىغا يېڭى مەھەللىنى كۆرسەتتى. پىششىق خىشتىن سېلىنغان رەتلىك، قاتار - قاتار ئۆيلەرنى كۆرۈپ هاشىر هەيران بولدى.

— كەنت بۇ يىل دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىدىن بۆلەك مۇشۇ مەكتەپنى پۈتكۈزۈۋالدى، — دېدى ئۇ يېڭى مەكتەپ قورۇسىنى كۆرسىتىپ، — ناھىيىمۇ بۇ مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن جىق ياردەم قىلدى. ئەمدى باللارمۇ ئۇزۇن يول مېڭىپ يېزا مەكتىپىگە بارمايدىغان بولدى. كېلەر يىلى ماۋۇ يەرگە كەنت ئىشخانىسى بىلەن مەدەنىيەت مەركىزىنى قۇرۇشنى پىلان قىلىۋاتىدۇ، ناھىيىدىكى بىرقانچە ئىدارىلەر ئۇنىڭغا مەبلەغ جەھەتتىن ياردەم قىلىمىز دەۋاتىدۇ.

— مەدەنىيەت مەركىزى نېمە قىلىدۇ؟

— مەدەنىيەت مەركىزىدە قىرائەتخانا، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى بولىدۇ، دېھقانلار قولى ئارا بولغاندا دېھقانچىلىققا ئائىت كۇرسلارنى ئۆتكۈزۈپ، دېھقانلارنى تەربىيىلەيدۇ.

— قارتا ئوينايدىغانلار هازىرمۇ بارمۇ؟

— هازىر ئۇلارنىڭ قارتا ئوينىغۇدەك ۋاقتىمۇ يوق. كونا قارتىچىلاردىن ئىلەككام سەيلىگاھنىڭ دەرۋازىسىغا قاراۋاتىدۇ، ئۇ بەك ئالدىراش، مەسۇمكام بولسا تۇگمەندە...

— مەسۇم تارانىنى دەمسەن؟ — هاشىر قايتىلاپ سورىدى، — ئۇنىڭ تۇگمىنى هازىرمۇ بارمۇ؟

— بار... زۇنۇن هاجىم ئۇنىڭ تۇگمىنىنى يېڭىلاپ ياساپ بەردى. سەيلىگاھقا كەلگەنلەر تۇگمەننى كۆرمەي كەتمەيدۇ... سىزنى پات - پات سورايدۇ.

— يۈرە، ئۇنى كۆرەي!...

ئىسراپىل دادىسىنى سەيلىگاھقا باشلاپ كەلدى. لوزۇنكىلار بىلەن بېزەلگەن هەشەمەتلىك دەرۋازىنىڭ ئالدىدا ئۇستىگە ئاماد-

لىق ساقلىغۇچىلارنىڭ فورمىسىنى كىيگەن ئىلەك سەيلىگاھقا كەلگەن ماشىنىلارنى رەتلىك تۇرغۇزۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ تۇرقى شۇنداق جىددىي، ئالدىراش ئىدى، كىيىۋالغان كىيىملىرى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا بەستىگە چوڭ كېلىپ قالغانىدى.

— ئىلەككا، خىزمەت ئالدىراشمۇ نېمە؟ — ئىسرائىل ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىگە قاراپ كۈلگىنىچە سورىدى.

— شەھەرلىكلەرنىڭ ئۇۋىسى چۇۋۇلۇپ كەتتىمۇ نېمە؟ بۇگۈن يوپۇرۇلۇپلا كېلىشىۋاتىدىغۇ؟ — ئىلەك شۇنداق دېگەچ ئىسرائىلنىڭ يېنىدىكى ھاشىرنى كۆرۈپ ھەيران بولدى، — ۋۇي، ھاشىرغۇ مۇنۇ … — دېدى ئۇ قولىنى سوزۇپ، — قانداق ئەھۋالىڭ، بۇلاقسايغىمۇ كېلىدىكەنسەنا؟ كونا مەھەللەڭنى تونۇمای قېلىۋاتقانسەن؟ … جىق ئۆزگىرىپ كەتتى…

— بۇلاقساينىمۇ تونۇيالمىدىم، سېنىمۇ تونۇيالمايۋاتىمەن، — دېدى ھاشىر كۈلۈپ، — يېڭى خىزمىتىڭگە مۇبارەك بولسۇن!

— ھە، ماۋۇ ئىشنى دەمسەن؟ — دېدى ئۇ بېشىغا يوغان كېلىپ قالغان قاسقان شەپكىسىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ، — زۇنۇن ھاجىم مۇشۇ يەرنى باشقۇرۇپ بەرگىن دەپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدى دېگىنە، بىزنىڭ زۇنۇن ھاجىمنى بىلمەيسەنغۇ دەيمەن، ئۇ چوڭ بوۋامنىڭ ئانا بىر ئاكىسىنىڭ نەۋرىسى بولىدۇ. يېقىن تۇغقان، ئۇنىڭ شەھەردە چوڭ شىركىتى بار، كاتتا باي دېگىنە، ئۇ سەيلىگاھنى كۆتۈرە ئالغانتى، ئۆتكەندە، مېنىڭ چولام تەگمەيدىكەن، سەن تۇرۇپ بەرمىسەڭ بولمىغۇدەك دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ يەردە ئىشلەۋاتقانلارمۇ ئىش كۆرمىگەن خام بالىلار دېگىنە، شۇڭا مۇشۇ يەرگە قاراۋاتىمەن…

ئىسرائىل ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئىچىدە كۈلۈپ قويدى.

— بالىلىرىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ ئۆي - ئوچاقلىق قىلغانسەن؟

— ئۇلارنىڭ گېپىنى قىلما جۇمۇ، — دېدى ئىلەك قولىنى شىلتىپ، — ئۇ نېمىلەر تەسلىملا ئادەم بولۇشتى، مېنى دوراشمىدى...

شۇ گەپنى قىلىپ تۇرۇشىغا دەرۋازىنىڭ ئالدىغا بىر بولكىۋاي ماشىنا كەلگەنىدى، ئىلەك ئىسراپىللارنى تاشلاپ ماشىنىنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى.

— ماۋۇ چەتكە قوي! — دېدى ئۇ شوپۇرغا قولىنى شىلتىپ.

هاشىر ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىگە قاراپ كۈلۈپ كەتتى:

— بۇ تېخىمۇ ئاتىدىغان بوپتۇ - دە...

ئۇلار سەيلىگاھنى ئارىلاپ يۇقىرىغا — تۇگمەنگە قاراپ ماڭدى. دەرەخلەرنىڭ ئارىسىغا تىكىلگەن كىگىز ئۆيلەر، لەمپىلەردە «لىققىدە» ئادەملەر ئولتۇرۇشۇپ يەپ - ئىچىشىۋاتاتتى. ئىچىپ قىزىۋالغانلار ساز چېلىپ ناخشىغا تېگىشكەنىدى. ئوخشاش فورما كىيىشكەن ياش قىز - يىگىتلەر ئۆيلەرگە تاماق، ئىچىملىكلەرنى توشۇماقتا ىدى.

— سەيلىگاھنىڭ ئېچىلىشى بىلەن بۇلاقسايدىكى ياشلارغا ئىش تېپىلدى، — دېدى ئىسراپىل دادىسىغا ئۇلارنى كۆرسىتىپ، — ھازىر يىگىرمىدەك ياش مۇشۇ يەردە ئىشلەۋاتىدۇ.

— ئۇلارنىڭ ئايلىقى قانچە؟

— ئۈچ يۈز سومغا ئىشلەيدۇ، مۇكاپاتلىرى ئايرىم، زۇنۇن هاجىم كېلەر يىلغىچە سەيلىگاھنى كېڭەيتمەكچى بولۇۋاتىدۇ، كېڭەيتىپ قالسا ياشلارنىڭ ھەممىسىگە ئىش چىقىدۇ.

— سەيلىگاھنى ئېچىپ كاتتا ئىش قىپسىلەر، — دېدى هاشىر مەمنۇن بولۇپ، — بۇلاقساينى مۇشۇلا كۆتۈرۈپ كەتكۇدەك...

ئىسراپىل دادىسىنى تۇگمەنگە باشلاپ باردى. ئۇلار كەلگەندە تۇگمەننىڭ ئىچىدە بىر توپ ئادەم بار ئىدى. تۇرقىدىن ئۇلار

ئىچكىرىدىن كەلگەنلەر ئىدى. مەسۇم تاران تەرجىمان ئارقىلىق ئۇلارغا تۇگمەنىنىڭ تارىخىنى، ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىنى تونۇشتۇرۇپ سۆزلەۋاتاتتى. مېھمانلار تۇگمەننى قىزىقىپ كۆرۈشەتتى، رەسىملەرگە تارتىشاتتى. پاينەكۋاش بىرەيلەن مەسۇم تاراننى يېنىغا تۇرغۇزۇپ رەسىمگە چۈشتى... بىر ئازدىن كېيىن ئېكسكۇرسىيەچىلەر قايتىپ مېڭىشتى، مەسۇم تاران ئۇلارنى ئۇزىتىپ چىقىپ تالادا ئىسراپىل بىلەن تۇرغان ھاشىرنى كۆرۈپ يايراپ كەتتى.

— بارمۇ سەنۇي، ئاداش؟ — مەسۇم تاران ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ كۆرۈشتى، — بۇلاقسايغىمۇ چىقىدىكەنسەنا؟... ئاڭلىسام سېنى بارلا دەيدۇ، ئىسراپىلدىن سوراپ تۇردۇم... ئۆيئىچىڭ تىنچلىق؟...

مەسۇم تاران ئۇنىڭغا سوئاللارنى ياغدۇرۇۋەتتى. شۇ تاپتا ئۇ بۇ كونا دوستىنى كۆرگىنىگە ئىچ-ئىچىدىن خۇشال بولغاندى، سوئال سوراپ ھارمايتتى، ئىسراپىل ئۇلارنى خالىي مۇڭداشسۇن دېدىمۇ:

— ناھىيىدىن مەكتەپنى تەكشۈرگىلى ئادەملەر كەپتۇ، — دېدى ئۇ يانفوندا بىرەيلەن بىلەن سۆزلىشىپ بولۇپ، — تېيىپ مېنى دەرھال كەلسەڭ دەيدۇ... سىلەر...

— سەن ئىشىڭغا كېتىۋەر، — دېدى ھاشىر ئوغلىغا، — مەن مەسۇم بىلەن بىردەم پاراڭلىشىپ باراي...

ئىسراپىل كەتكەندىن كېيىن مەسۇم تاران دوستىنى تۇگمەننىڭ يېنىدىكى بىر ئېغىزلىق ئۆيگە باشلىدى. چاققانغىنا ئۆي خۇددى ئىشخانىدەك سەرەمجانلاشتۇرۇلغانىدى. مەسۇم تاران ئۇنى ئۈستەلنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇققا باشلىدى. ھاشىر بولسا ئولتۇرماستىن تاملارغا چاپلانغان بۇلاقسايدىكى تۇگمەنلەرنىڭ تارىخى يېزىلغان تاختاينى ئوقۇپ چىقىپ ماقۇللىغاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— بۇلاقسايىنىڭ تارىخى ئىكەنغۇ بۇ؟ — دېدى ئۇ ھەيران

بولۇپ، — بۇ قالتىس ئىش بوپتۇ، بۇ قانداق كاللاڭغا كېلىپ قالدى؟

— مېنىڭ كاللامغا كېلەمدۇ؟ زۇنۇن ھاجىم بىلەن ئىسرا-پىللارنىڭ قىلغان ئىشى بولمامدۇ؟...

— كۆرىدىغانلار كۆپمۇ؟

— شۇنداق جىق، بولۇپمۇ ئىچكىرىدىن كەلگەنلەر كۆرمەي كەتمەيدۇ، ئۇلار تۇگمەن دېگەننى بىلمىسە كېرەك...

— تۇگمەننى ساقلاپ قېلىپ چوڭ ئىش قىپتىكەنسەن-دە، ئاداش؟...

— بۇمۇ يوقاپ كەتكىلى قىل قالغان...

— شەرۋاننى ئەپقېچىپ مۇشۇ تۇگمەندە تۇرغانتىڭ - ھە؟

— ئېسىڭدە بار ئىكەنا، — دېدى مەسۇم تاران غەمكىن بولۇپ، — بىچارە شەرۋان ئەجىلىدىن بۇرۇن كېتىپ قالدى، ئۇنىڭ جېنىغا مەن زامىن بولدۇم...

— ئۇنداقمۇ دېمە.

— راست، مەن زامىن بولدۇم، — دېدى ئۇ خۇرسىنىپ قويۇپ، — ئاشۇ كۈنلەردە ئىسراپىللار: «ئۆيۈڭ خەتەرلىك، بۇ ئۆيدە ئولتۇرما!» دېسە جاھىللىق قىلغان گۇناھ مەندە، ئۇ ئەسكى ئۆيگە نېمانچىلا چاپلىشىۋالغان بولغىيتتىمكىن؟ ئاخىر بەربىر ئۆرۈلۈپ كەتتى. بىچارە شەرۋان مۇنۇ كۈنلەرنى كۆرگەن بولسا قانچە خۇش بولار ئىدى. تۇرمۇشنىڭ خوپلۇقىنى كۆر-مەي كەتتى...

ئىككى دوست ئۇزاق پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. بالىلىق چاغ-لىرىنى ئەسلەشتى.

— بۈگۈن كەتمەيسەن، — دېدى مەسۇم تاران دوستىنىڭ كەچتە قايتىمەن دېگىنىنى ئاڭلاپ، — ئەمدى يەنە قاچانلاردا كۆرۈشىمىز كىم بىلىدۇ. بۈگۈن بىزنىڭ ئۆيدە مېھمان بولى-سەن، يېڭى ئۆيۈمنى كۆرگىن، ماقۇل دېگىن، قوي سويىمەن...

هاشىر ئۆزرىخاھلىق ئېيتسىمۇ مەسۇم تاران ئۇنىماي تۇرۇۋالدى.

— ھازىر ھال - كۇنىمىز ياخشى بولۇپ قالدى، — دېدى ئۇ، — ئىسراپىلنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدىغان يىگىت بوپتۇ. سېنىڭ بىلەن بىزگە ئوخشاشمايدىكەن، سەن ئۆز ۋاقتىدا بۇلاقسايغا نەچچە كېلىپ ئۆزگەرتەلمىگەن ئىدىڭ، ئىسراپىل ئىككى يىلدىلا ئۆزگەرتىۋەتتى. راستىمكەن؟

— ھازىرقى ياشلارغا تەڭ بولغىلى بولمايدىكەن...

— بىزنىڭ ماۋۇ چاتاق دېگىنە، — دېدى مەسۇم تاران بېشىنى نوقۇپ.

ئۇلار پاراڭلاشقاچ سەيلىگاھنىڭ يۇقىرىسىدىكى دۆڭنىڭ يېنىغا كېلىشتى. ئۇلار بالا ۋاقتىدا مۇشۇ دۆڭگە چىقىشنى بەسلىشىپ ئوينىشاتتى. قىش كۇنلىرى ئۆزلىرى ياسىۋالغان چانىلاردا سىيرىلىپ ئوينايتتى. شۇلار ئېسىگە كېلىپ ھاشىر دېدى:

— مەسۇم، قانداق، بەسلىشىپ باقامدۇق؟

— ھازىر سەن ئۇزۇپ كېتەرسەنمىكىن؟

— قېنى، كۆرۈپ باقايلى.

ئۇلار دۆڭگە ياماشتى. دۆڭنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە ھەر ئىككىسىنىڭ قەدەملىرى ئاستىلاپ كەتتى. ھاشىر ئاخىرى چىدىماي ئولتۇرۇۋالدى. دۆڭنىڭ تۆپىسىگە يەنىلا مەسۇم تاران بالدۇر چىقتى.

— قارىماققا مەندىن ياش كۆرۈنىسەن، نېمانچە ھاسىراپ كەتتىڭ؟ — دېدى مەسۇم تاران دوستىنىڭ كۆپۈپ قىزىرىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ.

— ئەمگەك قىلمىغانىنىڭ كاساپىتى، — دېدى ھاشىر، — ئاق نانچى بولۇپ كەتتۇق دېگىنە، يەنىلا سەن ياخشى تۇرۇپسەن!...

كۆن ئۆچكىلىك تېغىنىڭ ھەيۋەتلىك چوققىلىرىغا ئېگىشكەن، تاغ باغرىدىكى بۇ قەدىمىي مەھەللىگە ئاخىرقى نۇرلىرىنى چاچماقتا ئىدى. ئەتراپتىكى قويۇق ئۆسكەن شىۋاقلىقتىن بۇرۇننى ئېچىشتۇرىدىغان چۇچۇمەل، يېقىملىق بىر پۇراق كېلەتتى. تۆۋەندە ساي ئىچىدە كۈز قۇياشىنىڭ نۇرىغا چۆمگەن سەيلىگاھ يېيىلىپ ياتاتتى. ئۇ يەردىكى كىگىز ئۆيلەر، چېدىرلار گويا كۆكتىكى يۇلتۇزلاردەك چاقنايتتى. سەيلىگاھتىن باشلانغان قارىماي يول قارا ئارغامچىدەك سوزۇلۇپ، يىراقتىكى تېرەكلىك مەھەللىگە تۇتاشقانىدى. ئۇ يولدا تۇرۇپ - تۇرۇپلا ھەر خىل ماشىنىلار پەيدا بولاتتى...

ئىككى دوست بىردەم شۇلارنى تاماشا قىلىپ ئولتۇرغاچ تاماكا چېكىشتى، شۇ تاپتا ئۇلار ئۆزلىرىنى يىراق ئۆتمۈشكە باغلاپ تۇرىدىغان بۇ شىۋاقلىق دۆڭدىن ئايرىلغۇسى كەلمىگەندەك ئىدى...

2007 - يىل مارت

توققۇزتارا، ئۈرۈمچى